# قاموس

## عربي ــ أويغوري

## ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە

## چوڭ لۇغەت

## (2)

تأليف:

البحاث الأستاذ محمد بن العلامة

داملا صالح الكاشغرى الآرتوجي

تۈزگۈچى: مۇھەممەد سالىھ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**图书在版编目（CIP）数据**

阿维大词典·下/买买提·赛来编著 —乌鲁木齐：
新疆人民出版社，2008.10
ISBN 978-7—228-11315-6

I.阿… II.买… III.① 阿拉伯语—词典 ② 词典
—阿拉伯语、维吾尔语 IV. H376

中国版本图书馆CIP数据核字（2008）第151177号

责任编辑：拜合提亚尔·沙吾提

特约校对：热西提·瓦依提
责任校对：古丽夏尔·尼格买提
封面设计：艾木都拉·阿布力孜

**阿维大词典**（维吾尔文）
买买提·赛来 编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐解放南路348号 邮编：830001）
新疆金版印务有限公司印刷
787×1092毫米，16开本， 82.5印章
2008年10月第1版， 2008年10月第1次印刷
印数：1—5,000

ISBN 978-7—228-11315-6 定价：215.00元

بسم الله الرحمن الرحيم

محمد حسني مبارك

من محمد حسني مبارك رئيس جمهورية مصر العربية

إلى السيد الأستاذ محمد صالح مدير المعهد الإسلامي بمدينة

أورومتشي بإقليم سينكيانج بالصين

تقديراً لحميد صفاتكم وجليل خدماتكم، قد منحناكم

وسام العلوم والفنون من الطبقة الأولى

وأمرنا بإصدار هذه البراءة إيذاناً بذلك.

تحريراً بقصر الجمهورية بالقاهرة في اليوم السابع من شهر ربيع الأول

لسنة ألف وأربعمائة واثنتي عشرة من هجرة خاتم المرسلين

١٦ سبتمبر ١٩٩١

رئيس ديوان رئيس الجمهورية

زكريا عزمي

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جۇڭگو شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ
مۇدىرى پروفېسسور مۇھەممەد سالىھ
ئەپەندىم:
سىزنىڭ گۈزەل خىسلەتلىرىڭىز، ئۇلۇغ
تۆھپىلىرىڭىزنى ئېتىراپ قىلىش
يۈزىسىدىن، سىزنى 1-دەرىجىلىك ئىلىم-
پەن ئوردېنى بىلەن تارتۇقلىدۇق.

ئەرەب مىسىر جومھۇرىيىتىنىڭ زوڭتۇڭى
— مۇھەممەد ھۇسنى مۇبارەك
1991-يىلى 16-سىنتەبىر

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No:7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# كىرىش سۆز

«ئەرەبچە — ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت»نىڭ 2 - قىسمى كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، جاپالىق ئىزدىنىپ، تېنىمسىز ئىشلىشىم نەتىجىسىدە ئاخىر پۈتۈپ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. لۇغەتنىڭ 1 - قىسمى نەشىردىن چىقىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا يۇقىرى باھالارغا ئېرىشتى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك ئىجتىمائىي پەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاشتا مۇنەۋۋەر ئەسەر بولۇپ باھالاندى. لۇغەتنىڭ 1 - قىسمى رويابقا چىقىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، 2 - قىسمىنى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇپ يېزىلغان خەتلەر، ئۇرۇلغان تېلېفونلار، يۈز تۇرانە قىلىنغان ئۆتۈنۈشلەر، بېرىلگەن مۇناسىپ باھالار مېنىڭ ئوتتەك قىزغىن مۇھەببەت بىلەن بېرىلىپ، ئۇيقۇ - ئارامسىز، زەۋق - شەۋق بىلەن ئىشلەپ قامۇسنى تاماملىشىمغا تۈرتكە بولدى. يېرىم ئۆمۈرگە يېقىن چەككەن رىيازەتلىرىمنىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە، سىڭدۈرگەن ئەجرىم، تۆككەن تەرىم قامۇس قۇرلىرىدا جىلۋىلىنىپ تۇرسا دەيمەن.

قولۇمغا قەلەم ئالغان كۈنۈمدىن باشلاپلا مەسئۇلىيەتچان، تەلەپچان مۇئەللىپ بولۇشقا تىرىشىپ كەلدىم. ئىلمىي ئەمگەكلىرىمدە تۈجۈپىلەپ ئىشلەپ مۇكەممەللىكنى قوغلىشىش ۋۇجۇدۇمغا سىڭىپ كەتكەن. بۇ خىل روھ مېنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىم، تەرجىمە ئەسەرلىرىم ۋە مەملىكەت ئىچى - سىرتىدا ئوقۇلغان، ئېلان قىلىنغان تەتقىقات ماقالىلىرىمدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ۋە سەگەك ئوقۇرمەنلەر تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان.

ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، لۇغەتنىڭ ئاخىرىغا ئىسلامىيەتنىكى (ئىسلام ئىلىم ساھەسىدىكى) بىر قىسىم مەشھۇر شەخسلەر، مەشھۇر ئەسەرلەر ۋە يەر - جاي ناملىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىلدى. بۇ 2 مىڭغا يېقىن ئاتالما كىچىك ئېنسىكلوپېدىيە تۈسىنى ئالغان بولۇپ، ئۇلارنى بىلىۋېلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەھلى ئىلىملارنىڭ، تەتقىقاتچىلارنىڭ ۋە مۇھەررىرلەرنىڭ تەلىپىدۇر. بۇ ئېنسىكلوپېدىيىلىك كىچىك لۇغەتنىڭ ئاتالغۇلىرى ئەرەب ئېلىپبەسى تەرتىپى بويىچە تىزىلدى. شەخسلەرنىڭ ئىسىم-فامىلىسى، تەخەللۇسى (لەقىمى) تولۇق بېرىلدى (ئۇلار قايسى نام بىلەن مەشھۇر بولغان بولسا ئالدىدا شۇ بېرىلدى). ئاتالمىلارنىڭ توغرا تەلەپپۇز قىلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئەرەبچىگە ئۇلاپلا ئۇيغۇرچە تەلەپپۇزى بېرىلدى. قامۇسنىڭ 2-قىسمى 1-قىسمىنىڭ داۋامى بولغاچقا، 1-قىسمىنىڭ ئۇسلۇبى، تەرتىپى ۋە ئىزچىللىقى باشتىن ئاخىر ئۆز پېتىچە ساقلاپ قېلىندى.

كېيىنكى نەشرىدە تۈزىتىلىشى ئۈچۈن، قامۇستا كۆرۈلگەن نۇقسانلار ھەققىدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەمىمىي پىكىر بېرىشىنى سورايمەن.

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........ 1
ش ........ 1
ص ........ 69
ض ........ 121
ط ........ 145
ظ ........ 184
ع ........ 192
غ ........ 289
ف ........ 325
ق ........ 381
ك ........ 447
ل ........ 495
م ........ 542
ن ........ 798
ھ ........ 877
و ........ 916
ي ........ 972
الأعلام (ئىسلامىيەتتىكى مەشھۇر شەخسلەر، ئەسەرلەر ۋە يۇرت ـ جايلار) ........ 983
ملحقات (لۇغەتتە بېرىلگەن شېئىرىي مىسرالارنىڭ تولۇق تېكستى) ........ 1203

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# ش

ش ‹الشِّينُ›: ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ 13 ـ ھەرپى بولۇپ، ئەبجەد ھېسابىدا «300»نى كۆرسىتىدۇ.

شَامٌ: سۈرىيە، دەمەشق.

رَجُلٌ شَامِيٌّ: سۈرىيىلىك ئادەم، دەمەشقلىق ئادەم.

اَلشَّامِيّ: سۈرىيىلىك، دەمەشقلىق.

شَاءَ يَشَاءُ شَيْئًا وَ شَيْئَةً و مَشَائَةً وَ مَشَائِيَّةً: خالىدى، ئارزۇ قىلدى.

شَاءَ اللّٰهُ الشَّيْءَ: ئاللاھ بەلگىلىدى، تەقدىر قىلدى، ھۆكۈم قىلدى.

مَا شَاءَ اللّٰهُ: ياخشى، ياخشى بولدى (ئاللاھنىڭ ئىرادىسى).

إِنْ شَاءَ اللّٰهُ: ئەگەر ئاللاھ خالىسا، خۇدايىم بۇيرۇسا.

﴿كَلَّا إِنَّهَا تَذْكِرَةٌ فَمَنْ شَاءَ ذَكَرَهُ﴾ ‹قرآن›: ياق، مۇقەررەركى ئۇ (يەنى قۇرئان) ۋەز-نەسىھەتتۇر. خالىغان ئادەم ئۇنىڭدىن ۋەز-نەسىھەت ئالىدۇ.

شَابَ يَشُوبُ شَوْباً وَ شِيَاباً الشَّيْءَ: ئارىلاشتۇردى، ئېلىشتۇردى.

شَابَ فِي الْبَيْعِ وَالشِّرَاءِ: سودىدا ھىيلە-مىكىر ئىشلەتتى، ئالدامچىلىق قىلدى.

شَابَ يَشِيبُ شَيْباً وَ شِيْبَةً وَ مَشِيْباً شَعْرُهُ: چېچى ئاقىرىپ كەتتى.

يَشِيبُ مِنْ هَوْلِهِ الْوِلْدَانُ: ئۇنىڭدىن قورقۇپ بالىنىڭ چېچى ئاقىرىپ كەتتى.

شَابَ رَأْسُهُ: بېشىغا ئاق كىردى، چېچى ئاقىرىپ كەتتى.

شَابَتْ رُؤُسُ الْآكَامِ: چوققىلار قار بىلەن قاپلاندى.

«لَنْ يَحْدُثَ هَذَا حَتَّى يَشِيبَ الْغُرَابُ»: بۇ مەڭگۈ يۈز بەرمەيدۇ (قۇم چېچەكلىمىگۈچە بۇ ئىش بولمايدۇ).

شَابٌّ ج شُبَّانٌ وَ شَبَبَةٌ: يىگىت، ياش ئەر (16~30 ياشقىچە).

شَابَّةٌ ج شَابَّاتٌ وَ شَوَابٌّ: ياش قىز؛ چوكان (13~30 ياشقىچە).

شَابَكَ يُشَابِكُ مُشَابَكَةً بَيْنَ الْأَصَابِعِ: بارماقلىرىنى كىرىشتۈردى.

شَابِنٌ مِنَ الْغِلْمَانِ: توشقان بالا، دوغىلاق بالا، زىلۋا بالا.

شَابَهَ يُشَابِهُ مُشَابَهَةً الْوَلَدُ أَبَاهُ: بالا دادىسىغا ئوخشىدى.

«مَنْ يُشَابِهُ أَبَاهُ فَمَا ظَلَمَ»: دادىسىغا ئوخشىغان ئادەم زىيان تارتمايدۇ.

شَابُورَةٌ: سەھەردىكى سۈس تۇمان.

شَابُوقَةٌ: ھاسا.

شَاةٌ ج شِيَاهٌ: قوي.

شَاتَمَ يُشَاتِمُ مُشَاتَمَةً: تىللاشتى، ئۇرۇشتى، جاڭجاللاشتى.

شَاتِنٌ: توقۇمىچى، توقۇمىچىلىق ئىشچىسى.

شَاتٍ: زىمىستان قىش؛ يامغۇرلۇق، سوغۇق.

يَوْمٌ شَاتٍ: يامغۇرلۇق كۈن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى bilkitap.com / uyghurkitap.com

شَاجِبٌ: كوت ـ كوت، ۋاتىلداق، ۋالاقتەككۇر؛ غەمكىن، توك قاغا.

شَاجَّ يَشَاجُّ مُشَاجَّةً وَ شِجَاجًا: ئۇرۇشتى، سوقۇشتى.

شَاجَرَ يُشَاجِرُ مُشَاجَرَةً: جېدەللەشتى، تالاش ـ تارتىش قىلىشتى.

شَاجِنَةٌ ج شَوَاجِنُ: يول، داغدام يول، مۇساپە، لىنىيە.

شَاحَ يَشِيحُ شَيْحًا عَلَى حَاجَتِهِ: تىرىشتى، كۆچىدى، تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

شَاحِبٌ: ئاجىز، ھالسىز، زەئىپ، ياداڭغۇ، سولغۇن.

شَاحِجٌ: قۇلان، ياۋا ئېشەك.

بَنَاتُ شَاحِجٍ: قېچىر.

شَاحَّ يُشَاحُّ مُشَاحَّةً فُلَانًا: كېچەلمىدى، كۆزى قىيمىدى، مېھرىنى ئۈزەلمىدى؛ ئېچىندى.

شَاحِطٌ: يىراق، ئۇزۇن.

شَاحَنَ يُشَاحِنُ مُشَاحَنَةً: نەپرەتلەندى، پىرگەندى، ئۆچ كۆردى.

مَرْكَبٌ شَاحِنٌ: يۈك پاراخوتى.

شَاحِنَةٌ ج شَاحِنَاتٌ: يۈك ۋاگونى، يۈك ماشىنىسى.

«لَا يُسْمَحُ بِمُرُورِ الشَّاحِنَاتِ فِي أَوْقَاتِ الذَّرْوَةِ»: قاتناش يوقىرى پەللىگە چىققاندا يۈك ماشىنىلىرىنىڭ ئۆتۈشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

شَاحِنَةٌ قَلَّابَةٌ: موللاقچى ماشىنا.

شَاحِنَةٌ ثُلَاثِيَّةُ الْعَجَلَاتِ: ئۈچ چاقلىق يۈك توشۇش ماشىنىسى.

شَاحِنَةٌ ضَخْمَةٌ: ئېغىر يۈك ماشىنىسى.

شَاحُوطَةٌ: تاش سىلىقلاش ماشىنىسى.

شَاخَ يَشِيخُ شَيْخًا وَ شَيْخُوخَةً وَ شُيُوخَةً: قېرىدى، ياشاندى.

شَاخَ النَّبَاتُ: ئوت ـ چۆپ قۇرۇدى.

شَاخِصٌ: تىكىلىپ قارىغۇچى، سىنچىلاپ قارىغۇچى، چەكچەيگۈچى.

«الْأَبْصَارُ نَحْوَكَ شَاخِصَةٌ»: ھەممىنىڭ كۆزى سەندە.

﴿وَاقْتَرَبَ الْوَعْدُ الْحَقُّ فَإِذَا هِيَ شَاخِصَةٌ أَبْصَارُ الَّذِينَ كَفَرُوا﴾ ‹قرآن›: راست ۋەدە (يەنى قىيامەتنىڭ ۋاقتى) يېقىنلاشتى، ئۇ كۈندە كۇپپارلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ قالىدۇ.

شَاخِصٌ ج شَوَاخِصُ: نىشان قوزۇقى، نىشان خادىسى.

شَاخَلَ يُشَاخِلُ مُشَاخَلَةً: سەممىي دوست بولۇشتى.

شَادَ يَشِيدُ شَيْدًا الْبِنَاءَ: بىنانى قوپۇردى، ئېگىزلەتتى.

شَادَ الْقُصُورَ الْعَوَالِي: ئېگىز سارايلارنى سالدى.

شَادِخٌ: سېمىز.

شَادِخٌ مِنَ الْعُشْبِ: نورغۇن ئوت ـ چۆپ.

غُلَامٌ شَادِخٌ: ياش يىگىت.

شَادِخَةٌ ج شَوَادِخُ: سەت قىلىق؛ ئاتنىڭ قاشقىسى.

رَكِبَ الشَّادِخَةَ: ئەسكى ئىشلارنى قىلدى.

شَادَّ يَشَادُّ مُشَادَّةً: يەكدى، جېدەللەشتى، قولغا كەلتۈردى.

«لَنْ يُشَادَّ الدِّينَ أَحَدٌ» ‹حديث›: دىندا قاتتىق يول تۇتۇشقا بولمايدۇ.

شَادِرٌ ج شَوَادِرُ: ئامبار، ئىسكىلات.

شَادِرُ أَخْشَابٍ: ياغاچ ئامبىرى.

شَادَرْوَانٌ: مەنبە، سۇ بېشى، سۇ مەنبەسى.

شَادِنٌ ج شَوَادِنُ: كېيىك بالىسى، ئاھۇ.

شَادُوفٌ ج شَوَادِيفُ: مەنجاناق.

شَادٍ (الشَّادِي) م شَادِيَةٌ ج شُدَاةٌ وَ شَادُونَ: ناخشىچى؛ ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى.

شَاذِبٌ: ۋەتىنىدىن ئايرىلغان، ۋەتىنىدىن يىراق، ئۈمىدسىز.

شَاذٌّ ج شُذَاذٌ وَشَوَاذٌّ م شَاذَّةٌ ج شَوَاذٌّ: قائىدىسىز، تەرتىپسىز، نورمالسىزلىق.

شَاذُّ الْأَخْلَاقِ: ئەخلاقتا قائىدىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتكەن.

شَاذٌّ جِنْسِيًّا: جىنسىي جەھەتتە غەيرىي تەبىئىيلىك، غەلىتىلىك.

كَلِمَةٌ شَاذَّةٌ: قائىدىنىڭ سىرتىدىكى سۆز.

شَاذُّ الطَّبْعِ أَوِ الْأَطْوَارِ: ئاجايىپ ئادەم، غەلىتە ئادەم، نورمالسىز.

«لِكُلِّ قَاعِدَةٍ شَوَاذٌّ»: ھەربىر قائىدىنىڭ قائىدىگە بېقىنمايدىغان ئايرىم شەكىللىرى بولىدۇ.

شَاذَنْجِ: قان بېسىمىنى ئۆلچىگۈچ.

شَارَ يَشُورُ شَوْرًا وَ شِيَارًا وَ شِيَارَةً وَ شَارًا الْعَسَلَ: ھەسەل ئالدى، چىقاردى، يىغدى.

شَارَ الدَّابَّةَ: ھايۋاننى كۆندۈردى.

يُشَارُ إِلَيْهِ بِالْبَنَانِ: ھەممە ئادەم تونۇيدىغان، ھەممە ئادەمنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئادەم.

شَارَبَ يُشَارِبُ مُشَارَبَةً: بىللە ئىچىشتى.

﴿فَشَارِبُونَ شُرْبَ الْهِيْمِ﴾ «قرآن»: تەشنا بولغان تۆگىلەردەك ئىچىسىلەر.

شَارِبٌ ج شُرَّابٌ: ئىچكۈچى.

شَارِبٌ ج شَوَارِبُ: بۇرۇت.

شَارَةٌ ج شَارَاتٌ: ئالامەت، بەلگە؛ ئىزناك، پاگون.

شَارَةُ الذِّرَاعِ: يەڭ بەلگىسى.

شَارَةُ الْجَوَّالَةِ: يانفون نومۇرى.

شَارَةُ الْجَامِعَةِ: ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئىزنىكى.

فُلَانٌ حَسَنُ الشَّارَةِ: قىياپىتى چىرايلىق ئادەم.

شَارَجَ يُشَارِجُ مُشَارَجَةً فُلَانًا: پالانىغا ئوخشاتتى.

شَارِحٌ ج شُرَّاحٌ: شەرھلىگۈچى، ئىزاھلىغۇچى، تەپسىراتچى، چۈشەندۈرگۈچى.

شَارِخٌ ج شَرْخٌ: يىگىت.

شَارِدٌ ج شُرَّدٌ: قاچقۇن، قېچىپ كەتكۈچى؛ ئازغۇن، ئاداشقۇچى.

شَارِدُ الْفِكْرِ: پىكرى چېچىلاڭغۇ.

شَارِدَةٌ ج شَوَارِدُ وَ شُرَّدٌ: قاچقۇن، قاچقۇنلۇق؛ يۇرت كەزگۈچى، جاھان كېزەر.

شَارِدَةٌ وَ وَارِدَةٌ: كونىسى ۋە يېڭىسى؛ بىلىمسىز ۋە بىلىمسىزلىك.

لَا تَفُوتُهُ شَارِدَةٌ وَلَاوَارِدَةٌ: ھەممىگە ھوشيار ئادەم.

قَصِيْدَةٌ شَارِدَةٌ: مەشھۇر قەسىدە.

شَوَارِدُ اللُّغَةِ: كەم ئۇچرايدىغان سۆز.

شَارَّ يَشَارّ مُشَارَّةً: خارلىدى، ئازابلىدى، زۇلۇم قىلدى.

شَارَّ الرَّجُلُ فُلَانًا: جېدەللەشتى.

شَارَّ الدَّابَّةَ: مىنىپ باقتى.

شَارَزَ يُشَارِزُ مُشَارَزَةً: ئەخلاقى بۇزۇلدى.

شَارَزَهُ: ئۆچمەنلەشتى، دۈشمەنلەشتى.

شَارِزٌ ج شُرَّازٌ: كەسكۈچى، ئۈزگۈچى.

شَارَطَ يُشَارِطُ مُشَارَطَةً: ۋەدىلەشتى، شەرتلەشتى، توختاملاشتى، پۈتۈشتى.

شَارِعٌ ج شَارِعُونَ: قانۇن چىقارغۇچى، قانۇن تۈزگۈچى.

«رَاعَى الشَّارِعُ الْحِكْمَةَ فِي تَحْرِيْمِ هَذَا الْفِعْلِ»: شەرىئەتنى بېكىتكەن زات بۇ ئىشنى ھارام قىلىشتا ھېكمەتنى كۆزدە تۇتقان.

شَارِعٌ ج شَوَارِعُ وَ شُرَّعٌ: كوچا، چوڭ يول.

شَارِعٌ رَئِيْسِيٌّ: چوڭ كوچا، ئاساسىي يول.

رَجُلُ الشَّارِعِ: ئاددىي پۇقرا.

﴿إِذْ تَأْتِيْهِمْ حِيْتَانُهُمْ يَوْمَ سَبْتِهِمْ شُرَّعًا﴾ «قرآن»: چۈنكى، شەنبە كۈنى بېلىقلار سۇ ئۈستىدىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلەتتى.

«شَوارِع الْمَدِيْنَةِ نَظِيْفَةٌ»: شەھەر كوچىلىرى پاكىز.

شَارَفَ يُشَارِفُ مُشَارَفَةً: ئۈستۈنلۈكى بىلەن پەخىرلەندى، ماختاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شارَفَهُ: ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى.

شارَفَ الأَرْبَعِيْنَ: قىرىققا يېقىنلاشتى.

شارَفَ الْغَرَقَ: غەرق بولۇپ كەتكىلى تاس قالدى.

شارَفَ الْمُسافِرُ الْبَلَدَ: مۇساپىر يۇرتقا يېقىنلاشتى.

شارِفٌ ج شُرَّفٌ وَ شُرُوفٌ م شارِفَةٌ ج شارِفاتٌ: قېرى چىشى تۆگە.

شارِقٌ ج شُرْقٌ: كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش؛ شەرق تەرەپ.

شارَكَ يُشارِكُ مُشارَكَةً مَعَهُ: ئۇنىڭ بىلەن شېرىكلەشتى، ھەمكارلاشتى.

﴿وَشارِكْهُمْ فِي الْأَمْوالِ وَالْأَوْلادِ وَعِدْهُمْ﴾ «قرآن»: ئۇلارنىڭ ماللىرىغا ۋە باللىرىغا شېرىك بولغىن، ئۇلارغا (يالغان) ۋەدىلەرنى بەرگىن.

شارَكَ مَعَهُ فِي الْعَواطِفِ: خەيرخاھلىق قىلدى، ھېسداشلىق قىلدى.

شارَكَهُ: تەڭ بەھرىمەن بولدى.

شارَكَهُ فِي تِجارَتِهِ: شېرىكلەشتى.

شارَكَهُ الرَّأْيَ: پىكىرلەشتى.

شارِمٌ: نىشانغا تېگىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئوق.

شارُوقٌ ج شَوارِقُ: ھاك لاتقىسى.

شارَى يُشارِي شِراءً و مُشاراةً: سودىلاشتى.

شارٍ ج شُراةٌ: سېتىۋالغۇچى، خېرىدار.

شارِيُ الصَّواعِقِ: چاقماق قايتۇرغۇچ.

شازِبٌ ج شُزَّبٌ و شَوازِبُ: قوپال، يىرىك؛ ئاجىز، جۇدەك.

رَجُلٌ شاحِبٌ شازِبٌ: ئورۇق، قوپال، غودىدۆك.

شازَرَ يُشازِرُ مُشازَرَةً: دۈشمەنلەشتى، ئۆچمەنلەشتى.

شاسَ يَشاسُ شَوْسًا و شَوَسًا: كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى.

شاسَ خُلُقُهُ: مىجەزى ئوساللاشتى.

شاسِبٌ ج شُسُبٌ: قۇرۇق، قۇرۇپ كەتكەن.

شاسٌ: جۇدەك، ئاجىز، ياداڭغۇ.

شاسِعٌ ج شُسُعٌ: يىراق، ئۇزاق، بىپايان.

بُعْدٌ شاسِعٌ: يىراق ئارىلىق.

فَرْقٌ شاسِعٌ: پەرقى ئېنىق، چوڭ پەرق.

شاسِيٌّ: كوزۇپ؛ ماشىنا ئوقى.

شاشَ يَشُوشُ شَوْشًا الأَمْرُ: قالايمىقانلاشتى، مالىماتاڭ بولۇپ كەتتى.

شاشَتْ نَفْسُهُ: كۆڭلى ئاينىدى.

شاشٌ: داكا رەخت.

شاشٌ مُعَقَّمٌ: دېزىنفېكسىيە قىلىنغان داكا.

اَلشّاشَةُ: كىنو، ئېكران.

شاشَةُ تِلِفِزْيُونْ: تېلېۋىزور ئېكرانى.

شاشَةٌ عَرِيْضَةٌ: كەڭ ئېكران.

اَلشّاشَةُ الصَّغِيْرَةُ: تېلېۋىزور.

اَلشّاشَةُ الْبَيْضاءُ: ئېكران.

شاشَةُ السَّكُوبِ: كەڭ ئېكران.

شاشَةُ الذَّبْذَبَةِ: تەۋرەنمە ئېكران.

شاشِيَّةٌ ج شَواشِيّ: شاپاق دوپپا، ئاق دوپپا.

شاصَ يَشُوصُ شَوْصًا الشَّيْءَ: قوزغىدى، مىدىرلاتتى، ئۇۋۇلىدى.

شاصَ فَمَهُ بِالسِّواكِ: ئاغزىنى مىسۋاكلىدى.

شاصَ يَشُوصُ شَوْصًا وَ شَوَصًا بِهِ الْمَرَضُ: كېسەل قاتتىق ئاغرىدى.

شاصَ بِهِ الْعِرْقُ: تومۇرى قالايمىقان سوقتى.

شاصِبٌ: كەمبەغەل، نامرات.

شاصِرٌ ج شَواصِرُ م شاصِرَةٌ: كېيىكنىڭ ئوغلىقى.

شاصِرَةٌ ج شَواصِرُ: قىلتاق، تۇزاق، قاپقان.

شاطَ يَشُوطُ شَوْطًا بِهِ: ئاچچىقلاندى، ئۇغىسى قايىندى، چىچىلدى.

شاطَ الْفَرَسَ: ئات چاپتى.

شاطَ الْكُرَةَ: توپنى تەپتى.

شاطَ يَشِيطُ شَيْطًا وَشِياطَةً وَشَيْطُوطَةً الشَّيْءُ: كۆيدى، كۆيۈپ تۆمۈرگە ئايلاندى.

شَاطَ فِي الْأَمْرِ: ئالدىراقسانلىق قىلدى.

شَاطَتِ الْقِدْرُ: قازان قاينىدى.

شَاطَ اللَّحْمُ: گۆش كۆيۈپ كەتتى.

شَاطَ بِهِ الْغَضَبُ: غەزىپى تاشتى.

شَاطَأَ يُشَاطِئُ مُشَاطَئَةً: قىرغاققا مېڭىشتى.

شَاطِئٌ ج شَوَاطِئُ: قىرغاق، ساھىل.

شَاطِئٌ رَمْلِيٌّ: قۇملۇق دېڭىز بويى.

عَلَى الشَّاطِئِ: قىرغاقتا.

﴿فَلَمَّا أَتَاهَا نُودِيَ مِنْ شَاطِئِ الْوَادِ الْأَيْمَنِ فِي الْبُقْعَةِ الْمُبَارَكَةِ مِنَ الشَّجَرَةِ﴾ «قرآن»: مۇسا ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندە ۋادىنىڭ ئوڭ تەرىپىنىڭ گىرۋىكىگە توغرا كېلىدىغان مۇبارەك جايدىكى دەرەخ تەرەپتىن نىدا ئاڭلاندى.

وَصَلَ إِلَى شَاطِئِ الْأَمَانِ: خەتەردىن قوتۇلدى.

شَاطِبٌ: قىڭغىر، يىراق.

طَرِيقٌ شَاطِبٌ: قىڭغىر يول.

رَمْيَةٌ شَاطِبَةٌ: نىشاندىن ئازغان ئوق.

شَاطَرَ يُشَاطِرُ مُشَاطَرَةً الشَّيْءَ: تەڭ بۆلدى، ئورتاق تەقسىم قىلدى.

شَاطَرَهُ بِحُزْنِهِ: خەيرخاھلىق قىلدى، ھېسداشلىق قىلدى، تەسەللى بەردى.

«شَاطَرَهُ مَالَهُ»: مېلىنى ئورتاقلاشتى.

«أُشَاطِرُكَ الْأَحْزَانَ»: قايغۇڭغا ئورتاقلىشىمەن.

شَاطِرٌ ج شُطَّارٌ: ئوتتۇرىدىن بۆلگۈچى سىزىق؛ مەككار، كاززاپ، قۇۋ؛ ماھىر، ئۇستا، زېرەك، ئۆتكۈر، چاققان.

شَاطَّ يُشَاطُّ مُشَاطَّةً: زۇلۇمدا ھېسسىپ چۇشتى.

شَاطٌّ م شَاطَّةٌ: قەددى - قامەتلىك.

شَاطِفٌ: نىشانغا تەگمىگەن.

سَهْمٌ شَاطِفٌ: نىشاندىن چەتنەپ كەتكەن ئوق.

شَاطِنٌ: ھەقتىن يىراق، ئەبلەخ، پەسكەش.

شَاظَ يَشُوظُ شَوْظًا بِهِ الْغَضَبُ: غەزىپى تاشتى.

شَاظَ بِهِ الْأَمْرُ: كېسەللىك دەرد قىلدى.

شَاظَ بِهِ: ئۇنى تىللىدى.

شَاعَ يَشُوعُ شَوْعًا: چۇۋۇلۇپ كەتتى.

شَاعَ يَشِيْعُ شَيْعًا وَ شُيُوعًا الْخَبَرُ: خەۋەر تارقالدى، يېيىلدى.

«شَاعَتْ قِرَاءَتُهَا بَيْنَ الْأَنَامِ كَمَا عَمَّ الْوَرَى صِيْتُ ذِكْرَاهَا وَقَد بَرَعَتْ»: (ئەلفىيە)نى ئوقۇش كىشىلەر ئارىسىدا ئومۇملاشتى، ئۇ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئاجايىپ مەشھۇر كىتاب.

شَاعَ الْحَدِيْثُ: سۆز-چۆچەك تارقالدى.

شَاعَ فِي رَأْسِهِ الشَّيْبُ: چېچىغا ئاق كىردى.

شَاعَ الْمَرَضُ فِي الْبَلَدِ: كېسەل تارقالدى.

شَاعَتِ الدَّارُ: قورۇ ئورتاق بولدى.

شَاعَهُ الشَّيْءُ: ئۇنىڭغا ئالاقىدار بولدى.

شَاعَكُمُ اللّٰهُ بِالسَّلَامِ: ھەممىڭلارنى ئاللاھ سالامەت قىلسۇن.

اَلشَّاعِبَانِ: ئىككى مۈرە.

شَاعَرَ يُشَاعِرُ مُشَاعَرَةً فُلَانًا: مۇشائىرە قىلىشتى.

شَاعِرٌ: ھېس قىلغۇچى، سەزگۈچى.

شَاعِرٌج شُعَرَاءُ: شائىر.

شَاعِرٌ مُفْلِقٌ: ئاتاقلىق شائىر، تالانتلىق شائىر.

﴿وَمَا هُوَ بِقَوْلِ شَاعِرٍ قَلِيْلًا مَاتُؤْمِنُونَ﴾ «قرآن»: ئۇ شائىرنىڭ سۆزى ئەمەستۇر، سىلەر ناھايىتى ئاز ئىشىنىسىلەر.

اَلشُّعَرَاءُ الرُّحَّلُ: سەرگەردان شائىرلار.

شَاعِرَةٌ ج شَوَاعِرُ وَ شَاعِرَاتٌ: ئايال شائىر، شائىرە.

شَاعِرِيَّةٌ: شائىرانىلىك، شائىرلىق تالانتى.

«يَتَمَتَّعُ هَذَا الرَّجُلُ بِشَاعِرِيَّةٍ فَيَّاضَةٍ»: بۇ ئادەم جۇشقۇن شېئىرىي ئىقتىدارغا ئىگە.

شَاعٍ م شَاعِيَةٌ ج شَوَائِعُ وَ شَوَاعٍ: يىراق.

جَائَتِ الْخَيْلُ شَوَاعِيَ: ئاتلار تارقاق كەلدى.

شَاغَبَ يُشَاغِبُ مُشَاغَبَةً: ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى،

kurkitap.com

جىدەل ـ ماجىرا تېرىدى، قوزىراتقۇلۇق قىلدى..

شَاغَرَ يُشَاغِرُ شِغَارًا وَ مُشَاغَرَةً الرَّجُلُ الرَّجُلَ: ئىككى ئەر بىر ـ بىرىنىڭ ھەمشىرىسىگە مەھرىسىز ئۆيلەندى، مەھرىسىز ئالماشتۇرۇپ توي قىلىشتى.

شَاغِرٌ ج شَوَاغِرُ: بوش ۋاقت؛ بىكار، قۇرۇق، مەنىسىز.

وَظِيفَةٌ شَاغِرَةٌ: بوش ۋاقىت؛ بوش ئورۇن.

«تُوْجَدُ وَظِيفَةٌ شَاغِرَةٌ فِي هَذِهِ الْإِدَارَةِ»: بۇ ئىدارىدە بوش ئورۇن بار.

شَاغَلَ يُشَاغِلُ مُشَاغَلَةً: (كۆڭلى) بۆلۈندى، (پىكرى) چېچىلدى؛ ئەنسىرىدى.

شَاغَلَتِ الْأُمُّ طِفْلَهَا: ئانا بالىسىنى بەزلىدى، پەپىلىدى.

شَاغِلٌ ج شَوَاغِلُ: بىئاراملىق، پەرىشانلىق، دىققەتچىلىك؛ ئالدىراش (ئىش).

شَوَاغِلُ الْحَيَاةِ: كۈندىلىك ئىشلار، ئادەتتىكى ئىشلار.

شُغْلٌ شَاغِلٌ: مۇھىم ئىش، زۆرۈر ۋەزىپە.

وَجَدَهُ شَاغِلًا عَنْهُ فِي كَذَا: ئەس ـ يادى مۇشۇنىڭدا بولدى.

شَاغِلٌ ج شَوَاغِلُ: ئالدىراش (ئادەم).

شَاغُورٌ ج شَوَاغِرُ: شارقىراتما.

شَاغُولٌ: يەلكەن بېغى.

شَافَ يَشُوفُ شَوْفًا الْحَبْلَ: ئارقاننى مايلىدى.

شَافَهُ: كۆردى، قارىدى؛ كۆرسەتتى.

شَافَ الْبَخْتَ: پال سالدى.

شِيفَتِ الْجَارِيَةُ: قىز ياساندۇرۇلدى.

شَافِعٌ ج شَافِعُونَ: شاپائەت قىلغۇچى، مۇرەسسە قىلغۇچى، ياراشتۇرغۇچى، ۋاستىچى؛ ئالدىن سېتىۋېلىش ھوقۇقىغا ئىرىشكۈچى.

«فُلَانٌ يُعَادِينِي وَلَهُ شَافِعٌ»: پالانى ماڭا ئۆچ، ماڭا ئۆچلۈك قىلىشتا ئۇنىڭ ياردەمچىسى بار.

شَافِعِيٌّ: شافىئىي مەزھىپىگە مەنسۇپ.

شَافِعِيَّةٌ: شافىئىي مەزھىپى، شافىئىي مەزھىپىگە تەۋە ئادەم.

شَافٌ: يېرىم سۈزۈك.

شَافَهَ يُشَافِهُ مُشَافَهَةً: يۈزمۇيۈز سۆزلەشتى.

شَافَى يُشَافِي مُشَافَاةً فُلَانًا: يۈز تۇرانە سۆزلەشتى.

شَافٍ (الشَّافِي) شىپالىق، داۋا بولىدىغان؛ قەتئىي، كەسكىن.

اَلدَّاءُ الشَّافِي: شىپالىق دورا.

اَلْجَوَابُ الشَّافِي: كەسكىن جاۋاب.

شَاقَ يَشُوقُ شَوْقًا وَ تَشْوَاقًا إِلَيْهِ: سېغىندى، ياد ئەتتى.

شَاقَ يَشِيقُ شَيْقًا الشَّيْءَ إِلَيْهِ: باغلاپ قويدى.

شَاقَ الْحَبْلَ إِلَى الْوَتَدِ: ئارغامچىنى قوزۇققا چەگدى.

شَاقَّ يُشَاقُّ شِقَاقًا وَ مُشَاقَّةً: قارشىلاشتى، دۈشمەنلەشتى.

﴿ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ شَاقُّوا اللهَ وَرَسُولَهُ﴾ «قرآن»: بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى چىقتى.

شَاقٌّ ج شَوَاقٌّ: جاپالىق، قىيىن، كىشىنى ھارغۇزۇۋېتىدىغان، ئادەمنى زېرىكتۈرىدىغان.

«إِنَّ طَرِيقَ الْعِلْمِ طَرِيقٌ شَاقٌّ»: ئىلىم يولى جاپالىق بولىدۇ.

أَشْغَالٌ شَاقَّةٌ: ئېغىر ئەمگەك، قىيىن ئىش.

شَاقِلٌ: قەدىمكى يەھۇدىيلارنىڭ تەڭگە پۇلى، بابىللىقلارنىڭ بىر خىل ئېغىرلىق ئۆلچىمى.

شَاقُوفٌ ج شَوَاقِيفُ: بازغان.

شَاقُولٌ ج شَوَاقِيلُ: يەر ئۆلچەيدىغان تاياق؛ قۇرۇلۇشچىلار ئىشلىتىدىغان ئاسما قارا؛ ئۆلچىگۈچ؛ شەيتان.

شَاقِي يُشَاقِي مُشَاقَاةً وَشِقَاءً الشَّيْءَ: ئۇچراشتى، مۇلاقات بولدى.

شَاكَ يَشُوكُ شَوْكًا الشَّجَرُ: دەرەخ تىكەنلىك بولدى، تىكەن چىقاردى.

شَاكَهُ: ئۇنىڭغا تىكەن سانجىلىپ كەتتى؛ تىكەن كىردى، تىكەن سانجىلدى.

شَاكَ فُلَانٌ فُلَانًا: پالانى پالانىنى سانجىۋالدى.

شَاكِرٌ ج شَاكِرُونَ وَشُكَّرٌ: شۈكۈر قىلغۇچى، تەشەككۈر بىلدۈرگۈچى، رەھمەت ئېيتقۇچى.

﴿وَمَنْ تَطَوَّعَ خَيْرًا فَإِنَّ اللهَ شَاكِرٌ عَلِيمٌ﴾ «قرآن»: كىمكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن بىرەر ياخشىلىق قىلىدىكەن (ئاللاھ ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ)، ئاللاھ ئەلۋەتتە شۈكۈرنىڭ مۇكاپاتىنى بەرگۈچىدۇر، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

اَلشَّاكِرُ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ، شۈكۈر قىلغۇچىنى مۇكاپاتلىغۇچى، دېگەن مەنىدە.

شَاكِرِيٌّ ج شَاكِرِيَّةٌ: ياللانما، مەدىكار.

شَاكِرِيَّةٌ: ئىش ھەققى؛ خەنجەر.

شَاكَسَ يُشَاكِسُ مُشَاكَسَةً: جېدەللەشتى، جاڭجاللاشتى، ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى.

شَاكَسَ الطِّفْلُ صَدِيقَهُ: بالا دوستىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى.

شَاكٌّ ج شُكَّاكٌ م شَاكَّةٌ: شەك كەلتۈرگۈچى، گۇمانلانغۇچى، شۈبھىلەنگۈچى.

شَاكُّ السِّلَاحِ: چىش ـ تىرنىقىغىچە قوراللانغۇچى، تولۇق قوراللانغان.

شَاكَّةٌ ج شَوَاكُّ: گال ئىششىقى، بوغۇز ئىششىقى.

شَاكَلَ يُشَاكِلُ مُشَاكَلَةً: ئوخشىدى، ئوخشاپ كەتتى.

وَمَا شَاكَلَ ذَالِكَ: شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر، ئەنە شۇنداق نەرسىلەر، ۋەھاكازا.

شَاكَلَهُ: مۇخالىپەتچىلىك قىلدى، زىددىيەتلەشتى.

«أَنْتَ لَا تُشَاكِلُ أَبَاكَ فِي فَضْلِهِ وَعِلْمِهِ»: سەن پەزىلەتتە ۋە ئىلىمدە ئاتاڭغا ئوخشىمايدىكەنسەن.

شَاكِلَةٌ ج شَوَاكِلُ: بىقىن، يان؛ خاراكتېر، تەبىئەت؛ ھاجەت.

عَلَى شَاكِلَتِهِ: ئۆز ئۇسۇلى بىلەن، ئۇنىڭ خاراكتېرى بويىچە.

«قُلْ كُلٌّ يَعْمَلُ عَلَى شَاكِلَتِهِ»: ھەر ئادەم (ھىدايەت ۋە گۇمراھلىقتا) ئۆز يولى بويىچە ئىش قىلىدۇ.

إِمْرَأَةٌ شَاكِلَةٌ: غىلجىڭ ئايال.

أَصَابَ شَاكِلَةَ الصَّوَابِ: ماھىيىتىگە يەتتى.

شَاكَهَ يُشَاكِهُ مُشَاكَهَةً: ئوخشاپ كەتتى.

شَاكُوسٌ ج شَوَاكِيسُ: بولقا.

شَاكَى يُشَاكِي مُشَاكَاةً: شىكايەت قىلدى، دادلىدى.

شَاكٍ: شىكايەت قىلغۇچى، ئەرز قىلغۇچى، دادلىغۇچى.

رَجُلٌ شَاكِي السِّلَاحِ: تولۇق قوراللانغان كىشى، چىش ـ تىرنىقىغىچە قوراللانغان كىشى.

شَالَ يَشُولُ شَوْلًا الشَّيْءَ: كۆتۈردى، ئېگىزلەتتى.

شَالَ الْمِيزَانُ: جىڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

شَالَتْ نَعَامَتُهُ: ئۆلدى، ھالاك بولدى؛ يېڭىلدى، يەڭگىللىدى.

شَالَتْ نَعَامَتُهُمْ: ئۇلار پارچىلىنىپ كەتتى.

شَالَ يَشِيلُ شَيْلًا الشَّيْءَ: كۆتۈردى.

شَالَ بِـ: تاللىدى، ئېلىغدى؛ تېپىۋالدى؛ ئېلىۋالدى؛ يۆتكىدى؛ ئويىندى، ئويناشتى.

شَالٌ ج شِيلَانٌ و شَالَاتٌ: شارپا، رومال، ياغلىق.

شَالِمٌ: قارا بۇغداي؛ قوش تىرناق؛ تىرناق ( ).

شَالُونٌ: ئايالچە كۆڭلەك.

شَالِيَةٌ ج شَالِيَاتٌ و شَوَالِي: بوتۇلكا، شىشە؛ لوڭقا؛

ئويغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەشتەك.

شَامَ يَشِيمُ شَيْمًا الشَّيْءَ: باھالىدى، مۆلچەرلىدى.

اَلشَّامُ: سۈرىيە.

اَلشَّامُ الْكَبِيرَةُ: دەمەشق.

شَامْبُو: چاچ سوپۇنى.

شَامِتٌ ج شُمَّاتٌ م شَامِتَةٌ ج شَوَامِتُ: ئىچى يامان، كۆڭلى قارا، نىيىتى بۇزۇق.

بَاتَ بِلَيْلَةِ الشَّوَامِتِ: قورقۇنچلۇق كېچىنى ئۆتكۈزدى.

شَامَةُ الْخَدِّ ج شَامٌ وَ شَامَاتٌ: مەڭ، خال.

شَامِخٌ ج شُمَّخٌ م شَامِخَةٌ ج شَامِخَاتٌ و شَوَامِخُ: ئېگىز؛ يۇكسەك.

رَجُلٌ شَامِخٌ: تەكەببۇر، ھاكاۋۇر، ھالى چوڭ.

جَبَلٌ شَامِخٌ: ئېگىز تاغ.

جِبَالٌ شَوَامِخُ: ئېگىز ۋە تىك كەتكەن تاغلار.

نَسَبٌ شَامِخٌ: ئېسىل نەسەب.

﴿وَجَعَلْنَا فِيهَا رَوَاسِيَ شَامِخَاتٍ﴾ «قرآن»: بىز زېمىنغا ئېگىز تاغلارنى ئورناتتۇق.

شَامِذٌ ج شُمَّذٌ وَ شَوَامِذُ: چايان.

شَامَسَ يُشَامِسُ مُشَامَسَةً: دۈشمەنلەشتى، ئۆچەكەشتى.

شَامِسٌ ج شَوَامِسُ: جاھىل، تەرسا؛ ئاپتاپ، ئاپتاپلىق.

شَامِلٌ: ئومۇمىي، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى.

«اِنْطَلَقْنَا كُلُّنَا لِلتَّنْظِيفِ الشَّامِلِ»: ھەممىمىز ئومۇميۈزلۈك تازىلىق قىلىشقا ئاتلاندۇق.

شَامَّةٌ: پۇراش، پۇراش سېزىمى، پۇراش ئەزاسى.

شَانَ يَشِينُ شَيْنًا: سەتلەشتۈردى، ئەيىبلىدى، مالامەت قىلدى.

شَانِئٌ ج شُنَّاءٌ م شَانِئَةٌ ج شَوَانِئُ: نەپرەتلەنگۈچى، يىرگەنگۈچى، ئاداۋەت ساقلىغۇچى، ئۆچ كۆرگۈچى، يامان كۆرگۈچى.

﴿إِنَّ شَانِئَكَ هُوَ الْأَبْتَرُ﴾ «قرآن»: ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام-نىشانى قالمايدۇ.

شَانِبٌ م شَانِبَةٌ: چىشى سەدەپتەك ئاپئاق ئادەم.

شَانِطَةٌ ج شُنَّطٌ وَ شَنْطَاتٌ: سومكا، خالتا، قاپ، سەپەر خالتىسى.

شَانِفٌ: ھاكاۋۇر.

شَانَّةٌ ج شَوَانٌّ: ساي، ئېقىن.

شَاهَ يَشُوهُ شَوْهًا وَ شَوْهَةً الْوَجْهُ: يۈزى سەت، كۆرۈمسىز بولدى.

شَاهَ يَشِيهُ شَيْهًا: كۆز تەگدى.

شَاهْبَلُّوط: كاشتان، كاشتان ياڭىقى.

شَاهْبَنْدَر: شەھەر باشلىقى.

شَاهِدُ إِثْبَاتٍ: دەۋاگەر ئۈچۈن گۇۋاھ بولغۇچى.

شَاهِدُ نَفْيٍ: جاۋابكار ئۈچۈن گۇۋاھ بولغۇچى.

شَاهَدَ يُشَاهِدُ مُشَاهَدَةً الشَّيْءَ: نەرسىنى كۆزدىن كەچۈردى، ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى.

شَاهِدٌ ج شُهُودٌ وَ شُهَّادٌ: گۇۋاھ، شاھىت، گۇۋاھلىق بەرگۈچى؛ نەقىل ئالماق؛ تىل؛ پەرىشتە.

شَاهِدُ عَدْلٍ: ئادىل گۇۋاھچى.

شَاهِدُ عَيْنٍ: نەق مەيدان گۇۋاھچىسى.

﴿أَفَمَنْ كَانَ عَلَى بَيِّنَةٍ مِنْ رَبِّهِ وَيَتْلُوهُ شَاهِدٌ مِنْهُ﴾ «قرآن»: پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن روشەن دەلىلگە ئاساسلانغان ئادەم (ھاياتىي دۇنيانى كۆزلەيدىغان كىشىلەر بىلەن ئوخشاشمۇ؟). ئۇنىڭغا ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن گۇۋاھلىق بەرگۈچى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىدۇ.

شَاهِدُ زُورٍ: يالغان گۇۋاھلىق بەرگۈچى.

صَلَاةُ الشَّاهِدِ: شام نامىزى.

شَاهِدَةٌ ج شَوَاهِدُ وَ شَاهِدَاتٌ: قەبرە تېشى؛ كۆچۈرۈلگەن نۇسخا، كوپىيە؛ بىگىز قول.

وَرَقُ الشَّاهِدَةِ: قارا قەغەز.

**آلشَّاهِدَةُ:** يەر شارى؛ كوپىيە دەپتەر، ئورىگىنال.

**شَاهَرَ يُشَاهِرُ مُشَاهَرَةً:** ئايلىق ئىجارىگە ئالدى.

**شَاهِقٌ:** ئېگىز، ئالىي، يۈكسەك.

**جَبَلٌ شَاهِقٌ:** ئېگىز تاغ.

**شَاهِقَةٌ ج شَوَاهِقُ:** ئېگىز بىنا، ئېگىز ئىمارەت.

**جِبَالٌ شَوَاهِق:** ئېگىز ۋە تىك كەلگەن تاغلار.

**شَاهَلَ يُشَاهِلُ مُشَاهَلَةً:** تىللاشتى، جېدەللەشتى.

**شَاهَى يُشَاهِى مُشَاهَةً:** ئوخشاپ قالدى، ئوخشىشىپ كەتتى.

**شَاهِيْنٌ ج شَوَاهِيْنُ وَ شَيَاهِيْنُ:** سىنار (قۇش)؛ لىڭنىڭ چوكىسى.

**شَاوَرَ يُشَاوِرُ مُشَاوَرَةً فِي الْأَمْرِ:** مەسلىھەتلەشتى، مەسلىھەت سورىدى.

**شَاوَرَ نَفْسَهُ:** ئۆز ئۆزى بىلەن سۆزلەشتى، ئويلاشتى.

**وَشَاوِرْهُمْ فِي الْأَمْرِ** ‹قرآن›: ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن.

**شَاوَسَ يُشَاوِسُ مُشَاوَسَةً الْمَاءُ:** سۇ ئاران كۆرۈندى، ۋىل - ۋىل كۆرۈندى.

**شَاوَلَ يُشَاوِلُ مُشَاوَلَةً الشَّيْءَ:** كۆتۈردى.

**شَاوَلَ فُلَانٌ قِرْنَهُ:** رەقىبىنى ئېلىشىشقا چاقىردى.

**شَاوَلَ بِهِ:** چەتكە قاقتى، سىقىپ چىقاردى.

**شَاوِيْشٌ:** ئوفىتسېر.

**شَايٌ:** چاي؛ چاي دەرىخى.

**شَايٌ أَحْمَرُ:** پەمىل چاي.

**شَايٌ أَخْضَرُ:** كۆك چاي.

**حَفْلَةُ شَاي:** چاي سۆھبەت يىغىنى.

**مِلْعَقَةُ شَاي:** چاي قوشۇقى.

**شَايَحَ يُشَايِحُ مُشَايَحَةً:** ئۇرۇشتى، كۈرەش قىلدى.

**شَايَحَ فِي الْأَمْرِ:** تىرىشتى.

**شَايَصَ يُشَايِصُ مُشَايَصَةً:** مىجەزى ئوساللاشتى.

**شَايَصَ فُلَانًا:** دەۋالاشتى.

**شَايَعَ يُشَايِعُ مُشَايَعَةً:** ھىمايە قىلدى، ئالقىشلىدى، قۇۋۋەتلىدى.

**شَايِفٌ:** قارىغۇچى، كۆرگۈچى.

**شَائِبٌ:** ئارىلاشقان.

**شَائِبٌ ج شُيَّابٌ وَ شُيَّبٌ:** ئاق چاچلىق بوۋاي.

«لَا تَزَالُ كَمَا كُنْتَ ، أَمَّا أَنَا فَصِرْتُ شَائِبًا»: سەن يەنىلا بۇرۇنقىدەك تۇرۇپسەن، مەن بولسام چارباش بولۇپ كەتتىم.

**شَائِبَةٌ ج شَوَائِبُ:** ئاق چاچ موماي؛ ئەيىب، نۇقسان، ئىللەت؛ كىر.

«لَيْسَ فِي مَاءِ الْمَطَرِ شَائِبَةٌ مِنْ تُرَابٍ»: يامغۇر سۈيىدە دۇغ يوق.

**بَرِيءٌ مِنَ الشَّوَائِبِ:** نۇقسانسىز ئادەم.

**شَائِحٌ:** كۈنلەمچى، قورۇغۇچى، ئېھتىياتچان.

**شَائِعٌ:** تارالغان؛ ئورتاق.

**عَلَى الشَّائِعِ:** بىللە، بىرلىكتە.

«لَكَ فِي هَذِهِ الدَّارِ سَهْمٌ شَائِعٌ»: بۇ قورۇدا سېنىڭمۇ بىر كىشىلىك ھەسسەڭ بار.

**آلشَّائِعُ أَنَّ ...:** ئەپقاچتى گەپلەرگە قارىغاندا.

**مِلْكٌ شَائِعٌ:** تەڭ پايدىلىنىش ھوقۇقى، ئورتاق پايدىلىنىش ھوقۇقى.

**شَائِعَةٌ ج شَوَائِعَاتٌ وَ شَوَائِعُ:** ئۆسەك سۆز، پىتنە - ئىغۋا.

**شَائِفٌ:** قارىغۇچى، كۆرگۈچى.

**شَائِقٌ:** ئىشتىياق باغلىغۇچى، ئارزۇ قىلغۇچى.

**كَلَامُكَ شَائِقٌ:** سىنىڭ سۆزۈڭ يېقىملىق.

**شَائِكٌ ج شَاكَةٌ:** تىكەنلىك، تىكىنى بار.

**سِلْكٌ شَائِكٌ:** سىم توسۇق، سىم تور.

«جِسْمُ هَذَا الْحَيَوَانِ شَائِكٌ»: بۇ ھايۋاننىڭ بەدىنى تىكەنلىك.

**مَسْئَلَةٌ شَائِكَةٌ:** مۇرەككەپ مەسىلە، چىگىش مەسىلە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شَائِلٌ ج شُوَّلٌ وَ شُوَّالٌ مِنْ نَاقَةٍ: كۆيلىگەن چىشى تۆگە.

شَائِلَةٌ ج شَوَائِلُ: بوغاز بولغىنىغا يەتتە ئاي بولغان تۆگە.

شَائِمٌ: بەختسىزلىك ئېلىپ كەلگۈچى.

شَائِنٌ: نومۇسسىز، هاياسىز.

شَائِهٌ ج شُوَّهٌ: مېيىپ، مەجرۇھ، غەيرىي تەبىئىي.

شُؤْبُوبٌ ج شَآبِيبُ: ئۆتكۈنچى يامغۇر؛ كۈننىڭ قاتتىق ئىسسىقلىقى؛ گىرۇھ.

صَبَّ اللهُ شَآبِيبَ الرَّحْمَةِ: ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمىتىنى ياغدۇرسۇن.

شُؤْبُوبٌ مِنَ الْفَرَسِ: ئۇچار ئات، يۈگۈرۈك ئات، دۇلدۇل.

هُوَ حَسَنُ شَآبِيبِ الْوَجْهِ: چىرايى گۈزەل، گۈزەل چىرايى.

شَئِزَ يَشْئَزُ شَأْزًا وَ شِئْزَةً وَ شَوَازًا الْمَكَانُ: جاي ئېگىز ۋە قاتتىق بولدى.

شَئِزَ فُلَانٌ: پالانى ئەنسىرىدى.

شَأْزَةٌ: بىر قېتىم قايغۇرماق.

خَيْلٌ شَأْزَةٌ: سېمىز ئات.

شَئِسَ يَشْأَسُ شَأْسًا الشَّيْءُ: قاتتىق بولدى.

شَئِسَ الرَّجُلُ: كىشى ئەنسىرىدى، خاتىرجەمسىزلەندى.

شَأْشَأَ يُشَأْشِئُ شَأْشَأَةً الرَّاعِي الْغَنَمَ: پادىچى قوينى ھۇشت، دەپ ھەيدىدى.

شَأْشَأَتِ النَّخْلَةُ: ئۇلانغان خورما تۇتمىدى.

شَأْشَأَ الْقَوْمُ: قوۋم تارقىلىپ كەتتى.

شَأْشَأَ أَمْرُهُمْ: ئۇلارنىڭ ئىشى ئاشكارا بولدى.

شَئِفَ يَشْأَفُ شَأْفًا رِجْلُهُ: پۇتىغا چاقا چىقىپ قالدى.

شَئِفَتْ أَصَابِعُهُ: قولىنىڭ تىرناق ئەتراپلىرى يېرىلىپ كەتتى.

شَأْفَةٌ ج شَأْفَاتٌ: كۆيدۈرگە كېسەلى؛ ئاداۋەت، دۈشمەنلىك، يىلتىز، ئاساس، ئېگىز.

اِسْتَأْصَلَ شَأْفَتَهُ: تۈپ يىلتىزىدىن يوقاتتى.

بَيْنَهُمْ شَأْفَةٌ: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار.

رَجُلٌ شَأْفَةٌ: كۈچتۈڭگۈر ئادەم، يېڭىلمەس ئادەم.

شَأَمَ يَشْأَمُ شَأْمًا قَوْمَهُ أَوْ عَلَى قَوْمِهِ: قوۋمىغا شۇملۇق ئېلىپ كەلدى، قوۋمىغا بەختسىزلىك ئېلىپ كەلدى.

شَئِمَ الشَّخْصُ: ئۇنىڭغا شۇملۇق يەتتى، بەختسىزلىك كەلدى.

شُؤْمٌ: شۇم، شۇملۇق، يامان، يامانلىق، بەختسىزلىك.

لَا تَجْلِبِ الشُّؤْمَ لِأُسْرَتِكَ: ئائىلەڭنى بەختسىز قىلىپ قويما.

شَأْمَةٌ: يامانلىق ئالامىتى، شۇملۇق بېشارىتى.

شُؤْمِيٌّ: بەختسىزلىك، پالاكەتچىلىك، نەسلىك.

اَلْيَدُ الشُّؤْمَى: سول قول.

شَأَنَ يَشْأَنُ شَأْنًا الشَّخْصُ: مەرتىۋىلىك بولدى.

شَأْنٌ ج شُؤُونٌ وَ شِيَانٌ وَ أَشْؤُنٌ: ئىش، ھال، ھاجەت، ئەھۋال، مۇناسىۋەت، ئالاقە، جاي، ئورۇن، يەر؛ مۇھىم، مۇھىملىق.

فِي هَذَا الشَّأْنِ: بۇ جەھەتتە، بۇ ھەقتە.

﴿لِكُلِّ امْرِئٍ مِنْهُمْ يَوْمَئِذٍ شَأْنٌ يُغْنِيهِ﴾ «قرآن»: ئۇ كۈندە ھەر ئادەمنىڭ بىر ھالى بولىدۇكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا (شۇ ھالى) يار بەرمەيدۇ.

«رَجَعَ ظَافِرًا كَمَا هُوَ شَأْنُهُ»: بۇرۇنقىدەك غالىبانە قايتتى.

«رَجُلٌ ذُو شَأْنٍ»: ئابرۇيلۇق ئادەم، مەرتىۋىلىك ئادەم.

هَذَا شَأْنٌ عَظِيمٌ: بۇ ئۇلۇغ ئىشتۇر.

أَصْحَابُ الشَّأْنِ: ئىش ئۈستىدىكىلەر.

أَصْلَحَتِ الْمَرْأَةُ مِنْ شَأْنِهَا: ئايال ئۆزىنى پەدازلىدى، گىرىم قىلدى.

أَمْرٌ خَطِيْرُ الشَّأْنِ: مۇھىم ئىش، چوڭ ئىش.

﴿فَإِذَا اسْتَأْذَنُوكَ لِبَعْضِ شَأْنِهِمْ فَأْذَنْ لِمَنْ شِئْتَ مِنْهُمْ﴾ «قرآن»: بەزى شەخسىي ئىش ئۈچۈن ئۇلاردىن ئىجازەت سورىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سەن خالىغان ئادەمگە ئىجازەت بەرگىن.

أَنْتَ وَشَأْنُكَ: خالىغىنىڭنى قىل.

إِنَّ لِهَذَا الرَّجُلِ شَأْنًا: ئۇ مۇھىم ئادەم.

دَعْنِي وَشَأْنِي: ئۆز ھالىمغا قوي.

«شَأْنُهُ فِي ذَالِكَ شَأْنُ كَذَا»: ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەھۋالى پوكۇنىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ.

قَالَ جَلَّ شَأْنُهُ: ئۇلۇغ ئاللاھ دېدى، ئۇلۇغ ئاللاھ ئېيتتى.

مَا شَأْنُكَ وَهَذَا: بۇ ئىش ساڭا مۇناسىۋەتسىز.

هَذَا شَأْنُهُ دَائِمًا: بۇنىڭ ئادىتى ھەمىشە شۇنداق.

وَالشَّأْنُ أَنَّ ...: ... ئىش، مەسىلە شۇ يەردىكى...

لاشَأْنَ لَهُ بِالْجَرِيْمَةِ: ئۇنىڭ بۇ جىنايەتكە چېتىشلىقى يوق.

أُولُوا الشَّأْنِ: ئالاقىدار كىشىلەر.

كَمَا هُوَ الشَّأْنُ فِي ...: خۇددى ...، دەك، گويا...، ...غا ئوخشاش.

رَفِيْعُ الشَّأْنِ: مەرتىۋىلىك.

لِيْ مَعَهُ شَأْنٌ آخَرُ: توختاپ تۇر، ئارىمىزدىكى ھېساب تۈگىمىدى.

مَا شَأْنُكَ ؟: ھالىڭ قانداق؟ نېمە بولدۇڭ؟ نېمە ئىش؟

بِشَأْنِ كَذَا: ... توغرىسىدا، ... توغرۇلۇق، ... ھەققىدە.

صَاحِبُ الشَّأْنِ: دەۋالاشقۇچى، بىۋاسىتە ئالاقىدار كىشى، شاھىت.

ذُو شَأْنٍ هَامٍّ: مۇھىم، ئەھمىيەتلىك.

قَائِمٌ بِشُؤُونِ عَائِلَتِهِ: ئۇ ئائىلە ئىشلىرى بىلەن بولۇۋاتىدۇ.

اَلشُّؤُونُ الإِجْتِمَاعِيَّةُ: ئىجتىمائىي ئىشلار.

وِزَارَةُ الشُّؤُونِ الْإِجْتِمَاعِيَّةِ: خەلق ئىشلار مىنىستىرلىقى.

شُؤُونِ الطَّلَبَةِ (إِدَارَةُ): ئوقۇغۇچىلار ئىشلىرى باشقارمىسى.

إِدَارَةُ شُؤُونِ الْعَامِلِيْنَ أَوِ الْمُوَظَّفِيْنَ: ئىشچى-خىزمەتچىلەر باشقارمىسى.

«لله فِيْ خَلْقِهِ شُؤُونٌ»: ئاللاھتائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىغا ئائىت ئاجايىپ ئىشلىرى بار (ئاجايىپ ئىشلار ياكى تاسادىپىي ئىشلار يۈز بەرگەن چاغدا ئېيتىلىدىغان سۆز).

شَأْوٌ: مەقسەت، غايە، مۇددىئا، ئىرادە، ئىنتىلىش؛ زەمبىل، سېۋەت؛ ھىممىتى چوڭ.

فُلانٌ بَعِيْدُ الشَّأْوَى: پالانى ئىرادىلىك.

جَرَى الْفَرَسُ شَأْوًا أَوْ شَأْوَيْنِ: ئات بىر مەيدان ياكى ئىككى مەيدان چاپتى.

شَأَى يَشْأُو شَأْوًا: ئۆتۈپ كەتتى، ھالقىپ كەتتى، بېسىپ چۈشتى.

شَأَيَ يَشْئِيُ شَأْيًا الْقَوْمَ: ئۆتۈپ كەتتى، ھالقىپ كەتتى، بېسىپ چۈشتى.

شَأَيَهُ الشَّيْءُ: ئەجەبلەندۈردى، قىزىقتۇردى.

شَبَا يَشْبُو شَبْوًا الشَّيْءُ: قەد كۆتۈرۈپ تۇردى.

شَبَّتِ النَّارَ: ئوت ياقتى.

شَبَا الْفَرَسُ: ئات ئىككى پۇتى بىلەن ئۆرە تۇردى.

شَبَا وَجْهُهُ: چىرايى يورۇپ كەتتى.

شَبَا: لەش؛ سوغۇق.

شَبَا الأَسِنَّةِ: نەيزىنىڭ ئۇچى.

شَبَابٌ ج شَبَائِبُ: ياش يىگىت؛ ياشلىق مەزگىل،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياشلىق باھارى.

جِئْتُكَ فِي شَبَابِ النَّهَارِ: مەن قېشىڭىزغا سەھەردىلا كەلگەنىدىم.

«مَاتَ فِيْ رَيْعَانِ شَبَابِهِ»: ياپياش تۇرۇپلا ئۆلۈپ كەتتى، ياش چېغىدا تۈگەپ كەتتى.

«قَدِمَ فِيْ شَبَابِ الشَّهْرِ»: ئاينىڭ ئالدىنقى كۈنلىرىدە كەلدى.

شَبَابِيٌّ: ياشلىق.

«رَغْمَ كِبَرِ سِنِّهِ فَهُوَ حَرِيْصُ الْإِرْتِدَاءِ مَلَابِسَ الشَّبَابِيَّةِ»: ئۇ يېشىنىڭ چوڭىيىپ قالغانلىقىغا قارىماي ياشلارنىڭ كىيىمىنى كىيىشكە ئامراق.

شِبَاتٌ ج شَبًا وَ شَبَوَاتٌ: ئۇچ، ئۇچى.

شِبَاتٌ ج شَبَابِيْتُ: كانارا، چەپراس، قاسساپنىڭ گۆش ئاسىدىغان قارمىقى.

شَبَاةُ السَّيْفِ: قىلىچنىڭ بىسى.

شَبَاةُ الْعَقْرَبِ: چايانىڭ نەشتىرى.

شَبَارِيْقُ: تىتىلىپ كەتكەن، يىرتىلىپ كەتكەن.

ثَوْبٌ شَبَارِيْقُ: يىرتىق كىيىم.

لَحْمٌ شَبَارِيْقُ: خىلمۇخىل پىشۇرۇلغان گۆش.

شُبَاطٌ: مىلادىيە كالېندارى بويىچە 2 ـ ئاي (فېۋرال).

شِبَامٌ ج شِبَمٌ: ھايۋانلارنىڭ ئېغىزىغا سېلىپ قويىدىغان تور، كۆشۈك؛ چۈمپەردىنىڭ بوغقۇچى.

شَبَّ يَشِبُّ يَشُبُّ شِبَابًا وَ شُبُوبًا وَ شَبِيْبًا الْفَرَسُ: خۇشاللىقتىن سەكرىدى، يايراپ كەتتى.

شَبَّ الشَّيْءُ: نەرسە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

شَبَّ يَشُبُّ شَبًّا وَ شُبُوبًا النَّارُ: ئوت ياندى، يالقۇنلىدى.

شَبَّتِ الْمَعْرَكَةُ: جەڭ قىزىپ كەتتى.

شَبَّ يَشُبُّ شَبًّا الْخِمَارُ وَجْهَ الْفَتَاةِ: رومال قىزنىڭ چىرايىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋەتتى.

شَبَّ يَشِبُّ شَبَابًا وَ شَبِيْبَةً الْغُلَامُ: يىگىت بولدى، يىگىتلىك دەۋرىگە ماڭدى.

شَبَّ عَلَى الطَّوقِ: ئۆستى، چوڭايدى، بالىلىق مەزگىللىرى ئۆتۈپ كەتتى.

شَبَّ الرَّجُلُ النَّارَ: كىشى ئوت ياقتى.

شَبَّ عَنْ طَوْقِ الْحَصْرِ: چېگرا سىزىقىدىن ھالقىپ كەتتى.

شَبَّتْ نِيْرَانُ الْحَرْبِ: ئۇرۇش ئوتى ياندى.

شَبَّ الْحِصَانُ: ئات تەپتى.

«مَنْ شَبَّ عَلَى شَيْءٍ شَابَ عَلَيْهِ»: كىشىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى يۇرۇش-تۇرۇشى قانداق بولسا، چوڭ بولغاندىمۇ شۇنداق بولىدۇ، قان بىلەن كىرگەن خۇي، جان بىلەن چىقىدۇ.

شَبٌّ ـ شَبَّةٌ: زەمچە، سۇمۇق.

شَبٌّ يَمَانِيٌّ: تۆمۈر؛ سۇلفات.

شَبَّابَةٌ: قومۇش نەي.

شِبَّاتٌ ج شَبَابِيْتُ: ئىلمەك، قارماق، ئىلگەك.

شُبَّاكٌ ج شَبَابِيْكُ: دېرىزە، پەنجىرە، كۆزنەك.

شُبَّاكُ التَّذَاكِرِ: بېلەت سېتىش ئورنى، بېلەت سېتىش كۆزنىكى.

«وَقَفَتِ الْفَتَاةُ تَنْظُرُ مِنْ خَلْفِ الشُّبَّاكِ»: قىز پەنجىرىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ قاراۋاتىدۇ.

شُبَّاكُ التَّسْجِيْلِ: نومۇر ئېلىش ئورنى.

شُبَّاكُ الْإِسْتِعْلَامَاتِ: سۈرۈشتۈرۈش ئورنى، ئىش سوراش ئورنى.

شُبَّاكُ الْبَرْقِيَّاتِ: تېلېگرامما سېلىش ئورنى.

شُبَّاكُ الْحَوَالَاتِ الْمَالِيَّةِ: پۇل سېلىش ئورنى.

شُبَّاكُ الرَّسَائِلِ الْمُسَجَّلَةِ: زاكاس خەت سېلىش ئورنى.

شُبَّاكُ الطُّرُودِ الْبَرِيْدِيَّةِ: پوسۇلكا سېلىش ئورنى.

شُبَّاكُ الطَّوَابِعِ: ماركا سېتىش ئورنى.

شُبَّاكُ الْمُرَاقَبَةِ: كۆزىتىش كۆزنىكى.

شُبَّاكٌ فِي سَقْفٍ مَائِلٍ: تۆكلۈك.

«هَذَا شُبَّاكٌ تَدْخُلُ مِنْهُ الشَّمْسُ وَالْهَوَاءُ»: بۇ دېرىزىدىن ئاپتاپ (كۈن نۇرى) چۈشۈپ ۋە هاۋا كىرىپ تۇرىدۇ.

شَبَّبَ يُشَبِّبُ تَشْبِيبًا بِفُلَانَةٍ: پالانىنى ماختىدى، مەدھىيىلىدى.

شَبَّبَ الشَّاعِرُ: شائىر ياشلىق باھارىنى ئەسلىدى.

شَبَّةٌ ج شَبَائِبُ: ئاچا ـ سىڭىل.

شَبَّةُ النَّارِ: ئوت يالقۇنى.

شِبَّةٌ: قارا كۆز؛ بەدىيان.

شَبَثٌ ج أَشْبَاثٌ و شِبِثَانٌ: زەھەرلىك ئۆمۈچۈك.

شَبَّحَ يُشَبِّحُ تَشْبِيحًا الْمُتَكَلِّمُ: سۆزلىگۈچى قول ئىشارىتى قىلدى.

شَبَّحَ الشَّيْءَ: كېڭەيتتى، يايدى.

شَبَّحَ فِي السُّؤَالِ: سوئالدا قاتتىق تەلەپ قويدى، تەكرار سورىدى.

شَبْرَغٌ ج شَبَارِغُ: چايان، سېرىقئېشەك.

شَبَّرَ يُشَبِّرُ تَشْبِيرًا الثَّوْبَ: رەختنى ئۆلچەتتى.

أَشْبَرَ يَشْبُرُ شَبْرًا الشَّيْءَ: ئۆلچىدى، غېرىچلىدى.

شَبَّطٌ: كاراپ بېلىقى، سازان بېلىقى.

شَبَّعَ يُشَبِّعُ تَشْبِيعًا: تويغۇزۇۋەتتى، تويۇندۇردى.

شَبَّعَهُ ضَرْبًا: قاتتىق ئۇردى.

شَبَّعَ الْمَوْضُوعَ دَرْسًا وَ تَمْحِيصًا: مەسىلىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلدى، مۇھاكىمە قىلدى.

شَبَّكَ يُشَبِّكُ تَشْبِيكًا الْأَشْيَاءَ: نەرسىلەرنى كىرىشتۈردى، ئارىلاشتۇردى.

«شَبَّكَ بَيْنَ أَصَابِعِهِ»: بارماقلىرىنى كىرىشتۈردى، گىرەلەشتۈردى.

شَبَّهَ يُشَبِّهُ تَشْبِيهًا بِهِ: ئوخشاتتى، تەمسىل قىلدى، سېلىشتۇردى، تەڭلەشتۈردى.

شَبَّهَ الْفَتَاةَ بِالْبَدْرِ: قىزنى تولۇن ئايغا ئوخشاتتى.

شُبِّهَ عَلَيْهِ الْأَمْرُ: ئارىلىشىپ كەتتى، مۇجمەل بولۇپ قالدى.

شُبُوثٌ ج شَبَابِيثُ: ئىلمەك، قارماق، ئىلگەك.

شَبُّورٌ ج شَبَابِيرُ وَ شَبُّورَاتٌ: بۇرغا، كاناي، گۇدۇك.

شَبُّورَةٌ: كاناي.

شُبُّوطٌ: كاراپ بېلىقى، سازان بېلىقى.

شَبَثٌ: قارا كۆز؛ بەدىيان.

شَبِثَ يَشْبَثُ شَبَثًا بِكَذَا: يۆلەندى، تاياندى، بېقىندى، تەۋە بولدى، يېپىشتى؛ جايلاشتى، ئورۇندى، يۆگىدى.

شَبَثٌ ج أَشْبَاثٌ وَ شِبْثَانٌ: زەھەرلىك ئۆمۈچۈك.

رَجُلٌ شَبْثٌ: تەرسا ئادەم.

أَبُو شَبْثٍ: زەھەرلىك ئۆمۈچۈك.

شَبَحَ يَشْبَحُ شَبْحًا الشَّيْءَ: نەرسىنى كەردى، سوزدى، سوزۇپ ئاچتى؛ كېڭەيدى، يېيىلدى.

شَبَحَ الْعُودَ: ياغاچنى يونىدى.

شَبَحٌ ج أَشْبَاحٌ وَ شُبُوحٌ: سايە، كۆلەڭگە، ئادەمنىڭ شەكلى؛ خىيال؛ دەرۋازا؛ خىيالىي مەنزىرە، ئوبراز، سۈرەت.

أَشْبَاحٌ بِلَا أَرْوَاحٍ: ياداڭغۇ؛ دۆت، ئەقىلسىز.

شَبَحُ الْحَرْبِ: ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشى.

شَبَحُ الْمَوْتِ: ھالاكەتنىڭ باشلىنىشى.

شَبْحَانُ: ئۇزۇن؛ ئېگىز.

شَبْحَةٌ: كىشەن؛ بىر تال-بىر تال، بىر قېتىملىق ئۇرۇش.

نَزَعَ سَقْفَ بَيْتِي شَبْحَةً شَبْحَةً: ئۆيۈمنىڭ ئۈستىنى بىر-بىرلەپ ئېچىۋەتتى.

شَبْحِيَّةٌ: دۇربۇننىڭ كۆزى.

شِبْدَعٌ . شِبْدَعَةٌ ج شَبَادِعُ: چايان، سېرىقئېشەك، گېزەندە.

شَبَرَ يَشْبُرُ شَبْرًا الثَّوْبَ: رەختنى غېرىچلىدى،

بۇغۇرا كىتاب تورى بېكىتى www.bughurkitap.com



ئۆلچىدى.

شَبْرٌ: ئۆلچەم؛ تۇرمۇش قۇرماق؛ ئۆمۈر؛ ئايالنىڭ مەھرى، تويلۇق.

شِبْرٌ ج أَشْبَارٌ: غېرىچ؛ بىر ئۆمۈر، ئۆمۈرۋايەت، ئۆمۈر بويى.

«شِبْرًا بِشِبْرٍ وَ ذِرَاعًا بِذِرَاعٍ»: ھەممە ئىش-ھەرىكەتتە دورىدى، ئەگەشتى.

«شِبْرٌ مِنَ الأَرْضِ»: بىر غېرىچ يەر.

«دَافَعُوا عَنْ أَرْضِهِمْ شِبْرًا شِبْرًا»: زېمىننى بىر غېرىچمۇ بەرمەي قوغدىدى.

شَبْرٌ . شِبْرَةٌ: سوۋغا، ھەدىيە؛ بايلىق.

شَبْرَةٌ: بوي، قامەت.

شَبْرَقَ يُشَبْرِقُ شَبْرَقَةً: يىرتىۋەتتى؛ يىرتىلىپ كەتتى.

شَبْرَقَ اللَّحْمَ: گۆشنى پارچىلىدى.

شَبْرَقَ عَيْنَيْهِ: كۆزىنى قۇيۇۋەتتى.

شَبْرَقَةٌ ج شَبَارِقُ: پارچە پۇل، پارچە راسخوت پۇلى.

فَطِيرُ الشَّبَارِقِ: گۆشنان، قىيمىلىق نان.

شَبْشَبَ يُشَبْشِبُ شَبْشَبَةً: ئاياغ بىلەن ئۇردى.

شِبْشِبٌ ج شَبَاشِبُ: تەرەت كەشى، باسماق كەش، ساپما كەش.

شَبَصٌ: شاخلارنىڭ گىرەلىشىپ كېتىشى، چىرمىشىپ كېتىشى.

شَبَطَ يَشْبُطُ شَبْطًا فِيهِ: چىڭ تۇردى، كاجلىق قىلدى؛ تەرسالىق.

شَبِعَ يَشْبَعُ شَبْعًا وَ شَبَعًا وَشِبَعًا مِنَ الطَّعَامِ: تويدى، تويۇندى.

شَبِعَ الْجِسْمُ: سەمرىدى، بەدەن تولدى.

شَبِعَ ضَحْكًا: خۇشال-خۇرام ئوينىدى، پۇخادىن چىققۇچە تاماشا قىلدى.

شَبِعَ مِنْهُ: زېرىكتى، بىزار بولدى، يىرگەندى، نەپرەتلەندى.

شَبِعَ يَشْبَعُ شَبَاعَةً عَقْلُهُ: ئەقىل كىردى.

شِبْعٌ: توقلۇق.

أَكْلَةُ شِبْعٍ: تويغۇدەك تاماق.

شِبْعٌ وَ شَبَعٌ: تويماق.

شَبْعَانُ م شَبْعَى وَ شَبْعَانَةٌ ج شِبَاعٍ وَ شَبَاعَى: توق، توق ئادەم.

رَجُلٌ شَبْعَانُ: باي، مۇلۇكدار.

شُبْعَةٌ ج شُبَعٌ : شُبْعَةٌ مِنْ طَعَامٍ: بىر قېتىم تويغۇدەك تاماق.

شَبِقَ يَشْبَقُ شَبَقًا: شەھۋىتى قوزغالدى، شەھۋەتپەرەسلىك قىلدى، جىنسىي ھەۋەسكە بېرىلدى.

شَبَقٌ: شەھۋانىيلىق، جىنسىي ھەۋەس، شەھۋانىي نەپسى، شەھۋانىي ئىشقى، جىنسىي تەلەپ.

«اَلْعَبَقُ يَهِيجُ الشَّبَقَ»: خۇش ھىد جىنسىي ھەۋەسنى قوزغايدۇ.

شُبُقٌ: تۇرۇپكا، غاڭزا، چىلىم.

شَبِقٌ: شەھۋەتپەرەس، خوتۇنپەرەس.

شَبَقَةٌ ج شَبَقَاتٌ: بىر تال، بىر پىلەكلىك.

شَبَقِيَّةٌ: (ئۆز تېنىدىن) ھۇزۇرلىنىش.

شَبَكَ يَشْبِكُ شَبْكًا الشَّيْءَ: نەرسە بىر-بىرىگە كىرىشتى.

شَبَكَ الشَّيْءَ: نەرسىنى كىرىشتۈردى، گىرەلەشتۈردى.

شَبَكَتِ الأُمُورُ: ئىشلار ئارىلىشىپ كەتتى، چىرمىشىپ كەتتى، گىرەلىشىپ كەتتى.

«شَبَكَ الشَّابُّ الْفَتَاةَ»: يىگىت قىزغا چاي ئىچكۈزدى.

شُبُكٌ: غاڭزا، تۇرۇپكا، چىلىم.

شَبَكَةٌ ج شَبَكَاتٌ: نىكاھلىنىش سوۋغىسى، نىكاھلىنىش ئۈزۈكى.

شَبَكَةٌ ج شَبَكٌ وَ شِبَاكٌ وَ شَبَكَاتٌ: تور، سېتكا.

شَبَكَةُ السِّكَكِ الْحَدِيْدِيَّةِ: تۆمۈريول لىنىيىسى.

شَبَكَةُ الْمُوَاصِلاَتِ: قاتناش لىنىيىسى، قاتناش تورى.

شَبَكَةُ الْكَهْرِبَاءِ: توك لىنىيىسى.

شَبَكَةُ كُرَّةِ الْمَضْرَبِ: تېننىس توپ سېتكىسى.

شَبَكَةُ الْكُرَّةِ الطَّائِرَةِ: ۋالېبول سېتكىسى.

شَبَكَةُ صَيْدِ السَّمَكِ: بېلىق تورى.

شَبَكَةُ أَسْلاَكٍ: سىم تور.

شَبَكَةٌ أُفُقِيَّةٌ: تور، ۋېرتىكال.

شَبَكَةٌ تِجَارِيَّةٌ: سودا تورى.

شَبَكَةٌ تِلِفِزْيُوْنِيَّةٌ: تېلېۋىزىيە تورى.

شَبَكَةٌ عَصَبِيَّةٌ: نېرۋا تورلىرى.

شَبَكَةُ قَوَاعِدِ الْقَذَائِفِ الْمُوَجَّهَةِ: باشقۇرۇلىدىغان بومبا بازىسى تورى.

شَبَكَةٌ مَجَارِيٌّ: سۇ چىقىرىش سىستېمىسى، سۇ چىقىرىش تورى.

شَبَكَةُ نَقْلٍ كَهْرَبَائِيَّةٍ: ئېلېكتىر كۈچى ئارقىلىق يەتكەش ئورنى.

شَبَكَةُ الشَّعْرِ: چاچ تورى.

شَبَكَةُ الْعَنْكَبُوْتِ: ئۆمۈچۈك تورى.

سِلْكٌ شَبَكَةٌ: سىم تور، سىم توسۇق.

شَبَكَةُ الْهَاتِفِ: تېلېفون لىنىيىسى.

أَلْقَى الصَّيَّادُ شَبَكَتَهُ فِي النَّهْرِ: بېلىقچى تورنى دەرياغا تاشلىدى.

شَبَكَةُ قَنَوَاتِ الرَّيِّ: سۇغۇرۇش قاناللىرى تورى.

شَبَكَةُ الْخُطُوطِ الْحَدِيْدَةِ: تۆمۈريول لىنىيىسى تورى.

شُبْكَةٌ ج شُبَكٌ: تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت.

بَيْنَهُمَا شُبْكَةٌ: ئۇ ئىككىسىنىڭ تۇغقانچىلىقى بار.

شَبَكِيَّةٌ ج شَبَكِيَّاتٌ الْعَيْنِ: كۆزنىڭ تور پەردىسى، كۆرۈش پەردىسى.

شَبَلَ يَشْبُلُ شُبُولًا: راھەت-پاراغەتتە ئۆسۈپ چوڭ بولدى.

شَبَلَ بِالْخَيَّاطَةِ: كۆك سالدى، كۆكلىدى.

شِبْلٌ ج أَشْبَالٌ وَ شِبَالٌ: شىر كۈچۈكى، شىر بالىسى.

«هَذَا الشِّبْلُ مِنْ ذَالِكَ الْأَسَدِ»: ئاتا بالىسى، دادا قانداق بولسا بالىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

شَبِمَ يَشْبَمُ شَبَمًا: سوغۇق بولدى.

شَبِمَ الْمَاءُ: سۇ سوۋۇدى، مۇزلىدى.

شَبِمٌ م شَبِمَةٌ: سوغۇق؛ سايمان؛ زەھەر؛ ئۆلۈم.

بَقَرَةٌ شَبِمَةٌ: سېغىن كالا.

شَبَنَ يَشْبَنُ شَبْنًا: باياشاتلىق ئىچىدە ياشىدى.

شَبَنَ الشَّيْءُ: نەرسە يېقىنلاشتى.

شَبَنْزِي: شىمپەنزە، قارا ئورانگۇتان.

شِبْهٌ وَ شَبَهٌ ج أَشْبَاهٌ: ئوخشاش، بىر خىل.

شِبْهُ جَزِيْرَةٍ: يېرىم ئارال.

شِبْهُ مُسْتَعْمَرَةٍ: يېرىم مۇستەملىكە.

شِبْهُ رَسْمِيٍّ: غەيرىي رەسمىي.

شِبْهُ جَزِيْرَةِ الْعَرَبِ: ئەرەب يېرىم ئارىلى.

شِبْهُ جَزِيرَةِ الْهِنْدِ: ھىندى يېرىم ئارىلى.

شِبْهُ مَكْنَنَةٍ: يېرىم ماشىنىلاشتۇرۇش.

شِبْهُ مُوَصِّلٍ: يېرىم ئۆتكۈزگۈچ.

شِبْهٌ / شَبَهٌ / شَبْهَانُ: سېرىق مىس، جەز.

وَجْهُ الشَّبَهِ: ئوخشاش نۇقتا، ئوخشاشلىق ئوبيېكتى.

عَرَفَهُ شَبَهًا: ئۇنى (سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن) تونۇۋالدى.

شُبْهَةٌ ج شُبَهٌ وَ شُبَهَاتٌ: تۇتۇق، مۇجمەل، خىرە، گۇمان؛ شەك-شۈبھە.

تَحْتَ الشُّبْهَ: گۇمانلىق.

شَبَهِيٌّ: سېرىق مىسنىڭ، سېرىق مىستەك.

شَبْوٌ: زىيان-زەخمەت.

شَبُوبٌ: گۈڭگۈرت، سەرەڭگە، تۇتۇرۇق، زىننەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇيۇمى.

«هَذَا الثَّوبُ شَبُوبٌ لِلْفَتَاةِ»: بۇ كىيىم قىزنى تېخىمۇ چىرايلىق قىلىۋېتىدۇ، بۇ كىيىم قىزغا تازا يارىشىپتۇ.

شَبُّورٌ ج شَبَابِيرُ: بۇرغا، گۇدۇك، كاناي.

شَبْوَةٌ: چايانىنىڭ نەشتىرى.

جَارِيَةٌ شَبْوَةٌ: جورئەتلىك ئايال.

شُبُوطٌ ج شَبَابِيطُ: كاراپ بېلىقى، سازان بېلىقى.

شُبُوقٌ: تۇرۇپكا، غاڭزا، چىلىم.

شَبِيبَةٌ ج شَبَائِبُ: ياش، ياشلىق.

اَلشَّبِيبَةُ الإِسْلَامِيّ: ئىسلام ياشلىرى.

إِتِّحَادُ الشَّبِيبَةِ: ياشلار ئىتتىپاقى.

«تَحْتَفِلُ كَثِيرٌ مِنَ الْبِلَادِ بِعِيدِ الشَّبِيبَةِ»: نۇرغۇن دۆلەتلەر ياشلار بايرىمىنى تەبرىكلەيدۇ.

شَبِيكَةٌ: توقۇلما.

شَبِيْنٌ ج أَشَابِيْنُ: يېزا ـ قىشلاق، سەھرا.

شَبِيْنٌ ج شَبَائِنُ: يېڭىت قولدىشى.

شَبِيْنُ الْمُعْتَمِدِ: چوقۇندۇرغان ئاتا.

شَبِيْنَةٌ: قىز قولدىشى.

شَبِيْنَةُ الْمُعْتَمِدِ: چوقۇندۇرغان ئانا.

شَبِيهٌ ج شِبَاهٌ وَ أَشْبَاهٌ: ئوخشاش، بىر خىل، بىردەك.

«وَمَالَكَ فِي الزَّمَانِ رَأْوْ شَبِيْهًا لِأَنَّكَ فِي الْخِصَالِ عَلَوْتَ قَدْرًا»: سەن ئاجايىپ پەزىلەتلىك ئادەمسەن، دۇنيادا سېنىڭ ئوخشىشىڭ تېپىلمايدۇ.

شَتَا يَشْتُو شَتْوًا بِالْبَلَدِ: مەلۇم شەھەردە قىشلىدى، قىشنى ئۆتكۈزدى.

شَتَا الْحَيَوَانُ: ھايۋان ئۇچەككە كىردى.

شَتَا الشِّتَاءُ: قىش بولدى، سوغۇق بولدى.

شَتَتِ السَّمَاءُ: يامغۇر ياغدى.

شِتَا: قۇرغاق، قۇرغاقچىلىق.

شِتَاءٌ ج أَشْتِيَةٌ وَ شُتِيٌّ: قىش، قىش پەسلى؛ قورغاقچىلىق؛ يامغۇر، يامغۇرلۇق مەۋسۇم.

«لِإِيْلَافِ قُرَيْشٍ إِيْلَافِهِمْ رِحْلَةَ الشِّتَاءِ وَالصَّيْفِ»«قرآن»: قۇرەيش قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار قىشلىق ۋە يازلىق سەپەرلىرىدە قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن...

فَاكِهَةُ الشِّتَاءِ: ئوت.

شِتَائِيٌّ: قىشلىق، قىشقا تەۋە.

طَقْسُ هَذَا الْأُسْبُوعِ شِتَائِيٌّ: بۇ ھەپتىنىڭ ھاۋاسى قىشنىڭ ھاۋاسى.

شَتَاتٌ ج أَشْتَاتٌ: تارقاق، چېچىلاڭغۇ، قالايمىقان، تەرتىپسىز، پارچىلىنىپ كەتكەن.

قَصَّ عَلَيْهِ أَشْتَاتَ الْأَضَاحِيْكِ: ئۇ ئۇنىڭغا خىلمۇخىل كۈلدۈرگە ئېيتىپ بەردى.

﴿يَوْمَئِذٍ يَصْدُرُ النَّاسُ أَشْتَاتًا لِيُرَوْا أَعْمَالَهُمْ﴾ «قرآن»: بۇ كۈندە كىشىلەر قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن توپ-توپ بولۇپ تارىلىپ كېتىدۇ.

ضَمَّ شَتَاتَ مَعْلُومَاتِهِ: ئۇنىڭ پارچە-پۇرات مەلۇماتلىرىنى توپلىدى.

جَاؤُوا أَشْتَاتًا: ئۇلار ئايرىم-ئايرىم كېلىشتى.

شَتَّ يَشِتُّ شَتًّا وَ شَتَاتًا وَ شَتِيْتًا: تارقالدى، چېچىلدى، پارچىلاندى.

شَتَّ الْوَجْدُ بِقَلْبِهِ: مۇھەببەت ئۇنىڭ قەلبىنى پارە — پارە قىلىۋەتتى.

شَتَّ الْأَشْيَاءُ: نەرسىلەر چېچىلىپ كەتتى.

شَتَّتِ الدَّارُ بِفُلَانٍ: ھويلا پالانىغا يىراق بولدى.

شَتٌّ: تارقاق، چېچىلاڭغۇ، پارچىلىنىپ كەتكەن.

أَمْرٌ شَتٌّ: قالايمىقان ئىش.

شَتَّامٌ: جېدەلخور، ئۇرۇشقاق.

شَتَّانَ: يىراق بولدى، ئايرىلدى.

شَتَّانَ بَيْنَهُمَا: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەرق ناھايىتى

چوك، ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يىراق.

شَتَّ يُشَتِّتُ تَشْتِيتًا الأَشْيَاءَ: تارقىتىۋەتتى، پارچىلىۋەتتى.

شَتَّتَ فِكْرَهُ: ئۇنىڭ پىكرىنى بۆلۈۋەتتى.

شَتَّتَ اللهُ شَمْلَهُمْ: ئاللاھ ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋەتسۇن.

شَتَّرَ يُشَتِّرُ تَشْتِيرًا الْعَيْنَ: قاپىقىنى تۈردى.

شَتَّرَ بِهِ: ئۇنى تىللىدى.

شَتَّمَ يُشَتِّمُ تَشْتِيمًا: قاتتىق تىللىدى.

شَتَّى يُشَتِّي تَشْتِيَةً: قىشلىدى، قىشنى ئۆتكۈزدى.

شَتَرَ يَشْتِرُ شَتْرًا الشَّيْءَ: يىرتىۋەتتى، كېسىۋەتتى.

شَتِرَ يَشْتَرُ شَتَرًا: يېرىلدى.

شَتِرَتْ عَيْنُهُ: قاپىقى تۈرۈلدى.

شَتْرٌ: ئەيىب، نۇقسان، ئىللەت.

شِتْرَاتٌ: تۇز؛ لىمون سۈيى.

شُتْرَةٌ: ئىككى بارماق ئارىسى.

شَتِعَ يَشْتَعُ شَتَعًا: ئىچى تىت-تىت بولۇپ كەتتى، جىددىيلىشىپ كەتتى.

شَتَغَ يَشْتَغُ شَتْغًا فُلَانًا: دەپسەندە قىلدى، كەمسىتتى، بوزەك قىلدى.

شَتَلَ يَشْتِلُ شَتْلًا الزَّرْعَ: زىرائەتنى كۆچۈردى.

أَعْمَالُ الشَّتْلِ: شال تىكىش.

شَتْلُ النِّيلِ: نىل رەڭ، كۆك، قارا كۆك، تۇمۇر كۆك.

شَتْلَةٌ ج شَتَلَاتٌ وَ شَتْلٌ: كۆچۈرۈپ تىكىلىدىغان مايسا؛ دەرەخ كۆچىتى.

شَتْلَةُ الْقُطْنِ: كېۋەزنىڭ شادىسى، غولى.

شَتْلَةُ النِّيلِ: كۆك بوياق، نىل رەڭ.

شَتَمَ يَشْتُمُ شَتْمًا وَ شَتْمَةً وَ تَشْتَامًا: ھاقارەتلىدى، ئاھانەت قىلدى، دەشنام بەردى، تىللىدى، ئەيىبلىدى.

«فَإِنْ شُتِمَ فَلْيَقُلْ إِنِّي صَائِمٌ» ‹حديث›: تىللانغان كىشى مەن روزىدار، دېسۇن.

شَتُمَ يَشْتُمُ شَتَامَةً: سەت بولدى، كۆرۈمسىز بولدى، سەتچىلىك بولدى، ئۇيات بولدى.

شَتْمٌ: تىللىماق، ھاقارەتلىمەك، دەشنام بەرمەك.

أَشْبَعَهُ شَتْمًا: تىللاپ تويغۇزۇۋەتتى.

شَتَنَ يَشْتُنُ شَتْنًا الثَّوْبَ: رەخت توقۇدى.

أُنَاسٌ شُتُوتٌ: بىر قەبىلىدىن ئەمەس كىشىلەر.

شِتَوِيٌّ: قىشلىق، قىشلىق مەۋسۇم، قىشلىق پەسىل؛ قىشقا مەنسۇپ، قىش پەسلىگە تەۋە.

فُسْتَانٌ شِتَوِيٌّ: قىشلىق كىيىم.

«يَبْدَأُ التَّوْقِيتُ الشِّتَوِيُّ فِي أَوَّلِ نُوفَمْبَر / تشرين الثاني»: قىشلىق ۋاقىت نويابىرنىڭ ئەۋۋىلىدە باشلىنىدۇ.

شَتِيتٌ ج شَتَّى: تارقاق، چېچىلاڭغۇ، قالايمىقان، تەرتىپسىز؛ ئوخشىمايدىغان.

مَسَائِلُ شَتَّى: خىلمۇخىل مەسىلىلەر.

﴿إِنَّ سَعْيَكُمْ لَشَتَّى﴾ ‹قرآن›: سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلار شەك-شۈبھىسىزكى، خىلمۇخىلدۇر.

صَارَ جَمْعُهُمْ شَتِيتًا: ئۇلارنىڭ توپى تارقىلىپ كەتتى.

شَتِيمٌ: تىللانغان، ھاقارەتلەنگەن.

شَتِيمَةٌ ج شَتَائِمُ: تىل-ھاقارەت.

تَبَادَلَا الشَّتَائِمَ: بىر-بىرى بىلەن تىللاشتى.

شَتِيٌّ: قىش يامغۇرى.

شَثٌّ ج شِثَاثٌ الواحدة: شَثَّةٌ: كۆپ، نۇرغۇن، مول؛ ئەركەك ھەسەل ھەرىسى؛ پارچە تاغ چوققىسى؛ تاغ دەرىخى، تاغ ياڭىقى.

شَثِرَ يَشْثَرُ شَثَرًا عَيْنُهُ: كۆزىگە قان تولۇپ قالدى.

شِثْرٌ ج شُثُورٌ: تاغ گىرۋىكى.

شَثِرَةٌ . الْقَنَاةُ الشَّثِرَةُ: ۋەيران بولۇپ كەتكەن ئېرىق.

شَثِلَ يَشْثَلُ شَثَلًا وَ شَثُلَ يَشْثُلُ شُثُولَةً أَصَابِعُهُ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى uyghurkitap.com



بارماقلىرى يىرىكلىشىپ كەتتى.

شَثِنَ يَشْثَنُ شَثَنًا كَفُّهُ: ئالىقىنى يىرىكلىشىپ كەتتى.

شَثْنٌ: قوپال، يىرىك.

شَجَا يَشْجُو شَجْوًا: دەرد-ئەلەمگە دۇچار قىلدى، قايغۇغا سالدى، ئازابلىدى، مۇڭغا چۆمدۈردى، مۇڭلاندى.

شَجَا بَيْنَهُمَا: ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالدى، ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى، ئارىنى بۇزدى.

شَجَاهُ: خۇشال قىلدى، شادلاندۇردى.

«شَجَاهُ تَذَكُّرُ الْإِلْفِ»: دوستىنى ئەسلەش ئۇنى مۇڭلاندۇردى.

شَجًا: غەم-قايغۇ، ھەسرەت؛ گالغا قادىلىپ قالغان سۆڭەك.

شِجَابٌ ج شُجُبٌ: كىيىم ئاسقۇچ؛ پورروپكا، پۇگەت.

شَجَاجٌ: ھاۋا.

شَجَارٌ: ئۈستى ئوچۇق ئاپتوموبىل؛ تەختىراۋان.

شِجَارٌ ج شُجُرٌ: ئىلغۇچ، دەم، تاقاق.

شُجَاعٌ ج شِجْعَانٌ: چوڭ يىلان.

شُجَاعٌ ج شُجْعَانٌ وَ شُجَعَاءُ وَ شُجْعَةٌ: باتۇر، قەھرىمان، جەسۇر، مەرد، جۈرئەتلىك، مەردانە.

شَجَاعَةٌ: باتۇرلۇق، مەردلىك، جەسۇرلۇق.

شَجَبَ يَشْجُبُ شَجْبًا: قاتتىق ئەيىبلىدى، نارازىلىق بىلدۈردى، تەنقىد قىلدى.

شَجَبَ الرَّأْيَ: رايىنى تەنقىد قىلدى.

شَجَبَ يَشْجُبُ شَجْبًا وَ شُجُوبًا وَشَجِبَ يَشْجَبُ شَجَبًا: ھالاك قىلدى؛ تەنقىد قىلدى، ئەيىبلىدى.

شَجَبٌ ج شُجُوبٌ: باش قېتىنچىلىق، غەم-قايغۇ، پەرىشانلىق، خاپىلىق.

شَجْبٌ ج شُجُوبٌ: چېدىرنىڭ تۈۋرۈكى.

شَجْبَاءُ: كەمەر.

شَجَّ يَشُجُّ شَجًّا: چاقتى، بۇزۇپ تاشلىدى.

شَجَّ الرَّأْسَ: باشنى يېرىۋەتتى.

شَجَّ الْمَرْكَبُ الْبَحْرَ: پاراخوت دولقۇن يېرىپ ماڭدى.

«يَشُجّ بِيَدٍ وَ يَأْسُو بِأُخْرَى» «مثل»: بىر قولى بىلەن بۇزۇپ، بىر قولى بىلەن تۈزەيدۇ، «ياخشىلىقمۇ بار، يامانلىقمۇ بار»، «بىر قولىدا ئوت، بىر قولىدا سۇ بار».

شَجٌّ: يارماق، يېرىۋەتمەك.

شَجَّارٌ ج شَجَّارُونَ: ئۆسۈملۈك تەتقىقاتچىسى، بوتانىك.

شَجَّةٌ ج شِجَاجٌ: يۈز ياكى باشتىكى يارا.

شَجَّرَ يُشَجِّرُ تَشْجِيرًا: دەرەخ تىكتى، ئورمان ئەھيا قىلدى.

شَجَّرَ الشَّارِعَ: كوچىغا دەرەخ تىكتى، يېشىللاشتۇردى.

شَجَّرَ الشَّجَرَةَ: دەرەخنى ئۇلىدى.

شَجَّرَ الثَّوْبَ: كىيىمگە دەرەخ سۈرىتىنى چۈشۈردى.

شَجَّعَ يُشَجِّعُ تَشْجِيعًا — شَجَّعَهُ: ئىلھام بەردى، روھلاندۇردى؛ تەقدىرلىدى؛ قوللىدى، كۈچەيتتى.

«شَجَّعَ الْمُشَاهِدُونَ فَرِيقَهُمُ الْقَوْمِيَّةَ»: تاماشىبىنلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كوماندىسىنى ئىلھاملاندۇردى.

شَجَّنَ يُشَجِّنُ تَشْجِينًا فُلَانًا: پالاننى قايغۇغا سالدى.

شَجَرَ يَشْجُرُ شَجْرًا الْبَيْتَ: ئۆيگە تىرەك قويدى.

شَجَرَ الشَّيْءَ: نەرسىنى باغلىدى.

شَجَرَ يَشْجُرُ شَجْرًا وَ شُجُورًا مَا بَيْنَهُمْ: جېدەللەشتى، جاڭجاللاشتى.

«فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ حَتَّى يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ

بَيْنَهُمْ»«قرآن»: (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى، مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە...

«مَا شَجَرَكَ عَنَّا»: سېنى بىزدىن نېمە سوۋۇتتۇۋەتتى.

شَجَرَهُ بِالرُّمْحِ: ئۇنىڭغا نەيزە ئۇردى.

شَجِرَ يَشْجَرُ شَجَراً الرَّجُلُ: كىشىنىڭ جان سانى كۆپەيدى.

شَجَرٌ ج أَشْجَارٌ وَ شَجْرَاءُ الواحدة شَجَرَةٌ ج شَجَرَاتٌ: دەرەخ.

شَجَرَةُ النَّسَبِ: نەسەبنامە.

﴿وَالنَّجْمُ وَالشَّجَرُ يَسْجُدَانِ﴾ «قرآن»: ئوت-چۆپلەر، دەل-دەرەخلەر سەجدە قىلىدۇ.

هُوَ مِنْ شَجَرَةٍ طَيِّبَةٍ: ئۇ ئېسىل نەسەبتىن.

اَلشَّجَرَةُ الْمَلْعُونَةُ: زەققۇم دەرىخى.

﴿وَمَا جَعَلْنَا الرُّؤْيَا الَّتِي أَرَيْنَاكَ إِلَّا فِتْنَةً لِلنَّاسِ وَالشَّجَرَةَ الْمَلْعُونَةَ﴾ «قرآن»: بىز ساڭا (مىراج كېچىسى ئاسمان-زېمىندىكى ئاجايىپلاردىن) كۆرسەتكەن كۆرۈنۈشنى، قۇرئاندىكى لەنەت قىلىنغان دەرەخنى (يەنى زەققۇم دەرىخىنى) پەقەت كىشىلەر ئۈچۈن سىناق قىلدۇق.

شَجَرَةُ الزَّقُّومِ: زەققۇم دەرىخى، دوزاختىكى بىر دەرەخنىڭ نامى.

﴿إِنَّ شَجَرَةَ الزَّقُّومِ طَعَامُ الْأَثِيمِ﴾ «قرآن»: زەققۇم دەرىخى ھەقىقەتەن گۇناھكارلارنىڭ تامىقىدۇر.

شَجَرَةُ الْفُسْتُقِ: پىستە دەرىخى.

شَجَرَةُ الْبَرْنِيْقِ: سىر دەرىخى.

شَجَرَةُ الْبَقِّ: قارىياغاچ.

شَجَرَةُ الْجِنِّ: قار قارىغىيى.

شَجَرَةُ الْوَرْنِيْشِ: سىر دەرىخى.

شَجَرَةُ جَوْزِ الْهِنْدِ: كوكس دەرىخى.

شَجَرَةٌ مِنَ الصَّنَوْبَرِيَّاتِ / شَجَرَةٌ مِنَ الْفَصِيلِيَّةِ الصَّنَوْبَرِيَّةِ: يىڭنە يوپۇرماقلىقلار ئائىلىسىدىكى دەرەخ.

شَجِرٌ: دەرەخلىك، دەرەخزارلىق.

مَكَانٌ شَجِرٌ: دەرەخلىك يەر.

شَجْرَاءُ: بۈكلۈك، بۈك ئورمان، قويۇق ئورمانزارلىق.

شَجَرِيٌّ: تىل تاۋۇشى.

شَجُعَ يَشْجُعُ شَجَاعَةً: باتۇر بولدى، جۈرئەتلىك بولدى.

شَجِعَ يَشْجَعُ شَجَعًا: ئۇزىرىدى؛ ئېگىزلىدى.

شَجَنَ يَشْجُنُ شَجْنًا وَ شَجْنَةً وَ شُجُونًا: قايغۇردى، ئازابلاندى، ھەسرەت چەكتى.

شَجَنَ الْحَمَامَةُ: كەپتەر سايرىدى، دەمەدەر دەم تۈتتى، دەمدەر ئۈنلىدى.

لَحْمٌ طَرِيٌّ: يېڭى گۆش.

طَزَاجَةٌ: يېڭى، يېڭىلىق، سالقىن.

طَزَرَ يَطْزَرُ طَزَرًا فُلاَنًا: پالاننى مۇشت بىلەن ئۇردى.

طِسَامٌ: قويۇق چاڭ.

طَسَأَ يَطْسَأُ طَسْأً: تاماق سىڭمىدى، قورسىقى كۆپۈپ كەتتى.

طَسَأَ مِنْهُ: خىجىل بولدى، ئۇيالدى.

طُسْأَةٌ: قورساق كۆپۈش، تويۇپ كېتىش.

طِسْتٌ ج طُسُوتٌ: داس، چىلاپچا.

طَسَّ يَطُسُّ طَسًّا فِي الأَرْضِ: مېڭىپ يىراققا كەتتى، ئۇزۇنغا كەتتى.

طَسَّ الشَّيْءَ فِي الْمَاءِ: سۇغا چۆكتۈرۈۋەتتى.

طَسَّهُ: نەيزە سانجىدى؛ ئۇنى ئېغىز ئاچۇرمىدى؛ ئوچۇملاپ ئالدى.

طَسٌّ ج طُسُوسٌ وَ أَطْسَاسٌ: چىلاپچا.

طَسَّاسٌ: مىسكەرچى (چىلاپچا ياسايدىغان).

طَسَّانٌ: ئۇرۇش مەيدانى، جەڭگاھ؛ توپا-توزان.

طَسَّسَ يُطَسِّسُ تَطْسِيْسًا: كەتتى، ئايرىلدى.

طَسَّسَ فِي الْبِلاَدِ: يۇرت كەزدى.

طَسَّمَ يُطَسِّمُ تَطْسِيْمًا الْمُوسَى: ئۇستىرىنى كاپلىدى.

طَسَعَ يَطْسَعُ طَسْعًا فِي الْبِلاَدِ: سەپەر قىلدى، ساياھەت قىلدى.

طَسَمَ يَطْسُمُ طَسْمًا الشَّيْءَ: سۈركىۋەتتى، سۈرتۈۋەتتى، ئېرتىۋەتتى.

طَسِمَ يَطْسَمُ طَسَمًا: يامانلاشتى، ناچارلاشتى، ئېغىرلاشتى.

طَسَمَ يَطْسُمُ طَسَامَةً الشَّيْءُ: نەرسە قارىداپ كەتتى.

طَسَمٌ: قاراڭغۇلۇق، تۇمان، چاڭ-توزان.

طَسْمَةٌ: كاپلىغۇچ.

طَشَاشٌ: كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىق.

طُشَاشٌ: بۇرۇن شىللىق پەردە ياللۇغى.

طَشْتٌ ج طُشُوتٌ: داس، چىلاپچا.

طَشَّ يَطُشُّ طَشًّا الطَّشِيْشُ الأَرْضَ: سىم-سىم يامغۇر ياغدى.

طُشَّ الرَّجُلُ: كىشى زۇكام بولۇپ قالدى.

طَشَّ يَطِشُّ طَشًّا وَ طَشِيْشًا الْمَطَرُ: يامغۇر ئازلىدى، يامغۇر سىم-سىم ياغدى.

طُشَّةٌ: بۇرۇن شىللىق پەردە ياللۇغى.

طِشَّةٌ ج طِشَشٌ: كىچىك بالا.

طَشْطَشَ يُطَشْطِشُ طَشْطَشَةً: پىژىلدىدى، پاژ-پۇژ قىلدى.

طَعَامٌ ج أَطْعِمَةٌ جج أَطْعِمَاتٌ: تاماق، تائام، يېمەكلىك نەرسىلەر.

طَعَامُ الْمَرْضَى: كېسەل تامىقى.

﴿وَلاَ يَحُضُّ عَلَى طَعَامِ الْمِسْكِينِ﴾ ‹قرآن›: ئۇ مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايدىغان ئادەمدۇر.

خُوَانُ الطَّعَامِ: تاماق ئۈستىلى.

أَضْرَبَ عَنِ الطَّعَامِ: تاماق يېمىدى، ئاچلىق ئېلان قىلدى.

تَنَاوَلَ الطَّعَامَ: تاماققا باقتى.

«قَرَّرَ السَّجَنَاءُ الْإِضْرَابَ عَنِ الطَّعَامِ»: مەھبۇسلار ئاچلىق ئېلان قىلدى.

طَعَامِيٌّ: يېمەكلىك ساتقۇچى.

طَعَّمَ يُطَعِّمُ تَطْعِيمًا الْغُصْنَ: دەرەخنى ئۇلىدى.

طَعَّمَ (فِي الطِّبِّ): ئوكۇل سالدى.

طَعَّمَ بِلِقَاحِ الْجُدَرِيِّ: چېچەك چەكتى.

طَعَّمَ الْقَلَمَ بِالْعَاجِ: قەلەمنى پىل چىشى بىلەن بېزىدى.

طَعِمَ يَطْعَمُ طَعْمًا وَ طُعْمًا الشَّيْءَ: تېتىدى، تېتىپ باقتى.

طَعِمَ يَطْعَمُ طَعْمًا وَ طَعَامًا الطَّعَامَ: تاماق يېدى، ئىستېمال قىلدى.

طَعِمَ الْغُصْنُ: دەرەخ ئۇلاندى.

﴿فَإِذَا طَعِمْتُمْ فَانْتَشِرُوا﴾ ‹قرآن›: تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن تارقاپ كېتىڭلار.

«لَمْ يَطْعَمْ شَيْئًا مُنْذُ أَيَّامٍ»: بىرقانچە كۈندىن بۇيان ئاغزىغا بىرنەرسە سالمىدى.

طَعْمٌ ج طُعُومٌ: تەم.

طَعْمٌ لَذِيذٌ: شېرىن تەم.

لَهُ طَعْمٌ كَذَا: تەملىك، پۇراقلىق.

لَا طَعْمَ لَهُ: تەمسىز، پۇراقسىز.

طُعْمٌ ج طُعُومٌ: يەمچۈك.

طُعْمٌ طِبِّيٌّ: ۋاكسىنا.

طُعْمٌ ضِدَّ الْكُولِيرَا: خولېراغا قارشى ۋاكسىنا.

طَعِمٌ: خۇش پۇراق، لەززەتلىك، تەملىك.

طُعْمَةٌ ج طُعَمٌ: يېمەكلىكلەر، بوغۇز، تۆگمە؛ مېھمان چاقىرماق.

طُعْمَةُ الْمَدَافِعِ: زەمبىرەك يېمى، توپ يېمى.

أَصْبَحَ طُعْمَةً لِلنِّيْرَانِ: كۆيۈپ كەتتى.

طِعْمَةٌ ج طِعَمٌ: تور.

طُعْمِيَّةٌ: گۆش قىيمىسى.

طَعَنَ يَطْعُنُ طَعْنًا بِالرُّمْحِ: نەيزە سانجىدى.

طَعَنَ بِخَنْجَرٍ: پىچاق ئۇردى، پىچاق سالدى.

طَعَنَ فِي السِّنِّ: يېشى چوڭلىدى، قېرىدى.

طَعَنَ عَلَيْهِ: تۆھمەت قىلدى، بوھتان چاپلىدى.

طَعَنَ فِي شَرَفِهِ: ئابرۇيىغا داغ تەگكۈزدى.

طَعَنَ فِي الْحُكْمِ: ئەرز قىلدى، شىكايەت قىلدى.

طَعَنَ فِي قَوْلِهِ: رەددىيە بەردى.

﴿وَطَعَنُوا فِي دِينِكُمْ فَقَاتِلُوا أَئِمَّةَ الْكُفْرِ﴾ ‹قرآن›: ئۇلار دىنىڭلارنى ئەيىبلىسە، كۇفرىنىڭ كاتتىۋاشلىرىغا ئۇرۇش ئېچىڭلار.

طَعَنَ عَلَى: قوشۇلمىدى، قوبۇل قىلمىدى.

طُعِنَ الرَّجُلُ: ۋابا كېسىلىگە دۇچار بولدى.

طَعَنَ فِيهِ بِالتَّزْوِيرِ: ئۇنى ساختىلىق بىلەن ئەيىبلىدى.

طَعْنٌ: سانجىماق، ئۆتكۈزمەك؛ تۆھمەت قىلماق، نامىغا داغ تەگكۈزمەك.

﴿وَاسْمَعْ غَيْرَ مُسْمَعٍ وَرَاعِنَا لَيًّا بِأَلْسِنَتِهِمْ وَطَعْنًا فِي الدِّينِ﴾ ‹قرآن›: ئۇلار: «بىزگە قۇلاق سال، بىز ساڭا قۇلاق سالمايمىز»، دەيدۇ. دىنغا تەنە قىلىش يۈزىسىدىن، رائىنا دېگەن سۆزنى تىللىرىنى ئەگرى قىلىپ ئېيتىدۇ.

طَعْنٌ بِالنَّشْرِ: مەتبۇئات ئارقىلىق تۆھمەت چاپلىماق.

طَعْنَةٌ ج طَعْنٌ وَ طَعَنَاتٌ: بىر قېتىم سانجىش.

طَعْنَةٌ نَجْلَاءُ: قاتتىق نەيزە ئۇرۇش.

طَعَنَهُ عِدَّةَ طَعَنَاتٍ: ئۇنىڭغا بىرقانچە نەيزە سانجىدى.

لَجْنَةُ الطَّعُونِ: سالاھىيەت تەكشۈرۈش كومىتېتى.

طَغَا يَطْغُو طَغْوًا وَ طُغُوًّا وَ طُغْوَانًا الْبَحْرُ: دېڭىز دولقۇنلىدى، ئۆركەشلىدى، مەۋج ئۇردى.

طَغَا السَّيْلُ: كەلكۈن تاشتى، ھەددىدىن ئارتۇق كەلدى.

﴿إِنَّا لَمَّا طَغَا الْمَاءُ حَمَلْنَاكُمْ فِي الْجَارِيَةِ﴾ «قرآن»: شۈبھىسىزكى، (نۇھنىڭ زامانىدا) چوڭ سۇ يامراپ كەتكەن چاغدا، سىلەرنى (يەنى ئەجدادىڭلارنى) بىز كېمىگە سالدۇق.

طَغَامٌ: نەرسىنىڭ ئاجىزى، ناچىرى.

طَغَامُ النَّاسِ: تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەر، چۈپرەندىلەر.

طَغَامَةٌ ج طَغَامٌ: ئەخمەق، گاللۋاڭ.

طَغَرَ يَطْغَرُ طَغْرًا ـــ هُـ: ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى.

الطُّغْرَاءُ ج طُغْرِيَاتٌ وَ طُغْرَءَاتٌ: ئىمزا، بىرىككەن خەت.

طُغْرَى: پېشانە، ماڭلاي.

طَغَمٌ ج أَطْغَامٌ: دېڭىز، كۆپ سۇ.

طُغْمَةٌ ج طُغَمَاتٌ: گۇرۇھ، كوللېكتىپ.

طُغْمَةٌ مَالِيَّةٌ: مالىيە ئورگىنى.

طُغْمَةُ الإِكْلِيرِسِ: مىسسىئونېرلار ئەترىتى.

الطَّغْوَا: ھەددىدىن ئاشماق.

﴿كَذَّبَتْ ثَمُودُ بِطَغْوَاهَا﴾ «قرآن»: سەمۇد ھەددىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن (پەيغەمبەرنى) ئىنكار قىلدى.

طَغْوَةٌ ج طَغَوَاتٌ: ئېگىزلىك، ئېگىز جاي.

طُغْوَمَةٌ: پەسكەشلىك.

طَغَى يَطْغَى طَغْيًا وَ طُغْيَانًا: ھەددىدىن ئاشتى.

طَغَى الرَّجُلُ: زورلۇق، زومبۇلۇق قىلدى.

﴿إِذْهَبْ إِلَى فِرْعَوْنَ إِنَّهُ طَغَى﴾ «قرآن»: سەن پىرئەۋننىڭ قېشىغا بارغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشتى.

طَغَى الْمَاءُ: سۇ تاشتى.

طَغَى الْبَحْرُ: دېڭىز دولقۇنلاندى.

طُغْيَانٌ: ھەددىدىن ئاشماق، گۇناھ قىلماق؛ (سۇ) تېشىپ كېتىش.

﴿فَخَشِينَا أَنْ يُرْهِقَهُمَا طُغْيَانًا وَكُفْرًا﴾ «قرآن»: ئۇنىڭ گۇمراھلىق بىلەن كۇفرىنى ئاتا ـ ئانىسىغا تېڭىشىدىن قورقتۇق.

طَفَا يَطْفُو طَفْوًا وَ طُفُوًّا: (سۇنىڭ ئۈستىدە) لەيلەپ قالدى؛ (سۇ) ئۈزدى.

يَطْفُوا الْخَشَبُ فَوْقَ الْمَاءِ: ياغاچ سۇنىڭ ئۈستىدە لەيلەيدۇ.

طِفَاحٌ: تولغان، تولۇپ كەتكەن.

طُفَاحَةٌ: كۆپۈك، ماغزاپ.

طُفَالٌ: ساپال لېيى؛ سېغىز توپا.

طُفَالَةٌ: باللىق دەۋر.

طُفَاوَةٌ: ئاي ياكى كۈننىڭ قوتانلىنىشى؛ لەيلەپ قالغان قازاننىڭ كۆپۈكى.

طَفَأَ يَطْفَأُ طَفْأً النَّارَ: ئوتنى ئۆچۈردى.

طَفَأَ عَيْنُهُ: كۆز نۇرى كەتتى، كۆزى ئاجىزلىدى.

طَفِئَتِ النَّارُ: ئوت ئۆچتى.

طَفِئَتْ عَيْنُهُ: كۆزى كور بولۇپ قالدى.

طَفَحَ يَطْفَحُ طَفْحًا وَ طُفُوحًا الإِنَاءُ: قاچا توشتى.

طَفَحَتْ عَنْ كَذَا: بەك توشۇپ كەتتى.

طَفَحَ السَّكْرَانُ: مەست چىلاشقۇچە ئىچتى.

طَفَحَ الْكَيْلُ: ئىش چىدىغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە باردى.

طَفَحَ وَجْهُهُ بِالْبِشْرِ: خۇشاللىقتىن چىرايى يورۇپ كەتتى.

طَفَحَتْ كَأْسُهُ: قاچا توشتى.

طَفَحَ بِالْحَيَوِيَّةِ: جانلاندى.

طَفْحٌ: تولۇقلىماق، ئاشۇرماق.

طَفَذَ يَطْفِذُ طَفْذًا الْمَيِّتَ: مېيىتنى دەپنە قىلدى.

طَفَذٌ ج أَطْفَاذٌ: قەبرە، گۆر.

طَفَرَ يَطْفِرُ طَفْرًا وَ طُفُورًا: سەكرىدى، تاقلىدى.

طَفَرَ الدَّمْعُ مِنْ عَيْنَيْهِ: ئىككى كۆزىدىن ياش قۇيۇلدى.

طَفْرٌ: سەكرىمەك، تاقلىماق.

طَفْرَانٌ: كەمبەغەل، نامرات، يوقسۇل.

طَفْرَةٌ: بىر قېتىم سەكرەش.

طَفْرَةً: ئارىلىق باسقۇچتىن ھالقىپ ئۆتمەك، دەرىجە ئاتلىماق.

«حَقَّقَ الْعِلْمُ طَفْرَةً كَبِيرَةً»: ئىلىم-پەن چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلىدى.

طَفَسَ يَطْفَسُ طَفْسًا وَ طَفَاسَةً: مەينەتلىشىپ كەتتى، پاسكىنا بولۇپ كەتتى، كىرلىشىپ كەتتى.

طَفَسَ يَطْفِسُ طُفُوسًا: ئۆلدى.

طَفِسٌ: پاسكىنا، مەينەت.

طَفَشَ يَطْفِشُ طَفْشًا: قاچتى، قېچىپ كەتتى.

طَفْشَانٌ ج طَفَاشَى: قاچقۇن، قاچاق.

طَفَّ يَطُفُّ / يَطِفُّ طَفًّا الْحَائِطَ: تامنى ئېگىزلەتتى.

طَفَّ الشَّيْءَ: نەرسىنى ئازراق كۆتۈردى.

طَفَّ يَطُفُّ طَفَافَةً الشَّيْءُ: ئاز بولدى، كەمچىل بولدى.

طَفَّ يَطِفُّ طَفِيفًا: يېقىن بولدى، يېقىنلاشتى.

طَفٌّ ج طُفُوفٌ: يان، يان تەرەپ؛ يېقىن؛ قىرغاق، قاش (دەريانىڭ)؛ تاغ ئېتىكى.

طَفَّأَ يُطَفِّئُ تَطْفِئَةً النَّارَ: ئوتنى ئۆچۈردى.

طَفَّاحٌ: تېز يۈگۈرگۈچى.

طَفَّافٌ: يايمىچى، تەنزىكەش.

طَفَّافٌ مِنَ الْخَيْلِ: يۈگۈرۈك ئات، يورغا ئات.

طَفَّايَةٌ ج طَفَّايَاتٌ: ئوت ئۆچۈرۈش ئەسۋابى.

طَفَّةٌ ج طَفَّاتٌ: گۇرۇھ، جامائە، توپ.

طَفَّحَ يُطَفِّحُ تَطْفِيحًا الْإِنَاءَ: قاچىنى تولدۇردى.

طَفَّرَ يُطَفِّرُ تَطْفِيرًا الْفَرَسَ النَّهْرَ: ئاتنى ئېرىقتىن سەكرەتتى.

طَفَّفَ يُطَفِّفُ تَطْفِيفًا الْمِكْيَالَ: كەم ئۆلچىدى.

طَفَّفَ عَلَى عِيَالِهِ: ئائىلىسىنى تۇرمۇشتا قىستى.

طَفَّفَتِ الشَّمْسُ: كۈن ئولتۇراي دېدى.

طَفَّلَ يُطَفِّلُ تَطْفِيلًا: چاقىرىلمىغان مېھمان بولدى، كۈتمىگەن مېھمان بولدى.

طَفَّلَ عَلَى: بېسىپ كىردى، ئۇسۇپ كىردى.

طَفِقَ يَطْفَقُ طَفْقًا وَ طُفُوقًا بِمُرَادِهِ: مۇرادىغا يەتتى.

طَفِقَ يَفْعَلُ كَذَا: ... نى باشلىدى، ... نى قىلىشقا كىرىشتى، تۇتۇش قىلدى.

﴿وَطَفِقَا يَخْصِفَانِ عَلَيْهِمَا مِنْ وَرَقِ الْجَنَّةِ﴾ «قرآن»: ئۇلار جەننەتتىكى دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى بىلەن ئەۋرەتلىرىنى يېپىشقا كىرىشتى.

طَفَلَ يَطْفُلُ طَفْلًا النَّارَ: ئوتنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن توپا چاچتى.

طَفَلَتِ الشَّمْسُ: كۈن ئولتۇرۇشقا يېقىنلاشتى.

طَفَلَ يَطْفِلُ طُفُولًا: قاراڭغۇلۇقتا كىرىپ قالدى.

طَفَلَتِ الشَّمْسُ: كۈن ئولتۇراي، دېدى.

طَفُلَ يَطْفُلُ طُفُولَةً وَ طَفَالَةً: يۇمشاق بولدى، ئەۋرىشىم بولدى.

طَفِلَ يَطْفَلُ طَفَلًا النَّبَاتُ: زىرائەتنى توپا باستى، ھال چۈشتى.

طَفَلٌ: بالىلىق دەۋر؛ قاراڭغۇلۇق؛ كۈن ئولتۇرۇشنىڭ ئازراق ئالدى-كەينى.

طَفْلٌ م طَفْلَةٌ ج طِفَالٌ وَ طُفُولٌ: يۇمشاق، نازاكەتلىك؛ ساپال لېيى، سېغىز توپا.

طِفْلٌ ج أَطْفَالٌ م طِفْلَةٌ: كىچىك بالا، كىچىك قىز، بوۋاق.

رَوْضَةُ الأَطْفَالِ: باللار باغچىسى.

طَبِيبُ الأَطْفَالِ: باللار دوختۇرى.

﴿وَإِذَا بَلَغَ الأَطْفَالُ مِنْكُمُ الْحُلُمَ فَلْيَسْتَأْذِنُوا﴾ «قرآن»: كىچىك باللار بالاغەتكە يەتكەندە ئۇلار ئىلگىرىكىلەر ئىجازەت سورىغاندەك ئىجازەت سورىسۇن.

كَانَ أَبًا لِثَلاثَةِ أَطْفَالٍ: ئۈچ بالىغا ئاتا بولدى.

طَفْلَةٌ: سىغىز توپا، تۇپراق؛ ئالىيۇمىن ئوكسىدى.

طِفْلِيٌّ: بوۋاقنىڭ، بوۋاقتەك.

طَفَنَ يَطْفُنُ طَفْنًا: ئۆلدى.

طَفَنَهُ: ئۇنى سولىدى.

طَفْوٌ: (سۇ ئۈستىدە) لەيلىمەك، سۇ ئۈزمەك.

قَابِلِيَّةُ الطَّفْوِ: لەيلەش ئىقتىدارى.

طَفَوَةٌ: ئىنچىكە تالالىق ئۆسۈملۈك.

طُفُوحٌ: تولۇقلىماق، ئاشۇرماق.

طَفُولَةٌ: باللىق دەۋر.

«قَضَى فِتْرَةَ طُفُولَتِهِ بَعِيدًا عَنْ أَبَوَيْهِ»: باللىق دەۋرىنى ئاتا-ئانىسىدىن يىراقتا ئۆتكۈزدى.

طُفُولِيٌّ: بوۋاقنىڭ، بوۋاقتەك.

طُفُولِيَّةٌ: باللىق دەۋر، بوۋاقلىق مەزگىلى.

طَفِئَ يَطْفَأُ طَفْأً وَ طُفُوءًا النَّارُ: ئوت ئۆچتى.

طَفِئَتِ الْعَيْنُ: كۆزى ئاجىزلاپ قالدى.

طَفِئَتِ الْفِتْنَةُ: قوزغىلاڭ تىنچىدى.

طَفِيفٌ: كەمچىل، يېتەرسىز، ئاز؛ قىممىتى يوق.

بَرْدٌ طَفِيفٌ: ئازغىنە سوغۇق.

كَمِّيَّةٌ طَفِيفَةٌ: ئاز مىقداردا.

طُفَيْلِيٌّ ج طُفَيْلِيُّونَ: چاقىرىلمىغان مېھمان.

«كَانَ أَشْعَبُ طُفَيْلِيًّا»: ئەشئەب چاقىرىلمىغان مېھمان ئىدى.

نَبَاتٌ طُفَيْلِيٌّ: پارازىت ئۆسۈملۈك.

طُفَيْلِيَّةٌ ج طُفَيْلِيَّاتٌ: پارازىت، پارازىت تۇرمۇش، تەييار تاپلىق، هارام تاماق.

أَمْرَاضٌ طُفَيْلِيَّةٌ: يۇقۇملۇق كېسەل.

طَقْسٌ ج طُقُوسٌ: هاۋا؛ ئۇسۇل، چارە.

طَقْسٌ دِينِيٌّ: دىنىي مۇراسىم.

«كَانَ الطَّقْسُ أَمْسِ بَارِدًا»: هاۋا تۈنۈگۈن سوغۇق ئىدى.

«لِهَذِهِ الطَّائِفَةِ مِنَ النَّاسِ طُقُوسُهَا الْخَاصَّةُ»: بۇ تائىپىنىڭ ئۆزىگە خاس دىنىي مۇراسىملىرى بار.

الطَّقْسُ الشَّرْقِيُّ: شەرقچە قائىدە-يوسۇن.

طَقْطَقَ يُطَقْطِقُ طَقْطَقَةً: قاراسلىدى.

طَقْطَقَ أَصَابِعَهُ: بارماقلىرىدىن قاس چىقاردى.

طَقَّ يَطِقُّ طَقًّا وَ طَقْقَانًا: ۋارقىرىدى، قاتتىق ۋارقىرىدى.

طَقَّ يَطِقُّ طَقًّا: تاق-تاق ئاۋاز چىقاردى، يېرىلدى، پارتلىدى.

طَقَّمَ يُطَقِّمُ تَطْقِيمًا الْحِصَانَ: ئاتنى ئېگەرلىدى.

طَقْمٌ ج طُقُومٌ وَ أَطْقُمٌ: بىر يۈرۈش، بىر تو.

طَقْمُ الْحِصَانِ: ئاتنىڭ جابدۇقلىرى.

طَقْمُ أَسْنَانٍ: بىر يۈرۈش ياسالغان چىش.

طَقْمُ سُفْرَةٍ: بىر يۈرۈش زىبايەت قاچا-قۇچىلىرى.

طَقْمُ أَقْلامٍ: بىر يۈرۈش قەلەم.

طَقْمٌ صِينِيٌّ: بىر يۈرۈش جۇڭگو ساپال قاچىلىرى.

طَقْم مُجَوْهَرَاتٍ: بىر يۈرۈش ئۈنچە-مەرۋايىتلار.

طَلا يَطْلُو طَلْوًا وَ طَلاوَةً: ئاستا بولدى، كىچىكتى؛ چۈشەپ قويدى.

طَلاءٌ ج أَطْلِيَةٌ: ماي؛ قارا ماي، سىر؛ ئاسفالت؛ هاراق.

طَلاءُ الْوَجْهِ: يۈز مېيى، ئۇپا، ئەڭلىك.

طَلاءٌ بَرَّاقٌ: پارقىراق ماي.

طَلائِعُ: ئالامەت، شەرتلىك بەلگە.

uyghurkitap.com

طَلَاةٌ ج طَلًى: بويۇن.

طَلَاحٌ: يامان، ناچار، رەزىل، قەبىھ.

طَلَاقٌ: تالاق، خوتۇننى قويۇۋەتمەك.

طَلَاقٌ بِالثَّلَاثِ: ئۈچ تالاق.

وَرَقَةُ الطَّلَاقِ: نىكاھتىن ئاجرىشىش قەغىزى.

﴿الطَّلَاقُ مَرَّتَانِ فَإِمْسَاكٌ بِمَعْرُوفٍ أَوْ تَسْرِيحٌ بِإِحْسَانٍ﴾ «قرآن»: (قايتا يارىشىشقا بولىدىغان) تالاق ئىككى قېتىمدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن (خوتۇننى) چىرايلىقچە تۇتۇش ياكى ياخشىلىق بىلەن (يەنى، زۇلۇم قىلماي، يامان گېپىنى قىلماي، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرماي) قويۇۋېتىش لازىم.

حَلَفَ بِالطَّلَاقِ: ئايالىنى تالاق قىلىشقا قەسەم ئىچتى.

طَلَاقٌ بَائِنٌ: باشقىسى بىلەن نىكاھلانماستىن ئېرى بىلەن يېنىشىشقا بولمايدىغان تالاق.

طَلَاقٌ رَجْعِيٌّ: باشقىسى بىلەن نىكاھلانماستىن، ئېرى بىلەن يېنىشىۋېلىشقا بولىدىغان تالاق.

طَلَاقَةٌ: قويۇپ بەرمەك، بوشاتماق، خۇش چىراي بولماق، مۇلايىم بولماق.

طَلَاقَةُ اللِّسَانِ: تىلنىڭ راۋانلىقى.

طَلَاقَةُ الْوَجْهِ: خۇشال، خۇش چىراي.

حِصَانٌ طَلَاقَةٌ: ئايغىر.

طُلَاطِلَةٌ: كىچىك تىل.

طَلَاوَةٌ: گۈزەل، نازاكەتلىك.

لِكَلَامِهِ طَلَاوَةٌ: سۆزى چىرايلىق، سۆزى شېرىن.

طُلَايَةٌ: ماي، سىر؛ قارىماي، ئاسفالت؛ ھاراق.

طَلَبَ يَطْلُبُ طَلَبًا الشَّيْءَ: تەلەپ قىلدى، ئىزدىدى، ئالدى، ئارزۇ قىلدى.

طَلَبَ الْعِلْمَ: ئىلىم تەلەپ قىلدى، ئىلىم ئېگەللىدى.

طَلَبَ اللُّغَةَ الْعَرَبِيَّةَ: ئەرەب تىلى ئۆگەندى.

﴿ثُمَّ اسْتَوَى عَلَى الْعَرْشِ يُغْشِي اللَّيْلَ النَّهَارَ يَطْلُبُهُ حَثِيثًا﴾ «قرآن»: ئاندىن (ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە) ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى. ئاللاھ كېچە بىلەن (يەنى، كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن) كۈندۈزنى ياپىدۇ. كېچە بىلەن كۈندۈز بىر-بىرىنى قوغلىشىدۇ (يەنى، داۋاملىق ئورۇن ئالمىشىپ تۇرىدۇ).

طَلَبَ يَدَهَا: توي قىلىش تەلىپىنى قويدى.

طَلَبَهُ فِي التِّلْفُونِ: تېلېفوندا سۆزلەشتى.

طَلَبَ بِثَأْرِهِ: ئىنتىقام ئېلىشقا ئۇرۇندى.

طَلَبَ إِلَيْهِ: ئۇنىڭغا ئىلتىماس قىلدى.

طَلَبَ مِنْهُ: ئۇنىڭدىن سورىدى.

طَلَبَ الْمَحَالَ: قىلالمايدىغان ئىشنى سورىدى.

طَلَبَ الزَّوَاجَ: توي تەلىپى قويدى.

«أُطْلُبِ الْعِلْمَ مِنَ الْمَهْدِ إِلَى اللَّحْدِ»: بۆشۈكتىن قەبرىگىچە ئىلىم تەلەپ قىل.

طَلَبٌ: تەلەپ قىلماق، ئىزدىمەك؛ ئىلتىماس قىلماق، سورىماق.

﴿أَوْ يُصْبِحَ مَاؤُهَا غَوْرًا فَلَنْ تَسْتَطِيعَ لَهُ طَلَبًا﴾ «قرآن»: ياكى ئۇنىڭ سۈيى سىڭىپ كېتىپ، ئۇنى ئىزدەش (يەنى، ئەسلىگە كەلتۈرۈش) سېنىڭ قولۇڭدىن كەلمەيدۇ.

«قَدِّمْ طَلَبًا لِلْحُصُولِ عَلَى وَظِيفَةٍ»: ۋەزىپىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىلتىماس قىل.

أَرْسَلَ فِي طَلَبِهِ: ئۇنى چاقىرىشقا ئادەم ئەۋەتتى.

تَحْتَ طَلَبِهِ: بۇيرۇقتا، زاكاز قىلىنغان.

لَبَّى طَلَبَهُ: تەلىپىنى قوبۇل قىلدى.

طَلَبٌ ج طَلَبَاتٌ: ئىلتىماس، يازما ئىلتىماس؛ تەلەپ، يازما تەلەپ.

طِلْبَةٌ . طَلِبَةٌ: دۇئا. تەلەپ، بىر قېتىم تەلەپ قىلىش.

طِلْبَةٌ ج طِلْبَاتٌ: تەلەپ قىلىنغان، تەلەپ، ئۈمىد.

مَا طِلْبَتُكَ: تەلىپىڭ نېمە.

طَلْبَقَ يُطَلْبِقُ طَلْبَقَةً: «ئاللاھ ئۆمرىڭىزنى ئۇزۇن قىلسۇن»، دېدى.

طَلِبِيَّةٌ: زاكاز، بۇيرۇتما، تەلەپ.

طَلَحَ يَطْلُحُ طَلَاحًا: يامانلاشتى، ناچارلاشتى، بۇزۇلدى.

طَلَحَ يَطْلَحُ طَلْحًا وَطَلَاحَةً: قاتتىق ھاردى، بەك چارچىدى.

طَلْحٌ: تىكەنلىك دەرەخ؛ بانان.

﴿فِي سِدْرٍ مَخْضُودٍ وَطَلْحٍ مَنْضُودٍ وَظِلٍّ مَمْدُودٍ﴾ ‹قرآن›: ئۇلار سىدرى دەرەخلىرىدىن، سانجاق-سانجاق بولۇپ كەتكەن مەۋز دەرەخلىرىدىن، ھەمىشە تۇرىدىغان سايىدىن...

طَلَحٌ: ھورۇنلۇق، (ئازادە) تۇرمۇش.

طَلْحِيَّةٌ ج طَلَاحِيٌّ: بىر تاختا قەغەز.

طَلَخَ يَطْلُخُ طَلْخًا الشَّيْءَ: نەرسىنى قارايتىۋەتتى.

طَلَخَ الْكِتَابَةَ: خەتنى بۇلغىۋەتتى.

طَلَخَ فُلَانًا بِالْقَذَرِ: پالانىنى بۇلغىۋەتتى.

طَلَسَ يَطْلِسُ طَلْسًا الْكِتَابَةَ: خەتنى ئۆچۈرۈۋەتتى، سۈرتۈۋەتتى.

طَلَسَ بَصَرُهُ: كور بولۇپ قالدى.

طَلَسَ الأَمْرَ: ئىشنى يوشۇردى.

طَلِسَ يَطْلَسُ طَلَسًا وَ طُلْسَةً: توپا رەڭ بولدى، كۈل رەڭ بولدى.

طَلِسَ الثَّوْبُ: كىيىم چىرىدى.

طَلْسٌ: ئۆچۈرۈۋەتمەك، سۈرتۈۋەتمەك، ئىزىنى يوقاتماق.

طِلْسٌ ج أَطْلَاسٌ وَ طُلُوسٌ: ئۆچۈرۈۋېتىلگەن خەت؛ مۇجمەل، تۇتۇق.

طَلْسَاءُ: تاۋار، ئەتلەس.

طُلْسَةٌ: كۈل رەڭ، خۇنۇك.

طَلْسَمَ يُطَلْسِمُ طَلْسَمَةً السَّاحِرُ: سېھىرگەر تىلسىم يازدى.

طِلَّسْمٌ ج طَلَاسِمُ: تىلسىم، تىلسىمات؛ تۇمار، تىل تۇمار؛ شىفىرلىق ھۆججەت، مەخپىي شىفىر.

فَكَّ طِلَاسِمَ الرُّمُوزِ: شىفىرنى تەرجىمە قىلدى، مەخپىي رەقەمنى يەشتى.

طَلْطَلَ يُطَلْطِلُ طَلْطَلَةً: ئىككى قولىنى سىلىپ ماڭدى.

طَلْطَلَ الشَّيْءَ: نەرسىنى ھەرىكەتلەندۈردى.

طُلْطُلٌ ج طَلَاطِلُ: ساقايماس كېسەل، بالايىئاپەت.

طَلَعَ يَطْلُعُ طُلُوعًا وَ مَطْلَعًا / مَطْلِعًا: ئۆرلىدى، پەيدا بولدى، كۆتۈرۈلدى؛ بەرپا بولدى، چىقتى.

طَلَعَ عَلَيْهِمْ: ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى.

طَلَعَ عَنْهُمْ: ئۇلاردىن ئايرىلدى.

﴿وَتَرَى الشَّمْسَ إِذَا طَلَعَتْ تَزَاوَرُ عَنْ كَهْفِهِمْ﴾ ‹قرآن›: كۈن چىققان چاغدا، ئۇلارنىڭ غارنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسەن.

«خَيْرُ يَوْمٍ طَلَعَتْ عَلَيْهِ الشَّمْسُ يَوْمُ الْجُمُعَةِ» ‹حديث›: كۈن چىققانلىكى كۈنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى جۈمە كۈنىدۇر.

طَلَعَ النَّبَاتُ: ئوت-چۆپ ئۈندى.

طَلَعَ الشَّخْصُ الْجَبَلَ: تاغقا چىقتى، تاغقا ياماشتى.

طَلَعَ عَلَى الْأَمْرِ: بىلدى، خەۋەردار بولدى.

طَلِعَ يَطْلَعُ طُلُوعًا الْجَبَلَ: تاغقا چىقتى، تاغقا ئۆرلىدى.

طَلَعَ مِنَ الْبِلَادِ: باشقا دۆلەتكە چىقتى.

طَلِعَ مِنْهُ عَلَى الْأَمْرِ: بىلدى، ئۇقتى، چۈشەندى.

طَلْعٌ: ئېگىز جاي، ئېگىزلىك؛ مىقدار؛ خورمىنىڭ غورىسى.

﴿وَالنَّخْلَ بَاسِقَاتٍ لَهَا طَلْعٌ نَضِيدٌ﴾ ‹قرآن›: مېۋىلىرى سانجاق-سانجاق بولۇپ كەتكەن خورمىلارنى ئۆستۈردۇق.

www.uyghurkitap.com

طَلْعَةٌ ج طَلَعَاتٌ: مەنزىرە، سىرتقى كۆرۈنۈش، سىرتقى قىياپەت؛ يۈز، چىھرە.

طَلْعَةُ الْبَدْرِ: تولۇن ئاينىڭ يۈزى.

بَهِيّ الطَّلْعَةِ: چىرايلىق.

مَهِيْبُ الطَّلْعَةِ: سالاپەتلىك، سۈرلۈك.

«قَامَ هَذَا الطَّيَّارُ بِمِائَتَيْ طَلْعَةٍ هَذَا الْعَامَ»: بۇ ئايروپىلان بۇ يىل 200 قېتىم ئۇچتى.

طُلَعَةٌ: سەزگۈر؛ بىلىم ئىزدىگۈچى.

طَلَقَ يَطْلُقُ طَلاَقًا: ئاجراپ كەتتى، بوشىنىپ كەتتى.

طَلَقَتِ الْمَرْأَةُ مِنْ زَوْجِهَا: ئايال ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتتى.

طَلَقَ يَطْلُقُ طُلُوقًا: ئازاد بولدى، بوشاندى، قۇتۇلدى.

طَلُقَ يَطْلُقُ طَلاَقَةً الرَّجُلُ: كىشى ئوچۇق چىراي بولدى، خۇش چىراي بولدى.

طَلُقَ لِسَانُهُ: تىلى راۋان بولدى.

طَلُقَتْ يَدُهُ: قولى ئوچۇق بولدى.

طَلُقَ وَجْهُهُ: چىرايى ئېچىلىپ كەتتى.

طُلِقَتِ الْحُبْلَى: ھامىلدار ئايالنى تولغاق تۇتتى.

طَلْقٌ م طَلْقَةٌ ج أَطْلاَقٌ: تولغاق، تۇغۇت تولغىقى؛

«جَاءَهَا الطَّلْقُ بَعْدَ مُنْتَصِفِ اللَّيْلِ»: ئايالنى يېرىم كېچىدىن كېيىن تولغاق تۇتتى.

طَلْقٌ . طَلِقٌ ج طِلاَقٌ: ئەركىن، ھۆر-ئازاد.

طَلِقُ اللِّسَانِ: پاساھەتلىك، تىلى راۋان.

الْهَوَاءُ الطَّلِقُ: ساپ ھاۋا.

طَلِقُ الْيَدَيْنِ: سېخى، مەرد، قولى ئوچۇق.

نُزْهَةٌ فِي الْهَوَاءِ الطَّلِقِ: ساپ ھاۋادا سەيلە قىلماق.

خَطِيْبٌ طَلِقُ اللِّسَانِ: تىلى راۋان ناتىق.

طَلْقٌ / طِلْقٌ: كۆك سېغىز، ئەركىن، ھۆر، ئازاد.

طَلْقٌ ج طَلَقَاتٌ: ئوق.

طَلْقٌ نَارِيٌّ: ئوق، زەمبىرەك ئوقى.

طَلْقَةٌ ج طَلَقَاتٌ: بىر قېتىم توپقا تۇتماق، بىر قېتىم ئاتماق؛ بىر قېتىم زەربە بەرمەك؛ بىر قېتىم تالاق قىلىش؛ بىر قېتىم تولغاق تۇتۇش.

سَرِيْعُ الطَّلَقَاتِ: شىددەت بىلەن ئېتىش.

طَلَقَاتُ السَّلاَمِ: ھۆرمەت توپى.

«إِنْطَلَقَتْ مِنْ بُنْدُقِيَّتِهِ ثَلاَثُ طَلَقَاتٍ»: مىلتىقتىن ئۈچ پاي ئوق ئېتىلدى.

«وَضَعَتْ طِفْلَهَا بَعْدَ طَلَقَاتٍ مُؤْلِمَةٍ طَوِيْلَةٍ»: ئايال ئۇزۇن، ئېغىر تولغاقتىن كېيىن تۇغدى.

طَلْقِيٌّ: كۆك سېغىزدەك، كۆك سېغىزغا ئوخشاش.

طَلَّ يَطِلُّ طَلًّا وَطُلُولاً الْقَتِيْلُ: ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ خۇنى قىساس ئېلىنماي بىكارغا كەتتى.

طَلَّ يَطَلُّ طَلاَلَةً الشَّيْءُ: گۈزەل بولدى، كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈردى.

طَلَّ يَطُلُّ طَلًّا دَمُ الْغَرِيْمِ: ئۆلگۈچىنىڭ خۇنى بىكارغا كەتتى.

طَلَّهُ بِالدُّهْنِ: مايلىدى، سىرلىدى.

طَلَّتِ السَّمَاءُ الأَرْضَ: شەبنەم چۈشتى، سىم-سىم يامغۇر ياغدى.

طَلٌّ ج طِلاَلٌ وَ طِلَلٌ: شەبنەم، ئۈتكۈنچى يامغۇر.

﴿فَإِنْ لَمْ يُصِبْهَا وَابِلٌ فَطَلٌّ﴾ «قرآن»: قاتتىق يامغۇردىن بەھرىمەن بولمىسا شەبنەم بىلەنمۇ قانىدىغان بىر باغقا ئوخشايدۇ.

طَلٌّ: تۆگە سۈتى؛ قان.

طِلٌّ: چوڭ زەھەرلىك يىلان؛ يالغان، ساختا.

طَلٌّ ج طُلُولٌ: ياشانغان ئادەم.

طَلَلٌ ج أَطْلاَلٌ وَ طُلُولٌ: قالدۇق ئىز، خارابە، كونا ئىز، ئەسەر؛ پالۋبا.

«إِشْتَهَرَ شُعَرَاءُ الْعَرَبِ الْقُدَمَاءِ بِذِكْرِ الأَطْلاَلِ فِي أَشْعَارِهِمْ»: قەدىمكى ئەرەب شائىرلىرى شېئىرلىرىدا خارابە ئىزلارنى تىلغا ئېلىش

بىلەن داك چىقاردى.

**طَلَّاءٌ:** سىرچى، ھەل بەرگۈچى.

**طَلَّاعٌ:** تىكتىنكچى، خەۋەر ئاڭلاشقا خۇشتار ئادەم.

**طَلَّاعُ الثَّنَايَا وَالأَنْجِدِ:** زېرەك، قابىلىيەتلىك، ئىقتىدارلىق.

**طَلَّةٌ:** ئازادە تۇرمۇش؛ خۇشبۇي، خۇش پۇراق؛ شاراب، مەي؛ سالقىن گۈللۈك باغچە؛ ئايال، رەپىقە.

**طُلَّةٌ ج طُلَلٌ:** سۇيۇلدۇرۇلغان سۈت؛ سۇيۇلدۇرغۇچى، بويۇن.

**طَلَّسَ يُطَلِّسُ تَطْلِيْسًا الْكِتَابَةَ:** خەتنى ئۆچۈردى، قىرىۋەتتى.

**طَلَّعَ يُطَلِّعُ تَطْلِيْعًا الْمِكْيَالَ:** ئۆلچەمنى تولۇقلىدى.

**طَلَّعَ النَّخْلُ:** خورما مېۋە بەردى، مېۋىسى كۆرۈندى.

**طَلَّعَهُ:** چىقاردى، چاچتى، تارقاتتى، ئۆرلەتتى، كۆتۈردى.

**طَلَّقَ يُطَلِّقُ تَطْلِيْقًا الرَّجُلُ زَوْجَتَهُ:** كىشى ئايالىنى قويۇۋەتتى.

**طَلَّقَ قَوْمَهُ:** قوۋمدىن ئايرىلدى.

**طَلَّقَ الْمَدْرَسَةَ:** ئوقۇشتىن ئايرىلدى، توختاپ قالدى، چېكىندى.

**طَلَّقَهَا ثَلَاثًا:** ئايالىنى ئۈچ تالاق قىلدى.

**طَلَّقَ عَقْلَهُ:** ئەقلىدىن ئازدى، ئەقلىنى يوقاتتى.

**﴿وَإِذَا طَلَّقْتُمُ النِّسَاءَ فَبَلَغْنَ أَجَلَهُنَّ وَلَا تَعْضُلُوهُنَّ﴾** «قرآن»: ئەگەر سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشقان بولسا، ئۇلارنى نىكاھلىنىشتىن توسماڭلار.

**طَلَّمَ يُطَلِّمُ تَطْلِيْمًا الْخُبْزَةَ:** ناننى ئاچتى، يايدى.

**طَلَمَ يَطْلُمُ طَلْمًا الْخُبْزَةَ:** ناننى ئاچتى، يايدى.

**طُلْمٌ:** نوغۇچ.

**طُلْمُبَةٌ ج طُلْمُبَاتٌ:** سۇ پومپىسى، سۇ تارتىش ناسوسى.

**طُلْمَةٌ ج طُلَمٌ:** كىچىك يومىلاق بوتۇلكا.

**طَلْمَسَ يُطَلْمِسُ طَلْمَسَةً:** قوشۇمىسىنى تۈردى.

**طِلْمِسَاءُ:** زۇلمەت، قاتتىق قاراڭغۇلۇق، ماياك، يول بەلگىسى يوق يەر؛ شالاڭ بۇلۇت.

**طُلُوعٌ:** ئاشكارا بولماق، كۆرۈنمەك؛ ئۆرلىمەك، كۆتۈرۈلمەك.

**مِنْ طُلُوعِ الشَّمْسِ إِلَى غُرُوبِهَا:** كۈن چىققاندىن تارتىپ، كۈن ئولتۇرغۇچە، ئەتىگەندىن كەچكىچە.

**﴿وَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ قَبْلَ طُلُوعِ الشَّمْسِ﴾** «قرآن»: كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن (يەنى ناماز ئوقۇغىن).

**طَلَى يَطْلِي طَلْيًا الشَّيْءَ:** نەرسىنى مايلىدى، سىرلىدى.

**طَلَى بِالذَّهَبِ:** ئالتۇن يالاتتى.

**طَلَى بِالْقَصْدِيْرِ:** قەلەي قاپلىدى.

**طَلَى بِالْمِيْنَاءِ:** دورا سۈرتتى.

**طَلَى الْحَائِطَ بِطَلَاءٍ أَبْيَضَ:** تامنى ئاق سىردا سىرلىدى.

**طَلِيَ يَطْلَى طَلًى اللِّسَانُ:** تىلى ئېغىر بولدى، كېكەچ بولدى.

**طَلِيَ الأَسْنَانُ:** چىشى سارغىيىپ كەتتى.

**طَلِيَ الْبَقْلُ:** ئوت-چۆپ ئۈندى.

**طُلْيَانِيٌّ ج طُلْيَانٌ:** ئىتالىيىلىك.

**طُلْيَةٌ ج طُلًى:** بويۇن.

**طَلِيْحَةٌ:** بولانغان، بولاق.

**طَلِيْحَةُ وَرَقٍ:** بىر بولاق قەغەز.

**طَلِيْعَةٌ ج طَلَائِعُ:** ئاۋانگارت ئەترەت، رازۋېدكىچى ئەترەت؛ پوست، قاراۋۇل.

**«الْحِزْبُ الدِّمُوقْرَاطِيُّ هُوَ طَلِيْعَةُ طَبَقَةِ الْعُمَّالِ»:** دېموكراتلار پارتىيىسى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى urkitap.com

ئاۋانگارت ئەترىتىدۇر.

فِي الطَّلِيْعَةِ: ئالدىنقى قاتاردا.

كَانَ فِي طَلِيْعَةِ الشُّعَرَاءِ الْمُجَدِّدِيْنَ: ئۇ ئىسلاھاتچى شائىرلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇراتتى.

طَلِيْعِيٌّ: ئالدىنقى قىسىم، ئالدىنقى قاتاردىكى.

طَلِيْقٌ ج طُلَقَاءُ: ھۆر، ئازاد، بەخىرامان، خۇشال، شاد.

«لاَ تَحْقِرَنَّ مِنَ الْمَعْرُوفِ شَيْئًا وَلَوْ أَنْ تَلْقَى أَخَاكَ بِوَجْهٍ طَلِيْقٍ» ‹حديث›: ھەرقانداق بىر ياخشى ئىشنى كىچىك سانىمىغىن، ھەتتاكى قېرىندىشىڭغا ئوچۇق چىراي بىلەن مۇلاقات بولۇشۇڭمۇ ياخشى ئەمەل قاتارىغا كىرىدۇ.

طَلِيْقُ السَّرَاحِ: ئەركىن-ئازاد.

طَلِيْقٌ مِنْ كُلِّ قَيْدٍ: ھەممە چەكلىمىدىن ئازاد.

«إِذْهَبُوا فَأَنْتُمُ الطُّلَقَاءُ» ‹حديث›: كېتىڭلار، ھەممىڭلار ئازاد.

طَلِيْقَةٌ ج طَلِيْقَاتٌ: نىكاھتىن ئاجراشقان ئايال، قويۇۋېتىلگەن ئايال.

طَلِيٌّ: بويالغان، سىرلانغان، مايلىق.

طَمَا يَطْمُو طَمُوًّا الْمَاءُ: سۇ تېشىپ كەتتى، يامراپ كەتتى.

طَمَا النَّبَاتُ: زىرائەت ئۆستى، يېتىشتى.

طَمَارٌ: ئېگىزلىك، ئېگىز يەر.

طِمَاسٌ: ئىزلىرى ئۆچكەن خارابىلەر.

طَمَاطِمُ: شوخلا، پەمىدۇر.

طَمَاعَةٌ: تەمەخور، ئاچ كۆز، نەپسانىيەتچى.

طَمَاعِيَةٌ: تەمەخورلۇق، ئاچ كۆزلۇك، نەپسانىيەتچىلىك.

طِمَاقٌ ج طُمَاقَاتٌ: قونچ، پاچاققا كىيىۋالىدىغان نەرسە.

طَمَانٌ: خاتىرجەملىك، ئاراملىق، بىخەتەرلىك.

طَمْأَنَ يُطَمْئِنُ طَمْأَنَةً: خاتىرجەم قىلدى، تىنچلاندۇردى؛ كۆڭلىنى ياسىدى، تەسەللى بەردى.

طَمْأَنَ ظَهْرَهُ: پەسكويغا چۈشۈردى.

«طَمْأَنَهُ مُدِيْرُهُ بِأَنَّهُ لَنْ يُفْقِدَ وَظِيْفَتَهُ»: مۇدىرى ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ قالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، خاتىرجەم قىلدى.

طُمَأْنِيْنَةٌ: خاتىرجەملىك، ئاراملىق؛ بىخەتەرلىك، خەۋپسىزلىك؛ تىنچلىق؛ ئىشەنچ، تايانچ، ئېتىقاد، ئىناۋەت.

عَادَتِ الطُّمَأْنِيْنَةُ إِلَى نَفْسِهِ: خاتىرجەم بولدى.

طَمِثَ يَطْمَثُ وَ طَمَثَ يَطْمُثُ طَمْثًا الْمَرْأَةُ: ئايال ھەيز كۆردى، ھەيزدار بولدى، ئاي كۆردى.

طَمِثَ الْمَرْأَةَ: ئايال بىلەن جىما قىلدى.

﴿لَمْ يَطْمِثْهُنَّ إِنْسٌ قَبْلَهُمْ وَلاَ جَانٌّ﴾ ‹قرآن›: ئەرلىرىدىن بۇرۇن ئۇلار بىلەن ھېچ ئىنسان ۋە جىن يېقىنچىلىق قىلمىغان...

طَمْثٌ: ناپاكلىق، ھەيز قېنى.

طَمَحَ يَطْمَحُ طَمْحًا وَطَمَاحًا وَطُمُوحًا بِهِ: ئېلىپ كەتتى.

طَمَحَ بِبَصَرِهِ إِلَيْهِ: تىكىلىپ قارىدى.

طَمَحَ بَصَرُهُ إِلَيْهِ: ئىنتىزار بولدى، تەلپۈندى، ئۈمىد بىلەن قارىدى.

«كَانَ يَطْمَحُ إِلَى أَنْ يُصْبِحَ وَزِيْرًا»: ۋەزىر بولۇشقا تەلپۈندى.

طَمَحَاتُ الدَّهْرِ: زاماننىڭ بالايىئاپەتلىرى.

طَمَرَ يَطْمِرُ طَمْرًا: كۆمدى، ياپتى.

طَمَرَ النَّارَ: ئوتنى كۈل بىلەن كۆمۈپ قويدى.

طَمَرَ الزِّلْزَالُ مَنَازِلَ عَدِيْدَةً: يەر تەۋرەش بىرقانچە ئۆيلەرنى كۆمۈپ تاشلىدى.

طَمَرَ يَطْمِرُ طَمْرًا وَ طُمُورًا وَ طِمَارًا: سەكرىدى، تاقلىدى.

طَمِرَ يَطْمَرُ طَمَرًا الْجُرْحُ: جاراھەت ئىششىپ قالدى.

طِمْرٌ ج أَطْمَارٌ: كونا كىيىم، يىرتىق كىيىم؛ ھېچنېمىسى يوق ئادەم.

طَمَسَ يَطْمِسُ طَمْسًا الشَّيْءَ: سۇرتىۋەتتى، ئۆچۈرۈۋەتتى، ئېرتىۋەتتى، قىرىۋەتتى؛ ياپتى، يوشۇردى.

طَمَسَهُ: باستۇردى؛ يوقاتتى، ھالاك قىلدى.

﴿رَبَّنَا اطْمِسْ عَلَى أَمْوَالِهِمْ﴾ ‹قرآن›: پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى يوق قىلغىن.

طَمَسَتِ الرِّمَالُ آثَارَهُ: قۇم ئۇنىڭ ئىزلىرىنى كۆمۈپ تاشلىدى.

﴿فَإِذَا النُّجُومُ طُمِسَتْ﴾ ‹قرآن›: يۇلتۇزلارنىڭ (نۇرى) ئۆچۈرۈلگەن.

طَمَسَ يَطْمُسُ / يَطْمِسُ طَمْسًا وَ طُمُوسًا الشَّيْءُ: شەكلى ئۆزگىرىپ كەتتى.

طَمَسَ بَصَرُهُ: كۆز نۇرى قاچتى، قارىغۇ بولۇپ قالدى.

﴿وَلَقَدْ رَاوَدُوهُ عَنْ ضَيْفِهِ فَطَمَسْنَا أَعْيُنَهُمْ﴾ ‹قرآن›: ئۇلار لۇتتىن مېھمانلىرىنى (يەنى، ئادەمزات شەكلىدە كەلگەن پەرىشتىلەرنى) (ئۇلار بىلەن لىۋاتە قىلىش ئۈچۈن) قوغدىماسلىقنى سورىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلىۋەتتۇق.

طَمَسَ الرَّجُلُ: يىراقلاشتى.

طَمَسَ الشَّيْءَ: تۈپ يىلتىزىدىن قومۇردى، يوقاتتى.

طَمَسَ يَطْمِسُ طَمَاسَةً الشَّيْءَ: مۆلچەرلىدى، تەخمىنلىدى، پەرەز قىلدى.

طَمْسٌ: سۇرتىۋەتمەك، ئۆچۈرۈۋەتمەك، ئېرتىۋەتمەك، يوقىتىۋەتمەك.

طَمْطَامٌ: دېڭىز يۈزى، دېڭىز ئوستى، كەڭ دائىرىلىك ئوت.

طُمْطُمَانِيٌّ / طِمْطِمَانِيٌّ: چەت ئەل تىلى ئاھاڭىدا سۆزلەيدىغان ئادەم.

طُمْطمانِيَّةٌ: تەلەپپۇزىدا چاتاق بار ئادەم.

طَمْطَمَ يُطَمْطِمُ طَمْطَمَةً: چۈشىنىكسىز سۆزلىدى.

طَمْطَمَ الْبَحْرُ: دېڭىز تاشتى.

طِمْطِمٌ ، طِمْطِمِيٌّ: چەت تىلى ئاھاڭىدا سۆزلەيدىغان ئادەم.

طَمِعَ يَطْمَعُ طَمْعًا وَ طَمَاعًا وَ طَمَاعِيَةً فِيهِ: تەمە قىلدى، ئاچ كۆزلۈك قىلدى.

﴿أَيَطْمَعُ كُلُّ امْرِءٍ مِنْهُمْ أَنْ يُدْخَلَ جَنَّةَ نَعِيمٍ﴾ ‹قرآن›: ئۇلاردىن ھەربىر ئادەم نازۇنېمەتلىك جەننەتكە كىرگۈزۈلۈشىنى تەمە قىلامدۇ؟

طَمُعَ يَطْمُعُ طَمَاعَةً: تەمەگەرلىك قىلدى، نەپسانىيەتچىلىك قىلدى.

طَمَعٌ ج أَطْمَاعٌ: ئاچ كۆزلۈك، نەپسانىيەتچىلىك.

ذُو أَطْمَاعٍ: قارا نىيەت، تەمەگەر.

﴿يَدْعُونَ رَبَّهُمْ خَوْفًا وَطَمَعًا﴾ ‹قرآن›: ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ (ئازابىدىن) قورقۇپ، (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ.

«لِبَعْضِ الدُّوَلِ أَطْمَاعٌ فِي ثَرْوَةِ بِلَادِنَا»: بەزى دۆلەتلەر يۇرتىمىزنىڭ بايلىقىغا كۆز تىكمەكتە.

طَمِعٌ ج طَمِعُونَ وَ طُمَعَاءُ وَ أَطْمَاعٌ وَ طُمَاعى: تەمەخور، ئاچ كۆز، نەپسانىيەتچى.

طَمَلَ يَطْمُلُ طَمْلًا الْخَبَّازُ الْخُبْزَ: ناۋاي ناننى ئاچتى.

طَمَلَ الثَّوْبَ: كىيىمنى قىنىق بويىدى.

طَمَلَ الشَّيْءَ: بۇلغىدى.

طَمَلَ الْجِمَالَ: تۆگىلەرنى قوپاللىق بىلەن ھەيدىدى.

طَمَلَ الْحَصِيرَ: بورىنى يوللۇق توقۇدى.

طَمَلَ يَطْمُلُ طَمْلًا وَ طُمُولًا الثَّوْبَ: رەختنى قىنىق

www.uyghurkitap.com

بويىدى.

طَمَلَ الْجَمَلُ: تۆگە قاتتىق ماڭدى.

طَمِلَ يَطْمَلُ طَمَلًا بِالشَّيْءِ: بۇلغاندى.

طَمْلٌ ج طُمُولٌ: خېمىر.

طِمْلٌ ج طُمُولٌ وَ أَطْمَالٌ: ئەسكى كىيىم؛ بۇيالغان؛ ئوغرى؛ جەللىگور، ھاڭۋاقتى؛ دۇغ سۇ.

طِمْلَةٌ: ئاجىز ئايال.

طَمَّ يَطِمُّ طُمُومًا الْمَاءُ: سۇ زىيادىلەپ كەتتى، تېشىپ كەتتى.

طَمَّ الْحُفْرَةَ بِالتُّرَابِ: ئورەكنى توپا بىلەن تىندۇردى.

طَمَّتِ الرِّمَالُ الطَّرِيقَ: يولنى قۇم بېسىۋالدى.

طَمَّ يَطِمُّ طَمًّا الْإِنَاءَ: قاچىنى توشقۇزدى.

طَمَّ الشَّعْرَ: چاچنى ياساتتى، ئالدۇردى.

طَمَّ يَطِمُّ طَمِيمًا الْفَرَسَ: ئات يورغىلىدى.

طِمٌّ: دېڭىز، جىق سۇ، كۆپ سان.

جَاءَ بِالطِّمِّ وَالرِّمِّ: ئۇ نۇرغۇنلىغان مال-دۇنيا ئەكەلدى.

طَمَّاحٌ: ئىرادىلىك، ئۈمىدۋار؛ ئاچ كۆز، تەمەخور.

طَمَّاعٌ ج طَمَّاعُونَ: تەمەخور، ئاچ كۆز، نەپسانىيەتچى.

كَانَ طَمَّاعًا فَذَهَبَ ضَحِيَّةَ طَمَعِهِ: ئۇ ئاچ كۆز بولۇپ، تەمەخورلۇقىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى.

طَمَّحَ يُطَمِّحُ تَطْمِيحًا بِالشَّيْءِ فِي الْهَوَاءِ: نەرسىنى بوشلۇققا ئاتتى.

طَمَّحَ الْفَرَسُ: ئات ئالدىنقى ئىككى پۇتىنى كۆتۈردى.

طَمَّرَ يُطَمِّرُ تَطْمِيرًا الشَّيْءَ: كۆمدى، ياپتى.

طَمَّرَ النَّارَ: ئوتنى كۈل بىلەن كۆمۈپ قويدى.

طَمَّسَ يُطَمِّسُ تَطْمِيسًا: يوقىتىۋەتتى، ۋەيران قىلىۋەتتى.

طَمَّعَ يُطَمِّعُ تَطْمِيعًا ـــ هُ: تەمەگەر قىلىۋەتتى، قىزىقتۇردى.

طَمَّمَ يُطَمِّمُ تَطْمِيمًا الطَّائِرُ الشَّجَرَةَ: قۇش دەرەخكە قوندى.

طَمُوحٌ: ئىرادىلىك، ئۈمىدۋار؛ ئاچ كۆز، تەمەخور.

طَمَى يَطْمِي طَمْيًا الْمَاءُ: سۇ تېشىپ كەتتى، ياماراپ كەتتى.

طَمْيٌ: لاتقا.

«أَرْضُنَا خَصْبَةٌ لِكَثْرَةِ مَا يُلْقِي فِيهَا النَّهْرُ مِنْ طَمْيِهِ»: ئۆستەڭدىن قۇيۇلۇۋاتقان لاتقىلار كۆپ بولغاچقا يەرلىرىمىز مۇنبەتلىشىپ كەتتى.

طَمِيلٌ ج طُمَلٌ وَ طُمَلَانٌ: بورا؛ لاي سۇيى؛ ئوغلاق.

طَمِيسٌ ج طُمَسَاءُ: قارىغۇ، كور؛ ئۆچۈرۈلگەن.

خُبْزٌ طَمِيلٌ: ئېچىلغان نان.

سَهْمٌ طَمِيلٌ: قانغا بويالغان يا.

طَمِيلٌ ج طُمَلَاءُ مِنَ النَّاسِ: ئىككى قولى قانغا بويالغان ئەسكى ئادەم، سالاھىيىتى ئېنىقسىز ئادەم.

طَنَأَ يَطْنَأُ وَ طُنُوءًا: خىجىل بولدى، ئۇيالدى؛ ئەخلاقسىزلىق قىلدى.

طِنْءٌ ج أَطْنَاءٌ: شەك، گۇمان، تۆھمەت، ئەخلاقسىزلىق، كۆلدىكى قالدۇق سۇ، ئاخىرقى نەپەس، قاپقان، پالاس؛ باغچە، يايلاق، ئىرادە.

طُنُبٌ ج أَطْنَابٌ وَ طِنَبَةٌ: چېدىر باغلايدىغان ئارغامچا؛ پەي، سىڭىر.

طِنْبَارٌ: تەمبۇر.

طَنْبَرٌ ج طَنَابِرُ: ھارۋا، خادىك.

طَنْبَلٌ ج طَنَابِلُ: دۆت، ئەخمەق، گالۋاڭ.

طُنْبُورٌ وَ طُنْبُورَةٌ ج طَنَابِيرُ: تەمبۇر.

زَادَ الطِّينَ بَلَّةً وَالطُّنْبُورَ نَغْمَةً: ئوتقۇيرۇقلۇق قىلدى، ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپتى.

طَنْجٌ ج طُنُوجٌ: تۈر؛ سەنئەت؛ تېخنىك؛ دەپتەر.

طَنْجَرَةٌ ج طَنَاجِرُ: مىس قازان، كورا قازان.
طِنْجِيرٌ ج طَنَاجِيرُ: كورا؛ قورۇقۇنچاق؛ پەسكەش.
طَنِخَ يَطْنَخُ طَنَخًا: يۈرىكىنى ماي قاپلاپ كەتتى.
طَنَخَتْ نَفْسُهُ: ئەسكىرەپ كەتتى.
طِنْخٌ: بىر قىسىم.
مَرَّ طَنْخٌ مِنَ اللَّيْلِ: كېچىدىن بىر بۆلەك ئۆتتى.
طَنِخٌ: سېمىز.
طَنَزَ يَطْنُزُ طَنْزًا فُلَانًا: پالانىنى مەسخىرە قىلدى.
طَنْطَنَ يُطَنْطِنُ طَنْطَنَةً: شاراقلىدى، داراڭشىدى، غوڭۇلدىدى.
طَنْطَنَةُ الأَجْرَاسِ: قوڭغۇراقلارنىڭ ئاۋازى، قوڭغۇراقنىڭ جاراڭلىشى.
طَنِفَ يَطْنَفُ طَنَفًا وَ طَنَافَةً وَ طُنُوفَةً: چىرىكلەشتى، دىلى قارىيىپ كەتتى، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ كەتتى.
طَنَفٌ ج طُنُوفٌ وَ أَطْنَافٌ: چوققا؛ ئۆگزە؛ لەمپە.
طَنْفَسَ يُطَنْفِسُ طَنْفَسَةً: چۈشكۈنلەشتى؛ قاتمۇقات كىيىم كىيدى.
طَنْفَسَتِ السَّمَاءُ: ئاسماننى بۇلۇت قاپلىۋالدى.
طَنْفَسَةٌ / طِنْفَسَةٌ ج طَنَافِسُ: گىلەم، ئەديىال، كىگىز، بىسات.
طِنْفِسٌ ج طَنَافِسُ: ئەخلاقى بۇزۇق.
طَنَّ يَطِنُّ طَنًّا وَ طَنِينًا الْجَرَسُ: قوڭغۇراق جىرىڭلىدى.
طَنَّتِ الأُذُنُ: قۇلاق غوڭۇلدىدى.
طَنٌّ ج أَطْنَانٌ: تاتلىق چىلان.
طُنٌّ ج أَطْنَانٌ وَطِنَانٌ: بەدەن، تەن، گەۋدە؛ بىر تۇتام، بىر باغلام، بىر دەستە؛ بوي، قامەت.
طُنٌّ ج أَطْنَانٌ: توننا (ئېغىرلىق ئۆلچەم).
طَنَّانٌ: جاراڭلىق ئاۋاز؛ مەشھۇر، ئاتاقلىق، داڭلىق.
مَقَالَةٌ طَنَّانَةٌ: مەشھۇر ماقالە، نادىر ئەسەر.

قَصِيدَةٌ طَنَّانَةٌ: داڭلىق قەسىدە.
أَسْمَعَهُ كَلِمَاتٍ طَنَّانَةً: ئۇنىڭغا شېرىن سۆزلەرنى قىلىپ بەردى.
طَنَّبَ يُطَنِّبُ تَطْنِيبًا الْخَيْمَةَ: چېدىر تىكتى، چېدىرنىڭ تانىلىرىنى باغلىدى.
طَنَّبَ بِالْمَكَانِ: ماكانلاشتى، مەلۇم جايدا تۇرۇپ قالدى.
طَنَّفَ يُطَنِّفُ تَطْنِيفًا فُلَانٌ لِلأَمْرِ: سادىر قىلماق، قول ئۇرماق، قىلماق.
طَنَّفَ الْجِدَارَ: تام چېتىلدى.
طَنَّفَ فُلَانًا بِكَذَا: تۆھمەت قىلدى، ئەرز قىلدى، شىكايەت قىلدى.
طَنَّنَ يُطَنِّنُ تَطْنِينًا الْجَرَسُ: قوڭغۇراق قاتتىق جىرىڭلىدى.
طَنَّنَ الذُّبَابُ: چىۋىن غوڭۇلدىدى.
طَنَّى يُطَنِّي طَنًّى فُلَانًا: كېسىلىنى داۋالىدى.
طَنِّيٌّ: گورۇي، قامەتلىك، گەۋدىلىك.
طِنْوٌ ج أَطْنَاءٌ: گىلەم، بىسات.
طُنُوٌّ: بۇزۇقچىلىق، ئەخلاقسىزلىق.
طَنِيَ يَطْنَى طَنًى: كېسەل بولۇپ قالدى؛ ئورۇقلاپ كەتتى.
طَنًى: كېسەل.
طِنْيٌ: بۇزۇقچىلىق، ئەخلاقسىزلىق.
طَنِينٌ: جاراڭلىغان ئاۋاز؛ غوڭۇلدىغان ئاۋاز.
طَهَا يَطْهُو طَهْوًا وَ طُهُوًّا اللَّحْمَ: گۆشنى پىشۇردى، قورۇدى.
طَهَا الأَمْرَ: ئىشنى پۇختا ئىشلىدى.
طَهَارَةٌ: پاكلىق، پاكىزلىك؛ ئىپپەتلىك.
طَهَارَةُ الذَّيْلِ: گۇناھسىز، ئەيىبسىز، توغرىلىق.
طَهَارَةُ الْعَوَاطِفِ: ھېسسىياتنىڭ پاكلىقى.
بَيْتُ الطَّهَارَةِ: خالاجاي، ھاجەتخانا.
طَهَارَةُ النَّفْسِ: مەنىۋى پاكلىق، روھىي پاكلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

طَهَارَةُ الْقَلْبِ: دىلنىڭ پاكلىقى.

طِهَارَةٌ: باللارنى خەتنە قىلىش كەسپى.

طُهَارَةٌ: خەتنە قىلىنغان باللارنىڭ كېسىپ تاشلانغان ئۇچى.

طَهَافٌ: ئېگىز بۇلۇت.

طُهَافَةٌ ج طَهَائِفُ: سىكىلەك چاچ.

طَهَايَةٌ: پىشۇرماق.

طِهَايَةٌ: ئاشپەزلىك كەسپى.

طَهَرَ وَ طَهُرَ يَطْهُرُ طَهَارَةً وَ طُهْرًا وَ طُهُورًا: پاك بولدى، تازىلاندى.

طَهَرَ يَطْهُرُ طَهْرًا الشَّيْءَ: پاكىزلىدى، تازىلىدى.

طُهْرٌ ج أَطْهَارٌ: پاكلىق، پاكىزلىك؛ ئېپپەتلىك.

طَهِرٌ ج طَهِرُونَ: پاك، پاكىز.

طُهْرَةٌ: پاكىز، تازا، يۇيۇنۇش.

طَهَسَ يَطْهَسُ طَهْسًا فِي الْأَرْضِ: چوڭقۇرلاپ كىردى.

طَهَشَ يَطْهَشُ طَهْشًا: بۇزدى، بۇزغۇنچىلىق قىلدى، ۋەيران قىلدى، قالايمىقانلاشتۇردى.

طَهُفَ يَطْهُفُ طَهَافَةً الشَّيْءُ: ئاجىزلاپ بوشاپ كەتتى.

طَهْفٌ: سامان.

الطِهْفَةُ ج طِهَفٌ: بىر پارچە، بىر بۆلۈك.

زُبْدَةٌ طَهْفَةٌ: يېڭى قايماق، يېڭى سېرىقماي.

طَهَقَ يَطْهَقُ طَهْقًا الرَّجُلُ: كىشى ئالدىراپ ماڭدى، تېز ماڭدى.

طَهَقَ مِنْهُ: ئۇنىڭدىن زېرىكتى، بىزار بولدى.

طَهَلَ وَ طَهِلَ يَطْهَلُ طَهْلاً وَ طَهَلًا الْمَاءُ: سۇ بۇزۇلۇپ قالدى.

طُهْلَةٌ: قالدۇق نەرسە.

طَهْمٌ: كىشىلەر، ئىنسانلار.

طُهْمَةٌ: زېغىررەڭ، جىگەررەڭ، قارامتۇل.

طَهْمَلٌ ج طَهَامِلُ: كېلەڭسىز.

طَهْمَلِيٌّ: قارا؛ پاكىنەك.

طَهَّرَ يُطَهِّرُ تَطْهِيرًا الشَّيْءَ: پاكىزلىدى، تازىلىدى.

طَهَّرَهُ: دېزىنفېكسىيە قىلدى، مىكروبسىزلاندۇردى.

﴿وَثِيَابَكَ فَطَهِّرْ﴾ «قرآن»: كىيىمىڭنى پاك تۇت.

طَهَّرَ مَجَارِيَ الْمَاءِ: سۇ يوللىرىنى ئادالىدى.

«طَهَّرَ ابْنَهُ بَعْدَ أُسْبُوعٍ مِنْ وِلَادَتِهِ»: ئۇنىڭ ئوغلى تۇغۇلۇپ، بىر ھەپتىدىن كېيىن خەتنىسى قىلىندى.

طَهَّمَ يُطَهِّمُ تَطْهِيمًا: توم بولدى، زور بولدى.

طَهَّمَ مِنْهُ: يىرگەندى، زېرىكىپ كەتتى.

طَهْوٌ: پىشۇرماق.

طَهُورٌ: سۈزۈك سۇ، پاكىز سۇ، شاراب.

﴿وَأَنْزَلْنَا مِنَ السَّمَاءِ مَاءً طَهُورًا﴾ «قرآن»: بۇلۇتتىن پاك سۇنى چۈشۈرۈپ بەردۇق.

طُهُورَةٌ: خەتنە قىلماق.

طَهُورِيَّةٌ: ناھايىتى پاكىز.

طَهَى يَطْهَى طَهْيًا اللَّحْمَ: گۆشنى پىشۇردى، قورۇدى.

طَهْيٌ: پىششىق تاماق.

فَنُّ الطَّهْيِ: ئاشپەزلىك تېخنىكىسى.

طَهِيرٌ ج طَهَارَى: غۇسلى قىلغۇچى، يۇيۇنغۇچى.

رَجُلٌ طَهِيرُ الْخُلُقِ: پاك ئادەم، ئەخلاقلىق ئادەم.

طَهِيرٌ ج طُهُرٌ مِنَ الثِّيَابِ: يۇيۇلغان كىيىم.

طَوِيٌّ: ئادەم، ئىنسان.

طَوَارٌ / طِوَارٌ: قورۇ، ھويلا.

طُوَارٌ: پىيادىلەر يولى.

طَوَاسٌ: ئاينىڭ ئەڭ ئاخىرقى كېچىسى.

طَوَاشٍ ج طَوَاشِيَةٌ: ئاختا.

طَوَاعِيَةٌ: بويسۇنماق، ئىتائەت قىلماق.

فَعَلْتُ هَذَا عَنْ طَوَاعِيَةٍ: بۇ ئىشنى ئىختىيارى قىلدىم.

الطَّوَاغِي وَالطَّوَاغِيتُ: بۇتخانا.

طَوَافٌ: تاۋاپ قىلماق، ئايلانماق، چۆرگىلىمەك،

دەۋر قىلماق.

طَوَافُ الْإِفَاضَةِ: ھاجىلار مىنادىن بەيتۇللاغا كىرىپ تاۋاپ قىلىپ، يەنە مىناغا قايتىپ كېتىدىغان تاۋاپ (پەرز تاۋاپ).

طَوَالَةٌ: يەسلى.

طُوَالَةٌ: ئۇقۇر؛ ئېغىل.

طُوبٌ الواحدة طُوبَةٌ ج طوبَانٌ: خىش.

طُوبٌ أَحْمَرُ: قىزىل خىش.

طُوبٌ أَخْضَرُ: يېشىل خىش، كۆك خىش.

طُوبٌ حَرَارِيٌّ: ئوتقا چىداملىق ئالاھىدە خىش.

طُوبٌ نَيِّئٌ: خام خىش، كېسەك.

«بُيُوتُ هَذِهِ الْقَرْيَةِ كُلّهَا مِنَ الطّوبِ»: بۇ يېزىنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ھەممىسى پىشىشىق خىشتىن ياسالغان.

طُوبَالَةٌ ج طُبَالَاتٌ: ساغلىق.

طُوبُوغَرَافِيَا: توپوگرافىيە.

طُوبَى: بەخت، خۇشاللىق، ياخشى، شېرىن.

طُوبَى لَكَ: بەختلىك بولۇڭ.

﴿اَلَّذِيْنَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ طُوبَى لَهُمْ﴾ «قرآن»: ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار خۇشاللىققا ... ئېرىشىدۇ.

طَوَحٌ: يىراق.

نِيَةٌ طَوَحٌ: زور ئىرادە.

طَوْدٌ ج أَطْوَادٌ وَ طَوَدَةٌ: چوڭ تاغ.

﴿فَانْفَلَقَ فَكَانَ كُلُّ فِرْقٍ كَالطَّوْدِ الْعَظِيْمِ﴾ «قرآن»: (دەريا) يېرىلدى، (ھەربىر يېرىلغان) قىسمى چوڭ تاغدەك بولۇپ كەتتى.

كَانَ ثَابِتًا كَالطَّوْدِ: تاغدەك مۇستەھكەم تۇردى.

طَوْرٌ ج أَطْوَارٌ: چەك، مىقدار؛ باسقۇچ، جەريان؛ ھال، ھالەت؛ قېتىم.

طَوْرًا بَعْدَ طَوْرٍ: ئارقىمۇئارقا، باسقۇچمۇباسقۇچ.

﴿وَقَدْ خَلَقَكُمْ أَطْوَارًا﴾ «قرآن»: ھالبۇكى، ئاللاھ سىلەرنى بىرقانچە باسقۇچلارغا بۆلۈپ ياراتتى.

الطَّوْرُ الْجِيْؤُلُوجِيّ: گېئولوگىيە دەۋرى.

الطَّوْرُ الْبِدَائِيّ: قەدىمكى دەۋر.

«إِنْتَقَلَ مِنْ طَوْرٍ إِلَى طَوْرٍ جَدِيْدٍ»: بىر باسقۇچتىن يېڭى باسقۇچقا يۆتكەلدى.

أَخْرَجَهُ مِنْ طَوْرِهِ: ئۆزىنى باشقۇرالمىدى.

تَعَدَّى طَوْرَهُ: ھەددىدىن ئاشتى.

«يَقْعُدُ طَوْرًا وَيَقُومُ طَوْرًا آخَرَ»: بىردەم ئولتۇرىدۇ، بىردەم تۇرىدۇ.

غَرِيْبُ الْأَطْوَارِ: غەلىتە مىجەزلىك.

نَظَرِيَّةُ أَطْوَارِ نُمُوِّ النَّبَاتِ: ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈش باسقۇچى نەزەرىيىسى.

طُورٌ: تاغ؛ قورۇ، ھويلا.

طُوْرِ سِيْنَا: سىنا تېغى.

طُوْرِ سِيْنِيْنَ: تۇر تاغى.

﴿وَنَادَيْنَاهُ مِنْ جَانِبِ الطّورِ الْأَيْمَنِ﴾ «قرآن»: ئۇنىڭغا بىز تۇر تېغىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن نىدا قىلدۇق.

طُورَانِيٌّ: تورانلىق؛ تاغلىق؛ غەرب، سىرتتىن كەلگەن، دولانلىق.

اللّغَةُ الطّورَانِيَّةُ: توران تىلى سىستېمىسى (ئۇرال ـ ئالتاي تىلى سىستېمىسى بولۇپ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك قاتارلىق تۈركىي تىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

طُورِبِيْدٌ ج طُورِبِيْدَاتٌ: سۇ مىناسى، توربىدا.

طُورِيٌّ: تاغلىق؛ غەرب، سىرتتىن كەلگەن.

مَابِالدَّارِ طُورِيٌّ: ئۆيدە ھېچكىم يوق.

طُوزٌ: قۇم-توپىلىق بوران.

طَوْسٌ: ئاي، ئاي شارى.

طُوسٌ: سۈرگە دورىسى.

طَوْشَةٌ: قالايمىقان، قالايمىقانچىلىق.

طَوْعٌ: ئىتائەت قىلماق، بويسۇنماق.

طَوْعُ الْعِنَانِ: مۇلايىم، قۇلىقى يۇمشاق.

﴿قُلْ أَنْفِقُوا طَوْعًا أَوْ كَرْهًا لَنْ يُتَقَبَّلَ مِنْكُمْ﴾ ‹قرآن›: ئېيتقىنكى، (ئى مۇناپىقلار جامائەسى!) سىلەر ئىختىيارىي ياكى مەجبۇرىي يوسۇندا (قانچىلىك پۇل-مال سەرپ قىلساڭلارمۇ) ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ.

هُوَ طَوْعُ يَدِكَ أَوْ يَمِينِكَ: ئۇ سېنىڭ دېگىنىڭ بويىنچە قىلىدۇ.

طَوْعًا: ئىختىيارىي ھالدا، ئىختىيارىيلىق بىلەن.

طَوْعًا أَوْ كَرْهًا: ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز، مەيلى خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن.

طَوْفٌ ج أَطْوَافٌ: سال، سالچە؛ قورشاۋ تام؛ جىسمەكچى؛ قوغداش.

طَوَفَانٌ: تاۋاپ قىلماق، چۆرگىلىمەك، ئايلانماق، دەۋر قىلماق.

طُوفَانٌ ج طُوفَانَاتٌ: كەلكۈن، سەل، قىيان.

الطُّوفَانُ: توپان بالاسى.

﴿فَأَرْسَلْنَا عَلَيْهِمُ الطُّوفَانَ وَالْجَرَادَ وَالْقُمَّلَ وَالضَّفَادِعَ﴾ ‹قرآن›: ئۇلارغا سۇ ئاپىتى، چېكەتكە، پىت، پاقا (بالالىرىنى) ئەۋەتتۇق.

تَسَبَّبَ الطُّوفَانُ بِكَوَارِثَ كَثِيرَةٍ: كەلكۈن نۇرغۇن ئاپەت كەلتۈردى.

طَوْقٌ ج أَطْوَاقٌ: قۇدرەت، قابىلىيەت، كۈچ-قۇۋۋەت، چىدام؛ بىر باغلام، بىر تۇتام؛ كىچىك پەنجىرە، دەرۋازا؛ بويۇنچاق، بۇلاپكا؛ چەمبىرەك.

لَيْسَ فِي طَوْقِهِ: چامىسى يەتمەيدۇ، قولىدىن كەلمەيدۇ.

فِي عُنُقِ هَذَا الْكَلْبِ طَوْقٌ: بۇ ئىتنىڭ بويىنىدا چەمبىرەك بار.

طَوْقُ الثَّوْبِ: ياقا.

طَوْقُ الْمَطْبَعَةِ: ھەرپ جازىسى.

طَوْقُ النَّجَاةِ: قۇتقۇزۇش بالونى.

شَبَّ عَنِ الطَّوْقِ: چوڭ بولدى.

كَسَرَ الطَّوْقَ: ئەركىنلىككە چىقتى، ئازاد بولدى.

طَوْقُ الْبِرْمِيلِ: چەمبىرەك.

طَوْلٌ: قۇدرەت، كۈچ؛ ئارتۇقچىلىق؛ مەرھەمەت؛ بايلىق.

أُولُو الطَّوْلِ: كۈچلۈك ئادەملەر، تەسىرى بار ئەربابلار.

﴿وَمَنْ لَمْ يَسْتَطِعْ مِنْكُمْ طَوْلًا أَنْ يَنْكِحَ الْمُحْصَنَاتِ الْمُؤْمِنَاتِ فَمِمَّا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ مِنْ فَتَيَاتِكُمُ الْمُؤْمِنَاتِ﴾ ‹قرآن›: سىلەردىن مۆئمىن ئاياللارنى ئېلىشقا قۇربى يەتمەيدىغانلار قول ئاستىدىكى مۆئمىن چۆرىلەردىن ئالسۇن.

طُولٌ ج أَطْوَالٌ: ئۇزۇن، ئۇزۇنلۇق؛ ئېگىزلىك.

طُولُ الْقَامَةِ: بويىنىڭ ئېگىزلىكى.

﴿وَلَنْ تَبْلُغَ الْجِبَالَ طُولًا﴾ ‹قرآن›: ئېگىزلىكتە تاغلارغا تەڭلىشەلمەيسەن.

«أَيُّ الصَّلَاةِ أَفْضَلُ؟ قَالَ: طُولُ الْقُنُوتِ» ‹حديث›: «قايسى ناماز ئەۋزەل»، دەپ سورالغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيامى ئۇزۇن بولغان ناماز»، دېدى.

مُتَوَسِّطُ الطُّولِ: ئوتتۇرا بوي.

طُولُ الْأَنَاةِ: سەۋرچانلىق، تاقەتلىك، قەتئىي.

طُولُ النَّظَرِ: يىراقنى كۆرەرلىك، چوڭقۇر پىكىرلىك.

طُولُ اللِّسَانِ: پىتنىخور، ۋالاقتەككۈر.

طُولُ الْيَوْمِ: كۈن بويى، پۈتۈن كۈن.

طُولُ اللَّيْلِ: تۈن بويى، پۈتۈن كېچە.

طُولُ السَّنَةِ: يىل بويى.

طُولُ عُمْرِهِ: ئۆمۈرۋايەت، بىر ئۆمۈر، ئۆمۈرلۈك.

خَطُّ الطُّولِ: مېرىدىئان، مېرىدىئان سىزىقى.

السَّبْعُ الطُّوَلُ مِنَ الْقُرْآنِ: بەقەرە، ئال ئىمران، نىسا، ئەنئام، ئەئراف، ئەنفال، بەرائە سۈرىلىرىدىن ئىبارەت يەتتە ئۇزۇن سۈرە.

السَّبْعُ الطِّوَلُ مِنَ الشِّعْرِ: لەبىد، تەرەفە، ئەنتەرە، هارىس ئىبنى هىللىزەلەردىن ئىبارەت يەتتە نەپەر قەدىمكى زامان ئەرەب شائىرلىرىنىڭ يەتتە قەسىدىسى.

تَقَهْقَرَ عَلَى طُولِ الْخَطِّ: پۈتۈن سەپ بويىچە چېكىندى.

عَلَى طُولٍ: دەرهال، شۇئان؛ توختىماي؛ بىۋاسىتە، ئۇدۇل.

طُولًا وَعَرْضًا: كەڭ ۋە چوڭقۇر.

طُولاً بِالطُّولِ: تىك، ئۇزۇنسىغا.

فِي طُولِ الْبِلَادِ وَعَرْضِهَا: مەملىكەتنىڭ هەممە يېرىدە.

إِمْشِ عَلَى الطُّولِ: ئۇدۇل مېڭىڭ.

عَلَى طُولِ الشَّاطِئِ: ئۇزۇنسىغا.

طُولَانِيٌّ: ئۇزۇنسىغا.

طُولَى ج طُوَلٌ: ئەڭ ئۇزۇن.

لَهُ الْيَدُ الطُّولَى فِي عَمَلِ الْخَيْرِ: ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا قولى كەڭ ئادەم.

طُولِيٌّ: ئۇزۇنلۇق، تىك.

الْمِتْرَ الطُّولَى: ئۆلچەم، مۆلچەر.

قِطَاعُ الطُّولَى: بويىغا كەسمە يۈز.

طُومَارٌ ج طَوَامِيرُ: يۆگىمە رەسىم، تۇمار.

طَوَّابٌ: خىشچى، كېسەكچى.

طَوَّاخٌ: رەنجىتكۈچى، ئازار بەرگۈچى.

طَوَّافٌ: ئايلانغۇچى، تاۋاپ قىلغۇچى، دەۋر قىلغۇچى، چۆرگىلىگۈچى.

﴿طَوَّافُونَ عَلَيْكُمْ بَعْضُكُمْ عَلَى بَعْضٍ﴾ ‹قرآن›: سىلەر بىر-بىرىڭلار بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىپ تۇرىسىلەر.

طَوَّافٌ تِجَارِيٌّ: سەييارە، تىجارەتچى، چار بازارچى.

طَوَّافُ بَرِيْد: پوچتالىيون.

طَوَّافَةٌ ج طَوَّافَاتٌ: چارلىغۇچى كېمە.

طُوَّالَةٌ: ياغاچ پۇت، ياغاچ پۇت ئويۇنى.

طُوَّالِيٌّ: توپتوغرا، بىۋاسىتە.

الْخَطُّ الطُّوَالِيّ: غول لىنىيە.

قِطَارٌ طُوَّالِيٌّ: بىۋاسىتە قاتنايدىغان پويىز.

طَوَّحَ يُطَوِّحُ تَطْوِيْحًا بِهِ: يوقاتتى، زايە قىلىۋەتتى، يىراققا ئېتىۋەتتى.

طَوَّحَ بِالْكُرَةِ بَعِيْدًا: توپنى بوشلۇققا ئاتتى.

طَوَّدَ يُطَوِّدُ تَطْوِيْدًا فِي الْبِلَادِ: يۇرت كەزدى، ساياهەت قىلدى.

طَوَّدَ الشَّيْءَ: ئېگىزلەتتى، ئۇزارتتى.

طَوَّرَ يُطَوِّرُ تَطْوِيْرًا: تەرەققىي قىلدۇردى، ئالغا سىلجىتتى.

«طَوَّرَتِ الشَّرِكَةُ سَيَّارَاتِهَا كَثِيْرًا»: شىركەت ماشىنىلىرىنى كۆپ تەرەققىي قىلدۇردى.

طَوَّسَ يُطَوِّسُ تَطْوِيْسًا: زىننەتلىدى، پەردازلىدى.

طَوَّسَ الْمَعْدِنُ: مېتال داتلاشتى.

طَوَّشَ يُطَوِّشُ تَطْوِيْشًا فُلَانٌ: قەرز قايتۇرۇشنى كېچىكتۈردى.

طَوَّشَ فُلَانًا: ئاختا قىلدى.

طَوَّعَ يُطَوِّعُ تَطْوِيْعًا: بويسۇندۇردى، ئىتائەت قىلدۇردى.

طَوَّعَ اللُّغَةَ الْعَرَبِيَّةَ: ئەرەب تىلىنى پىششىق ئۆگەندى.

﴿فَطَوَّعَتْ لَهُ نَفْسُهُ قَتْلَ أَخِيْهِ﴾ ‹قرآن›: ئۇنىڭ نەپسى ئۇنىڭغا قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈشنى چىرايلىق كۆرسەتتى.

طَوَّفَ يُطَوِّفُ تَطْوِيْفًا: تاۋاپ قىلدى، ئايلاندى.

طَوَّقَ يُطَوِّقُ تَطْوِيْقًا الشَّيْءَ: قورشىۋالدى، مۇھاسىرىگە ئالدى.

uyghurkitap.com

طَوَّقَهُ بِذِرَاعَيْهِ: ئۇنى قۇچاقلىۋالدى.

﴿بَلْ هُوَ شَرٌّ لَهُمْ سَيُطَوَّقُونَ مَا بَخِلُوا بِهِ﴾ «قۇرئان»: ئەمەلدە بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر، ئۇلارنىڭ بېخىللىق قىلغان نەرسىسى ئۇلارنىڭ بوينىغا تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ.

طَوَّقَ عُنُقَهُ بِعَمَلٍ: ئۇنىڭغا ئىش تاپشۇردى، ۋەزىپە يۈكلىدى.

مَا طَوَّقَ صَبْرًا عَلَى كَذَا: ئۇ بۇنىڭغا چىدىيالمىدى.

طَوَّقَ الْجَيْشُ الْعَدُوَّ: قوشۇن دۈشمەننى قورشىۋالدى.

طَوَّقَ الْمُشْكِلَةَ: خەتەرنىڭ ئالدىنى ئالدى.

طَوَّقَ الْأَزْمَةَ: كرىزىسنىڭ ئالدىنى ئالدى.

«إِنَّ جَمِيلَكَ يُطَوِّقُ عُنُقِي»: ماڭا كۆپ ياخشىلىق قىلدىڭ.

طَوَّقَ الْبرميلَ: تۇڭغا ياكى سوغىغا چەمبەر سالدى.

طَوَّلَ يُطَوِّلُ تَطْوِيلًا: ئۇزاتتى، سوزدى.

طَوَّلَ الْمُدَّةَ: مۆھلەت بەردى.

طَوَّلَ لِلدَّابَّةِ: ئۇلاغنىڭ چۇلۋۇرىنى ئۇزۇن قويۇۋەتتى.

«كَانَ الْحَبْلُ قَصِيرًا فَطَوَّلْتُهُ»: قىسقا ئارغامچىنى ئۇزارتتىم.

طَوَّلٌ: شاداپاچاق، لايخورەك.

طَوَّى يُطَوِّي تَطْوِيَةً: تەكرار قاتلىدى.

طَوَوِيٌّ: ئۆزەمچى، تار مەھكىمچى.

طَوَوِيَّةٌ: يۇمشاقلىق، رايىشلىق.

طَوَى يَطْوِي طَيًّا الثَّوْبَ: رەختنى قاتلىدى، يۆگىدى، تۈردى، ئورىدى.

طَوَى الْبِئْرَ: قۇدۇققا تاش تىزدى.

طَوَى الْحَدِيثَ: سۆزنى يوشۇردى، سىر ساقلىدى.

طَوَى الْبِلَادَ: يۇرت كەزدى.

طَوَى الْعُمْرَ: ئۆمۈرنى ئۆتكۈزدى.

طَوَى الْمَاضِيَ: ئۆتكەننى كەتتى قىلىۋېتىپ، يېڭىدىن باشلىدى.

طَوَى كَشْحَهُ عَنِّي: مېنى تاشلىۋەتتى، مەن بىلەن كارى بولمىدى؛ ماڭا بويۇنتاۋلۇق قىلدى.

طَوَى كَشْحَهُ عَلَى الْأَمْرِ: يوشۇردى، مەخپىي تۇتتى.

طَوَى الْوَرَقَةَ: قەغەزنى قاتلىدى.

طَوَى الْبِسَاطَ: بىساتنى قاتلىدى، يىغدى.

طُوِيَتْ هَذِهِ الصَّفْحَةُ عَلَى الْكِتْمَانِ: بۇ بەت ئۇنتۇلۇپ كەتتى.

«تَطْوِي السَّيَّارَةُ الْأَرْضَ طَيًّا»: ماشىنا ئۇچقاندەك ماڭماقتا.

طَوِيَ يَطْوَى طَوًى: ئاچ قالدى، ئاچارچىلىققا دۇچ كەلدى.

طُوًى: قاتمۇقات تاغ؛ تۇر تېغىنىڭ تۆۋىنىدىكى ۋادى.

﴿إِذْ نَادَاهُ رَبُّهُ بِالْوَادِ الْمُقَدَّسِ طُوًى﴾ «قۇرئان»: ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى پەرۋەردىگارى «تۇۋا» ناملىق مۇقەددەس ۋادىدا (مۇناجات دەپ) چاقىردى:...

طَوًى / طِوًى: ئاچلىق.

عَلَى الطَّوَى: تاماق يېمەي.

بَاتَ عَلَى الطَّوَى: ئاچ يۈردى، ئاچ يېتىپ قالدى.

طَوِيلٌ ج طِوَالٌ وَ طِيَالٌ م طَوِيلَةٌ ج طَوِيلَاتٌ: ئۇزۇن، ئېگىز.

طَوِيلُ الْأَنَاةِ: چىدامىلىق، مەرد، جەسۇر، قەيسەر.

﴿إِنَّ لَكَ فِي النَّهَارِ سَبْحًا طَوِيلًا﴾ «قۇرئان»: ھەقىقەتەن كۈندۈزى ئىش بىلەن ئالدىراش بولىسەن، (شۇڭا ئىبادەتكە كېچىسى بېرىلگىن).

طَوِيلُ الْبَاعِ: مەرد؛ ئىقتىدارلىق، كۈچلۈك، ھوقۇقلۇق.

طَوِيلُ الْقَامَةِ: بەستلىك، قامەتلىك.

طَوِيلُ اللِّسَانِ: پىتنىخور، گەپ توشۇغۇچى، غەيۋەتخور.

طَوِيلُ النَّفَسِ: چوڭقۇر نەپەس، خورسىنىش، شېئىرنى ئۇزۇن يازىدىغان.
طَوِيلُ الْيَدِ: ئوغرى، قولى قىڭغىر.
وَقْتٌ طَوِيلٌ: ئۇزۇن مۇددەت.
طَوِيلُ الْأَمَدِ: ئۇزۇن مۇددەت.
طَوِيلُ الْعُمْرِ: ئۇزۇن ئۆمۈر.
بَحْرُ الطَّوِيلِ (في العروض): شېئىر ۋەزىنلىرىنىڭ بىرى.
طَرِيقٌ طَوِيلٌ: ئۇزۇن يول.
رَجُلٌ طَوِيلٌ: ئېگىز ئادەم، ئۇزۇنتۇرا.
طَوِيلًا: ئۇزۇن، ناھايىتى ئۇزۇن.
طَوِيٌّ ج أَطْوَاءٌ: يۇمشاق، رايىش، مۇلايىم.
طَوِيَّةٌ ج طَوَايَا: ۋىجدان؛ ئىنساپ؛ نىيەت.
حَسَنُ الطَّوِيَّةِ: ياخشى نىيەت.
سَلِيمُ الطَّوِيَّةِ: ئاق كۆڭۈل، سەممىي.
نَقِيُّ الطَّوِيَّةِ: ئىنساپلىق، ۋىجدانلىق.
طَيَابٌ: شىمال شامىلى.
طَيَافٌ: تۈن قاراڭغۇسى.
طِيَانَةٌ: لايچىلىق كەسپى.
طِيبٌ ج أَطْيَابٌ وَ طُيُوبٌ: خۇش پۇراق، ئەتىر قاتارلىقلار.
عَنْ طِيبِ خَاطِرٍ: خۇشاللىق بىلەن، رازىلىق بىلەن، مەمنۇنلۇق بىلەن.
زُجَاجَةُ الطِّيبِ: ئەتىر قۇتىسى.
طِيبُ الْعَيْشِ: تۇرمۇشنىڭ پاراۋانلىقى.
جَوْزَةُ الطِّيبِ: جۇزبۇۋا.
طِيبَةٌ: گۈزەل، ياخشى، كۆڭۈللۈك، كەڭ-كۇشادە، خۇشال-خۇراملىق؛ كۈچلۈك ھاراق؛ زەمزەم قۇدۇقى.
طِيبَةُ الْقَلْبِ: كۆڭۈلنىڭ ياخشىلىقى.
طِيبَةُ النَّفْسِ: مەرھەمەتلىك بولۇش.
عَنْ طِيبَةِ خَاطِرٍ: مەمنۇنلۇق بىلەن.

طَيْجَنٌ ج طَوَاجِنُ وَ طَيَاجِنُ: تاۋا قازان.
طَيْخٌ: ساپاننىڭ ئەرەنلىكى.
طَيْحَةٌ ج طَيْحَاتٌ: بالايىئاپەت، مۇشكۈلات.
أَصَابَتِ الْقَوْمَ طَيْحَةٌ: قوۋمغا بالايىئاپەت كەلدى.
طَيْخٌ: ھاكاۋۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق.
طَيْخَةٌ: ھاكاۋاقتى؛ پىتنە-پاسات؛ ئۇرۇش.
طَيْرٌ: قۇش، ئۇچار قانات.
﴿وَلَحْمِ طَيْرٍ مِمَّا يَشْتَهُونَ﴾ «قرآن»: كۆڭۈللىرى تارتقان قۇش گۆشلىرى بېرىلىدۇ.
كَأَنَّ عَلَى رَأْسِهِ الطَّيْرُ: قىمىرلىماي تۇردى.
طَيَرَانٌ: ئۇچماق؛ ئاۋىئاتسىيە.
سِلَاحُ الطَّيَرَانِ: ھاۋا ئارمىيىسى.
قُوَّةُ الطَّيَرَانِ: ھاۋا ئارمىيىسى.
طَيَرَانٌ بَحْرِيٌّ: ئاۋىئاماتكا.
طَيَرَانٌ مَدَنِيٌّ: خەلق ئاۋىئاتسىيىسى.
طَيْرَةٌ ، طِيَرَةٌ: شۇملۇق، شۇملۇق ئالامىتى؛ قۇش.
«لَا عَدْوَى وَلَا طِيَرَةَ» «حديث»: ئىسلامدا كېسەل كۆچىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىش يوق، قۇشلارنىڭ ئۇچۇشىدىن شۇم پال ئېلىش يوق.
طِيزٌ ج أَطْيَازٌ: كاسا، ساغرا، قۇيرۇق.
طَيْسٌ: كۆپ، نۇرغۇن؛ توپا، تۇپراق؛ كۆپ نەسىل قالدۇرىدىغان (بىلىق، چۈمۈلە قاتارلىقلار).
طَيْشٌ ، طَيَشَانٌ: قاراملىق، شاللاقلىق، تەنتەكلىك.
طَيْشُ الشَّبَابِ: ياشلىقنىڭ قاراملىقى.
طِيطَوَي: لايخورەك.
طَيْفٌ ج أَطْيَافٌ: خىيالىي مەنزىرە، ھەسەن-ھۈسەن؛ چۈش؛ سايە.
طَيْفُ النُّورِ: سپېكتىر (مۇرەككەپ نۇرنىڭ شىشە پرىزما ئارقىلىق ئۆتۈپ، تەركىبىي قىسىملارغا ئايرىلىش نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى

رەكمۇرەك سىزىقلار).

طَيْفٌ شَمْسِيٌّ: قوياش سپېكترى.

حِلّ الطَّيْفِ: سپېكترلىق تەھلىل.

طَيْفِيٌّ: سپېكترلىق.

بَحْثُ الطَّيْفِي: سپېكترلىق

الْمَرْقَبُ الطَّيْفِيّ: سپېكتروسكوپ (يورۇقلۇق سپېكترىنىڭ كۆزىتىدىغان قىسمىنى كۆرۈش سېزىمى ئارقىلىق ئاجرىتىپ ئېنىقلاشقا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل يورۇقلۇق ئۆلچەم ئەسۋابى).

طَيْلَةٌ: ئۆمۈر، ياش.

طَيْلَةَ نِصْفِ قَرْنٍ: يېرىم ئەسىر ئىچىدە.

طَيْلَةَ كَذَا: ھەممە ۋاقىت، پۈتۈن ۋاقىت.

طَيْلَةَ مُدَّةِ الْحَرْبِ: ئۇرۇش ۋاقتىدا، پۈتكۈل ئۇرۇش جەريانىدا.

كَانَ مَشْغُولًا طَيْلَةَ الْعَامِ: يىل بويى مەشغۇل بولدى.

طَيْلَسَان: يېشىل تون، مۇراسىم كىيىمى.

طَيْلَسَان ج طَيَالِسَةٌ: شارپا.

طِيْمَاء: سۈپەت، ماھىيەت، ئەسلىي تەبىئەت.

طِيْنٌ ج أَطْيَانٌ: لاي؛ تەبىئەت، مىجەز، خاراكتېر.

طِيْنٌ خَزَفِيٌّ: سېغىز لاي.

﴿هُوَ الَّذِي خَلَقَكُمْ مِنْ طِينٍ﴾ «قۇرئان»: ئاللاھ سىلەرنى لايدىن ياراتتى.

زَادَ فِي الطِّيْنِ بَلَّةً: ئوت ئۈستىگە ياغ چاچتى.

طِيْنٌ أَسْوَانِيٌّ: خىش، پىششىق كېسەك.

مِنْ طِيْنٍ وَاحِدٍ: بىر خىل، بىر شەكىل.

أَصْحَابُ الْأَطْيَانِ: يەر ئىگىسى، پومېشچىك.

طِيْنَةٌ: تەبىئەت، ماھىيەت، خاراكتېر.

أَنَّهُ مِنْ جِلْدَتِهِمْ وَ طِيْنَتِهِمْ: ئۇنىڭ تەبىئىتى ئۇلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش.

يَابِسُ الطِّيْنَةِ: كاج، تەرسا، ئۆزگەرمەس، جاھىل.

سَكْرَانُ طِيْنَةٍ: غەرق مەست.

مِنْ طِيْنَةٍ وَاحِدَةٍ: ئەسلى ئوخشاش، بىر خىل.

طِيْنِيٌّ: سېغىز لاي، لايدىن بولغان.

الْأَرْضُ الطِّيْنِيَّةُ: سېغىز توپىلىق يەر.

طَيْهُوجٌ: قىرغاۋۇل.

طَيٌّ ج أَطْوَاءٌ: قاتلام، قاتلىما، قاتلىنىدىغان.

﴿يَوْمَ نَطْوِي السَّمَاءَ كَطَيِّ السِّجِلِّ﴾ «قۇرئان»: ئۇ كۈندە ئاسماننى قەغەزنى يۆگىگەندەك يۆگەيمىز.

طَيُّ مَجْرَى التَّارِيْخِ: تارىخىي تەرەققىيات دەۋرى.

فِي طَيِّهِ: ئۇنىڭ دائىرىسى ئىچىدە.

فِي طَيِّ الرِّسَالَةِ: خەتنىڭ ئىچىدە.

طَيُّ الشَّيْءِ: نەرسىنىڭ ئىچى.

فِي طَيِّ الْغَيْبِ: نامەلۇم.

فِي طَيِّ الْكَلِمَاتِ: مەخپىي، يوشۇرۇن.

طَيَّارٌ ج طَيَّارُونَ: ئۇچقۇچى، لېۋتچىك.

طَيَّارَةٌ ج طَيَّارَاتٌ: ئايال ئۇچقۇچى.

الْجَرَادُ الطَّيَّارَةُ: ئۇچقۇر چېكەتكە.

طَيَّارِيٌّ: ۋاقىتلىق.

خَادِمَةٌ طَيَّارِيٌّ: ۋاقىتلىق ئايال خادىم.

طَيَّاشٌ: بېشى قايغان، پۈتى تايغان، سەرگەردان.

طَيَّانٌ: لايچى، سۇۋاقچى، كېسەكچى.

طَيَّبَ يُطَيِّبُ تَطْيِيبًا الشَّيْءَ: نەرسىنى خۇش پۇراق قىلدى.

طَيَّبَ الطَّعَامَ: تاماققا تېتىتقۇ سالدى.

طَيَّبَ خَاطِرَهُ: ئۇنىڭغا ئىلھام بەردى، ئۇنى خۇشال قىلدى، مەمنۇن قىلدى.

طَيَّبَهُ: ئۇنى ياخشىلىدى، تۈزەتتى، ساقايتتى.

طَيَّبَ اللهُ ثَرَاهُ: ئاللاھ ئۇنىڭ تۇپرىقىنى خۇش پۇراق قىلسۇن (مېيىت ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان سۆز).

طَيِّبٌ ج طَيِّبُونَ م طَيِّبَةٌ ج طَيِّبَاتٌ وَ طُوبَى: ياخشى، ئوبدان، شېرىن، ھالال.

طَيِّبُ الْخُلُقِ: ئەخلاقلىق.

طَيِّبُ الرَّائِحَةِ: خۇش پۇراق.

طَيِّبُ الْقَلْبِ: ۋىجدانلىق، كۆڭلى ياخشى، نىيىتى تۈز.

طَيِّبُ الذِّكْرِ: ئابرۇيلۇق، نامى ياخشى.

طَيِّبُ النَّفْسِ: كۆڭلى ياخشى.

كُلَّ سَنَةٍ وَأَنْتَ طَيِّبٌ: يېڭى يىلىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن.

هَذَا طَعَامٌ طَيِّبٌ: بۇ شېرىن تاماق.

هَذَا رَجُلٌ طَيِّبٌ: بۇ ياخشى ئادەم.

﴿قُلْ لَا يَسْتَوِي الْخَبِيْثُ وَالطَّيِّبُ وَلَوْ أَعْجَبَكَ كَثْرَةُ الْخَبِيْثِ﴾ «قرآن»: (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، گەرچە ھارامنىڭ كۆپلۈكى (ئى تىڭشىغۇچى) سېنى ئەجەبلەندۈرسىمۇ، ھارام بىلەن ھالال باراۋەر ئەمەس.

﴿كُلُوا مِنْ طَيِّبَاتِ مَارَزَقْنَاكُمْ﴾ «قرآن»: (بىز سىلەرگە) «رىزىق» قىلىپ بەرگەن پاك، شېرىن نەرسىلەردىن يەپ-ئىچىڭلار.

تُرْبَةٌ طَيِّبَةٌ: ياخشى تۇپراق.

طَيَّةٌ ج طَيَّاتٌ: بىر قاتلام قاتلاش.

«لَانَعْرِفُ مَايَحْمِلُهُ لَنَا الْمُسْتَقْبَلُ فِي طَيَاتِهِ»: كەلگۈسىدە نېمىلەر بولىدىغانلىقىنى بىز بىلمەيمىز.

طِيَّةٌ ج طِيَّاتٌ: نىيەت، مەقسەت، غەرەز، مۇددىئا، نىشان، تىلەك؛ ئارمان، ئۆي.

حَمَلَ فِي طِيَّاتِهِ: ئۆز ئىچىگە ئالدى.

طَيَّحَ يُطَيِّحُ تَطْيِيْحًا: يوقاتتى، ھالاك قىلدى.

طَيَّخَ يُطَيِّخُ تَطْيِيْخًا الْأَمْرَ: ئىشنى بۇزدى.

طَيَّرَ يُطَيِّرُ تَطْيِيْرًا: ئۇچۇردى.

طَيَّرَ الطَّيَّارَةَ: لەگلەك ئۇچۇردى.

طَيَّرَ الْبَرْقِيَّةَ: تېلېگرامما بەردى.

طَيَّرَ الْخَبَرَ: خەۋەر تارقاتتى.

طَيَّرَ النَّوْمَ مِنْ عَيْنِهِ: ئۇيقۇسىنى قاچۇردى.

طَيَّرَ الْمَالَ: مالنى تەقسىم قىلدى.

طَيِّعٌ ج طَيِّعُونَ: ئىتائەت قىلغۇچى، بويسۇنغۇچى.

طَيَّفَ يُطَيِّفُ تَطْيِيْفًا: ئايلىنىپ ماڭدى.

طَيَّنَ يُطَيِّنُ تَطْيِيْنًا الْحَائِطَ: تامنى سۇۋىدى.

# ظ

ظ ‹ظاء›: ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ 17 ـ ھەرپى بولۇپ ئەبجەد ھېسابىدا «900» نى كۆرسىتىدۇ.

ظَاءَبَ يُظَائِبُ مُظَاءَبَةً: باجا بولۇشتى.

ظَاءَرَ يُظَائِرُ مُظَاءَرَةً الرَّجُلُ: كىشى ئىنىكئانا ياللىدى.

عَايَرَ الْمِكْيَالَ: ئۆلچەم قاچىسىنى تەكشۈردى، سېلىشتۇردى، توغرىلىدى.

عَايَشَ يُعَايِشُ مُعَايَشَةً: ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياشىدى.

«أَعْرِفُهُ حَقَّ الْمَعْرِفَةِ لِأَنَّنِي عَايَشْتُهُ زَمَنًا طَوِيْلًا»: ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن بىللە ياشىغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنى ياخشى چۈشىنىمەن.

عَايِقٌ: قۇرۇق سۆلەت، بەگزادە، بايۋەچچە.

عَايَنَ يُعَايِنُ مُعَايَنَةً: ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، تەكشۈرۈپ كۆردى.

عَائِثٌ: يولۋاس.

عَائِدٌ ج عُوَّدٌ وَ عُودٌ وَ عَوْدٌ: قايتقۇچى، يانغۇچى.

مُجْرِمٌ عَائِدٌ: ئادەتلەنگەن جىنايەتچى.

﴿إِنَّا كَاشِفُوا الْعَذَابِ قَلِيْلًا إِنَّكُمْ عَائِدُونَ﴾ ‹قرآن›: بىز ھەقىقەتەن ئازابنى (سىلەردىن) ئازغىنە ۋاقىت كۆتۈرۈۋېتىمىز. (ئاندىن) سىلەر ھەقىقەتەن (ئىلگىرىكى كاپىرلىق ھالىتىڭلارغا) قايتىۋالىسىلەر.

«الْعَائِدُ فِيْ هِبَتِهِ كَالْعَائِدِ فِي قَيْئِهِ» ‹حديث›: سوۋغا بېرىپ قايتۇرۇۋالغۇچى، قەي قىلغان نەرسىسىنى يۇتقانغا ئوخشاش.

عَائِدٌ ج عُوَّادٌ م عَائِدَةٌ ج عَائِدَاتٌ وَ عَوَائِدُ: يوقلىغۇچى، زىيارەت قىلغۇچى، كېسەل يوقلىغۇچى.

عَائِدَةٌ ج عَوَائِدُ: پايدا، مەنپەئەت، ئۈنۈم؛ ياخشىلىق، سوۋغا.

«تَسْتَخْدِمُ الدّوَلُ النِّفْطِيَّةُ عَائِدَاتِهَا مِنَ النَّفْطِ فِي تَحْسِيْنِ أَحْوَالِ مُوَاطِنِيْهَا»: نېفىت دۆلەتلىرى نېفىتتىن كىرگەن كىرىمنى پۇقرالىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا ئىشلىتىدۇ.

عَائِرٌ: ئوڭ ـ تەتۈر ماڭغۇچى، ئارقا ـ ئالدىغا ماڭغۇچى.

عَائِزٌ: كەمبەغەل، ھاجەتمەن.

عَائِسٌ: كېچىدە سەيلە قىلغۇچى.

عَائِشٌ: ھايات، تىرىك، جانلىق.

رَجُلٌ عَائِشٌ: تۇرمۇشى ياخشى كىشى.

عَائِصٌ: قىيىن، ئېھتىياج.

عَائِطٌ ج عُوطٌ: تۇۋلىغۇچى، سۈرەن سالغۇچى.

عَائِفٌ م عَائِفَةٌ: يىرگەنگۈچى؛ قۇش بىلەن پال

باققۇچى.

عَائِقٌ: ياسانچۇق.

عَائِقٌ ج عَوَائِقُ وَ عُوَّقٌ م عَائِقَةٌ ج عَوَائِقُ: توسالغۇ، پۇتلىكاشاڭ؛ گۇلئەنبەب؛ قىيىنچىلىق.

عَائِقٌ ج عُيَّاقٌ: قۇرۇق سۆلەت، بەگزادە، بايۋەچچە.

عَائِقَةٌ ج عَائِقَاتٌ: ئايال پاھىشىخانا خوجايىنى.

عَائِلٌ ج عَالَةٌ وَ عُيَّلٌ وَ عِيْلٌ وَ عِيْلَى: كەمبەغەل، نامرات.

﴿وَوَجَدَكَ عَائِلًا فَأَغْنَى﴾ ‹قرآن›: سېنى يوقسىز بىلىپ (كىشىلەردىن) بىھاجەت قىلمىدىمۇ؟

عَائِلَةٌ ج عَائِلَاتٌ وَ عَوَائِلُ: ئائىلە، ئائىلە تاۋابىئات.

عَائِلِيٌّ: ئائىلىلىك، ئۆيلۈك.

عَائِمٌ: سۇ ئۈزگۈچى، سۇدا لەيلىگۈچى.

عَبَا يَعْبُو عَبْوًا: يۈز يورۇپ كەتتى.

عَبَا الْمَتَاعَ: سايماننى تەييارلىدى.

عَبَا الْجَيْشَ: قوشۇننى سەپەرۋەر قىلدى.

عَبَاءٌ م عَبَاءَةٌ ج أَعْبِئَةٌ: ئالدى ئوچۇق يەڭسىز تون، رىدا، يەكتەك، تون، پىلاش، خالات.

عُبَابٌ: نەرسىنىڭ ئالدى؛ كەلكۈن، شىددەتلىك ئېقىن؛ دولقۇن.

مَخَرَ فِي عُبَابِ الْبَحْرِ: دېڭىز دولقۇننى يېرىپ ماڭدى.

أَخَذَتِ السَّفِيْنَةُ تَشُقُّ عُبَابَ الْمَاءِ: كېمە دولقۇن يېرىپ مېڭىشقا باشلىدى.

جَاءَ الْقَوْمُ بِعُبَابِهِمْ: قوۋمنىڭ ھەممىسى كەلدى.

يَخُوضُونَ عُبَابَ الْكُتُبِ: ئۇلار نۇرغۇن كىتاب ئوقۇدى.

عِبَادَةٌ ج عِبَادَاتٌ: ئىبادەت قىلماق، چوقۇنۇش، دىنىي ئەھكاملارنى ئورۇنلىماق.

عِبَادَةُ الْأَوْثَانِ: بۇتلارغا چوقۇنۇش.

﴿وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِ أَحَدًا﴾ ‹قرآن›: پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن.

عِبَادَةُ الشَّمْسِ: قۇياشقا چوقۇنۇش.

عِبَادَةُ النُّجُومِ: يۇلتۇزلارغا چوقۇنۇش.

عِبَادَةُ النَّارِ: ئوتقا چوقۇنۇش.

«يَكْفُلُ الدّسْتُورُ لِكُلِّ مُوَاطِنٍ حُرِّيَةَ الْعِبَادَةِ»: قانۇن ھەربىر گراژدانىنىڭ ئىبادەت ئەركىنلىكىگە كېپىللىك قىلىدۇ.

عِبَارَةٌ: چۈشەندۈرمەك، شەرھلىمەك، ئىزاھلىماق.

عِبَارَةٌ ج عِبَارَاتٌ: جۈملە، ئىبارە.

بِعِبَارَةِ أَبْسَطَ: تېخىمۇ ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا.

بِعِبَارَةِ أُخْرَى: باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا.

عِبَارَةٌ مُعْتَرِضَةٌ: قىستۇرما سۆز، قىستۇرما جۈملە، قوشۇمچە سۆز.

عَبَاطَةٌ: دۆتلۈك، گالۋاڭلىق، ئەخمەقلىق.

عَبَاقَةٌ: خۇشبۇي، خۇش پۇراق.

عَبَالٌ: ئەتىرگۈل؛ ئازغان گۈل.

عَبَامٌ ج عُبُمٌ: گال، دۆت، كېرەكسىز، قوپال.

مَاءٌ عَبَامٌ: چوڭ سۇ.

عَبَاهِرُ: چوڭ، گەۋدىلىك، ئۇزۇنتۇرا.

عَبَايَةٌ ج عَبَايَاتٌ وَ عَبِيٌّ: پىلاش، خالات.

عَبَأَ يَعْبَأُ عَبْأً الشَّيْءَ: كۆڭۈل بۆلدى، ئەھمىيەت بەردى؛ تەييارلىدى، راسلىدى.

لَا يُعْبَأُ بِهِ: ئۇنىڭغا دىققەت قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ.

«لَا تَعْبَأْ بِمَا يَقُولُونَ»: ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىگە پەرۋا قىلما.

﴿قُلْ مَا يَعْبَؤُا بِكُمْ رَبِّيْ لَوْلَا دُعَاؤُكُمْ﴾ ‹قرآن›: ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەرنىڭ دۇئايىڭلار بولمىسا، پەرۋەردىگارىم سىلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ.

عِبْءٌ ج أَعْبَاءٌ: يۈك.

عِبْءُ الضَّرِيْبَةِ: باج يۈكى (سېلىقى).

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

أَعْبَاءٌ عَائِلَةٍ: ئائىلە يۈكى.

عِبْءٌ ثَقِيلٌ: ئېغىر يۈك.

عِبْءُ الْإِثْبَاتِ: گۇۋاھلىق بېرىش مەجبۇرىيىتى.

أَثْقَلَ الْأَعْبَاءُ كَاهِلَهُ: يۈك ئۇنىڭ مۈرىسىنى باستى.

نَهَضَ بِالْأَعْبَاءِ: يۈكنى كۆتۈردى.

قَامَ بِأَعْبَاءِ مَسْؤُلِيَّةٍ: مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالدى.

اَلْأَعْبَاءُ الْفِكْرِيَّةُ: ئىدىيىۋى يۈك.

عَبَّ يَعُبُّ عَبًّا الْمَاءَ: سۇنى نەپەس ئالمايلا ئىچىۋەتتى.

عَبَّ الْمَاءَ عَبًّا لِشِدَّةِ عَطْشِهِ: قاتتىق تەشنالىقتىن سۇنى سومۇرۇپلا ئىچىۋەتتى.

عُبٌّ / عِبٌّ ج عِبَابٌ وَ أَعْبَابٌ: يەك.

عَبَّأَ يُعَبِّئُ تَعْبِئَةً الْمَتَاعَ: يۈك-تاقنى تەييارلىدى، رەتلىدى.

عَبَّأَ الْفَرَاغَ: بوشلۇقنى تولدۇردى.

عَبَّأَ الْجَيْشَ لِلْحَرْبِ: ئارمىيىنى ئۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى.

عَبَّأَ الْجَدْوَلَ: جەدۋەل تولدۇردى.

عَبَّأَ الْقَلَمَ الْحِبْرَ: قەلەمگە سىياھ ئىچۈردى.

عَبَّأَ الدَّوَاءَ: دورىنى تەييارلىدى، دورىنى قۇتىغا قاچىلىدى.

عَبَّأَ أُسْطُوَانَةَ الْغَازِ: گاز تۇڭىغا گاز قاچىلىدى.

عَبَّادٌ: ئىبادەت قىلغۇچى، چوقۇنغۇچى.

عَبَّادُ الشَّمْسِ: ئاپتاپپەرەس.

«هُنَاكَ صَفٌّ مِنْ أَزْهَارِ عَبَّادِ الشَّمْسِ بِجَانِبِ الْحَائِطِ الشَّرْقِيِّ»: شەرقىي تام تەرەپكە بىر قاتار ئاپتاپپەرەس تىزىلدى.

عَبَّاسٌ: قاپىقىنى تۈرۈۋالغۇچى، چىرايىنى ئاچمايدىغان؛ يولۋاس، قاپلان؛ قاتتىق سوغۇق؛ قەبىھ، رەزىل.

بَنُو الْعَبَّاسِ: ئاباسىيە خاندانلىقى.

عَبَّاسِيٌّ: ئاباسىيە سۇلالىسىنىڭ.

اَلْعَبَّاسِيَّةُ: ئاباسىيە سۇلالىسى.

اَلْعَبَّاسِيُّونَ: ئاباسىيلار.

عَبَّدَ يُعَبِّدُ تَعْبِيدًا الطَّرِيقَ: يول سالدى، يول ياسىدى.

عَبَّدَ فُلَانًا: پالانىنى قۇل قىلىۋالدى.

عَبَّدَ السَّفِينَةَ: كېمىگە قارىماي سۈركىدى.

عَبَّدَ الرَّجُلُ: يۈگۈردى، قاتراپ ماڭدى.

عَبَّدَ الْإِسْمَ: ئىسىملارغا ئابدۇ سۆزىنى قوشتى (عبد العزيزغا ئوخشاش).

أَفْضَلُ مِنَ الْأَسْمَاءِ مَاعُبِّدَ: بېشىدا ئابدۇ سۆزى كەلگەن ئىسىملارنى ياخشى كۆرىمەن.

﴿وَتِلْكَ نِعْمَةٌ تَمُنُّهَا عَلَيَّ أَنْ عَبَّدْتَ بَنِي إِسْرَائِيلَ﴾ «قرآن»: سەن ئىسرائىل ئەۋلادىنى قۇل قىلدىڭ، سېنىڭ ماڭا مىننەت قىلغان نېمىتىڭ ئەنە شۇدۇر.

عَبَّرَ يُعَبِّرُ تَعْبِيرًا الرُّؤْيَا: چۈشنى ئۆرۈدى، چۈشكە تەبىر بەردى.

عَبَّرَ عَمَّا فِي نَفْسِهِ: كۆڭلىدىكىنى بايان قىلدى.

عَبَّسَ يُعَبِّسُ تَعْبِيسًا: قاپىقىنى تۈردى.

عَبَّقَ يُعَبِّقُ تَعْبِيقًا رَائِحَةَ الطِّيبِ: خۇش پۇراق تارقاتتى، ئىسرىق سالدى.

عَبَّى يُعَبِّي تَعْبِيَةً الْجَيْشَ: قوشۇننى سەپەرۋەر قىلدى.

عَبَّى الْمَتَاعَ: سايماننى قاچىلىدى.

عَبَّى الشَّيْءَ: نەرسىنى تەييارلىدى.

عَبَّى الْبُنْدُقِيَّةَ: مىلتىقنى ئوقلىدى.

عِبِّيثٌ: قىزىقچى، چاقچاقچى، ئەخمەق قىلغۇچى.

عَبَثَ يَعْبِثُ عَبْثًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ئارىلاشتۇردى.

عَبِثَ يَعْبَثُ عَبَثًا الرَّجُلُ: ئويۇن-چاقچاق قىلدى، پايدىسىز ئىش بىلەن شۇغۇللاندى.

عَبِثَ بِالْقَانُونِ: قانۇن بىلەن ئويناشتى.

﴿أَتَبْنُونَ بِكُلِّ رِيعٍ آيَةً تَعْبَثُونَ﴾ «قرآن»: سىلەر

هەربىر ئىگىز جايغا ئويۇن-كۆلكە ئۈچۈن بىر
ئالامەت (يەنى، ئىگىز بىنا) سالامسىلەر؟

عَبِثَ بِالْأَمْنِ الْعَامِّ: جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقان
قىلدى.

عَبِثَ بِالْعُقُولِ: ئالدىدى، ئازدۇردى، قايمۇقتۇردى.

عَبِثَ النَّوْمُ بِأَجْفَانِهِ: مۈگدەپ قالدى، مۈگدىدى.

عَبِثَ بِهِ الدَّهْرُ: زامان ئۇنى يوقاتتى، ھالاك قىلدى.

عَبَثٌ: ئويناتماق، كولدۇرلاتماق؛ ئەخمەقلىق
قىلماق.

«مِنَ الْعَبَثِ أَنْ تُنْفِقَ يَوْمَكَ فِي لَعِبِ الْوَرَقِ»:
كۈنۈڭنى قارتا ئويناش بىلەن ئۆتكۈزۈشۈڭ
ئەخمەقانىلىكتۇر.

عَبَثًا: بىكار ئاۋارىچىلىك، بىكاردىن-بىكار،
پايدىسىز.

﴿أَفَحَسِبْتُمْ أَنَّمَا خَلَقْنَاكُمْ عَبَثًا﴾ «قۇرئان»: ئى
ئىنسانلار! بىزنى سىلەر ئۆزۈڭلارنى بىكار
ياراتتى، دەپ ئويلامسىلەر؟

حَاوَلَ عَبَثًا: بىكار ئۇرۇندى.

عَبَدَ يَعْبُدُ عِبَادَةً وَ عُبُودِيَّةً وَ مَعْبَدًا وَ مَعْبَدَةً اللهَ:
ئاللاھقا ئىبادەت قىلدى، قۇللۇق قىلدى،
ئىتائەت قىلدى.

عَبِدَ يَعْبَدُ عَبَدًا وَ عَبَدَةً الرَّجُلُ: پۇشايمان قىلدى.

عَبِدَ عَلَيْهِ: ئۇنىڭغا غەزەپلەندى، ئاچچىقلاندى.

عَبِدَ الشَّيْءَ: يۆلەندى، تاياندى.

عَبِدَ عَلَى نَفْسِهِ: ئۆزىنى ئەيىبلىدى، ئۆزىنى مالامەت
قىلدى.

عَبَدَ يَعْبُدُ عُبُودَةً وَ عُبُودِيَّةً الْخَادِمُ: ئاتا-بوۋىسىدىن
تارتىپ قۇل بولۇپ كەلدى.

عَبْدٌ ج عِبَادٌ: ئادەم، ئىنسان.

«إِنَّ اللهَ بِعِبَادِهِ لَخَبِيرٌ بَصِيرٌ»: ئاللاھ ھەقىقەتەن
بەندىلىرىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر، كۆرۈپ
تۇرغۇچىدۇر.

عَبْدٌ ج عَبِيدٌ: قۇل، بەندە.

عَبْدُ اللهِ: ئاللاھنىڭ بەندىسى، ئاللاھنىڭ قۇلى.

لَيْسَ بَيْنَنَا سَادَةٌ وَعَبِيدٌ: بىزنىڭ ئارىمىزدا خوجايىن
ۋە قۇل دېگەن گەپ يوق.

﴿وَالْعَبْدُ بِالْعَبْدِ وَالْأُنْثَى بِالْأُنْثَى﴾ «قۇرئان»: قۇل ئۈچۈن
قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن...

عَبَرَ يَعْبُرُ عَبْرًا الرَّجُلُ: بېشى قاتتى، كىشى ياش
ئاققۇزدى.

عَبَرَ الْعَيْنُ: كۆزدىن ياش ئاقتى.

عَبِرَ يَعْبَرُ عَبَرًا الرَّجُلُ: كىشى ياش تۆكتى.

عَبِرَ مِنْهُ: ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئالدى.

عَبَرَ يَعْبُرُ عَبْرًا وَ عُبُورًا النَّهْرَ: دەريادىن كېسىپ
ئۆتتى.

تَعْبُرُ الْقَوَارِبُ النَّهْرَ: قولۋاقلار دەريادىن ئۆتمەكتە.

عَبَرَ يَعْبُرُ عَبْرًا وَ عِبَارَةً الرُّؤْيَا: چۈشنى ئۆرۈدى،
چۈشكە تەبىر بەردى.

عَبَرَهُ: ئۇنى ئۆلچىدى، مۆلچەرلىدى.

﴿أَفْتُونِي فِي رُؤْيَايَ إِنْ كُنْتُمْ لِلرُّؤْيَا تَعْبُرُونَ﴾ «قۇرئان»:
سىلەر ئەگەر چۈش تەبىرىنى بىلسەڭلار، بۇ
چۈشۈمگە تەبىر بېرىڭلار.

عَبْرٌ: كېسىپ ئۆتمەك.

عَبْرُ الصَّحْرَاءِ: باياۋاننى كېسىپ ئۆتمەك.

عَبْرُ الْمُحِيطِ: ئوكيانىنى كېسىپ ئۆتمەك.

عَبْرَ الْمَكَانِ أَوِ الزَّمَانِ: ماكان ياكى زامان ئارىسىدا.

عَبْرَ أَفْرِيقَا: ئافرىقا ئارقىلىق.

عِبْرٌ: دەريا ساھىلى، دەريا قىرغىقى.

عِبْرَانِيٌّ ج عِبْرَانِيُّونَ: يەھۇدىي.

اللُّغَةُ الْعِبْرَانِيَّةُ: ئىبران تىلى، يەھۇدىي تىلى.

عِبْرَةٌ ج عَبَرَاتٌ وَ عِبَرٌ: ياش، ياش تامچىلىرى.

سَالَتْ عِبْرَتُهُ: ئۇنىڭ يېشى ئاقتى.

عِبْرَةٌ ج عِبَرٌ: ئۈلگە، نەمۇنە، ئىبرەت؛ ۋەز-
نەسىھەت.

www.uyghurkitap.com


﴿لَقَدْ كَانَ فِي قَصَصِهِمْ عِبْرَةٌ لِأُولِي الْأَلْبَابِ﴾ ‹قرآن›: ئۇلارنىڭ قىسسىسىدىن ئەقىل ئىگىلىرى ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالىدۇ.

عِبْرِيٌّ: ئىبرانى، ئىبران تىلى.

عَبَسَ يَعْبِسُ عَبْسًا وَعُبُوسًا الرَّجُلُ: كىشى قوشۇمىسىنى تۈردى، قاپىقىنى تۈردى.

﴿عَبَسَ وَتَوَلَّى أَنْ جَاءَهُ الْأَعْمَى﴾ ‹قرآن›: ئەما يېنىغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن تەرىنى تۈردى.

عَبِسَ يَعْبَسُ عَبَسًا الرَّجُلُ: كىشى مەينەتلىشىپ كەتتى، قاسماق بېسىپ كەتتى.

عَبَشَ يَعْبُشُ عَبْشًا الشَّيْءَ: نەرسىنى تۈزدى، ئىسلاھ قىلدى.

عَبَشَ الصَّبِيَّ: بالىنى خەتنە قىلدى.

عَبْشٌ: گالۋاڭلىق، بىخۇدلۇق، غەپلەت.

عَبَطَ يَعْبِطُ عَبْطًا الشَّيْءُ: نەرسە يېرىلىپ كەتتى.

عَبَطَ الثَّوْبَ: يېڭى كىيىمنى يىرتىۋەتتى.

عَبَطَ الذَّبِيحَةَ: ياش، سېمىز مالنى زەبھى قىلدى.

عَبَطَ الْأَمْرَ: ئىشنى قالايمىقان قىلىۋەتتى.

عَبَطَتْهُ الدَّوَاهِي: ئۇ بالا ـ قازاغا يولۇقتى.

عَبْطٌ. عَبْطَةٌ: يالغان ـ ياۋىداق، ئويدۇرما.

مَاتَ عَبْطًا: ساپساق تۇرۇپلا ياش ئۆلۈپ كەتتى.

عَبْعَابٌ: قامەتلىك، بەستلىك؛ گۈزەل ئەخلاقلىق.

عَبْعَبَ يُعَبْعِبُ عَبْعَبَةً الْجَيْشُ: قوشۇن مەغلۇپ بولدى.

الْعَبْعَبُ: قۇرامىغا يەتكەن ياش، ياشلىق ھۇزۇر ـ ھالاۋىتى، تۆگە يۇڭىدىن ئىشلەنگەن كەڭ كىيىم.

عَبِقَ يَعْبَقُ عَبَقًا وَ عَبَاقَةً وَ عَبَاقِيَةً الْمَكَانُ: جاي خۇش پۇراقلىق بولدى.

عَبِقَ الرَّجُلُ بِالشَّيْءِ: نەرسىگە خۇشتار بولدى، ھەۋەسمەن بولدى.

عَبِقَ بِالْمَكَانِ: تۇردى، مۇقىملاشتى.

عَبَقٌ: خۇش پۇراق، خۇشبۇي.

عَبِقٌ: خۇش پۇراقلىق.

عَبْقَرَ يُعَبْقِرُ عَبْقَرَةً السَّرَابُ: سەراب ۋىلىلدىدى، يالتىرىدى.

عَبْقَرٌ: جىنلىق جاي، تىلسىمات.

عَبْقَرِيٌّ ج عَبَاقِرَةٌ: تالانتلىق، ئىقتىدارلىق، ئوقۇمۇشلۇق.

﴿مُتَّكِئِينَ عَلَى رَفْرَفٍ خُضْرٍ وَعَبْقَرِيٍّ حِسَانٍ﴾ ‹قرآن›: ئۇلار يېشىل ياستۇقلارغا، چىرايلىق بىساتلارغا يۆلەنگەن ھالدا ئىستىراھەت قىلىدۇ.

كَانَ قَائِدًا عَبْقَرِيًّا: ئۇ ئىقتىدارلىق قوماندان ئىدى.

عَبْقَرِيَّةٌ ج عَبْقَرِيَّاتٌ: تالانت، قابىلىيەت، ئىقتىدار.

«لَمْ تَمْنَعْهُ عَبْقَرِيَّتُهُ مِنَ الْوُقُوعِ فِي الْخَطَاءِ»: ئۇنىڭ ئىقتىدارى ئۇنى خاتالىقتىن ساقلاپ قالالمىدى.

«وَمَا مِصْرُ إِلَّا جَنَّةٌ عَبْقَرِيَّةٌ تَجَلَّتْ بِأَنْوَارِ الْهُدَى وَالْمَعَارِفِ»: مىسىر ھىدايەت ۋە مەرىپەت نۇرى بىلەن يورىغان مىسلىسىز جەننەتتۇر.

عَبْقَرِيَّةُ الشَّعْبِ: خەلقنىڭ دانالىقى.

الْعَبْقَرِيَّةُ الشِّعْرِيَّةُ: شېئىرىي تالانت.

عَبَلَ يَعْبِلُ عَبْلًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ئۈزۈۋەتتى؛ قايتۇردى.

عَبَلَ الشَّجَرُ: دەرەخ يوپۇرماق چىقاردى.

عَبِلَ يَعْبَلُ عَبَلًا وَ عَبُلَ يَعْبُلُ عَبَالَةً الرَّجُلُ: چوڭىيىپ كەتتى، يوغىناپ كەتتى، كېلەڭسىز بولدى.

عَبْلٌ ج عِبَالٌ م عَبْلَةٌ ج عَبْلَاتٌ: زور، يوغان، توم، كېلەڭسىز.

إِمْرَأَةٌ عَبْلَةٌ: تولغان ئايال.

عَبُمَ يَعْبُمُ عَبَامَةً وَ عَبَامًا: گالۋاڭ بولدى، ھاماقەت بولدى، دۆتلەشتى.

عَبَمَاءُ: دۆت، ھاماقەت.

الْعَبَنُ: توم، يوغان، چوڭ قارا قۇش، چىدامىلىق

... تۆگە.

الْعُبْنَةُ: تۆگىنىڭ كۈچى.

عَبْهَرٌ: نەرگىس، ياسىمەن؛ تولغان بەدەن.

عَبْهَرَةٌ مِنَ النِّسَاءِ: ئاپئاق يۇمشاق بەدەن ئايال.

عَبْهَلَ يُعَبْهِلُ عَبْهَلَةً: ئەيىبلىدى، كايىدى، مالامەت قىلدى.

عَبْهَلَةٌ ج عَبَاهِلَةٌ: ھاكىمىيىتى مۇستەھكەم كىنەزلىك.

عَبْوٌ: ئېغىرلىق، يۈك.

عَبْوَةٌ ج عُبًى: قۇياش نۇرى.

عُبُودَةٌ: بويسۇنماق، ئىخلاسمەنلىك، قۇللۇق، ئىتائەتمەنلىك، سادىقلىق.

عُبُودِيَّةٌ: قۇللۇق، ئىتائەتمەنلىك، سادىقلىق.

إِنْتَهَى زَمَنُ الْعُبُودِيَّةِ: قۇللۇق دەۋرى تۈگىدى.

عُبُورٌ: كېسىپ ئۆتمەك.

عُبُورُ النَّهْرِ: دەريانى كېسىپ ئۆتمەك.

«أَمَاكِنُ الْعُبُورِ الْخَاصَّةِ بِالْمُشَاةِ»: مەخسۇس پىيادىلەر ئۆتىدىغان جاي.

«سَاعِدِ الْأَعْمَى فِي عُبُورِ الطَّرِيْقِ»: يولدىن ئۆتۈۋشتە ئەماغا ياردەم بەرگىن.

«أَخَذَ الشُّرْطِيُّ بِيَدِ الْعَجُوزِ لِيُسَاعِدَ عَلَى عُبُورِ الشَّارِعِ»: خەلق ساقچىسى مومايىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ كوچىدىن ئۆتكۈزۈپ قويدى.

عَبُوسٌ ج عَبُوسُونَ: قاپىقىنى تۈرۈۋالغۇچى، قاپىقىنى ئاچمايدىغان؛ قاتتىق، سۈرلۈك.

يَوْمٌ عَبُوسٌ: قاتتىق كۈن.

﴿إِنَّا نَخَافُ مِنْ رَبِّنَا يَوْمًا عَبُوسًا قَمْطَرِيْرًا﴾ «قرآن»: شۈبھىسىزكى، بىز پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن ئېغىر، قاتتىق كۈندىن قورقىمىز.

عُبُوَّةٌ ج عَبَوَاتٌ: تولدۇرماق، لىقمۇلىق قاچىلانماق.

عُبُوَّةُ الْإِنَاءِ: قاچىنىڭ تولدۇرۇلۇشى.

عَبِيْرٌ: خۇشبۇي، خۇش پۇراقلىق.

اِمْتَلَأَ الْمَكَانُ بِعَبِيْرِ الْأَزْهَارِ: جاي گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقى بىلەن تولۇپ كەتتى.

عَبِيْطٌ ج عَبْطَاءُ: گالۋاڭ، بەغەرەز، خام.

لَحْمٌ عَبِيْطٌ: پىشمىغان گۆش.

عَبِيْقٌ: خۇشبۇي، خۇش پۇراق؛ خۇش پۇراقلىق.

عَتَا يَعْتُو عُتُوًّا: ھەددىدىن ئاشتى، چوڭچىلىق قىلدى؛ زۇلۇم قىلدى.

عَتَا عَنْ أَمْرٍ: ئىشتىن باش تارتتى.

عَتَتِ الرِّيْحُ: قارا بوران چىقتى.

﴿لَقَدِ اسْتَكْبَرُوا فِي أَنْفُسِهِمْ وَعَتَوا عُتُوًّا كَبِيْرًا﴾ «قرآن»: شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتتى ۋە تولىمۇ ھەددىدىن ئاشتى.

عَتَا الشَّيْءُ: چېكىگە يەتتى.

عَتَا الشَّيْخُ: بوۋاي ياشىنىپ كەينىگە چېكىندى.

عِتَابٌ: ئەيىبلەش، تەرگەش.

«لَوْ أَكْثَرْتَ الْعِتَابَ لَتَفِرّ مِنْكَ الْأَصْحَابُ»: ئەگەر سەن ئەيىبلەۋەرسەڭ ھەمراھلار سەندىن قاچىدۇ.

عَتَادٌ ج عُتُدٌ وَ أَعْتُدٌ وَ أَعْتِدَةٌ: تەييارلانغان نەرسە، ھازىرلانغان نەرسە.

«كَانَ أَعْدَاؤُنَا أَكْثَرَ مِنَّا عَدَادًا وَأَفْضَلَ عَتَادًا»: بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز سان جەھەتتە بىزدىن كۆپ، قوراللىرى خىل ئىدى.

عَتَاقَةٌ: كونا؛ ئېسىل؛ ئازاد.

عَتَالَةٌ: ھامماللىق كەسپى؛ توشۇش ھەققى.

عَتَامَةٌ: قاراڭغۇلۇق، غۇۋا، خىرە.

عَتَاهَةٌ: ئەخمەقلىق، گالۋاڭلىق، دۆتلۈك.

عَتَاهِيَةٌ: ئەخمەق، مەتۇ، ئەخمەقلىق، گالۋاڭلىق.

عَتَبَ يَعْتُبُ / يَعْتِبُ عَتْبًا وَ عِتَابًا وَ عِتِّيبَى فُلَانًا: پالانىنى ئەيىبلىدى، تاپا-تەنە قىلدى، تەرگىدى، كايىدى.

«عَتَبَ عَلَى صَدِيْقِهِ لِأَنَّهُ لَمْ يَزُرْهُ فِي مَرَضِهِ»: كېسىلىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يوقلىمىغانلىقى ئۈچۈن دوستىغا تەنە قىلدى.

عَتَبَ يَعْتُبُ / يَعْتِبُ عَتْبًا وَ عُتْبَانًا وَ مَعْتَبًا وَ مَعْتَبَةً عَلَيْهِ: ئۇنىڭدىن سەل نارازى بولدى.

عَتْبٌ: ئەيىبلەش، تەرگەش.

عَتَبَةٌ ج عَتَبَاتٌ: بوسۇغا؛ پەلەمپەي.

وَقَفَ أَمَامَ عَتَبَةِ الْبَابِ: ئىشىكنىڭ بوسۇغىسى ئالدىدا تۇردى.

كَانَ عَلَى عَتَبَةِ الشَّبَابِ: ئۇ ياشلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئىدى.

«نَحْنُ عَلَى عَتَبَةِ مَرْحَلَةٍ مُهِمَّةٍ مِنْ تَارِيخِنَا»: بىز تارىخىمىزنىڭ دەسلەپكى مۇھىم باسقۇچىدا تۇرماقتىمىز.

عُتْبَى: مەمنۇنلۇق، رازىمەنلىك.

أَعْطَاهُ الْعُتْبَى: ئۇنى مەمنۇن قىلدى.

عَتَّ يَعُتُّ عَتًّا الشَّيْءَ: تەكرارلىدى، قايتىلىدى.

عَتَّ فُلَانًا بِالْمَسْئَلَةِ: مەسىلىنى تەكرار تەلەپ قىلدى.

عَتَّهُ بِالْكَلَامِ: ئۇنى ئەيىبلىدى، مالامەت قىلدى.

عَتَّارٌ: قەھرىمان، باتۇر، قاۋۇل ئات.

عَتَّالٌ ج عَتَّالُونَ: هامال، يۈك توشۇغۇچى.

عَتَّبَ يُعَتِّبُ تَعْتِيبًا الرَّجُلُ: كىچىكتۈردى، ئارقىغا سۈردى.

عَتَّبَ الْبَابَ: ئىشىككە بوسۇغا بىكىتتى.

عَتَّدَ يُعَتِّدُ تَعْتِيدًا الشَّيْءَ: نەرسىنى تەييارلىدى، هازىرلىدى.

عَتَّقَ يُعَتِّقُ تَعْتِيقًا الْخَمْرَ: هاراقنى ئۇزۇن ساقلاپ ئېچىتتى.

عَتَّقَ الثَّوْبَ: كىيىمنى كونىرىتىۋەتتى.

عَتَّمَ يُعَتِّمُ تَعْتِيمًا: كېچىكتۈردى، تەخىر قىلدى.

عَتَّمَ عَنِ الْأَمْرِ: ئىشتىن توختىدى.

عَتَّمَ الْأَنْوَارَ: ئۆچۈرۈۋەتتى.

عَتَّمَ اللَّيْلُ: كېچىنىڭ بىر قىسمى ئۆتتى.

عَتُدَ يَعْتُدُ عِتَادًا وَ عِتَادَةً الشَّيْءُ: تەييار بولدى، هازىر بولدى؛ گەۋدىلەندى.

عُتُدَةٌ ج عُتَدٌ: تەييارلىق، هازىرلىق.

خُذِ الْأَمْرَ عُتْدَتَهُ: بۇ ئىش ئۈچۈن ياخشى تەييارلىق قىلغىن.

عَتَرَ يَعْتِرُ عَتَارًا الْعَتِيرَةَ: بۇتلارغا ئاتىغان قۇربانلىقنى ئۆلتۈردى.

عَتَرَ يَعْتِرُ عَتْرًا وَ عَتَرَانًا الرُّمْحُ: نەيزە تىترەپ كەتتى.

عِتْرٌ: ئەسلى، مەنبە، يىلتىز.

عَادَ إِلَى عِتْرِهِ: ئەسلىگە قايتتى.

عِتْرَةٌ: ئۇرۇق-تۇغقان؛ بىر بۆلۈك ئىپار.

عِتْرَةُ الرَّسُولِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادى.

عِتْرَةُ الرَّجُلِ: كىشىنىڭ جەمەتى.

عَتْرَسَ يُعَتْرِسُ عَتْرَسَةً الرَّجُلَ: قارشى تۇردى، قوپاللىق قىلدى.

عَتْرَسَ مَالَهُ: ئۇنىڭ مېلىنى زورلۇق بىلەن ئېلىۋالدى، بۇلىۋالدى.

عَتْرَسَ فِي الْأَمْرِ: قوپال مۇئامىلىدە بولدى.

عَتْرَسَةٌ: زورلۇق، مەجبۇرىي.

عَتْرَفَ يُعَتْرِفُ عَتْرَفَةً لَهُ: ئۇنىڭغا قاتتىق بولدى، قوپال بولدى.

عُتْرُفٌ: خوراز.

عِتْرِيسٌ ج عَتَارِيسُ: كۈچلۈك؛ قاتتىق بېسىم؛ ئاپەت، بالا-قازا؛ زوراۋان.

عِتْرِيفٌ ج عَتَارِيفُ: يولىدىن چىققان بۇزۇق؛ كۈچلۈك تۆگە.

عَتَفَ يَعْتِفُ عَتْفًا وَ عُتُوفًا الشَّعْرَ: تۆكنى يولدى.

عَتَقَ يَعْتِقُ عَتِقًا الشَّيْءُ: نەرسە كونىرىدى.

«عَتَقَ ثَوْبُهُ فَاشْتَرَى ثَوْبًا جَدِيدًا»: ئۇنىڭ كىيىمى كونىراپ كېتىۋىدى، يېڭى كىيىم سېتىۋالدى.

عَتَقَ الْمَالُ: مال ياخشىلاندى.

عَتَقَ الْخَمْرُ: هاراق كۈچلۈك بولدى.

عَتَقَ يَعْتِقُ عَتَاقَةً الْعَبْدُ: قۇل ئازاد بولدى.

عَتِقٌ: كونا؛ ئېسىل؛ ئازاد؛ ئالىيجانابلىق؛ ئازاد قىلماق.

عَتَلَ يَعْتِلُ عَتْلًا ـ هُ الشَّيْءَ: ئۇنىڭغا يۆكلەندى، ئارتىپ قويدى، كۆتۈرۈۋالدى، سۆرىدى.

﴿خُذُوهُ فَاعْتِلُوهُ إِلَى سَوَاءِ الْجَحِيمِ﴾ «قرآن»: ئۇنى تۇتۇپ سۆرەپ دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ بېرىڭلار.

كَانَ يَعْتِلُ صُنْدُوقًا ثَقِيْلًا عَلَى ظَهْرِهِ: ئۇ ئېغىر ساندۇقنى ئۆشنىسىگە ئارتىۋالغانىدى.

عَتِلَ يَعْتَلُ عَتَلًا إِلَى الشَّرِّ: يامانلىققا ئالدىرىدى.

عَتَلَةٌ ج عَتَلَاتٌ وَ عَتَلٌ: چانا، كىرا هارۋىسى؛ تۆۋرۈك، لوم تۆمۈر.

عُتُلٌّ: قوپال؛ كۈچلۈك؛ ئاچ كۆز؛ تويماس.

﴿عُتُلٍّ بَعْدَ ذَالِكَ زَنِيمٍ﴾ «قرآن»: قوپال، ئۇنىڭ ئۈستىگە هارامدىن بولغان.

«أَلَا أُخْبِرُكُمْ بِأَهْلِ النَّارِ؟ كُلُّ عُتُلٍّ جَوَّاظٍ مُسْتَكْبِرٍ» «حديث»: «مەن سىلەرگە دوزاخ ئەهلىدىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ ئۇلار: قوپال، بېخىل، تەكەببۇر كىشىلەردۇر».

عَتَمَ يَعْتِمُ عَتْمًا الرَّجُلُ: چېكىنىدى، كېچىكتى؛ كېچىكتۈردى.

عَتَمَ اللَّيْلُ: كېچىنىڭ بىر قىسمى ئۆتۈپ كەتتى، كېچىنى زۇلمەت باستى.

عَتَمَ عَنِ الْأَمْرِ: ئىشتىن توختىدى.

«لَايَعُودُ إِلَى مَنْزِلِهِ إِلَّا بَعْدَ أَنْ يَعْتِمَ اللَّيْلُ»: ئۇ ئۆيىگە پەقەت ئاۋۋال ئاخشامدىلا كېلىدۇ.

عُتْمٌ ـ عُتُمَةٌ: ياۋا زەيتۇن دەرىخى.

عَتَمَةٌ: كېچىكمەك، تەخىر قىلماق؛ كېچىنىڭ ئاۋۋالقى ئۈچتىن بىر قىسىم ۋاقتى؛ خۇپتەن نامىزى؛ كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى.

«وَلَوْ يَعْلَمُونَ مَا فِي الْعَتَمَةِ وَالصُّبْحِ لَأَتَوْهُمَا وَلَوْحَبْوًا» «حديث»: ئەگەر كىشىلەر خۇپتەن بىلەن بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇغانىنىڭ ساۋابىنى بىلگەن بولسا ئىدى، ئۆمىلەپ بولسىمۇ ئۇ ئىككى نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشقا كەلگەن بولاتتى.

«زَالَ نُورُ الشَّفَقِ وَعَمَّتْ عَتَمَةُ اللَّيْلِ»: شەپەق نۇرى كېتىپ كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى باستى.

عَتَنَ يَعْتُنُ / يَعْتِنُ عَتْنًا فُلَانًا إِلَى السِّجْنِ: تۈرمىگە ئېتتىك كىرگۈزۈۋەتتى.

عَتِهَ يَعْتَهُ عَتَهًا وَ عَتَاهًا وَ عَتَاهَةً الرَّجُلُ: ئەخمەق بولدى، گالۋاڭ بولدى، مەتۇ بولدى.

عُتْهٌ ـ عَتَهٌ: ئەخمەقلىق، گالۋاڭلىق.

عُتُوٌّ: چوڭچىلىق قىلماق، تەكەببۇرلۇق قىلماق؛ ھەددىدىن ئاشماق.

﴿بَلْ لَجُّوا فِي عُتُوٍّ وَنُفُورٍ﴾ «قرآن»: ئۇلار تەكەببۇرلۇقتا، ھەقتىن يىراقلىشىشتا ئەزۋەيلەپ كەتكەندۇر.

عَتِيْدٌ: تەييارلانغان، ھازىرلانغان؛ چوڭ، زور، گەۋدىلىك.

قَلَمٌ عَتِيْدٌ: گاكبىي قەلەم، مېتال قەلەم.

﴿مَا يَلْفِظُ مِنْ قَوْلٍ إِلَّا لَدَيْهِ رَقِيْبٌ عَتِيْدٌ﴾ «قرآن»: ئۇ قانداق بىر سۆزنى قىلمىسۇن، ئۇنىڭ ئالدىدا ھامان پەرىشتە ھازىر بولۇپ كۆزىتىپ تۇرىدۇ.

عَتِيْرَةٌ ج عَتَائِرُ: بۇتقا ئاتالغان قۇربانلىق مال.

عَتِيْقٌ ج عُتَقَاءُ: قەدىمىي، كونا، ئازاد قىلىنغان.

الْبَيْتُ الْعَتِيْقُ: كەئبە، قەدىمكى ئۆي.

﴿وَلْيَطَّوَّفُوا بِالْبَيْتِ الْعَتِيْقِ﴾ «قرآن»: قەدىمىي بەيت (يەنى بەيتۇللاھ)نى تاۋاپ قىلسۇن.

عَتِيْقٌ ج عِتَاقٌ: ئېسىل، ياخشى.

فَرَسٌ عَتِيْقٌ: نەسىللىك ئات.

هَذَا ثَوْبٌ عَتِيْقٌ: بۇ كونا كىيىم.

عَتِيْقَةٌ ج عَوَاتِقُ: كونا، قەدىمىي؛ ئېسىل؛ ئازاد قىلىنغان.

أَمَةٌ عَتِيْقَةٌ: ئازاد قىلىنغان چۆرە.

عَتَكَ يَعْتِكُ عَتْكًا وَ عُتُوكًا عَلَى الْأَمْرِ: ئىشقا تۇتۇش قىلدى.

عَتِيْكٌ: كونىراپ قىزىرىپ كەتكەن.

عَتِيْكٌ مِنَ الْأَيَّامِ: قاتتىق ئىسسىق كۈن.

عَتِيْلٌ ج عُتُلٌ وَ عُتَلَاءُ: ياللانما خادىم؛ قاتتىق.

مَرَضٌ عَتِيْلٌ: ئېغىر كېسەل.

عَتِيَّةٌ ج عُتَهَاءُ: ئەخمەق، مەتۇە، ئەقىلسىز.

عِتِيٌّ ج أَعْتَاءُ: مۇستەبىت، زومىگەر.

عُتِيٌّ: چوڭچىلىق قىلماق، تەكەببۇرلۇق قىلماق، ھەددىدىن ئاشماق؛ چېكىگە يەتمەك.

﴿وَقَدْ بَلَغْتُ مِنَ الْكِبَرِ عِتِيًّا﴾ «قۇرئان»: مەن قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەن تۇرسام...

عَثَا يَعْثُو عُثُوًّا: بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچىغا چىقتى.

﴿فَاذْكُرُوا آلَاءَ اللهِ وَلَا تَعْثَوْا فِي الْأَرْضِ مُفْسِدِيْنَ﴾ «قۇرئان»: ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ياد ئېتىڭلار، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار.

عَثَّتْهُ الْحَيَّةُ: ئۇنى يىلان چېقىۋالدى.

عِثَارٌ: تېيىلىپ كەتمەك، يىقىلماق؛ مەغلۇپ بولماق؛ يامانلىق، يىرگىنچلىك.

عِثَارُ الْجَدِّ: بەختسىزلىك، بىتەلەيلىك.

«مَنْ سَلَكَ الْجَدَدَ أَمِنَ الْعِثَارَ» «مثل»: تۈز يولدا ماڭغان تېيىلىپ كەتمەيدۇ.

عَثَّ يَعُثُّ عَثًّا غَيْرَهُ: گەپ ياندۇردى، ئەيىبلىدى.

عَثَّ الْعُثَّةُ الصُّوفَ: يۇڭنى كۈيە يېتتى.

عُثٌّ ج عِثَاثٌ: بىر خىل زەھەرلىك يىلان (قۇرغاقچىلىق بولسا بىر-بىرىنى يەيدۇ).

عُثَّةٌ ج عُثَثٌ: كۈيە، مىتە.

عَثَّثَ يُعَثِّثُ تَعْثِيْثًا فِي غِنَائِهِ: مۇڭلۇق ناخشا ئېيتتى.

عَثَّرَ يُعَثِّرُ تَعْثِيْرًا ـ هُ: ئۇنى يىقىتىۋەتتى، پۇتلىدى.

عَثَرَ يَعْثِرُ عَثْرًا وَ عِثَارًا الرَّجُلُ: پۇتلىشىپ كەتتى، مودۇرۇلۇپ كەتتى.

عَثَرَ بِهِ الزَّمَانُ: ئۇنى پالاكەت باستى، نەس باستى.

عَثَرَ جَدُّهُ: ئۇ بەختسىز بولدى.

عَثَرَ يَعْثُرُ عَثْرًا وَ عُثُورًا الْعِرْقُ: تومۇر سوقتى.

عَثَرَ السِّرَّ: مەخپىيەتلىكتىن خەۋەردار بولدى.

﴿فَإِنْ عُثِرَ عَلَى أَنَّهُمَا اسْتَحَقَّا إِثْمًا فَآخَرَانِ يَقُومَانِ مَقَامَهُمَا﴾ «قۇرئان»: ئەگەر ئۇ ئىككى گۇۋاھچىنىڭ گۇناھى بىلىنسە، ئۇلار ئورنىغا مىراس ئېلىشقا ئەڭ ھەقلىق بولغان ۋارىسلاردىن ئىككى كىشى گۇۋاھ بولۇپ...

عَثَرَ يَعْثُرُ عُثُورًا: تاپتى، تېپىۋالدى.

عَثَرَ عَلَى الْأَمْرِ: بىر ئىشقا يولۇقۇپ قالدى، ئۇچرىشىپ قالدى.

«عَثَرَ رِجَالُ الْأَمْنِ عَلَى السَّيَّارَةِ الْمَسْرُوقَةِ فِي مَكَانٍ مَهْجُورٍ»: ئامانلىق ساقلاش خادىملىرى ئوغرىلانغان ماشىنىنى تاشلاندۇق جايدىن تېپىۋالدى.

عَثْرَةٌ ج عَثَرَاتٌ: تېيىلىپ كەتمەك، يىقىلىپ چۈشمەك، مەغلۇپ بولماق.

حَجَرُ عَثْرَةٍ: توسالغۇ، پۇتلىكاشاڭ.

«وَقَفَ التَّخَلُّفُ حَجَرَ عَثْرَةٍ فِي سَبِيْلِ نَهْضَةِ الْأُمَّةِ»: قالاقلىق مىللەتنىڭ تەرەققىيات يولىدا پۇتلىكاشاڭ بولدۇ.

عُثْقُولٌ ج عَثَاقِيْلُ: بانانىنىڭ ساپىقى، بىر ساپاق بانان.

عُثْكُولٌ ج عَثَاكِيْلُ: بىر ساپاق خورما، خورمىنىڭ ساپىقى؛ زىننەت شارى.

عَثَلَ يَعْثُلُ عَثْلًا ـ تْ يَدُهُ: سۇنغان قولى جايىغا چۈشمىدى.

عَثِلَ يَعْثَلُ عَثَلًا الشَّيْءُ: كۆپەيدى، كۆپ بولدى، زورايدى، توم بولدى.

**عَثِلٌ:** كۆپ، نۇرغۇن، توم.

**عَثَمَ يَعْثُمُ عَثْمًا وَعَثِمَ يَعْثَمُ عَثَمًا الْعَظْمُ الْمَكْسُورُ:** سۇنۇق، تۇتىشىپ، جايىغا چۈشمىدى.

**عَثَنَ يَعْثِنُ عَثْنًا وَعُثُونًا وَعثَانًا الرَّجُلُ فِي الْجَبَلِ:** كىشى تاغقا ياماشتى.

**عَثَنَ النَّارُ:** ئوتتىن تۈتۈن چىقتى.

**عَثَنَ الثَّوْبَ بِالطِّيْبِ:** كىيىمنى خۇش پۇراق بىلەن ھوردىدى.

**عَثَنٌ ج أَعْثَانٌ:** ئىس-تۈتەك، توپا-چاڭ؛ كىچىك بۇت.

**عَثِنٌ:** ئىس ئۆتۈپ قالغان تاماق.

**عِثْنٌ:** مال-مۈلۈك باشقۇرغۇچى.

**عُثْنُونٌ ج عَثَانِيْنُ:** ساقال.

**لَهُ عُثْنُونٌ طَوِيْلٌ:** ئۇزۇن ساقاللىق.

**عَثْوَةٌ ج عِثًى:** ئۇزۇن چىگە چاچ.

**الْعِثْوَلُ:** قوپال، توك؛ باش-كۆزىنى تۈك بېسىپ كەتكەن.

**عَثُولٌ:** توم خورما دەرىخى.

**الْعُثُولُ:** ئەخمەق؛ يوغان خورما دەرىخى.

**عَثَى يَعْثِي وَعَثِيَ يَعْثَى عَثِيًا وَعَثِيَانًا:** بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچىغا چىقتى، ئەسكىلىكتە چېكىگە يەتتى.

**عِثْيَرٌ:** چاڭ-توزان، توپا-چاڭ.

**عَجَا يَعْجُو عَجْوًا فَمَهُ:** ئېغىزىنى ئاچتى.

**عَجَتِ الْأُمّ الْوَلَدَ:** ئانا بالىنى ئېمىتتى.

**عَجَائِبِيٌّ:** مۆجىزە، ئاجايىپ ۋەقەلەر.

**عَجَائِنُ:** رايىش، يۇمشاق، ئىلاستىكلىق.

**عُجَابٌ:** ئاجايىپ، غەلىتە، قىزىق.

﴿إِنَّ هَذَا لَشَيْءٌ عُجَابٌ﴾ ‹قرآن›: بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش.

**عَجَاجٌ الواحدة عَجَاجَةٌ:** ئاددىي خەلق، ئاۋام پۇقرا.

**عَجَاجٌ م عَجَاجَةٌ ج أَعِجَّةٌ:** تۈتۈن، تۇمان، ئىس-تۈتەك، توپا-چاڭ.

**هَبَّتِ الرِّيْحُ فَانْتَشَرَ الْعَجَاجُ:** شامال چىقىپ چاڭ-توزان توزىدى.

**عِجَارٌ ج عُجُرٌ:** باش ياغلىقى، رومال.

**عِجَازَةٌ:** پەرتۇق، پوپايكا.

**عُجَالَةٌ ج عُجَالَاتٌ:** ئالدىراش تەييارلانغان نەرسە؛ تەييار تاماق.

**لَخَّصَ الْمُحَاضَرَةَ فِيْ عُجَالَةٍ:** لېكسىيىنى ئالدىراپ-سالدىراپ قىسقارتتى.

**عُجَاهِنٌ ج عُجَاهِنَةٌ:** كىرپە؛ قان سىستېمىسى ئارىلاشما ئادەم؛ خىزمەتچى، خادىم؛ ئاشپەز.

**عَجَايِبُ:** نىمىدېگەن گۈزەل، نىمىدېگەن چىرايلىق.

**عَجِبَ يَعْجَبُ عَجَبًا:** ئەجەبلەندى، ھەيران قالدى.

﴿بَلْ عَجِبْتَ وَيَسْخَرُونَ﴾ ‹قرآن›: (ئى مۇھەممەد) بەلكى ئەجەبلىنەرسەن. ئۇلار بولسا، سېنى مەسخىرە قىلىشىدۇ.

**عَجِبْتُ مِنْ تَصَرّفِهِ السَّيِّءِ:** ئۇنىڭ يامان قىلىقىدىن ھەيران قالدىم.

**عَجِبْتُ مِنْ ذَكَائِهِ:** ئۇنىڭ زېرەكلىكىدىن ھەيران قالدىم.

**عَجَبٌ:** ھەيران بولماق، ئەجەبلەنمەك، تەئەججۇپ قىلماق.

**لَا عَجَبَ:** ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

**يَا لَلْعَجَب عَجَبًا:** ئەجەبا، ئاجايىپقۇ، نىمىدېگەن ئاجايىپ.

﴿وَاتَّخَذَ سَبِيْلَهُ فِي الْبَحْرِ عَجَبًا﴾ ‹قرآن›: بېلىق دەرياغا ئاجايىپ يول ئالغانىدى.

**هَذَا أَمْرٌ عَجَبٌ:** بۇ قىزىق ئىشقۇ.

**إِذَا عُرِفَ السَّبَبُ بَطَلَ الْعَجَبُ:** سەۋەب بىلىنسىلا ئەجەبلىنىش بولمايدۇ.

**عَجَبٌ عَاجِبٌ:** قالتىس، نىمىدېگەن ئاجايىپ، تولىمۇ ھەيران قالارلىق.

www.uyghurkitap.com

**عُجْبٌ:** ئۆزىنى چوڭ تۇتماق، كىبىرى.

**خَفِّفْ مِنْ عُجْبِكَ:** ئانچە كۆرەڭلەپ كەتمە، ئۆزۈڭگە ئانچە تەمەننا قىلما.

**عَجْبٌ ج عُجُوبٌ:** نەرسىنىڭ كەينى، قۇيرۇقى.

**عَجَّ يَعِجُّ عَجًّا وَ عَجِيْجًا:** توۋلىدى، سۈرەن سالدى، ۋارقىرىدى.

**عَجَّ إِلَى اللهِ بِالدُّعَاءِ:** ئاللاھقا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن دۇئا قىلدى.

**عَجَّ الطَّرِيْقَ بِالنَّاسِ:** ئادەملەر بىلەن يول تولۇپ كەتتى.

**عَجَّتِ الرِّيْحُ الْغُبَارَ:** شامال توپا توزاتتى.

**عَجٌّ:** سۈرەن-چۇقان، ئاللا-توۋا.

**عُجَّابٌ:** ئاجايىپ، غەلىتە، قىزىق.

**عَجَّاجٌ:** ۋارقىرىغۇچى، ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلغۇچى.

**نَهْرٌ عَجَّاجٌ:** شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەريا.

**عَجَّالٌ:** جىددىي، تېز، ئالدىراش، ئالدىراڭغۇ.

**عَجَّانٌ ج عَجَّانُونَ:** خېمىر يۇغۇرغۇچى.

**عَجَّبَ يُعَجِّبُ تَعْجِيْبًا:** ئەجەبلەندۈردى، ھەيران قالدۇردى.

**عُجَّةُ الْبِيْضِ:** تۇخۇم قورۇمىسى.

**عَجَّجَ يُعَجِّجُ تَعْجِيْجًا الْغُبَارَ:** توپا توزۇتتى.

**عَجَّجَ الْبَيْتَ مِنَ الدُّخَانِ:** ئۆينى ئىس-تۈتەك قاپلىدى.

**عَجَّزَ يُعَجِّزُ تَعْجِيْزًا الشَّخْصَ:** ئاجىزلىتىۋەتتى، ئامالسىز قالدۇردى.

**عَجَّزَ الشَّخْصُ:** قېرىپ كەتتى.

**عَجَّزَنِي بِطَلَبَاتِهِ الْكَثِيْرَةِ:** ئۇنىڭ تەلەپلىرىنىڭ كۆپلۈكى مېنى ھالسىرىتىۋەتتى.

**عَجَّفَ يُعَجِّفُ تَعْجِيْفًا نَفْسَهُ عَنِ الطَّعَامِ:** تاماقتىن ئۆزىنى تارتتى، پەرھىز تۇتتى.

**عَجَّلَ يُعَجِّلُ تَعْجِيْلًا:** ئالدىرىدى؛ ئىلگىرى سۈردى؛ ياردەم بەردى.

**عَجَّلَهُ:** ئۇنى سۈيلىدى، ئالدىراتتى.

﴿لَوْ يُؤَاخِذُهُمْ بِمَاكَسَبُوا لَعَجَّلَ لَهُمُ الْعَذَابَ﴾ ‹قرآن›: ئەگەر ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا قاراپ جازالايدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇلارغا قىلىنىدىغان ئازابنى تېزلەتكەن بولاتتى.

«إِذَا أَرَادَ اللهُ بِعَبْدِهِ خَيْرًا عَجَّلَ لَهُ الْعُقُوبَةَ فِي الدُّنْيَا» ‹حديث›: ئەگەر ئاللاھتائالا بىرەر بەندىسىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازانى ئاخىرەتكە قالدۇرماي، دۇنيادىلا بېرىۋېتىدۇ.

**عَجَّلَ عَلَيْهِ:** تېز ئەۋەتتى.

**عَجَّلَ لَهُ مِنَ الثَّمَنِ كَذَا:** ئالدىدىن پۇل تۆلىدى.

**عَجَّمَ يُعَجِّمُ تَعْجِيْمًا الْكِتَابَ:** ھەرپلەرگە چېكىت قويدى.

**عَجَّهَ يُعَجِّهُ تَعْجِيْهًا بَيْنَهُمَا:** ئايرىۋەتتى، بۆلۈۋەتتى.

**عَجْدٌ:** ئۈزۈم ئۇرۇقى.

**عَجَرَ يَعْجِرُ عَجْرًا عَلَيْهِ بِالسَّيْفِ:** قىلىچ بىلەن قىردى.

**عَجَرَ الْفَرَسُ:** ئات قۇيرۇقىنى تىكىپ چاپتى.

**عَجَرَ فُلَانًا بِالْعَصَا:** تاياق بىلەن ئۇرۇپ ئىششىتىۋەتتى.

**عَجِرَ يَعْجَرُ عَجَرًا الرَّجُلُ:** كىشى سەمرىپ كەتتى.

**عَجَرٌ:** تومپىيىپ چىقماق، ھۆررەك پەيدا بولماق.

**عُجْرٌ:** پىشمىغان، خام.

**عَجْرَاءُ ج عُجْرٌ:** سېمىز، يوغان قورساق.

**عُجْرَةٌ ج عُجَرٌ:** ھۆررەك، مۇنەك، تۈگۈن؛ سىل كېسىلى، تۇبېركۇليوز.

**عُجَرُهُ وَ بُجَرُهُ:** ئۇنىڭ كەمچىلىكلىرى، ئۇنىڭ قايغۇ-ھەسرەتلىرى.

**عَجْرَفَ يُعَجْرِفُ عَجْرَفَةً:** تەكەببۇرلۇق قىلدى، گىدەيدى.

**عَجْرَفَةٌ:** قوپال، توڭ.

«كَانَ النَّاسُ يَكْرَهُونَهُ لِعَجْرَفَتِهِ»: ئۇنىڭ

تەكەببۇرلۇقىدىن كىشىلەر ئۇنى ياقتۇرمايتتى.

**عَجْرَمَ يُعَجْرِمُ عَجْرَمَةً:** ئالدىرىدى، تېنىدى.

**عَجْرَمٌ ج عَجَارِمُ:** پاكار، دوغىلاق سېمىز.

**عُجْرُمٌ ج عُجَارِمُ:** كۇچلۇك تۆگە؛ كۇچلۇك ئادەم.

**عُجْرُورٌ ج عَجَارِيْرُ:** قۇم ئۇستىدىكى شامال چىقارغان سىزىق.

**عُجْرُوفٌ ج عَجَارِيْفُ:** زاماننىڭ ھادىسىلىرى.

**عَجَزَ يَعْجِزُ عَجْزًا وَ عُجُوزًا وَ عَجَزَانًا وَ مِعْجَزًا عَنْ كَذَا:** ئاجىز كەلدى، قۇدرىتى يەتمىدى، ئاجىزلاپ كەتتى.

**«عَجَزْتُ عَنْ تَحْقِيْقِ هَدَفِي»:** مەقسىتىمنى ئاشۇرۇشقا ئاجىز كەلدىم.

**عَجَزَ وَ عَجُزَ يَعْجُزُ عُجُوزًا:** قېرىدى، ياشاندى.

**عَجَزَتِ الْمَرْأَةُ:** ئايال قېرىپ كەتتى.

**عَجْزٌ:** ئاجىزى، ئاجىزلىق؛ ئىقتىدارسىزلىق؛ يېتەرسىزلىك.

**أُعْطِيَ مَعَاشُ عَجْزِهِ:** قۇتقۇزۇش نەپىقىسى بېرىلدى.

**عَجِزٌ ج أَعْجَازٌ:** ئارقا قىسىم، كاسا، قۇيرۇق، ساغرا.

**عَجِزُ بَيْتِ الشِّعْرِ:** شېئىرنىڭ ئاخىرقى يېرىم مىسراسى.

**عُجزٌ ج أَعْجَازٌ:** دەرەخ كۆتىكى.

﴿فَتَرَى الْقَوْمَ فِيْهَا صَرْعَى كَأَنَّهُمْ أَعْجَازُ نَخْلٍ خَاوِيَةٍ﴾ ‹قرآن›: (ئاد) قوۋمىنىڭ (ئۆز ماكانلىرىدا ھالاك بولۇپ)، خورما دەرىخىنىڭ پۇر كۆتەكلىرىدەك ياتقانلىقىنى كۆرىسەن.

**عُجْزَةٌ:** كەنجى بالا، قىزچاق.

**عَجَسَ يَعْجِسُ عَجْسًا عَلَى الشَّيْءِ:** مەھكەم تۇتۇۋالدى.

**عَجْسٌ:** ئوتتۇرىسى، مەركىزىي نۇقتىسى.

**عُجْسَةٌ:** كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى، كېچىنىڭ بىر قىسمى.

**عَجْعَجَ يُعَجْعِجُ عَجْعَجَةً:** چۇقان سالدى، ئاللاھ-تۇۋا كۆتۈردى.

**عَجَفَ يَعْجِفُ عَجْفًا وَ عُجُوفًا نَفْسَهُ عَنِ الطَّعَامِ:** تاماقتىن ئۆزىنى تارتتى، پەرھىز تۇتتى.

**عَجُفَ يَعْجُفُ عَجَفًا الْحَيَوَانُ:** ھايۋان ئورۇقلاپ كەتتى.

**عَجُفَتِ الْأَغْنَامُ لِقِلَّةِ الْمَرْعَى:** ئوتلاقنىڭ قىسلىقىدىن قويلار جۇدەپ كەتتى.

**عَجِفٌ م عَجْفَاءُ ج عِجَافٌ:** ئاجىز، جۇدەڭ، ئورۇق.

**عَجْفَاءُ ج عِجَافٌ:** ئورۇق.

﴿أَفْتِنَا فِي سَبْعِ بَقَرَاتٍ سِمَانٍ يَأْكُلُهُنَّ سَبْعٌ عِجَافٌ﴾ ‹قرآن›: يەتتە ئورۇق كالىنىڭ يەتتە سېمىز كالىنى يەپ كەتكەنلىكىنى ... بىزگە ئېيتىپ بەرسەڭ.

**عَجِلَ يَعْجَلُ عَجَلًا وَ عَجَلَةً:** ئالدىرىدى، تېنىدى.

**عَجِلَ الْأَمْرَ:** ئىشنى ئىلگىرى سۈردى.

**لَاتَعْجَلْ فِي مَشْيِكَ:** ئالدىرىماي ماڭ.

﴿قَالَ هُمْ أُولَاءِ عَلَى أَثَرِي وَ عَجِلْتُ إِلَيْكَ رَبِّ لِتَرْضَى﴾ ‹قرآن›: مۇسا ئېيتتى: ئۇلار ئىزىمنى قوغلىشىپ كېلىۋاتىدۇ. پەرۋەردىگارىم! سېنى رازى بولسۇن، دەپ بۇ يەرگە ئالدىراپ كەلدىم.

**عَجَلٌ . عَجَلَةٌ:** تېز، ئالدىراش، ئالدىرىماق، تېز بولماق.

**عَادَ إِلَي بَيْتِهِ عَلَى عَجَلَةٍ:** ئۇ ئۆيىگە ئالدىراش قايتتى.

﴿خُلِقَ الْإِنْسَانُ مِنْ عَجَلٍ﴾ ‹قرآن›: ئىنسان ئالدىراڭغۇ يارىتىلغان.

**عِجْلٌ ج عُجُولٌ وَ عِجَلَةٌ وَ عِجَالٌ:** موزاي.

**عِجْلُ الْبَحْرِ:** دېڭىز يىلپىزى.

﴿فَأَخْرَجَ لَهُمْ عِجْلًا جَسَدًا لَهُ خُوَارٌ﴾ ‹قرآن›: سامىرىي (ئېرىتىلگەن زىبۇزىننەتلەردىن) ئۇلار ئۈچۈن بىر موزاي ھەيكەل ياسىدى. ئۇنىڭدىن موزاينىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ئاۋاز چىقاتتى.

uyghurkitap.com



**عَجْلٌ . عَجِلٌ:** ھازىرقى، نۆۋەتتىكى؛ تېز، چاپسان.

**عُجْلٌ . عُجْلَةٌ:** ئاددىي تاماق، ئۆي تامىقى.

**عَجْلَان م عَجْلَى ج عَجَالَى وَ عِجَالٌ:** ئالدىراڭغۇ، ئالدىراش.

**«أَلْقَى نَظْرَةً عَجْلَى عَلَى الرِّسَالَةِ»:** خەتكە تېزلا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى.

**عَجَلَةٌ:** ئالدىراڭغۇلۇق قىلماق، يېنىكلىك قىلماق.

**لَا دَاعِيَ لِلْعَجَلَةِ:** ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوق.

**اَلْعَجَلَةُ مِنَ الشَّيْطَانِ:** ئالدىراڭغۇلۇق شەيتاننىڭ ئىشى.

**فِي الْعَجَلَةِ النَّدَامَةُ:** ئالدىراڭغۇلۇق پۇشايمان ئېلىپ كېلىدۇ.

**عَجَلَةٌ ج عَجَلَاتٌ:** چاق، ۋېلىسىپىت، ھارۋا.

**عَجَلَةُ الْخَزَّافِ:** كۇلالچى چىغرىقى.

**عَجَلَةُ الْمُنَاوِلَةِ:** ئايلاندۇرغۇچ چاق.

**عَجَلَةٌ طَائِرَةٌ:** ئۇچقۇرچاق.

**عَجَلَةُ قِيَادَةٍ:** رول.

**عِجْلَةٌ ج عِجَلٌ وَ عِجَالٌ:** چىشى موزاي.

**عَجَمَ يَعْجُمُ عَجْمًا الْحَرْفَ:** ھەرپكە چېكىت قويدى.

**عَجَمَ يَعْجُمُ عَجْمًا وَ عُجُومًا الْعُودَ:** ياغاچنىڭ قاتتىقلىقىنى سىنىدى، تەكشۈردى.

**عَجَمَ الْأُمُورُ فُلَانًا:** ئىشلار پالاننى چېنىقتۇردى، سىناقتىن ئۆتكۈزدى.

**عَجَمَتْهُ الْعَيْنُ:** ئۇنى كۆردى.

**عَجُمَ يَعْجُمُ عُجْمَةً الرَّجُلُ:** كىشى كېكەچلىدى.

**عَجَمٌ ج أَعْجَامٌ:** پارس، غەيرىي ئەرەب، ئىرانلىق.

**بِلَادُ الْعَجَمِ:** ئىران.

**اَلْعَجَمُ . عُجْمٌ:** ئەرەب مىللىتىدىن باشقا مىللەت.

**عَجْمَاءُ ج عَجْمَوَاتٌ:** ھايۋان، ئۆي ھايۋانلىرى.

**عُجْمَةٌ:** تۇتۇق، مۇجمەل، چۈشىنىكسىز؛ قوم دۆۋىسى.

**«لَمْ يَسْتَطِعِ التَّعْبِيرَ عَمَّا فِي نَفْسِهِ بِسَبَبِ عُجْمَتِهِ:** كېكەچلىك سەۋەبىدىن مەقسىتىنى ئىپادىلىيەلمىدى.

**عَجَمَةٌ ج عَجَمَاتٌ وَ عَجَمٌ:** ئۇرۇقچا، ئۇچكە، مېغىز.

**عَجَمِيٌّ ج عَجَمٌ:** ئىرانلىق، ئىرانغا تەۋە.

**عَجَنَ يَعْجُنُ / يَعْجِنُ عَجْنًا:** ئىككى قولى بىلەن تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى.

**عَجَنَ الدَّقِيقَ:** خېمىر يۇغۇردى.

**عَجِنَ يَعْجَنُ عَجَنًا ـــتِ النَّاقَةُ:** تۆگە سەمرىپ كەتتى.

**عَجْوَةٌ:** مىجىلىپ كەتكەن (ئېزىلىپ كەتكەن) خورما.

**عَجُورٌ:** تەرخەمەك، كاۋا.

**عَجُوزٌ ج عُجُزٌ وَ عَجَائِزُ:** ياشانغان، قېرى؛ دوزاخ؛ ئۇرۇش؛ كېزىك؛ ھاراق؛ دۇنيا؛ يىل؛ يول؛ ئاجىز، زەئىپ؛ قازان؛ تۆگە؛ ئوت؛ خورما دەرىخى.

**أَيَّامُ الْعَجُوزِ . بَرْدُ الْعَجُوزِ:** موماي كۈنلىرى (2- ئاينىڭ 24- كۈنىدىن 3- ئاينىڭ 3- كۈنىگىچە بولغان كۈنلەر).

**﴿أَأَلِدُ وَأَنَا عَجُوزٌ وَ هَذَا بَعْلِي شَيْخًا﴾** «قرآن»: مەن بىر موماي تۇرسام، ئېرىم بىر بوۋاي تۇرسا تۇغامدىمەن.

**«الرِّيَاضَةُ الْبَدَنِيَّةُ عِنْدَ الْعَجَائِزِ وَالْمُسِنِّينَ عِبَارَةٌ عَنِ الْمَشْيِ»:** تېنى ئاجىز ۋە چوڭ ياشتىكىلەر ئۈچۈن بەدەن چېنىقتۇرۇش پىيادە يۈرۈشتىن ئىبارەت.

**عَجُوزٌ شَمْطَاءُ:** بەك قېرىپ كەتكەن ئادەم.

**عَجُوسٌ ج عَجَائِسُ:** كېچىنىڭ ئاخىرقى ۋاقتى، چوڭ يامغۇر، قېلىن بولۇت.

**عَجُولٌ ج عُجُلٌ:** ئالدىراڭغۇ، ھالاكەت، ئۆلۈم.

**﴿وَكَانَ الْإِنْسَانُ عَجُولًا﴾** «قرآن»: ئىنسان

ئالدىراڭغۇدۇر.

عَجُولٌ ج عُجُلٌ وَ عَجَائِلُ: بوتىلىقىدىن ئايرىلىپ قالغان ئانا تۆگە.

عَجْوَى: مىجىلىپ كەتكەن (ئېزىلىپ كەتكەن) خورما.

عَجَى يَعْجِي عَجْيًا الْوَلَدَ: بالىنى ئىنىكئانا ئېمىتتى.

عَجِيبٌ ج عِجَابٌ: ئاجايىپ، غەلىتە، قىزىق.

عَجِيبَةٌ ج عَجَائِبُ: مۆجىزە، ئاجايىپ.

«تُعْتَبَرُ الْإِهْرَامُ إِحْدَى عَجَائِبِ الدُّنْيَا السَّبْعِ»: ئېھرام دۇنيادىكى يەتتە مۆجىزىلەرنىڭ بىرى.

عَجِيجٌ: سۈرەن-چۇقان، ئاللا-تووا.

بِدُونِ عَجِيجٍ وَ لَاضَجِيجٍ: چۇقان-سۈرەنسىز.

عَلَا عَجِيجُ الْأَطْفَالِ فِي السَّاحَةِ: بالىلارنىڭ سۈرەن-چۇقانى مەيداننى بىر ئالدى.

عَجِيزَةٌ ج عَجَائِزُ: ساغرا.

عَجِيزَةُ الْمَرْأَةِ: ئايالنىڭ ساغرىسى.

عَجِيفٌ ج عَجْفَى: ئورۇق، جۇدەڭ.

عَجِيلٌ ج عِجَالٌ: چاپسان، ئىتتىك، ئالدىراش.

عَجِينَةٌ ج عَجَائِنُ: شىلىم، مەلھەم.

عَجِينَةُ أَسْنَانٍ: چىش پاستىسى.

عَجِينَةُ خَشَبٍ: ياغاچ بوتقىسى.

عَجِينَةٌ كِيمِيَائِيَّةٌ: سۇلياۋ، پىلاستىك ماتېرىيال.

عَجِينِيٌّ: خېمىردەك، شىلىمدەك.

عَجِيٌّ م عَجِيَّةٌ ج عَجَايَا: باشقىلارنىڭ سۈتىنى ئېمىپ چوڭ بولغان بالا؛ تۆگە قاتارلىقلار.

عَدَا يَعْدُو عَدْوًا وَ عُدُوًّا وَ تَعْدَاءً وَ عَدَوَانًا وَ عَدَّا الرَّجُلُ: يۈگۈردى، قاتىرىدى، چاپتى.

رَأَى الْغَزَالُ الصَّيَّادَ فَأَخَذَ يَعْدُو: كېيىك ئوۋچىنى كۆرۈپ تىكىۋەتتى.

لَا يَعْدُو أَنْ يَكُونَ كَذَا: مۇشۇنىڭدىن ئۆتمەيدۇ.

عَدَا يَعْدُو عَدْوًا وَ عُدْوَانًا الْأَمْرَ: ئىشنى تاشلىۋەتتى، ۋاز كەچتى.

لَا أَعْدُو الصَّوَابَ إِذَا قُلْتُ: گەپ قىلسام توغرىسىنى قىلىمەن.

عَدَا يَعْدُو عَدْوًا وَ عَدَوًّا وَ عَدَاءً وَ عُدْوَانًا عَلَيْهِ: زۇلۇم قىلدى، زىيانكەشلىك قىلدى.

عَدَا عَلَيْهِ الْعَوَادِي: ئۇنىڭغا بەختسىزلىك كەلدى.

﴿وَ قُلْنَا لَهُمْ لَا تَعْدُوا فِي السَّبْتِ﴾ «قرآن»: ئۇلارغا: «شەنبىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاڭلار (يەنى، شەنبىدە بېلىق تۇتۇش بىلەن ھەددىڭلاردىن ئاشماڭلار)»، دېدۇق.

عَدَا اللُّصُوصُ عَلَى أَمْوَالِهِ: ئوغرىلار ئۇنىڭ مال-مۈلكىنى ئوغرىلىدى.

عَدَا . مَاعَدَا: باشقا، ئۆزگە، ... دىن سىرت، ...دىن تاشقىرى.

جَاءَ الْقَوْمُ مَاعَدَا زَيْدًا: زەيدتىن باشقا ھەممە كەلدى.

عِدَاءٌ: دۈشمەنلىك، ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت.

عِدَائِيٌّ: دۈشمەنلىك قىلماق، ئاداۋەت تۇتماق، ئۆچەكەشمەك.

أَنْظُرُ إِلَيْهِ نَظْرَةً عِدَائِيَّةً: ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك بىلەن قارايمەن.

عِدَادٌ: باراۋەر؛ تەركىبىي قىسمى، ئىچى؛ بىر خىل؛ سەۋدايىلىك، تەلۋىلىك.

فِي عِدَادِهِمْ: ئۇلارنىڭ ئىچىدە، ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن.

«هُوَ فِي عِدَادِ الصَّالِحِينَ»: ئۇلار ياخشىلار قاتارىدا.

عَدَالَةٌ: ئادالەت، ھەققەت.

«إِشْتَهَرَ هَذَا الْقَاضِي بِحِرْصِهِ عَلَى الْعَدَالَةِ»: سوديە ئادىللىقى بىلەن شۆھرەت قازاندى.

الْعَدَالَةُ الْإِجْتِمَاعِيَّةُ: ئىجتىمائىي ئادالەت.

عَدَاوَةٌ ج عَدَاوَاتٌ: دۈشمەنلىك، ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت.

﴿وَأَلْقَيْنَا بَيْنَهُمُ الْعَدَاوَةَ وَالْبَغْضَاءَ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ﴾

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«قرآن»: بىز ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىكنى سالدۇق.

عَدَّ يَعُدّ عَدًّا وَ تَعْدَادًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ساندى، ھېسابلىدى.

عَدَدْتُهُ صَادِقًا: مەن ئۇنى راستچىل، دەپ قارىغانىدىم.

﴿وَإِنْ تَعُدّوا نِعْمَةَ اللهِ لاَ تُحْصُوهَا﴾ «قرآن»: سىلەر ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر.

عَدَّ فُلاَنًا عَالِمًا: پالاننى بىلىملىك ساندى.

لاَ يُعَدّ وَ لاَ يُحْصَى: سان-ساناقسىز.

عَدّ: سانىماق، ھېسابلىماق، ستاتىستىكا.

عَدّ الأَنْفُسِ: نوپۇس تەكشۈرمەك.

﴿لَقَدْ أَحْصَاهُمْ وَعَدَّهُمْ عَدًّا﴾ «قرآن»: شەك-شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنى تولۇق ئىگىلىدى ۋە سانىنى مۇكەممەل بىلدى.

عَدٌّ تَنَازُلِيّ: يۇقىرىدىن تۆۋەنگە سانىماق.

لاَيَسْهُلُ عَدُّهُمْ: ئۇلارنى ساناش تەس.

عَدَد: سانىماق، ھېسابلىماق؛ ستاتىستىكا.

﴿وَلِتَعْلَمُوا عَدَدَ السِّنِينَ وَ الْحِسَابَ﴾ «قرآن»: يىللارنىڭ سانىنى ۋە ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن كۈندۈزنىڭ ئالامىتىنى يورۇقلۇق قىلدۇق.

عَدَدٌ ج أَعْدَادٌ: سان، ساناق، رەقەم.

عَدَدُ الأَنْفُسِ: نوپۇس تەكشۈرمەك، ستاتىستىكا قىلماق.

عَدَدٌ زَوْجِيٌّ: جۈپ سان.

عَدَدٌ فَرْدِيٌّ: تاق سان.

عَدَدٌ أَصْلِيٌّ: ساناق سان.

عَدَدٌ أَوّلِيٌّ: تۈپ سان.

عَدَدٌ مُبْهَمٌ: ئاتالغۇسىز سان، مۇجمەل سان.

عَدَدٌ تَرْتِيبِيٌّ: رەت كۆرسەتكۈچى سان.

عَدَدٌ أَصَمٌّ: ئاتالغۇلۇق سان.

«لَقَدْ نُشِرَ الْعَدَدُ الثَّانِي مِنْ مَجَلَّةِ الْعُلُومِ»: ئىلىم-پەن ژۇرنىلىنىڭ 2-سانى نەشردىن چىقتى.

عَدَدِيٌّ: ساناقلىق.

عَدَّاءٌ ج عَدَّاؤُونَ: يۈگۈرۈك، يۈگۈرۈش چېمپىيونى.

«فَازَ الْعَدَّاءُ فُلاَنٌ بِالْمِيدَالِيَةِ الذَّهَبِيَّةِ»: يۈگۈرگۈچى پالانى ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى.

عَدَّادٌ ج عَدَّادَاتٌ: ھېسابلاش ماشىنىسى.

عَدَّادُ التَّاكْسِي: تاكسىنىڭ ماڭغان مىقدارىنى كۆرسىتىش ئاپپاراتى.

عَدَّادُ دَوَرَاتِ الآلَةِ: ماشىنىلارنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتىنى ئۆلچەش ئاپپاراتى.

عَدَّادُ الْكَهْرَبَائِيّ: ئىسچوتچىك.

عَدَّادُ الْغَازِ: گاز ئىسچوتچىكى.

عَدَّارٌ: ماترۇس، كېمىچى.

عُدَّةٌ: تەييارلىق، ھازىرلىق؛ جاھاز، ئۈسكۈنە، سايمان.

عُدَّةٌ حَرْبِيَّةٌ: ھەربىي قورال-ياراغ.

﴿وَلَوْ أَرَادُوا الْخُرُوجَ لَأَعَدُّوا لَهُ عُدَّةً﴾ «قرآن»: ئەگەر ئۇلارنىڭ جىھادقا چىقىش نىيىتى بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلاتتى.

عُدَّةُ الْحِلاَقَةِ: چاچ ئېلىش سايمانلىرى.

اتَّخَذَ عُدَّتَهُ ضِدَّهُ: ئۇنىڭغا قارشى تەييارلىق قىلدى.

«كَانَ الْعَدُوّ أَكْثَرَ مِنَّا عَدَدًا وَ عُدَّةً»: دۈشمەن سان ۋە قورال جەھەتتە بىزدىن كۆپ ئىدى.

أَعَدَّ لِلأَمْرِ عُدَّتَهُ: ئىشقا تەييارلىق قىلدى.

عِدَّةٌ ج عِدَدٌ: بىرقانچە، بىرنەچچە.

لِعِدَّةِ أَيَّامٍ: بىرقانچە كۈنلۈك.

عِدَّة آلة: مېخانىزم.

عِدَّةٌ بُخَارِيَّةٌ: پار ماشىنىسى.

عِدَّةُ الْمَرْأَةِ: ئايالنىڭ ئىددىتى.

﴿إِنَّ عِدَّةَ الشُّهُورِ عِنْدَ اللهِ اثْنَا عَشَرَ شَهْرًا﴾ «قرآن»:

شۇبھىسىزكى، (قەمەرى) ئايلارنىڭ سانى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا (يەنى، لەۋھۇلمەھپۇزدا) 12 ئايدۇر.

عَدَّدَ يُعَدِّدُ تَعْدِيْدًا الشَّيْءَ: نەرسىنى سانىدى، ھېسابلىدى.

عَدَّدَ الْمَالَ: مالنى زامانغا لايىقلاشتۇردى؛ مالنى يىغىپ ساقلىدى.

﴿وَيْلٌ لِكُلِّ هُمَزَةٍ لُمَزَةٍ ـ الَّذِي جَمَعَ مَالًا وَعَدَّدَهُ﴾ ‹قۇرئان›: (كىشىلەرنى) ئەيىبلىگۈچى سۇخەنچىگە ۋاي، ئۇ مال توپلىدى ۋە ئۇنى سانىدى.

عَدَّدَ الْمَيِّتَ: ئۆلگۈچىگە ماتەم تۇتقى سۆزلىدى، تەزىيە بىلدۈردى.

عَدَّلَ يُعَدِّلُ تَعْدِيْلًا: ئوڭشىدى، تۈزەتتى، رەتلىدى؛ ئۆزگەرتتى.

عَدَّلَ الْحُكْمَ: جازانى يېنىكلەتتى.

عَدَّلَ الْكِتَابَ: كىتابنى تۈزەتتى.

عَدَّلَ الْوِزَارَةَ: مىنىستىرلىقنى تەڭشىدى.

عَدَّلَ الدَّسْتُورَ: ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزدى.

عَدَّنَ يُعَدِّنُ تَعْدِيْنًا الْأَرْضَ: يەرنى ئوغۇتلىدى.

عَدَّنَ الْأَرْضَ بِالْمَعْدَنِ: كان ئاچتى.

عَدَّي يُعَدِّي تَعْدِيَةً عَنِ الْأَمْرِ: ئىشتىن ئايرىلدى، ۋاز كەچتى، قېلىپ قالدى.

عَدَّى الْفِعْلَ: پېئىلنى ئۆتۈملۈك پېئىلغا ئايلاندۇردى.

«إِذَا عَدَّي أَحَدُنَا النَّهْرَ فَلَنْ نَسْتَطِيْعَ اللِّحَاقَ بِهِ»: بىرىمىز دەريادىن ئۆتسە، ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيمىز.

عَدِّيَّةٌ وَضْعِيَّةٌ: سانلارنى خاتىرىلەش ئۇسۇلى.

عَدِّيَّةٌ لَفْظِيَّةٌ: ساناش ئۇسۇلى، ھېسابلاش ئۇسۇلى.

عَدِّيَّةٌ عَشْرِيَّةٌ: ئونلۇق سىستېما بويىچە ھېسابلاش ئۇسۇلى.

عَدَرَ يَعْدُرُ عَدَرًا وَعَدْرَةً: جۈرئەتلىك بولدى، يۈرەكلىك بولدى.

عَدِرَ يَعْدَرُ عَدَرًا الْمَكَانُ: جاينىڭ سۈيى كۆپ بولدى.

عُدْرَةٌ: يۈرەكلىك، جۈرئەتلىك.

عَدَسَ يَعْدِسُ عَدْسًا الشَّيْءَ: قاتتىق دەسسىدى.

عَدَسَهُ: ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلدى.

عَدَسَ الْمَوَاشِي: چارۋا باقتى.

عَدَسَ يَعْدِسُ عَدْسًا وَعَدَسَانًا وَعَدَاسًا وَعُدُوسًا فِي الْأَرْضِ: چوڭقۇر چۆكتى، ئىچكىرىلىدى.

عَدَسَتْ بِهِ الْمَنِيَّةُ: ۋاپات بولدى، ئۆلدى.

عَدَسٌ وَاحِدَتُهُ عَدَسَةٌ: قىزىل ماش، يېسىمۇق.

﴿مِنْ بَقْلِهَا وَقِثَّائِهَا وَفُومِهَا وَعَدَسِهَا وَبَصَلِهَا﴾ ‹قۇرئان›: زېمىننىڭ كۆكتاتلىرىدىن تەرخەمەك، سامساق، يېسىمۇق ۋە پىيازلارنى ئۆستۈرۈپ بەرسۇن.

عَدَسَةٌ ج عَدَسَاتٌ: دانىخورەك.

عَدَسَةٌ مَرْئِيَّةٌ: فوتو ئاپپاراتىنىڭ كۆزى.

عَدَسَةُ الْعَيْنِ: كۆز گۆھىرى.

عَدَسِيٌّ: لىنزا شەكىللىك.

عَدَسِيَّةٌ ج عَدَسِيَّاتٌ: لوپا ئەينەك.

عَدَفَ يَعْدِفُ عَدْفًا: ئازغىنە يېدى.

مَا عَدَفْتُ الْيَوْمَ: بۈگۈن بىرنەرسە يېتىپ باقمىدىم.

عَدْفٌ ج عُدُفٌ: ئازغىنە سوزغا، ئازغىنە ئوت ـ چۆپ.

عِدْفٌ: كىشىلەر توپى، كىچىنىڭ بىر قىسمى؛ يىلتىز.

عَدَفَةٌ ج عَدَفٌ: دەرەخ يىلتىزى.

عِدْفَةٌ ج عِدَفٌ: بىر پارچە نەرسە، بىر توپ كىشى.

عَدَلَ يَعْدِلُ عَدْلًا: ئوڭشىدى، تۈزەتتى، تۈزلىدى.

﴿الَّذِي خَلَقَكَ فَسَوَّاكَ فَعَدَلَكَ﴾ ‹قۇرئان›: ئۇ سېنى ياراتتى، (ئەزالىرىڭنى) بېجىرىم، قامىتىڭنى تۈز قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

عَدَلَ الْمِيزَانَ: جىڭنى توغرىلىدى.

عَدَلَ الْقَاضِى فِي حُكْمِهِ: قازى توغرا ھۆكۈم چىقاردى.

عَدَلَ يَعْدِلُ عَدْلًا وَعَدَالَةً وَمَعْدِلَةً: ئادىل بولدى؛ ئادىللىق قىلدى، توغرا قىلدى.

عَدَلَ فُلَانًا بِفُلَانٍ: پالاننى پالانىغا تەڭلەشتۇردى.

عَدَلَ يَعْدِلُ عَدْلًا وَعُدُولًا: چىكىندىن ئېشىپ كەتتى، يولدىن چىقىپ كەتتى؛ تاشلىۋەتتى.

عَدَلَ عَنْ رَأْيِهِ: نىيىتىدىن ياندى، پىكرىدىن قايتتى.

عَدَلَ عَنِ الطَّرِيقِ: يولدىن ئازدى.

لَنْ أَعْدِلَ عَنْ رَأْيِي: پىكرىمدىن ھەرگىز قايتمايمەن.

عَدَلَ يَعْدُلُ عَدَالَةً: ئادىل بولدى، ھەققانىي بولدى.

عَدْلٌ ج عُدُولٌ: ئۆلچىشىپ، تۈزىمەك، رۇسلىماق؛ ئادىل، ھەققانىي، سەممىي، خالىس؛ ئادالەت، ئىنساپ؛ ئۆخشىشى؛ جازا، فىدىيە.

شَاهِدُ عَدْلٍ: ئادىل گۇۋاھچى.

﴿إِذَا حَكَمْتُمْ بَيْنَ النَّاسِ أَنْ تَحْكُمُوا بِالْعَدْلِ﴾ ‹قرآن›: (ئاللاھ سىلەرنى) كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

﴿إِنَّ اللهَ يَأْمُرُ بِالْعَدْلِ وَالْإِحْسَانِ﴾ ‹قرآن›: ئاللاھ ھەققەتەن ئادىل بولۇشقا، ياخشىلىق قىلىشقا... بۇيرۇيدۇ.

بِعَدْلٍ . عَدْلًا: ئادىل، خالىس، ھەققانىي.

عُدُولٌ عَنِ الْأَمْرِ: ئىشتىن ۋاز كەچمەك.

عِدْلٌ ج أَعْدَالٌ وَ عُدُولٌ: يۈكىدىن توقۇلغان تاغار؛ ئۇلاغقا ئارتىلغان يۈكنىڭ بىر تەرىپى، نەرسىنىڭ ئوخشىشى، بىر خىل؛ مىقدار.

عَدِلٌ: ئادىل، ھەققانىي، توغرا، خالىس.

عَدْلِيٌّ: سوتنىڭ، سوت.

دَوَائِرُ التَّحْقِيقِ الْعَدْلِيِّ: سوتنىڭ تەكشۈرۈش ئورگانلىرى.

عَدْلِيَّةٌ: ئەدلىيە، سوت.

وِزَارَةُ الْعَدْلِيَّةِ: ئەدلىيە مىنىستىرلىقى.

عَدِمَ يَعْدِمُ / يَعْدَمُ عَدَمًا وَعَدَمًا الشَّيْءَ: نەرسە يوقالدى.

عَدِمَ الْمَالَ: مالنى يوقاتتى.

عَدُمَ يَعْدُمُ عَدَامَةً: يوقسۇل بولدى؛ ئەخمەق بولدى.

لَاعَدِمْتُكَ أَخًا مُخْلِصًا: سەندەك سەممىي بۇرادەردىن ئايرىلىپ قالمىغايمەن.

قَدْ لَاتَعْدِمُ الْحَسْنَاءُ ذَامًّا: ئەيىبسىز ئادەم بولمايدۇ.

عَدَمٌ: يوقلۇق، مەۋجۇت بولماسلىق؛ كەمچىل، يېتەرسىز؛ پېقىرلىق، يوقسۇزلۇق.

عَدَمُ الرِّضَى: رازى بولماسلىق.

عَدَمُ التَّعَاوُنِ: ھەمكارلاشماسلىق.

عَدَمُ الْحُضُورِ: قاتناشماسلىق، ھازىر بولماسلىق.

عَدَمُ الْإِعْتِدَالِ: نورمالسىزلىق؛ تۈز بولماسلىق؛ توك، قوپال.

عَدَمُ الْإِمْكَانِ: مۇمكىن بولماسلىق.

عَدَمُ التَّرْتِيبِ: تەرتىپسىز، رەتسىز.

عَدَمُ الثِّقَةِ: ئىشەنچسىز.

عَدَمُ الْإِعْتِدَاءِ: تاجاۋۇز قىلماسلىق.

عَدَمُ قُبُولِ الدَّعْوَى: دەۋانى قوبۇل قىلماسلىق.

لِعَدَمِ تَقَبُّلِ هَزَائِمِهِمْ: ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي.

عُدْمٌ . عُدُمٌ: كەم، كەمچىل، يېتەرسىز؛ كەمبەغەل؛ مەھرۇم بولماق، موھتاجلىق.

عَدَمِيٌّ: يوقلۇق، بوشلۇق، نەتىجىسىز.

عَدَمِيَّةٌ: ئىنكارچىلىق، يوقلۇق، نەتىجىسىز.

عَدَنَ يَعْدِنُ عَدْنًا وَعُدُونًا بِالْمَكَانِ: مەلۇم جايدا تۇردى، ماكانلاشتى.

عَدَنَ الْبَلَدَ: مەلۇم شەھەرنى ئۆز يۇرتى قىلىۋالدى.

عَدَنَ يَعْدِنُ عَدْنًا الْأَرْضَ: يەرنى ئوغۇتلىدى.

عَدَنَ الْحَجَرَ: تاشنى قومۇردى.

عَدَنَ الشَّجَرَ: دەرەخنى چېپىپ زوتال قىلىۋەتتى.

عَدْنٌ: مۇقىم تۇرماق، ۋەتەن تۇتۇۋالماق، ۋەتەن قىلىۋالماق.

جَنَّاتُ عَدْنٍ: مەڭگۈلۈك تۇرىدىغان جەننەتلەر.

﴿رَبَّنَا وَأَدْخِلْهُمْ جَنَّاتِ عَدْنٍ الَّتِي وَعَدتَّهُمْ﴾ «قۇرئان»: پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلارنى، ئۇلارغا ۋەدە قىلغان مەڭگۈلۈك جەننەتكە كىرگۈزگىن.

عَدَنٌ: ئەدەن (يەمەن تەرەپتىكى بىر يۇرتنىڭ نامى).

عَدْنَانٌ: ھىجاز ئەرەبلىرىنىڭ بوۋىلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى، رەسۇلۇللاھنىڭ 21- بوۋىسى.

بَنُو عَدْنَانٍ: ئەدنان ئەۋلادلىرى.

عَدَنِيٌّ: ئەدەنلىك، ئەدەنگە مەنسۇپ؛ گۈزەل ئەخلاق.

عَدْوٌ: يۈگۈرمەك، چاپماق.

كَانَ سَرِيْعَ الْعَدْوِ: ئۇ يۈگۈرگەك ئىدى.

﴿فَيَسُبُّوا اللهَ عَدْوًا بِغَيْرِ عِلْمٍ﴾ «قۇرئان»: ئۇلار بىلمىگەنلىكلىرىدىن ھەددىدىن ئېشىپ، ئاللاھنى تىللايدۇ.

عَدْوُ الْمُسَافَاةِ الطَّوِيْلَةِ: ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش.

«أَنَّهُ لَيْسَ أَسْرَعَ مِنِّي فِي الْعَدْوِ»: ئۇ مەندىن تېز يۈگۈرەلمەيدۇ.

عُدْوَانٌ: تاجاۋۇزچىلىق، زۇلۇم؛ ئېغىر زىيانكەشلىك.

ظُلْمًا وَعُدْوَانًا: ناھەق، ئادالەتسىزلىك قىلىپ، زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزچىلىق يۈزىسىدىن.

﴿وَلَا تَعَاوَنُو عَلَى الْإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ﴾ «قۇرئان»: گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار.

«أَدَانَ مَجْلِسُ الْأَمْنِ هَذَا الْعُدْوَانَ السَّافِرَ»: خەۋپسىزلىك كېڭىشى بۇ ئاشكارا تاجاۋۇزچىلىقنى ئەيىبلىدى.

عَدْوَانٌ: يۈگۈرۈك، تېز چاپىدىغان.

عَدْوَى: كېسەل يۇقماق، تارالماق.

نَاقِلٌ لِلْعَدْوَى: كېسەل يۇقتۇرغۇچى.

عَدْوَى وَبَائِيَّةٌ: يوقۇملۇق كېسەللىكلەر.

عُدْوَانِيٌّ: تاجاۋۇزكارانە.

سِيَاسَةٌ عُدْوَانِيَّةٌ: تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتى.

عُدْوَةٌ ج عُدًى: ئېگىز جاي؛ ساھىل، قىرغاق، دەريا بويى.

﴿إِذْ أَنْتُمْ بِالْعُدْوَةِ الدُّنْيَا وَهُمْ بِالْعُدْوَةِ الْقُصْوَى﴾ «قۇرئان»: ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ۋادىنىڭ (مەدىنىگە) يېقىن تەرىپىدە ئىدىڭلار، ئۇلار ۋادىنىڭ يىراق تەرىپىدە ئىدى.

«حَالَ السَّيْلُ دُونَ وُصُولِهِ إِلَى الْعُدْوَةِ الْأُخْرَى»: كەلكۈن ئۇنى ئىككىنچى قىرغاققا چىقارغۇزمىدى.

عَدُوٌّ ج أَعْدَاءٌ: دۈشمەن، ياۋ.

أَعْدَى أَعْدَائِهِ: ئۇنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى.

﴿هُمُ الْعَدُوُّ فَاحْذَرْهُمْ﴾ «قۇرئان»: ئۇلار دۈشمەندۇر، ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلىگىن.

«يُحَاوِلُ الْعَدُوُّ أَنْ يَنَالَ مِنْ وَحْدَتِنَا الْوَطَنِيَّةِ»: دۈشمەن بىزنىڭ مىللىي بىرلىكىمىزنى بۇزۇشقا ئۇرۇنماقتا.

عَدُوٌّ لَدُودٌ: ئەشەددىي دۈشمەن.

عَدِيَ يَعْدَي عَدًا: ئۆچ كۆردى.

عِدًى: دۈشمەنلەر.

عَدًى /عِدًى ج أَعْدَاءٌ: ساي، جىلغا، ۋادى.

عَدِيْدٌ ج أَعْدَادٌ وَ عَدَائِدُ: سان- ساناقلىق، كۆپ مىقدار؛ باراۋەر؛ مىقدار؛ نىسبە.

عَدِيْدَةٌ ج عَدَائِدُ: ھەسسىلىك، نىسبە.

مَضَتْ أَيَّامٌ عَدِيْدَةٌ: بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى.

عَدِيْلٌ ج عُدَلَاءُ: ئوخشىشى، تەڭدىشى؛ باجا.

لَيْسَ لَهُ عَدِيْلٌ: ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

عَدِيلُ الرَّجُلِ: كىشىنىڭ باجىسى.

عَدِيمٌ ج عُدَمَاءُ: يوقسۇل، كەمبەغەل، پېقىر؛ مەۋجۇت ئەمەس.

عَدِيمُ الْحَيَاةِ: جانسىز، ئۆلۈك.

عَدِيمُ النَّظِيرِ: ئوخشىشى يوق، مىسلىسىز، تەڭداشسىز.

عَدِيمُ الْخَوْفِ: قورقماس، جۈرئەتلىك.

عَدِيمُ الْقُوَّةِ: قابىلىيەتسىز، ئىقتىدارسىز.

عَدِيمُ الْاِحْسَاسِ: ھوشسىز، سېزىمى يوق.

عَدِيمُ الْجَدْوَى: پايدىسىز.

عَدِيمُ الْخَطَرِ: خەتەرسىز.

عَدِيمُ الطَّبَقَاتِ: سىنىپسىز.

عَدِيمُ الذَّكَاءِ: دۆت.

عَدَا يَعْدُو عَدْوًا الْمَكَانُ: جاينىڭ ھاۋاسى ياخشى بولدى.

عَذَابٌ ج أَعْذِبَةٌ: ئازاب، ئەلەم، دەرد، خاپىلىق.

عَذَابٌ أَلِيمٌ: دەردلىك ئازاب.

﴿إِنَّ الظَّالِمِينَ لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ﴾ ‹قرآن›: زالىملار چوقۇم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

عَذَاةٌ ج عَذًا وَ عَذَاوَاتٌ مِنَ الْأَرْضِ: ساپ ھاۋالىق يەر.

عِذَارٌ: ھايا، قورۇنۇش.

خَلِيعُ الْعِذَارِ: ھاۋايى-ھەۋەسكە بېرىلگۈچى، ھاياسىز.

خَلَعَ عِذَارَهُ: بېشەملىك قىلدى، نومۇسسىزلىق قىلدى.

عِذَارٌ ج عُذُرٌ: مەكىز، چېكە چاچ؛ ھايا؛ ئىرادە.

«هُوَ شَدِيدُ الْعِذَارِ لَا تُثَبِّطُهُ الصُّعُوبَاتُ»: ئۇ چىڭ ئىرادىلىك بولۇپ، ئۇنى قىيىنچىلىقلار باش ئەگدۈرەلمەيدۇ.

عِذَارُ اللِّجَامِ: چۇلۋۇر.

عَذُبَ يَعْذُبُ عُذُوبَةً الشَّرَابُ: شاراب تاتلىق بولدى، شېرىن بولدى.

عَذُبَ الْكَلَامُ: سۆز تاتلىق بولدى.

عَذُبَ الْغِنَاءُ: ناخشا مۇڭلۇق بولدى.

عَذْبٌ ج عِذَابٌ: شېرىن، تاتلىق، يېقىملىق.

مَاءٌ عَذْبٌ: تاتلىق سۇ.

﴿هَذَا عَذْبٌ فُرَاتٌ وَهَذَا مِلْحٌ أُجَاجٌ﴾ ‹قرآن›: بۇ تاتلىق بولغان دەريا، بۇ تۇزلۇق بولغان دېڭىز.

طَعَامٌ عَذْبٌ: مەززىلىك تاماق.

تَتَمَتَّعُ لَيْلَى بِصَوْتٍ عَذْبٍ: لەيلا يېقىملىق ئاۋازغا ئىگە.

عَذَبَةٌ ج عَذَبَاتٌ: چۇچا، پۆپۈك.

حِزَامٌ ذُوعَذَبَاتٍ: چۇچىلىق پوتا.

عَذَجَ يَعْذِجُ عَذْجًا الْمَاءَ: سۇ ئىچتى.

عَذَجَ فُلَانًا: پالاننى تىللىدى.

عَذَّالٌ: كۆپ ئەيىبلىگۈچى، كۆپ مالامەت قىلغۇچى.

عَذَّامٌ: چىشلىگەك، مالامەت قىلغاق.

عَذَّبَ يُعَذِّبُ تَعْذِيبًا: ئازابلىدى، جازالىدى، قىينىدى.

«إِنَّ اللهَ يُعَذِّبُ الَّذِينَ يُعَذِّبُونَ النَّاسَ فِي الدُّنْيَا» ‹حديث›: ئاللاھ دۇنيادا كىشىلەرنى قىينىغان ئادەملەرنى ئازابلايدۇ.

عَذَّرَ يُعَذِّرُ تَعْذِيرًا: ماكلاي چاچ چىقتى.

عَذَّلَ يُعَذِّلُ تَعْذِيلًا: تەنبىھ بەردى، تاپا-تەنە قىلدى، مالامەت قىلدى.

عَذَرَ يَعْذِرُ عُذْرًا وَ عُذْرًى وَ مَعْذِرَةً: كەچۈردى، كەڭچىلىك قىلدى.

عَذَرَ يَعْذِرُ عَذْرًا الْغُلَامَ: بالىنى خەتنە قىلدى، سۈننەت قىلدى.

عُذْرٌ ج أَعْذَارٌ: ئۆزرە، باھانە-سەۋەب، ئاقلاش سەۋەبى.

﴿فَالْمُلْقِيَاتِ ذِكْرًا عُذْرًا أَوْنُذْرًا﴾ ‹قرآن›: (بەندىلەرگە ئۆزرە (قالدۇرماسلىق) ياكى (ئاللاھنىڭ

ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋەھيىنى (پەيغەمبەرلەرگە) ئېلىپ چۈشكۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى

عَذْرَاءُ ج عَذَارَى وَ عَذَارٍ وَ عَذْرَوَاتٌ: قىز؛ تېخى شىلمىگەن مەرۋايىت.

أَرْضٌ عَذْرَاءُ: بوز يەر.

غَابَةٌ عَذْرَاءُ: ئىپتىدائىي ئورمان، تەبىئىي ئورمان.

فَتَاةٌ عَذْرَاءُ: قول تەگمىگەن قىز.

الْعَذْرَاءُ: مەريەم (ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى).

عَذْرَاوِيَّةٌ: قىزلىق، ئىپپەتلىك.

عُذْرَةٌ: قىزلىق.

أَبُو عُذْرَةِ الْكِتَابِ: كىتابنىڭ مۇئەللىپى.

«يُعْطِي الْمُجْتَمَعُ الْإِسْلَامِيّ أَهَمِّيَّةً لِعُذْرَةِ الْفَتَاتِ»: مۇسۇلمانلار جامائەسى قىزلارنىڭ قىزلىقىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

عُذْرِيٌّ: قىزلىق؛ پاك، ئىپپەتلىك، دىيانەتلىك، ساپ.

حُبٌّ عُذْرِيٌّ: پاك مۇھەببەت، مەنىۋى مۇھەببەت.

الْهَوَى الْعُذْرِيّ: پاك مۇھەببەت، چىن مۇھەببەت.

عَذَفَ يَعْذِفُ عَذْفًا مِنَ الطَّعَامِ: تاماقنى تېتىپ باقتى.

عَذْفٌ: ئازغىنە يېمەكلىك.

عَذَقَ يَعْذِقُ عَذْقًا النَّخْلَةَ: خورما دەرىخىنى چاتىدى.

عِذْقٌ ج أَعْذَاقٌ وَ عُذُوقٌ: بىر تىزىق، بىر زىخ، بىر باغلام، بىر ساپاق؛ پۆپۈك سىمان گۈل؛ پۇتاقلىق شاخ.

عَذِقٌ: ھوشيار، زېرەك.

طَيِّبٌ عَذِقٌ: خۇش پۇراق.

عَذَلَ يَعْذِلُ عَذْلًا: تەنبىھ بەردى، تاپا ـ تەنە قىلدى، مالامەت قىلدى.

عَذْلٌ . عَذَلٌ: مالامەت قىلماق، ئەيىبلىمەك، تاپا ـ تەنە قىلماق.

لَا فَائِدَةَ مِنَ الْعَذَلِ: مالامەت قىلىشنىڭ پايدىسى يوق.

«سَبَقَ السَّيْفُ الْعَذَلَ» ‹مثل›: قولدىن كەتكەننى ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ، ئۆتكەنگە سالاۋات.

«يَا عَاذِلِي هَلَّا كَفَفْتَ عَنْ عَذْلِي»: ئى مېنى مالامەت قىلغۇچى، مېنى مالامەت قىلىشنى توختاتساڭچۇ؟

عُذْلٌ: قاتتىق ئىسسىق.

أَيَّامُ عُذُلٍ: ئىسسىق كۈنلەر.

عَذَمَ يَعْذِمُ عَذْمًا: ئۆزىنى قوغدىدى.

عَلَامَاتٌ تِجَارِيَّةٌ: ماركا، ۋىۋىسكا، سودا ماركىسى، تاۋار بەلگىسى.

﴿وَعَلَامَاتٍ وَ بِالنَّجْمِ هُمْ يَهْتَدُوْنَ﴾ «قرآن»: (يوللارغا) بەلگىلەرنى قىلدى، ئۇلار (كېچىسى قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزلاردا) يۇلتۇزلار بىلەن يول تاپىدۇ.

عَلَامَةٌ مُمَيِّزَةٌ: ئالاھىدە بەلگە.

«كُتِبَتْ عَلَامَاتُ الطَّرِيْقِ بِخَطٍّ كَبِيْرٍ وَاضِحٍ»: يول بەلگىلىرى چوڭ خەت بىلەن ئوچۇق يېزىلدى.

عَلَامَةُ التَّعَجُّبِ: ئۈندەش بەلگىسى.

عَلَامَةُ الْإِسْتِفْهَامِ: سوراق بەلگىسى (؟).

عَلَامَاتُ الْحُدُودِ: چېگرا بەلگىسى.

عَلَانِيَةٌ: ئاشكارا، ئوچۇق.

عَلَانِيَةً: ئوچۇق-ئاشكارا، يوشۇرماستىن.

﴿وَأَنْفِقُوا مِمَّا رَزَقْنَاهُمْ سِرًّا وَ عَلَانِيَةً﴾ «قرآن»: بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا سەرپ قىلىدىغان كىشىلەرگە...

عِلَاوَةٌ ج عِلَاوَاتٌ وَ عَلَاوَى وَ عَلَاوِيٌّ: زىيادە، ئوشۇقچە، ئارتۇقچە.

عِلَاوَةٌ مَاهِيَّةٌ: قوشۇمچە ياردەم.

عِلَاوَةً عَنْ ذَالِكَ: بۇنىڭدىن تاشقىرى.

عِلَاوَةُ الْعَامِلِ: ئۆستۈرۈلگەن مائاش.

عَلَبَ يَعْلُبُ عَلْبًا الشَّيْءَ: نەرسىگە تامغا باستى، بەلگە قويدى.

عَلِبَ يَعْلَبُ عَلَبًا اللَّحْمُ: گۆش پۇراپ قالدى.

عُلْبَةٌ ج عُلَبٌ وَ عِلَابٌ: تېرە ياكى ياغاچتىن ياسالغان چوڭ قاچا.

عُلْبَةُ اللَّبَنِ: سۈت چېلىكى.

عُلْبَةٌ صَدْرِيَّةٌ: كۆكرەك بوشلۇقى.

«قَدَّمَ إِلَيْهِ عُلْبَةً مِنَ السَّجَائِرِ»: ئۇنىڭغا بىر قاپ تاماكا تۇتتى.

عَلَّبَ الْمَأْكُولَاتِ: يېمەكلىكلەر كونسېرۋاسى ياسىدى.

عُلَبُ اللَّيْلِ: كېچىلىك كۆڭۈل ئېچىش جايى.

عَلَثَ يَعْلِثُ عَلْثًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ئارىلاشتۇردى.

عَلِثَ يَعْلَثُ عَلَثًا الْقَوْمُ: قوۋم شىددەتلىك ئېلىشتى.

عَلِجَ يَعْلَجُ عَلَجًا الرَّجُلُ: كىشى كۈچەيدى؛ كۈچلۈك بولدى، قاتتىق بولدى.

عِلْجٌ ج عُلُوجٌ وَ أَعْلَاجٌ: قولان، ئېشەك، ياۋا ئېشەك؛ قوپال ئادەم.

عُلْجُومٌ ج عَلَاجِيمُ: خوراز؛ ئەركەك پاقا؛ خورمىلىق باغ.

عَلِدَ يَعْلَدُ عَلَدًا: قاتتىق بولدى، كۈچلۈك بولدى.

عِلْدٌ ج أَعْلَادٌ: بويۇن تومۇرى.

عَلِزَ يَعْلَزُ عَلَزًا وَ عَلَزَانًا: ئالاقزادە بولدى.

عَلِزٌ: قورققۇچى، يۈرەكئالدى بولغۇچى.

عَلَسَ يَعْلِسُ عَلْسًا الْمَاءَ: سۇ ئىچتى.

عَلَسَتِ الْإِبِلُ: تۆگە يەيدىغان نەرسىگە يېتىشتى.

عَلَسٌ: ئاشلىق.

عَلَضَ يَعْلِضُ عَلْضًا الْوَتَدَ: قوزۇقنى قومۇرۇش ئۈچۈن مىدىراتتى.

عَلَطَ يَعْلِطُ عَلْطًا النَّاقَةَ: تۆگىگە تامغا باستى، ئەن سالدى.

عَلَفَ يَعْلِفُ عَلْفًا الدَّابَّةَ: ئۇلاغقا ھەلەپ بەردى، بوغۇز بەردى، بورددى.

عَلَفَ الرَّجُلُ: جىق ئىچىۋالدى.

عَلَفَ حِمَارَهُ شَعِيرًا: ئېشىكىگە ئارپا بەردى.

عَلَفٌ ج أَعْلَافٌ وَ عِلَافٌ: ھەلەپ، ئوت-چۆپ، بوغۇز.

عَلَفٌ مُرَكَّبٌ: ئارىلاشما بوغۇز.

عَلِقَ يَعْلَقُ عَلَقًا وَ عَلَاقَةً وَ عِلْقًا فُلَانًا: پالانىنى ياخشى كۆرۈپ قالدى، ئاشىق بولدى.

عَلِقَ حُبُّهُ بِقَلْبِهِ: ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ قالدى.

عَلِقَ بِشَيْءٍ: نەرسىگە ئېسىلىۋالدى، ئالاقىدار بولدى.

عَلِقَ بِالْحِبَالَةِ: تورغا چۈشۈپ قالدى.

عَلِقَ يَفْعَلُ كَذَا: ئۇنى قىلىشقا باشلىدى، تۇتۇش قىلدى.

عَلِقَتِ الْمَرْأَةُ: ئايال ھامىلىدار بولدى.

عَلِقَ الشَّوْكُ بِثَوْبِهِ: ئۇنىڭ كىيىمىگە تىكەن ئىلىنىپ قالدى.

عَلِقَ بِذِهْنِهِ: كۆڭلىدە ساقلىدى.

عَلِقَ الطَّيْرُ بِالشَّبَكَةِ: قۇش قىلتاققا چۈشۈپ قالدى.

عَلَقَ يَعْلُقُ عَلْقًا الرَّجُلَ: كىشىنى سۆكتى، ئەيىبلىدى.

عَلَقَ يَعْلُقُ عَلْقًا وَ عُلُوقًا الصَّبِيُّ: كىچىك بالا

بارمىقنى شورىدى.

عَلَقَ الدَّوَابُّ الشَّجَرَ: ھايۋانلار دەرەخ يوپۇرماقلىرىدىن يېدى.

عَلَقٌ الْوَاحِدَةُ عَلَقَةٌ ج عَلَقَاتٌ: سۈلۈك؛ زۈلۈك؛ لەختە قان.

عَلَقُ الْبَعُوضِ وَ غَيْرِهِ: پاشا قاتارلىقلارنىڭ لىچىنكىسى.

﴿خَلَقَ الْإِنْسَانَ مِنْ عَلَقٍ﴾ «قۇرئان»: ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى.

عِلْقٌ ج أَعْلَاقٌ وَ عُلُوقٌ: قىممەتلىك، ئەزىز، بىباھا، نەپىس، ئېسىل.

عِلْقٌ ج عُلُوقٌ: ئالدامچى، مەككار.

عَلَقَةٌ: ئۇيۇغان قان، ئېسىۋە، ئۇلۇش.

﴿ثُمَّ خَلَقْنَا النُّطْفَةَ عَلَقَةً﴾ «قۇرئان»: ئاندىن لەختە قاننى پارچە گۆشكە ئايلاندۇردۇق.

عُلْقَةٌ: پىچىنە، ئېسىۋە، ئۇلۇش؛ مال-مۈلۈك، بايلىق.

عَلْقَمٌ: ئاچچىق تاۋۇز، ھەنزەل؛ ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئاچچىقى.

ذَاقَ الْعَلْقَمَ: كۆپ جاپا چەكتى.

عَلَكَ يَعْلِكُ عَلْكًا الشَّيْءَ: نەرسىنى چاينىدى.

عِلْكٌ ج عُلُوكٌ وَ أَعْلَاكٌ: سېغىز كەمپۈت.

عَلَّ يَعِلُّ عَلًّا: ئاغرىپ قالدى، كېسەل بولۇپ قالدى.

«أَكَلَ طَعَامًا فَاسِدًا فَعَلَّ»: بۇزۇلۇپ قالغان تاماقنى يەپ ئاغرىپ قالدى.

عَلَّ يَعَلُّ عَلًّا هُ: ئۇنى ئاغرىتىپ قويدى، كېسەل قىلىپ قويدى.

«عَلَّهُ الْحُزْنُ فَلَزِمَ الْفِرَاشَ»: خاپىلىق تارتىپ يېتىپ قالدى.

عَلَّ / لَعَلَّ: ئېھتىمال، مۇمكىن، بەلكى، تەخمىنەن.

عَلَّافٌ ج عَلَّافَةٌ: يەم-خەشەك ساتقۇچى.

عَلَّاقَةٌ ج عَلَّاقَاتٌ: كىيىم ئاسقۇچ؛ ئارغامچا، تانا.

عَلَّاكٌ: قۇرۇق گەپ ساتقۇچى؛ سېغىز كەمپۈت ساتقۇچى.

عَلَّامٌ: كۆپ بىلىملىك، مول بىلىمگە ئىگە ئالىم.

عَلَّامَةٌ: ئاتاقلىق ئالىم، دوكتور، ئەللامە.

عَلَّبَ يُعَلِّبُ تَعْلِيبًا الشَّيْءَ: نەرسىگە بەلگە قويدى، تامغا باستى.

عَلَّبَ اللَّحْمَ: گۆشنى كونسېرۋا ياسىدى.

عِلَّةٌ ج عِلَلٌ وَ عِلَّاتٌ: كېسەل؛ كەمچىللىك، ئىللەت، ئەيىب، سەۋەب؛ كېلىپ چىقىشى؛ مەنبە.

الْعِلَّةُ الْأُولَى: ئاساسىي سەۋەب.

عِلَّةُ الْوُجُودِ: مەۋجۇدىيەتنىڭ ئامىلى.

«لِكُلِّ عِلَّةٍ دَوَاءٌ»: ھەرقانداق ئاغرىقنىڭ داۋاسى بولىدۇ.

«قَدَّمَ لَهُ عِلَلًا وَاهِيَةً»: ئۇنىڭغا يوقىلاڭ باھانىلەرنى كۆرسەتتى.

عَلَى عِلَّاتِهِ: ئۆز پېتىچە، ئاۋۋالقىدەكلا.

«تَقَبَّلْهُ عَلَى عِلَّاتِهِ»: ئۇنى ئۆز پېتىچە قوبۇل قىلىمىز.

عَلَّةٌ ج عَلَّاتٌ: كۈنداش ئايال؛ ئاپەت؛ ئېھتىياج.

بَنُو الْعَلَّاتِ: ئاتا بىر ئانا باشقا قېرىنداشلار.

عَلَّثَ يُعَلِّثُ تَعْلِيثًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ئارىلاشتۇردى.

عَلَّسَ يُعَلِّسُ تَعْلِيسًا الدَّاءُ: كېسەل ئېغىرلاشتى.

عَلَّصَ يُعَلِّصُ تَعْلِيصًا ـتِ التُّخَمَةُ فِي مَعِدَتِهِ: قورسىقى كۆپۈپ كەتتى.

عَلَّفَ يُعَلِّفُ تَعْلِيفًا الطَّلْحُ: ئاپپىلسىن دەرىخى مېۋە بەردى.

عَلَّقَ يُعَلِّقُ تَعْلِيقًا الْأَمْرَ: ئىشنى بىر تەرەپ قىلدى.

عَلَّقَ الشَّيْءَ بِالشَّيْءِ: ئېسىپ قويدى.

«عَلَّقَ أَهَمِّيَّةً عَظِيمَةً عَلَى الْأَمْرِ»: ناھايىتى زور

www.uyghurkitap.com

ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ قارىدى.

عَلَّقَ عَلَى الْكِتَابِ:كىتابقا باھا بەردى، شەرھلىدى.

عَلَّقَ فِي تَفْكِيرِهِ: خاتىرىلىدى.

عَلَّقَ عَلَيْهِ: ئۇنىڭغا يەم بەردى.

عَلَّقَهُ: ئېسىپ قويدى، ئىلىپ قويدى.

عَلَّقَ الْبَابَ: ئىشىكنى تاقىدى، ئېتىپ قويدى.

«عَلَّقَ الثَّوْبَ عَلَى الْعَلَّاقَةِ»: كىيىمنى كىيىم ئاسقۇچقا ئىلىپ قويدى.

«عَلَّقَ الْقَاضِي الْحُكْمَ»: سودىيە ھۆكۈمنى كېيىنكە قالدۇردى.

«عَلَّقُوا بَحْثَ هَذَا الْمَوْضُوعِ إِلَى مَوْعِدٍ لَاحِقٍ»: بۇ تېمىنى مۇھاكىمە قىلىشنى كېيىنكى نۆۋەتكە قالدۇردى.

عَلَّكَ يُعَلِّكُ تَعْلِيكًا الْجِلْدَ: تېرىنى ئەيلىدى.

عَلَّلَ يُعَلِّلُ تَعْلِيلًا الشَّيْءَ: سەۋەب كۆرسەتتى، باھانە كۆرسەتتى.

«هَذِهِ ظَاهِرَةٌ غَرِيبَةٌ لَمْ أَسْتَطِعْ أُعَلِّلُهَا»: بۇ غەلىتە ھادىسە بولۇپ، ئۇنىڭغا مەن سەۋەب كۆرسىتەلمەيمەن.

عَلَّلَهُ بِكَذَا: ئۇنى گوللىدى، ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى.

«عَلَّلَتْ صِغَارَهَا الْجِيَاعَ بِمَاءٍ كَانَتْ تَغْلِيهِ فِي الْقِدْرِ»: ئاچ باللىرىنى قازاندا قايناۋاتقان سۇ بىلەن گوللىدى.

عَلَّمَ يُعَلِّمُ تَعْلِيمًا غَيْرَهُ الصَّنْعَةَ: باشقىسىغا ھۈنەر ئۆگەتتى، تەلىم بەردى؛ تەربىيىلىدى.

«عَلَّمَ الْإِنْسَانَ مَا لَمْ يَعْلَمْ» ‹قرآن›: ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى.

«خَيْرُكُمْ مَنْ تَعَلَّمَ الْقُرْآنَ وَ عَلَّمَهُ» ‹حديث›: سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئان ئۆگەنگەن ۋە قۇرئان ئۆگەتكەنلىرىڭلاردۇر.

عِلَّوصٌ: تاماق سىڭمەسلىك، قورسىقى كۆپۈش.

عَلَّى يُعَلِّي تَعْلِيَةً الشَّيْءَ: نەرسىنى كۆتۈردى، ئېگىزلەتتى، ئۈستۈن قىلدى.

«شَجَاعَتُهُ عَلَّتْ مَرْكَزَهُ بَيْنَ زُمَلَائِهِ»: ئۇنىڭ باتۇرلۇقى ساۋاقداشلار ئارىسىدا ئۇنىڭ ئورنىنى كۆتۈردى.

عُلَّيْقٌ: مالىنا، قارا بۆلجۈرگەن.

عُلَّيْقَةٌ: ئورمان.

عُلَّيْقَةُ مُوسَى: جىن چاتقىلى.

عُلَّيْقَى: مالىنا، قارا بۆلجۈرگەن.

عِلِّيٌّ ج عِلِّيُّونَ: ئەڭ ئالىي دەرىجە، ئەڭ ئالىي ئورۇن؛ يۇقىرى مەرتىۋىلىك.

عِلِّيَّةٌ ج عَلَالِيُّ: ئېگىز بىنا؛ ئاقسۆڭەكلەر، يۇقىرى قاتلامدىكىلەر، يۇقىرى تەبىقە.

عُلِّيَّةٌ ج عَلَالِيُّ: ئېگىز بىنا.

عِلِّيُّونَ: يۇقىرى قاتلام، يۇقىرى تەبىقە، ئاقسۆڭەك؛ جەننەتتىكى يۇقىرى ئورۇن؛ ياخشى ئەمەللەر خاتىرىلەنگەن دەپتەر.

﴿إِنَّ كِتَابَ الْأَبْرَارِ لَفِي عِلِّيِّينَ﴾ ‹قرآن›: ياخشى بەندىلەرنىڭ نامە-ئەمالى شەك-شۈبھىسىز ئىللىيۇندا بولىدۇ.

عَلِمَ يَعْلَمُ عِلْمًا لِلْأَمْرِ: چۈشەندى، بىلدى، تونۇدى، خەۋەردار بولدى.

﴿عَلِمَ أَنْ لَنْ تُحْصُوهُ فَتَابَ عَلَيْكُمْ﴾ ‹قرآن›: سىلەرنىڭ ئۇنى ھېسابلاپ بولالمايدىغانلىقىڭلارنى ئاللاھ بىلىدۇ. ئاللاھ سىلەرگە رەھىم قىلدى. (يەنى، كېچىدە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشنىڭ پەرزلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

«عَلِمْتُ بِقُدُومِكَ فَأَسْرَعْتُ لِلِقَائِكَ»: سېنىڭ كەلگىنىڭنى ئاڭلاپ، مۇلاقات بولۇشقا ئالدىرىدىم.

عَلَمَ يَعْلِمُ عَلْمًا غَيْرَهُ: بەلگە سالدى، تامغا باستى.

**عِلْمٌ**: بىلمەك، چۈشەنمەك، تونۇماق.

**عِلْمُ الْيَقِينِ**: ئەينەن بىلىش، ھەقىقىي بىلىش.

﴿فَلِمَ تُحَاجُّونَ فِيمَا لَيْسَ لَكُمْ بِهِ عِلْمٌ﴾ «قرآن»: ئەمدى سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىگىلار (ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ دىنى) ئۈستىدە نېمىشقا مۇنازىرىلىشىسىلەر؟

**عِلْمٌ ج عُلُومٌ**: بىلىم، ئىلىم، تونۇش.

**طَالِبُ الْعِلْمِ**: ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى، ئوقۇغۇچى، تالىپ.

**عِلْمُ الشَّعْبِ**: ئېتنوگرافىيە.

**عَنْ عِلْمٍ**: قەستەن، ئەتەي.

**أَهْلُ الْعِلْمِ**: ئىلىم ئەھلى، ئالىم، ئۆلىما.

**عِلْمُ الْفَلَكِ**: ئاسترونومىيە.

**عِلْمُ النَّفْسِ**: پسىخولوگىيە.

**عِلْمُ وَظَائِفِ الْأَعْضَاءِ**: فىزىئولوگىيە.

**عِلْمُ الْأَحْيَاءِ**: بىئولوگىيە.

**عِلْمُ اللُّغَةِ**: تىلشۇناسلىق.

**عِلْمُ الْمَعَادِنِ**: مېتاللورگىيە.

**عِلْمُ الْأَحْيَاءِ الْمجهَرِيَّةِ**: مىكرو بىئولوگىيە.

**عِلْمُ الْأَحْيَاءِ الْبَحْرِيَّةِ**: دېڭىز-ئوكيان بىئولوگىيىسى.

**عِلْمُ الْإِنْسَانِ**: ئانتروپولوگىيە (ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، تەرەققىياتى، ئىرقىي بۆلۈنۈشلىرى ۋە مەدەنىيەت ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرىدىغان پەن).

**عِلْمُ مَخَارِجِ الْحُرُوفِ**: فونېتىكا.

**عِلْمُ الْكَلَامِ**: كالام ئىلمى (ئاللاھنىڭ بىرلىكى ۋە سۈپەتلىرى ئۈستىدە توختىلىدىغان ئىلىم)، (ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىنى دەلىللەر ئارقىلىق ئىسپاتلايدىغان، شۇبھىلەرگە رەددىيە بېرىدىغان ئىلىم) پەلسەپە.

**عِلْمُ النَّحْوِ**: گراماتىكا.

**عِلْمُ الصَّرْفِ**: مورفولوگىيە.

**عِلْمُ الْبَدِيعِ**: ئېستىلىستىكا.

**عِلْمُ الْفِقْهِ**: قانۇنشۇناسلىق، فىقھشۇناسلىق (قۇرئان، ھەدىس، ئىجماﺋ، قىياس ئارقىلىق بېكىتىلگەن شەرئىي ئەھكاملىرى ئۈستىدە توختىلىدىغان ئىلىم).

**عِلْمُ الْمَنْطِقِ**: لوگىكا.

**عِلْمُ الرَّمْلِ**: رەمباللىق.

**عِلْمُ التَّنْجِيمِ أَوِ النُّجُومِ**: ئىلمى نۇجۇم.

**عِلْمُ الطِّبِّ**: مېدىتسىنا، تېبىبىي ئىلىم.

**عِلْمُ الصَّيْدَلِيَّةِ**: دورىگەرلىك ئىلمى.

**عِلْمُ الْكَهْرَبَاءِ**: ئېلېكتر ئىلمى.

**عِلْمُ الْحَشَرَاتِ**: ئېنتومولوگىيە.

**عِلْمُ الْبَصَرِيَّاتِ**: ئوپتىكا.

**عِلْمُ الْأَمْرَاضِ**: پاتالوگىيە

**عِلْمُ الْبِيئَةِ**: ئېكولوگىيە.

**عِلْمُ تَوَازُنِ السَّوَائِلِ**: گىدروستاتىكا، سۇيۇقلۇق ستاتىكىسى.

**عِلْمُ الْجَوِّ**: مېتېئورولوگىيە.

**عِلْمُ الْكِيمِيَاءِ**: خىمىيە.

**عِلْمُ الْحَيَوَانِ**: زوئولوگىيە.

**عِلْمُ النَّبَاتِ**: بوتانىكا.

**عِلْمُ الْأَصْوَاتِ**: فونېتىكا.

**عِلْمُ الْفِيزِيَاءِ**: فىزىكا.

**عِلْمُ الْفِيزِيَاءِ الْفَلَكِيَّةِ**: ئاستروفىزىكا، ئاسمان جىسىملىرى فىزىكىسى.

**عِلْمُ الْأَرْضِ**: جۇغراپىيە.

**عِلْمُ الْهَلَكِ وَ عِلْمُ طَبَقَاتِ الْأَرْضِ**: گېئولوگىيە.

**عِلْمُ الْحِيَلِ**: مېخانىكا.

**عِلْمُ الْمِيَاهِ**: گىدرولوگىيە.

**عِلْمُ التَّعَالِيمِ وَ عِلْمُ الرِّيَاضِيَّاتِ**: ماتېماتىكا.

**عِلْمُ الْجَبْرِ**: ئالگېبرا.

www.uyghurkitap.com



عِلْمُ الْأَنْسَابِ: گېنېئالوگىيە، نەسەبشۇناسلىق.

عِلْمُ الْإِجْتِمَاعِ: سوتسىئولوگىيە.

عِلْمُ مَا بَعْدَ الطَّبِيْعَةِ: مېتافىزىكا.

عِلْمُ الْحَمَّامَاتِ: بالنېئوتېراپىيە، يۇيۇندۇرۇپ داۋالاش ئىلمى.

عِلْمُ الْغُدَدِ الصّمِّ: ئېندوكرىنولوگىيە، گورمونولوگىيە.

عِلْمُ الْقِبَالَةِ: ئوبستېترىكا، توكولوگىيە، تۇغۇتشۇناسلىق.

عِلْمُ الْإِقْتِصَادِ السِّيَاسِيِّ: سىياسىي ئىقتىسادشۇناسلىق.

عِلْمُ الْمِيْكَانِيْكَا السَّمَاوِيِّ: ئاسمان جىسىملىرى مېخانىكىسى.

اَلْعُلُومُ الْمُدَوَّنَةُ: سىنخرونىزم، يىلنامەشۇناسلىق.

اَلْعُلُومُ الْآلِيَّةُ: مېخانىكا.

اَلْعُلُومُ الْإِلَهِيَّةُ: تېئولوگىيە، ئىلاھىيەت، ئېتىقاد.

عِلْمًا وَ عَمَلًا: نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتە.

اَلْعُلُومُ الْبَشَرِيَّةُ: ئىجتىمائىي پەنلەر، گۇمانىتار پەنلەر.

اَلْعُلُومُ الْعَرَبِيَّةُ: گراماتىكا، مورفولوگىيە، ئىستىلىستىكا قاتارلىق پەنلەر.

اَلْعُلُومُ الْخَفِيَّةُ: مىستىسىزم، سپېكترولوگىيە.

اَلْعُلُومُ الْمَالِيَّةُ: كامېرالىزم، مالىيەشۇناسلىق.

عِلْمُ الْمَنْهَجِ: مېتېئورولوگىيە.

اَلْعِلْمُ التَّعْلِيْمِيُّ: ماتېماتىكا.

اَلْعُلُومُ الطَّبِيْعِيَّةُ: تەبىئىي پەنلەر.

عَلَمٌ ج أَعْلَامٌ: بايراق، تۇغ؛ داھىي، باشلىق، خوجايىن؛ تاغ.

إِسْمُ عَلَمٍ: خاس ئىسىم.

﴿وَلَهُ الْجَوَارُ الْمُنْشَآتُ فِي الْبَحْرِ كَالْأَعْلَامِ﴾ «قۇرئان»: دېڭىزلاردا قاتناۋاتقان تاغدەك كېمىلەر ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر.

عَلْمَانِيٌّ م عَلْمَانِيَّةٌ: كەسپىي ئەھلى ئەمەس، نادان، بىلىمسىز، تەجرىبىسىز، غەيرىي دىنىي.

عُلْمَةٌ: يۇقىرى كالپۇكى پۇچۇق.

عِلْمِيٌّ: نەزەرىيە، نەزەرىيىۋى، ئىلمىي.

عِلْمِيَّةٌ: ئالىملىق.

جَمْعِيَّةٌ عِلْمِيَّةٌ: ئىلمىي جەمئىيەت.

عَلَنَ يَعْلِنُ عُلُونًا وَ عَلَانِيَةً الْأَمْرُ: ئىش ئاشكارا بولدى، ئوچۇق بولدى، ئايدىڭلاشتى.

عَلَنَ الْأَمْرَ: ئىشنى ئاشكارىلىدى، شايى قىلدى.

عَلَنًا: ئاشكارا، ئوچۇقتىن-ئوچۇق، سەممىمىي.

«يَقُولُ رَأْيَهُ علنًا لَا يَخْشَى أَحَدًا»: ئۇ ھېچكىمدىن قورقماي ئۆز پىكرىنى ئاشكارا دەيدۇ.

عَلِنٌ: ئوچۇق، ئاشكارا.

عَلَنَةٌ: ئوچۇق-ئاشكارا، سىرنى يوشۇرمايدىغان.

عَلَنِيٌّ: ئاشكارا، ئوچۇق.

بَيْعٌ عَلَنِيٌّ: ئاشكارا ساتماق، ئاشكارا سودا.

الْمزادُ الْعَلَنِيّ: كىمئارتۇق قىلىپ ساتماق.

عَلِهَ يَعْلَهُ عَلَهًا: ھاڭ-تاڭ قالدى، تېڭىرقاپ قالدى؛ قايغۇردى، غەم قىلدى؛ مالامەتكە قالدى؛ ئېچىرقاپ كەتتى.

عَلِهَ الْفَرَسُ: ئات تىزگىن سېرىدى.

عَلْهَانُ م عَلْهَى ج عِلَاهٌ وَ عَلَاهَى: غەمكىن، كۆڭلى يېرىم، خاتىرجەمسىز، ئاچ قورساق؛ ئەركەك تۆگە قۇشى.

عَلْهَبٌ: ئەركەك بۇغا.

عُلْوَانٌ: ئادرېس.

عُلْوَانُ الْكِتَابِ: كىتابنىڭ نامى.

عُلْوَانُ الْخِطَابِ: خەتنىڭ ئادرېسى.

عَلْوَنَ يُعَلْوِنُ عَلْوَنَةً وَ عِلْوَانًا الرِّسَالَةَ: مەكتۇپقا ئادرېسنى يازدى.

عَلُوفَةٌ: بوردىلىدىغان ماللار.

عُلُوٌّ: ئېگىزلىك، يۇقىرىلىق، ئۈستۈنلۈك؛

ئۇلۇغلۇق، چوڭلۇق.

﴿سُبْحَانَهُ وَ تَعَالَى عَمَّا يَقُولُونَ عُلُوًّا كَبِيرًا﴾ «قرآن»: ئاللاھ پاكتۇر، ئۇلارنىڭ بوھتان سۆزلىرىدىن يۈكسەك دەرىجىدە ئالىيدۇر.

عُلُوٌّ شَاهِقٌ: يۈكسەك ئېگىزلىك.

عُلُوُّ الْكَعْبِ: ئېسىللىق، مۇنەۋۋەر.

عَلَوِيٌّ: ساماۋى، ئاسمانىدىكى، ئاسمانغا مەنسۇپ؛ مۇقەددەس؛ شىئە مەزھىپى، ئەلەۋىيلەر.

عُلْوِيٌّ: ئۈستۈنكى، يۇقىرىقى.

نُورٌ عُلْوِيٌّ: ساماۋىي نۇر.

طَابِقٌ عُلْوِيٌّ: يۇقىرى تەبىقە.

إِرَادَةٌ عَلَوِيَّةٌ: ئاللاھنىڭ ئىرادىسى.

عَلَى يَعْلَى عَلْيًا وَ عُلِيًا: ئۆرلىدى، ئۈستىگە چىقتى.

عَلِيَ يَعْلَى عَلَاءً الشَّيْءُ: ئېگىزلىدى، ئۆرلىدى، كۆتۈرۈلدى، ئۈستۈن بولدى.

عَلَى: ئالدى قوشۇلغۇچى بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك مەنىلەردە كېلىدۇ: ئۈستىدە، ـغا؛ زۆرۈر، لازىم؛ ئارقىلىق؛ ئاساسەن، بىنائەن؛ ئۈچۈن.

نَزَلَ مِنْ عَلَى الْقِطَارِ: پويىزدىن چۈشتى.

لَابَأْسَ عَلَيْكَ: ساڭا ھېچ ئىش يوق.

عَلَيْهِ أَنْ يَفْعَلَ كَذَا: ئۇنىڭغا شۇنداق قىلىش زۆرۈر.

يَكْذِبُ عَلَى صَدِيقِهِ: ئۇ دوستىغا يالغان سۆزلەيدۇ.

عَلَى يَدِهِ: ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق.

عَلَيْهِ: ئۇنىڭغا بىنائەن.

عَلَى وَجْهِ اللهِ: ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن.

عَلَى أَحْسَنِ مَا يُرَام: ئەڭ ياخشى ھالەتتە، كۆڭۈلدىكىدەك.

عَلَى الْإِطْلَاقِ: پۈتۈنلەي، تامامەن، مۇتلەق.

عَلَى بِسَاطِ الْبَحْثِ: مۇھاكىمە قىلىنىۋاتىدۇ.

عَلَى التَّقْرِيبِ عَلَى وَجْهِ التَّقْرِيبِ: تەخمىنەن.

عَلَى التَّوَالِي: ئارقىمۇئارقا، كەينى ـ كەينىدىن.

عَلَى حِسَابِهِ: چىقىمىنى ئۇ قىلىدۇ.

عَلَى الْخُصُوصِ. عَلَى وَجْهِ الْخُصُوصِ: بولۇپمۇ.

عَلَى الرَّأْسِ وَ الْعَيْنِ: خۇشاللىق بىلەن.

عَلَى رُؤُوسِ الْأَشْهَادِ: ئاشكارا، ئوپئوچۇق.

عَلَى الرَّحْبِ وَ السَّعَةِ: قارشى ئېلىنغان.

عَلَى رِسْلِكَ: ئالدىراپ كەتمىگىن، ئاستا ـ ئاستا.

عَلَى الرَّغْمِ مِنْ كَذَا: بولمىغىنىغا قارىماي.

عَلَى سَبِيلِ الْمِثَالِ: مىسال تەرىقىسىدە.

عَلَى ضَوْءِ كَذَا: ئېتىبارغا ئېلىپ.

عَلَى غَفْلَةٍ: تۇيۇقسىز، ئۇشتۇمتۇت.

عَلَى غَيْرِ انْتِظَارٍ: كۈتۈلمىگەن.

عَلَى غَيْرِ عَادَتِهِ: ئادىتىنىڭ ئەكسىچە.

عَلَى قَدَمِ الْمُسَاوَاةِ: باباراۋەر.

عَلَى قَدَمٍ وَ سَاقٍ: پۈتۈن كۈچى بىلەن.

عَلَى مَهْلٍ: ئالدىرىماي، ئاستا ـ ئاستا.

عَلَيَّ بِهِ: ئۇنى مېنىڭ ئالدىمغا ھازىر قىل.

فَعَلَ كَذَا عَلَى بَصِيرَةٍ: بىلىپ تۇرۇپ قىلدى.

لَاعَلَيْكَ: پەرۋا قىلىپ كەتمىگىن.

عُلًى: ئېگىزلىك، ئۈستۈنلۈك، ئالاھىدە، ئالىي.

﴿فَأُولَئِكَ لَهُمُ الدَّرَجَاتُ الْعُلَى﴾ «قرآن»: ئۇلار (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) يۇقىرى دەرىجىگە ئېرىشىدۇ.

عُلْيَا ج عُلًى: ئېگىز، ئۈستۈن؛ ئەڭ ئالىي، يۇقىرى دەرىجە، يۈكسەك.

﴿وَكَلِمَةُ اللهِ هِيَ الْعُلْيَا﴾ «قرآن»: ئاللاھنىڭ سۆزى ھەممىدىن ئۈستۈندۇر.

الْقِيَادَةُ الْعُلْيَا لِلْجَيْشِ: ئالىي قوماندانلىق شتابى.

الدَّرَجَةُ الْعُلْيَا لِلْحَرَارَةِ: تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىسى.

الْمَحْكَمَةُ الْعُلْيَا: ئالىي سوت.

يَدٌ عُلْيَا: بەرگۈچى قول.

«الْيَدُ الْعُلْيَا خَيْرٌ مِنَ الْيَدِ السُّفْلَى» «حديث»: بەرگەن

www.turkitap.com

قول، ئالغان قولدىن ياخشى.

عَلْيَاءُ: پەلەك، كۆك، ساما؛ ئېگىزلىك، ئالەم بوشلۇقى، تاغ چوققىسى.

يُحَاوِلُ أَنْ يَبْلُغَ الْعَلْيَاءَ: يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىشكە ئۇرۇنماقتا.

هُمْ عِلْيَةُ الْقَوْمِ: ئۇلار ئاقسۆڭەكلەر.

عَلِيفَةٌ ج عَلَائِفُ: بورداlغان مال.

عَلِيقٌ: ئوت-چۆپ، بوغۇز.

عَلِيقُ الدَّوَابِّ: ھەلەپ، ھايۋاناتلارنىڭ بوغۇزى.

نَبَاتَاتُ الْعَلِيقِ: ئوت-چۆپ، يەم خەشەك.

عَلِيلٌ ج أَعِلَّاءُ: كېسەل، ئەيىبناك، ئىللەتلىك.

هَوَاءٌ عَلِيلٌ: ئىللىق ھاۋا.

عَلِيمٌ ج عُلَمَاءُ: مول بىلىملىك، مەخسۇس بىلىم ئىگىسى، مۇتەخەسسىس.

الْعَلِيمُ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە.

﴿إِنَّ رَبَّكَ عَلِيمٌ حَكِيمٌ﴾ ‹قۇرئان›: شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

عَلِيٌّ ج عِلْيَةٌ وَ عليّون: ئېگىز، يۈكسەك، كاتتا، ئالىيجاناب، ئېسىل، مۇنەۋۋەر.

الْعَلِيّ الْمُتَعَالُ: ھەممىدىن ئۈستۈن.

﴿وَلَا يَؤُدُهُ حِفْظُهُمَا وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيمُ﴾ ‹قۇرئان›: ئاسمان-زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ، ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر.

عِلِّيَّةٌ: يۇقىرى قاتلام، يۇقىرى تەبىقە، ئاقسۆڭەك.

عَمَاءٌ: قارىغۇ، قارىغۇلارچە، قالايمىقان؛ يامغۇرلۇق قارا بۇلۇت.

عِمَادٌ ج عُمُدٌ وَ عَمَدٌ: تۈۋرۈك، يۆلەنچۈك؛ ئاساس؛ كۈچ؛ ئېگىز؛ ئەسكەر باشلىقى؛ بالىنى يۇيۇندۇرماق (خرىستىئانلارنىڭ).

رَفِيعُ الْعِمَادِ: ئېسىل، يۇقىرى ھەربىي مەرتىۋە.

﴿أَلَمْ تَرَ كَيْفَ فَعَلَ رَبُّكَ بِعَادٍ إِرَمَ ذَاتِ الْعِمَادِ﴾ ‹قۇرئان›: پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاد — كۈچلۈك ئىرەمنى قانداق جازالىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

﴿اللهُ الَّذِي رَفَعَ السَّمَوَاتِ بِغَيْرِ عَمَدٍ﴾ ‹قۇرئان›: ئاللاھ ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز بەرپا قىلدى.

عِمَادَةٌ: ئۇنىۋېرسىتېتتىكى فاكۇلتېت باشلىقلىق مەنسىپى.

عَمَارٌ: تەبرىكلەش، ھۆرمەتلەش، سالام بېرىش.

عِمَارَةٌ ج عَمَائِرُ وَ عِمَارَاتٌ: بىنا، ئىمارەت، قۇرۇلۇش؛ ئاۋات قىلىش.

عِمَارَةٌ بَحْرِيَّةٌ: فلوت، ئىسكادرا.

﴿أَجَعَلْتُمْ سِقَايَةَ الْحَاجِّ وَعِمَارَةَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ﴾ ‹قۇرئان›: سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى مەسجىدىي ھەرەمنى ئاۋات قىلىشنى ... ئوخشاش ھېسابلامسىلەر.

فَنُّ الْعِمَارَةِ . صِنَاعَةُ الْعِمَارَةِ: بىناكارلىق ئىلمى، ئارخىتېكتور، بىناكارلىق سەنئىتى.

قِسْمُ الْعِمَارَةِ: بىناكارلىق قىسمى.

«تَقَعُ الْمَكْتَبَةُ مُقَابِلَ عِمَارَةِ التَّدْرِيسِ»: كۇتۇپخانا ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئۇدۇلىغا جايلاشقان.

عَمَارَةٌ ج عَمَائِرُ: ئۇچقۇچىلار ئەترىتى.

عَمَاسٌ ج عُمُسٌ: قاتتىق ئۇرۇش، دەھشەتلىك ئۇرۇش، قاتتىق جەڭ، نوچى يولۋاس، بالايىئاپەت، مۇسىبەت.

عُمَاصٌ: چاپاق.

عَمَاقَةٌ: چوڭقۇرلۇق، تېرەن، ئىچكىرى.

قَلِيلُ الْعَمَاقَةِ: تېيىز، يۈزەكى، يېقىن.

عَمَالَةٌ: ئۆلكە، مەمۇرىي رايون.

عِمَالَةٌ: ئىش ھەققى، مائاش.

عِمَامَةٌ ج عَمَائِمُ: سەللە.

«أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ خَطَبَ النَّاسَ وَعَلَيْهِ عِمَامَةٌ

سَوْدَاء» «حديث»: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشلەرگە خۇتبە سۆزلىگەندە قارا رەڭلىك سەللە يۆگىۋالغانىدى.

عَمَاوَةٌ: قارىغۇ، قارىغۇلارچە، قالايمىقان؛ يامغۇرلۇق قارا بۇلۇت.

عَمَايَةٌ: قايمۇقۇش، گاڭگىراش، ئازغۇنلۇق؛ بىلىمسىزلىك، نادانلىق، قارا قورساقلىق.

عَمَتَ يَعْمِتُ عَمْتًا: تاياق بىلەن راسا سالدى.

عَمَتَ الصُّوفَ: يۇڭنى ساۋىدى.

عَمَتَهُ: ئۇنى توستى.

عَمَدَ يَعْمِدُ عَمْدًا: تاياندى، يۆلەندى، مەقسەت قىلدى.

عَمَدَ لِلْأَمْرِ: ئىشقا ئىرادە باغلىدى.

عَمَدَ السَّقْفَ: شىپقا تىرەك تىرىدى.

عَمَدَ الْوَلَدَ: بالىنى يۇيۇندۇردى (ناسارالارنىڭ).

عَمْدٌ: قوللىماق، يۆلىمەك، مەقسەت قىلماق، كۆڭلىگە پۈكمەك، ئىرادە باغلىماق.

عَمْدًا: قەستەن، ئەتەي.

فَعَلَهُ عَمْدًا: ئۇنى قەستەن قىلدى.

عُمْدَةٌ ج عُمَدٌ: تۈۋرۈك، تىرەك، يۆلەنچۈك.

عُمْدَةُ الْبَلَدِ: شەھەر باشلىقى.

عُمْدَةُ الْمَدْرَسَةِ: مەكتەپ ئىشلىرى ھەيئىتى.

«هَذَا هُوَ عُمْدَةُ الْقَوْلِ»: مانا بۇ گەپنىڭ پوسكاللىسى.

«أُنْتُخِبَ فُلَانٌ عُمْدَةً لِقَرْيَتِهِ»: پالانى كەنت باشلىقلىقىغا سايلاندى.

عَمْدِيٌّ: مەقسەتلىك، غەرەزلىك، قەستەن.

عَمْدِيَّةٌ: ئوردىنات (ماتېماتىكىلىق ئاتالغۇ).

عُمْدِيَّةٌ: كەنت باشلىقلىق ۋەزىپىسى، كەنت باشقۇرۇشىدىكى جايلار.

عَمَرَ الْمَكَانُ: جاي ئاھالىلىك بولدى، ئاۋات بولدى.

﴿إِنَّمَا يَعْمُرُ مَسَاجِدَ اللهِ مَنْ آمَنَ بِاللهِ...﴾ «قرآن»: ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى پەقەت ئاللاھقا... ئىمان ئېيتقان ۋە... كىشىلەرلا ئاۋات قىلىدۇ.

عَمَرَ الْقَوْمُ الْمَكَانَ: قوۋم ماكانلاشتى، يەرلەشتى.

عَمَرَهُ اللهُ: ئاللاھ ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن.

عَمَرَ بِالْمَكَانِ: جايلاشتى، ماكانلاشتى.

عَمَرَ إِلَى التِّسْعِيْنَ: 90 ياشقا كىردى.

عَمَرَ الدَّارَ: ئۆي سالدى.

عَمِرَ يَعْمَرُ عَمْرًا وَ عَمَرًا وَ عَمَارَةً الرَّجُلُ: كىشى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆردى، ئۇزۇن ياشىدى.

عَمَرَ الْمَالُ: مال كۆپەيدى، مول بولدى.

عُمْرٌ ج أَعْمَارٌ: ھايات، ئۆمۈر، ياش.

عُمْرٌ جَدِيْدٌ: يېڭى ھايات.

﴿وَلَكِنَّا أَنْشَأْنَا قُرُونًا فَتَطَاوَلَ عَلَيْهِمُ الْعُمُرُ﴾ «قرآن»: لېكىن، بىز نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ياراتتۇق، ئۇلارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولدى.

«لَا يَزِيْدُ الْمُؤْمِنَ عُمْرُهُ إِلَّا خَيْرًا» «حديث»: مۇئمىننىڭ ئۆمرىنىڭ زىيادە بولۇشى مۇئمىن ئۈچۈن ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى زىيادە قىلىدۇ.

مَا عُمْرُكَ، كَمْ عُمْرُكَ: قانچە ياشقا كىردىڭىز.

عُمْرِي ثَلَاثُونَ سَنَةً: ئوتتۇز ياشقا كىردىم.

ذَوَاتُ الْعُمْرَيْنِ: ھەم سۇدا، ھەم قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان.

مَرَّةً فِي الْعُمْرِ: ئۆمرىدە بىرلا قېتىم.

عَمْرٌ ج أَعْمَارٌ: دىن.

لَعَمْرِي: دىنىم بىلەن قەسەمكى،

لَعَمْرُ اللهِ: ئاللاھنىڭ دىنى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

﴿لَعَمْرُكَ إِنَّهُمْ لَفِي سَكْرَتِهِمْ يَعْمَهُونَ﴾ «قرآن»: سېنىڭ ھاياتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئەلۋەتتە گۇمراھلىقلىرىدا تېڭىرقاپ

uyghurkitap.com

يورۇشىدۇ.

عَمْرٌ: باش ياغلىقى.

اَلْعَمْرَانِ: كىچىك تىلنىڭ ئۇستىدىكى ئىككى دانە ساڭگىلاپ تۇرىدىغان گۆش.

اَلْعُمْرَانِ: ئىككى دەۋر (80 يىل).

عُمْرَانٌ: بىنا، ئىمارەت؛ مەدەنىيەت، مەرىپەت، گۈللىنىش، ئاۋاتلىنىش.

اَلْعُمَرَانِ: ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىلەن ھەزرىتى ئۆمەر.

عُمْرَانِيٌّ: مەدەنىي، مەرىپەتلىك.

عُمْرَةٌ ج عُمَرٌ: ئۆمرە، ئۆمرە ھەج (زۇلھەججىنىڭ 8 ـ 9 ـ كۈنلىرىدىن باشقا ۋاقىتلاردا بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلماق).

أَدَّى الْعُمْرَةَ: ئۆمرە ھەج قىلدى.

﴿وَأَتِمُّوا الْحَجَّ وَالْعُمْرَةَ لِلّٰهِ﴾ ‹قۇرئان›: ھەج بىلەن ئۆمرىنى ئاللاھ ئۈچۈن تولۇق ئورۇنلاڭلار.

عَمْرَةٌ ج عَمَرَاتٌ: باش ياغلىقى.

نَزَعَ الْعَمْرَةَ عَنْ رَأْسِهِ: بېشىدىن ياغلىقنى ئېلىۋەتتى.

عَمْرَطَ يُعَمْرِطُ عَمْرَطَةً الشَّيْءَ: ئالدى.

عُمْرُوطٌ ج عَمَارِيطُ: ئوغرى، نامرات.

عَمَسَ يَعْمِسُ عَمْسًا الْكِتَابُ: كىتاب ئۆچۈرۈۋېتىلدى.

عَمَسَ الشَّيْءَ: نەرسىنى يوشۇردى.

عَمِشَ يَعْمَشُ عَمَشًا الرَّجُلُ: يېشى تولا ئېقىپ كۆزى ئاجىزلاپ كەتتى.

عَمَشٌ: ياش تولا ئېقىپ كۆز ئاجىزلاپ كېتىش.

عَمْصَاءُ ج عُمْصٌ: چاپاق كۆز.

عَمَطَ يَعْمِطُ عَمْطًا عِرْضَهُ: ئەيىبلىدى، مالامەت قىلدى، ئابرۇيىنى تۆكتى.

عَمَطَ نِعْمَةَ اللّٰهِ: ئاللاھنىڭ نېمىتىگە تۇزكورلۇق قىلدى.

عَمُقَ يَعْمُقُ عُمْقًا وَعَمَاقَةً الْمَكَانُ: جاي يىراق بولدى، ئۇزۇن بولدى.

عَمُقَ الْبِئْرُ: قۇدۇق چوڭقۇر بولدى.

عُمْقٌ ج أَعْمَاقٌ: چوڭقۇر، چوڭقۇرلۇق؛ تېگى، ئاستى.

عُمْقُ الْحُبِّ أَوِ الْحُزْنِ: چوڭقۇر مۇھەببەت، قاتتىق قايغۇ.

عُمْقُ الصَّحْرَاءِ: يىراق سەھرا، كەڭ سەھرا.

عُمْقُ اللَّيْلِ: كېچىنىڭ ئاخىرى.

«مَا فَعَلَهُ يَدُلُّ عَلَى عُمْقِ حُبِّهِ لَكَ»: ئۇنىڭ قىلغانلىرى سېنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

«جَرَّتِ الْمُنَاوِرَاتِ الْعَسْكَرِيَّةُ فِي عُمْقِ الصَّحْرَاءِ»: كەڭ سەھرادا ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈلدى.

«حَدَثَتِ الْجَرِيمَةُ فِي أَعْمَاقِ اللَّيْلِ»: جىنايەت كېچىنىڭ ئاخىرىدا يۈز بەردى.

مِنْ أَعْمَاقِ الْقَلْبِ: چىن قەلبىدىن.

«أُحِبُّكَ مِنْ أَعْمَاقِ قَلْبِي»: سېنى چىن قەلبىمدىن سۆيىمەن.

عَمِلَ يَعْمَلُ عَمَلًا الرَّجُلُ: ئىشلىدى، ئەمگەك قىلدى، ئادا قىلدى، بېجىردى، ئىجرا قىلدى، ئەمەل قىلدى، ئورۇنلىدى، ھەرىكەت قىلدى، مەشغۇل بولدى.

عَمِلَ عَلَى: ... بىلەن شۇغۇللاندى، ... غا كۈچ چىقاردى.

عَمِلَ فِيهِ: ئۇنىڭغا تەسىر قىلدى، تەسىر كۆرسەتتى.

﴿مَنْ عَمِلَ سَيِّئَةً فَلَا يُجْزَى إِلَّا مِثْلَهَا﴾ ‹قۇرئان›: كىمكى بىرەر يامانلىقنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا شۇنىڭغا لايىق جازا بېرىلىدۇ.

عَمِلَ بِالْأَمْرِ: بۇيرۇققا ئەمەل قىلدى.

عَمِلَ بِهِ: كۈچكە ئىگە بولدى، تەسىر كۆرسەتتى، ئۈنۈم بەردى.

عَمِلَ عَلَى شَيْءٍ: ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەتلەندى.

عَمِلَ عَمَلَهُ: رولىنى جارى قىلدۇردى.

عَمِلَ عَلَى الصَّدَقَةِ: زاكات يىغدى.

عَمِلَ لِلْأَمِيرِ عَلَى بَلَدٍ: ئەمىرنىڭ زاكات يىغقۇچىسى بولدى.

«يُعْمَلُ بِالْقَانُونِ الْفُلَانِيِّ»: پالانى قانۇن يولغا قويۇلدۇ.

«عَمِلَ الدَّوَاءُ عَمَلَهُ فِي الْمَرِيضِ»: دورا كېسەلگە پايدا قىلدى.

«عَمِلَ عَلَى تَعْدِيلِ قَانُونِ الْأَحْوَالِ الشَّخْصِيَّةِ»: ھەق تەلەپ قانۇنىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزدى.

«يَعْمَلُ الطُّلَّابُ بِاللَّوَائِحِ وَالنُّظُمِ الَّتِي وَضَعَهَا الْمَعْهَدُ»: ئوقۇغۇچىلار ئىنستىتۇت تۈزگەن قائىدە-تۈزۈملەرگە رىئايە قىلىدۇ.

تَعْمَلُ هَذِهِ الْآلَاتُ بِالْكَهْرَبَاءِ: بۇ ماشىنىلار توك بىلەن ماڭىدۇ.

عَمَلٌ ج أَعْمَالٌ: ھەرىكەت قىلىش، ئەمەل، مەشغۇلات، ئەمگەك؛ ئەسەر؛ كەسىپ.

الْعَمَلُ الْجِسْمَانِيُّ: جىسمانىي ئەمگەك.

﴿إِنِّي لَا أُضِيعُ عَمَلَ عَامِلٍ مِنْكُمْ﴾ «قۇرئان»: مەن سىلەردىن ھەرقانداق بىر ياخشى ئەمەل قىلغۇچىنىڭ ئەمىلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن.

وَزِيرُ الْعَمَلِ: ئەمگەك مىنىستىرى.

مَكْتَبُ الْعَمَلِ: ئەمگەك ئىدارىسى.

صَاحِبُ الْعَمَلِ: كاپىتالىست، خوجايىن.

عِلْمٌ وَ عَمَلٌ: نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت.

رَجُلٌ عَمَلٌ: كەسىپ ئەھلى.

عَمَلًا بِهِ: شۇنىڭغا ئاساسەن، شۇ بويىچە.

الْأَعْمَالُ بِالنِّيَّاتِ: ئەمەللەر نىيەتكە باغلىق.

أَعْمَالُ التَّعْدِينِ: كان ئاچماق.

عِمْلَاقٌ: پالۋان، زەبەردەست، گىگانت، غەلىتە يوغان ئادەم.

عَمْلَةٌ ج عَمَلَاتٌ وَ عَمَائِلُ: قەبىھ ھەرىكەت، رەزىل ھەرىكەت.

عُمْلَةٌ: پۇل؛ ئىش ھەققى.

عُمْلَةٌ وَرَقِيَّةٌ: قەغەز پۇل.

عُمْلَةٌ زَائِفَةٌ: يالغان پۇل، ساختا پۇل.

سِعْرُ الْعُمْلَةِ: پۇلنىڭ كۇرسى.

عُمْلَةٌ صَعْبَةٌ: چەت ئەل پۇلى، تاشقى پېرېۋوت.

وَجْهُ الْعُمْلَةِ: پۇلنىڭ ئالدى تەرىپى.

قَفَا الْعُمْلَةِ: پۇلنىڭ ئارقىسى.

عَمَلِيٌّ: ئەمەلىيەت، ئەمەلىي.

عَمَلِيَّةٌ ج عَمَلِيَّاتٌ: ئىش، ھەرىكەت، مەشغۇلات.

عَمَلِيَّةُ الْإِزْهَارِ: گۈللىنىش جەريانى.

عَمَلِيَّةٌ جِرَاحِيَّةٌ: تاشقى كېسەللىكلەر ئوپېراتسىيىسى.

عَمَلِيَّةٌ حِسَابِيَّةٌ: ھېسابلاپ كۆرمەك.

هَلْ أَنْتَ فِي حَاجَةٍ إِلَى عَمَلِيَّةٍ: سەن ئوپېراتسىيىگە ئېھتىياجلىقمۇ؟

عَمَلِيَّاتٌ: ئەمەلىي مەسىلىلەر.

عَمَّ يَعُمُّ عُمُومًا الشَّيْءُ: نەرسە ئومۇملاشتى، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

عَمَّ السُّكُوتُ: تىمتاس بولۇپ كەتتى.

عَمَّتْ بِهِ الْبَلْوَى: ئاپەت تارقالدى.

عَمَّ النَّبَاتُ: ئۆسۈملۈك باراقسان بولۇپ كەتتى.

عَمَّ يَعُمُّ عُمُومَةً الرَّجُلَ: تاغىسى بولدى.

عَمَّ = عَمَّا (عَنْ — مَا): نىمىدىن، نىمە توغرىسىدا؟

عَمَّا قَرِيبٍ: پات يېقىندا.

﴿عَمَّ يَتَسَاءَلُونَ عَنِ النَّبَإِ الْعَظِيمِ﴾ «قۇرئان»: (مۇشرىكلار ئۆزئارا نىمە توغرىسىدا سورىشىدۇ؟ ئۇلار چوڭ بىر خەۋەر (يەنى، قىيامەت توغرۇلۇق) سورىشىدۇ.

حَدَّثَنِي عَمَّا فَعَلَهُ: قىلغانلىرىنى ماڭا دەپ بەردى.

www.uyghurkitap.com

عَمَّنْ (عَنْ — مَنْ): كىمدىن؟ كىم توغرىسىدا؟

عَمٌّ ج أَعْمَامٌ وَ عُمُومَةٌ: تاغا (ئاتىنىڭ قېرىندىشى).

إِبْنُ الْعَمِّ: تاغىنىڭ ئوغلى (بىر نەۋرە).

عَمَّارٌ ج عَمَّارُونَ: كۆپ ئاۋات قىلغۇچى، كۆپ قۇرۇلۇش قىلغۇچى، ناھايىتى گۈللەندۈرگۈچى.

عَمَّالٌ: ھەرىكەتچان؛ ئىشچى، ئىشچان.

عُمَّالِيٌّ: ئىشچىلىق، ئىشچىغا خاس.

اَلْحَرَكَةُ الْعُمَّالِيَّةُ: ئىشچىلار ھەرىكىتى.

عَمَّةٌ ج عَمَّاتٌ: ھاما (ئاتىنىڭ ھەمشىرىسى).

﴿وَبَنَاتُ عَمِّكَ وَبَنَاتُ عَمَّاتِكَ﴾ «قرآن»: ئاتاڭنىڭ ئەر قېرىندىشى ۋە ھەمشىرە قېرىندىشىنىڭ قىزلىرىنى (ساڭا ھالال قىلدۇق).

عِمَّةٌ ج عِمَّاتٌ وَ عِمَمٌ: سەللە.

فُلَانٌ حَسَنُ الْعِمَّةِ: پالانىنىڭ سەللىسى چىرايلىق.

عَمَّدَ يُعَمِّدُ تَعْمِيدًا الْوَلَدَ: بالىنى يۇيۇندۇردى (ناسارالارنىڭ).

عَمَّدَ الْقَوْمَ: قوۋم ئۇنى باشلىق قىلىۋالدى.

عَمَّدَ الْخَيْمَةَ: چېدىر تىكتى.

عَمَّرَ يُعَمِّرُ تَعْمِيرًا: ئۇزۇن ئۆمۈر كۆردى، ئۇزۇن ياشىدى.

عَمَّرَ الْأَرْضَ: يەر تىرىدى.

عَمَّرَ الْمَنْزِلَ: جاينى ئاۋات قىلدى.

﴿يَوَدُّ أَحَدُهُمْ لَوْ يُعَمَّرُ أَلْفَ سَنَةٍ﴾ «قرآن»: ئۇلارنىڭ ھەربىرى مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

عَمَّقَ يُعَمِّقُ تَعْمِيقًا الْبِئْرَ: قۇدۇقنى چوڭقۇر قازدى.

عَمَّقَ الرَّأْيَ: چوڭقۇر پىكىر قىلدى.

عَمَّلَ يُعَمِّلُ تَعْمِيلًا ـ هُ عَلَى الْبَلَدِ: ئۇنى شەھەرگە ئامىل ياكى ھاكىم قىلدى.

عَمَّلَ الْأَجِيرَ: ئىشلەمچىنىڭ ھەققىنى بەردى.

عَمَّمَ يُعَمِّمُ تَعْمِيمًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ئومۇملاشتۇردى.

عَمَّمَ غَيْرَهُ: سەللە كىيگۈزدى.

عَمَّى يُعَمِّي تَعْمِيَةً غَيْرَهُ: قارىغۇ قىلىپ قويدى.

عَمَّى الْمَعْنَى: مەنىنى يوشۇردى، تېپىشماق ئېيتتى.

عَمَّى السَّحَابُ الْهِلَالَ: بۇلۇت ھىلال ئاينى توسۇۋالدى.

عَمِهَ يَعْمَهُ عَمَهًا وَ عُمُوهًا وَ عُمُوهِيَّةً وَ عَمَهَانًا: ئارىسالدى بولدى، ئىككىلىنىپ قالدى، تېڭىرقاپ قالدى؛ ئېزىپ قالدى.

﴿وَنَذَرُهُمْ فِي طُغْيَانِهِمْ يَعْمَهُونَ﴾ «قرآن»: ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشكە قويۇۋېتىمىز.

اَلْعَمَهُ: ئىككىلىنىپ قالماق، تېڭىرقاپ قالماق؛ ئېزىپ كەتمەك؛ تۈيغۇسىنى يوقاتماق.

عَمُودٌ ج أَعْمِدَةٌ وَ عِمْدَانٌ وَ عُمُدٌ: تۈۋرۈك، قوزۇق، ستولبا، ئەسكەر باشلىقى، قاتتىق غەمكىن.

عَمُودُ الْقَنْطَرَةِ: كۆۋرۈك تۈۋرۈكى.

عَمُودُ السَّرِيرِ: كارىۋات پۇتى.

رَأْسُ الْعَمُودِ: تۈۋرۈك بېشى.

قَاعِدَةُ الْعَمُودِ: تۈۋرۈك ئۇلى.

عَمُودُ الصُّبْحِ: سۇبھى يورۇقى.

عَمُودُ الْمِيزَانِ: تارازا چوكىسى.

عَمُودُ الْخَيْمَةِ: چېدىرنىڭ تۈۋرۈكى.

عَمُودُ الصَّحِيفَةِ: گېزىتنىڭ ئىستونى.

عَمُودُ الشِّعْرِ: ۋەزنى قاپىيىسى ئۇسلۇبدا قەدىمدىن تارتىپ قوللىنىپ كەلگەن ئەرەب شېئىرىيەت ئەنئەنىسى.

اَلْعَمُودُ الْفِقْرِيُّ: ئومۇرتقا سۆڭىكى.

عَمُودِيٌّ: تۈۋرۈكسىمان، تۈۋرۈك شەكىللىك، تىك.

اَلْخَطُّ الْعَمُودِيُّ: تىك سىزىق.

طَائِرَةٌ عَمُودِيَّةٌ: تىك ئۇچار ئايروپىلان.

عَمُولٌ: ئەمگەكچى، مېھنەتكەش.

عُمُومٌ: ئومۇمىي، ئومۇمىيۈزلۈك، ھەممە، بارلىق،

پۈتۈنلەي.

عَلَى الْعُمُومِ: ئومۇمەن، يىغىپ ئېيتقاندا.

عُمُومًا: ئومـــۇمەن، كەڭ دائىرىـــدە، ئـــادەتتە، تەخمىنەن.

الْعُمُومُ: ئاما، كۆپچىلىك.

مَجْلِسُ الْعُمُومِ: تۆۋەن پالاتا، ئاۋام پالاتاسى.

عُمُومَةٌ: تاغىلىق سالاھىيىتى.

عُمُومِيٌّ: ئاممىۋى، ئورتاق، ئاممىباب؛ مۇشتەرەك، ئومۇمىلىك.

مَكَانٌ عُمُومِيٌّ: ئاممىۋى سورۇن.

دَارُ الْكُتُبِ الْعُمُومِيَّةِ: ئاممىۋى كىتابخانا.

عُمُومِيَّةٌ: بىر نەۋرە تۇغقان.

عُمُومِيَّاتٌ: ئومۇمىي مەسىلە.

عَمِيَ يَعْمَى عَمًى: قارىغۇ بولۇپ قالدى، كور بولۇپ قالدى.

عَمِيَ عَنْ كَذَا: چۈشىنەلمىدى، تۇتۇق بولۇپ قالدى.

﴿فَمَنْ أَبْصَرَ فَلِنَفْسِهِ وَمَنْ عَمِيَ فَعَلَيْهَا﴾ «قرآن»: كىمكى ھەقنى كۆرۈپ ئىمان ئېيتسا، ئۆزىگە پايدا، كىمكى ئۇنىڭغا كۆز يۇمسا، ئۆزىگە زىيان.

عَمِيَ عَلَيْهِ الْأَمْرُ: ئىش ئۇنىڭغا چۈشىنىكسىز بولۇپ قالدى.

عَمِيَ قَلْبُهُ: ئازدى.

إِذَا جَاءَ الْقَدَرُ عَمِيَ الْبَصَرُ: قازايى قەدەر كەلگەندە كۆز كور بولىدۇ.

عَمًى: كورلۇق؛ گۇمراھلىق؛ قايمۇقۇش، ئازغۇنلۇق.

الْعَمَى اللَّيْلِيُّ: نامازشام قارىغۇسى.

الْعَمَى اللَّوْنِيُّ: رەڭ قارىغۇسى.

﴿فَاسْتَحَبُّوا الْعَمَى عَلَى الْهُدَى﴾ «قرآن»: ئۇلار ھىدايەتتىن كورلۇق (يەنى، گۇمراھلىق)نى ئارتۇق بىلدى.

عَمْيَاءُ ج عُمْيٌ وَ عُمْيَانٌ: قارىغۇ ئايال.

ثِقَةٌ عَمْيَاءُ: قارىغۇلارچە ئىشەنمەك.

طَاعَةٌ عَمْيَاءُ: قارىغۇلارچە ئەگەشمەك.

﴿صُمٌّ بُكْمٌ عُمْيٌ فَهُمْ لَا يَعْقِلُونَ﴾ «قرآن»: ئۇلار گاس، گاچا، كوردۇر، ئۇلار چۈشەنمەيدۇ.

عُمْيَانٌ: قارىغۇ، ئەما، كور.

عَمِيدٌ ج عُمَدَاءُ: ئۇنىۋېرسىتېت مۇدىرى.

عَمِيدُ الْهَيْئَةِ السِّيَاسِيَّةِ: دىپلوماتىك ئۆمەك باشلىقى.

عَمِيدُ كُلِّيَّةِ الْآدَابِ: ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى.

عَمِيرٌ: ئاۋات، گۈللەنگەن.

عَمِيرٌ مِنَ الثِّيَابِ: قېلىن رەخت.

أَبُو عُمَيْرٍ: زەكەرنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى.

عَمِيقٌ ج عُمُقٌ وَ عُمُقٌ وَ عِمَاقٌ: تىرەن، چوڭقۇر.

بِئْرٌ عَمِيقٌ: تىرەن قۇدۇق.

﴿يَأْتِينَ مِنْ كُلِّ فَجٍّ عَمِيقٍ﴾ «قرآن»: ئورۇق تۆگىلەر يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ.

عَمِيلٌ ج عُمَلَاءُ: ۋەكىل، ۋاكالەتچى، ۋاستىچى.

فُلَانٌ عَمِيلٌ دَائِمٌ مِنْ عُمَلَاءِ تِلْكَ الْمُؤَسَّسَةِ: پالانى ئاشۇ كارخانىنىڭ دائىمىي ۋەكىلىدۇر.

فُلَانٌ عَمِيلٌ لِدَوْلَةٍ أَجْنَبِيَّةٍ: پالانى چەت ئەلنىڭ جاسۇسى.

مِنْ عُمَلَاءِ الْإِسْتِعْمَارِ: جاھانگىرلىكنىڭ غالچىلىرى.

عَمِيلٌ مُزْدَوِجٌ: قوش دۆلەتلىك جاسۇس.

عَمِيمٌ م عَمِيمَةٌ ج عُمَمٌ: ئومۇمىيۈزلۈك، ئەتراپلىق.

عُمِّيَّةٌ / عِمِّيَّةٌ: قايمۇقۇش، گاڭگىراش، ئازغۇنلۇق.

عَنْ: دىن، تەرىپىدىن؛ كېيىن، ئورنىدا، ۋاكالىتەن، توغرىسىدا، ...غا، تۈپەيلى، قالدۇرۇپ قويۇپ، تاشلاپ قويۇپ، ...غىچە، ئاساسەن، بەس، ماقۇل، نى، ئۇنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دَفَعْتُ عَنْهُ ثَمَنَ الثَّوْبِ: ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن كىيىمنىڭ پۇلىنى تۆلەپ قويدۇم.

رَحَلَ عَنِ الْمَكَانِ: جايدىن كۆچۈپ كەتتى.

قُتِلُوا عَنْ آخِرِهِمْ: ئاخىرغىچە ئۆلتۈرۈلدى.

فَعَلَهُ عَنْ حُسْنِ نِيَّةٍ: ئۇنى ياخشى نىيەت بىلەن قىلدى.

تُوفِّيَ عَنْ سَبْعِينَ سَنَةً: 70 ياشقا كىرىپ ۋاپات بولدى.

جَاءَ عَنْ طَرِيقِ الْبَرِّ: قۇرۇقلۇق ئارقىلىق كەلدى.

جَلَسَ عَنْ قُرْبٍ: يېقىندا ئولتۇردى.

عَنَا يَعْنُو عَنَاءً وَ عُنُوًّا لَهُ: ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى، بويسۇندى، تەسلىم بولدى.

﴿وَعَنَتِ الْوُجُوهُ لِلْحَيِّ الْقَيُّومِ﴾ «قرآن»: گۇناھكارلار، مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى (مەڭگۈ ھايات ئاللاھقا ئېگىلىدۇ.

عَنَاهُ: ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلدى، كۆڭۈل بۆلدى.

عَنَا فِي الْقَوْمِ: ئەسىرگە چۈشتى.

عَنَا الشَّيْءَ: تارتىۋالدى، ئىگىلىۋالدى.

عَنَا الْأَرْضُ بِالنَّبَاتِ: زېمىن ئۆسۈملۈكنى ئۈندۈردى.

عَنَا يَعْنُو عَنْوَةً: كۈچ بىلەن تارتىۋالدى، ئېلىۋالدى، بۇلىۋالدى، زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالدى.

عِنًا . عَنَاءٌ: جاپا ـ مۇشەققەت، ئەمگەك؛ چارچىماق.

حَقَّقَ طُمُوحَاتِهِ بِقَلِيلٍ مِنَ الْعَنَاءِ: ئازغىنە جاپا چېكىش بىلەن غايىسىنى ئىشقا ئاشۇردى.

عَنَاءُ السَّفَرِ: سەپەرنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتى.

عِنَاجٌ ج أَعْنِجَةٌ وَ عُنُجٌ: ئارغامچا، ئارقان، تانا؛ بەل ئاغرىقى.

عِنَادٌ: قارشىلىق كۆرسەتمەك، قارشى تۇرماق؛ جاھىللىق قىلماق.

عِنَادِيَّةٌ: فىنومىنالىزم (پەلسەپەدە ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئىنكار قىلغۇچى ۋە يالغۇز ئاڭ ھادىسىلىرىنىلا رېئاللىق، دەپ ھېسابلىغۇچى ئەكسىيەتچىل سۇبيېكتىپ ئىدېئالىستىك ئېقىم).

عِنَاقٌ: قۇچاقلاشماق، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشمەك.

عَنَاقٌ ج عُنُوقٌ: چىشى ئوغلاق.

خَطُّ الْعَنَاقِ: تىرناق ( ).

عَنَانٌ: بۇلۇت، تەرەپ.

شَقَّ عَنَانَ السَّمَاءِ: كۆكنى ياڭراتتى، ئاسمان ـ زېمىننى لەرزىگە كەلتۈردى.

عِنَانٌ ج أَعِنَّةٌ وَ عُنُنٌ: تىزگىن، چۇلۇۋۇر.

أَطْلَقَ لَهُ الْعِنَانَ: ئۇنىڭغا يول قويدى، ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى.

أَطْلَقَ الْعِنَانَ لِخَيَالِهِ: خام خىيالغا بېرىلدى.

عِنَانَةٌ: جىنسىي ئاجىزلىق.

عِنَايَةٌ: كۆڭۈل بۆلمەك، غەمخورلۇق قىلماق؛ ساقلىماق، مۇھاپىزەت قىلماق؛ باشقۇرماق.

الْعِنَايَةُ الْإِلَهِيَّةُ: تەڭرىنىڭ ئىرادىسى، تەقدىر ـ قىسمەت.

شَاءَتِ الْعِنَايَةُ الْإِلَهِيَّةُ أَنْ يَنْجُو: ئاللاھنىڭ خاھىشى بويىچە ئۇ قۇتۇلدى.

«وَصَلَتِ الْعِنَايَةُ الطِّبِّيَّةُ فِي هَذَا الْبَلَدِ إِلَى مُسْتَوًى رَفِيعٍ»: مېدىتسىنا جەھەتتىكى كۆڭۈل بۆلۈش بۇ دۆلەتتە يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى.

عِنَبٌ ج أَعْنَابٌ: ئۈزۈم.

عِنَبُ الذِّئْبِ: ئىتئۈزۈمى.

﴿فَأَنْبَتْنَا فِيهَا حَبًّا وَ عِنَبًا وَ قَضْبًا﴾ «قرآن»: زېمىندا ئاشلىقلارنى، ئۈزۈمنى، ئوتياشلارنى ئۆستۈردۇق.

عَنْبَا: ئەمبە (مېۋە).

عِنَبَةٌ ج عِنَبَاتٌ: بىر تال ئۈزۈم؛ ئۇشۇق.

عَنْبَرٌ: ئەنبەر (بىر خىل خۇشبۇي ماددا).

عَنْبَرٌ ج عَنَابِرُ: ئىپار كېتى؛ ئامبار، ئىسكىلات، چوڭ كېسەلخانا.

حُبُوبُ الْعَنْبَرِ: سېغىز كەمپوت.

فِي الْعَنْبَرِ عَدَدٌ كَبِيرٌ مِنَ الْمَرْضَى: كېسەلخانىدا نۇرغۇن كېسەللەر بار.

أُرْسِلَتِ الْبِضَاعَةُ إِلَى عَنْبَرِ الشِّرْكَةِ: مال شىركەتنىڭ ئامبىرىغا ئەۋەتىلدى.

عَنْبَرَةُ الشِّتَاءِ: زىمىستان قىش ۋاقتى، قەھرىتان سوغۇق.

عَنْبَرَةُ الْقَوْمِ: قوۋمنىڭ تاللانغانلىرى.

عَنْبَرِيٌّ: خۇش پۇراقلىق شاراب.

عَنِتَ يَعْنَتُ عَنَتًا الشَّيْءُ: نەرسە بۇزۇلدى، چىرىدى.

عَنِتَ فُلَانٌ: پالانى قىيىن ئەھۋالغا دۇچار بولدى.

عَنِتَ الرَّجُلُ: كىشى گۇناھ ئۆتكۈزدى.

﴿لَقَدْ جَاءَكُمْ رَسُولٌ مِنْ أَنْفُسِكُمْ عَزِيزٌ عَلَيْهِ مَا عَنِتُّمْ﴾ «قۇرئان»: شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى، سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ.

عَنِتَ الْعَظْمُ: سۆڭەك سۇنۇپ كەتتى.

عَنَتٌ: زىنا؛ گۇناھ؛ قىيىنچىلىق، خاپىچىلىق؛ ھالاكەت؛ خاتالىق، سەۋەنلىك؛ تەرسالىق، جاھىللىق؛ قارشىلىق كۆرسەتمەك.

﴿ذَلِكَ لِمَنْ خَشِيَ الْعَنَتَ مِنْكُمْ﴾ «قۇرئان»: بۇ ئاراڭلاردا زىناغا مۇپتىلا بولۇپ قېلىشتىن قورققان كىشى ئۈچۈندۇر.

عَنْتَرَةٌ ج عَنَاتِرُ: يېشىل چىۋىن، كۆك چىۋىن.

شَجَاعَةٌ عَنْتَرِ: تەڭدىشى يوق باتۇرلۇق.

عَنَثَةٌ ج عِنَاثٌ: چىرىپ كەتكەن ئوت-چۆپ.

عَنَجَ يَعْنُجُ / يَعْنِجُ عَنْجًا الشَّيْءَ: نەرسىنى تارتتى، سۆرىدى.

عَنَجَ الدَّلْوَ: سوغىنى ئارغامچا بىلەن باغلىدى، تاڭدى.

عَنْجَجٌ: بۆيۈك، چوڭ.

عُنْجُهِيٌّ: مۇتەكەببۇر، ھاكاۋۇر.

عُنْجُهِيَّةٌ: نادانلىق، ھاماقەتلىك، تەكەببۇرلۇق، قوپاللىق، يىرىك.

كَانَ ذُو عُنْجُهِيَّةٍ فَهَجَرُوهُ أَصْحَابُهُ: ئۇ تەكەببۇر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ھەمراھلىرى تاشلىۋەتتى.

عَنْجِيلٌ: دىنكى قىزىتمىسى.

عَنَدَ يَعْنُدُ عُنُودًا عَنْ أَصْحَابِهِ فِي السَّفَرِ: سەپەر ئۈستىدە ھەمراھلىرىدىن ئىلگىرىلەپ كەتتى.

عَنَدَ عَنِ الطَّرِيقِ: يولدىن ئاداشتى.

عَنَدَ الرَّجُلُ: تەتۈرلۈك قىلدى، خىلاپلىق قىلدى، تەرسالىق قىلدى.

عِنْدَ: ... دە، دا (يېنىدا، قېشىدا).

عِنْدَ اللُّزُومِ: زۆرۈر تېپىلغاندا.

عِنْدَ الظُّهْرِ: چۈشتە.

﴿مَا عِنْدَكُمْ يَنْفَدُ وَمَا عِنْدَ اللهِ بَاقٍ﴾ «قۇرئان»: (ئى ئىنسانلار) سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىكى نەرسىلەر تۈگەيدۇ. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر تۈگىمەستۇر.

عِنْدَئِذٍ: شۇ چاغدا، ئۆز ۋاقتىدا.

عِنْدِي مَالٌ: مەندە مال بار، مېنىڭ مېلىم بار، مالغا ئىگىمەن.

عِنْدِي كَذَا: مېنىڭچە، مېنىڭ قارىشىمچە.

عِنْدَكَ: توختا.

عَنْدَلِيبٌ ج عَنَادِلُ: بۇلبۇل.

عَنْدَمٌ: ئۇد ھىندى؛ شور؛ ئىنچىكە يوپۇرماقلىق ئەمەن.

عَنْدَمِيٌّ: قىزىل رەڭلىك، قېنىق قىزىل.

عَنْدِيَّةٌ ج عَنْدِيَّاتٌ: سوبيېكتىپ؛ ئىدېئالىزم، ئىدېئولوگىيە.

عَنَزَ يَعْنُزُ عَنْزًا — هُ: ئۇنىڭغا ھاسىسىنى نوقۇدى.

عَنَزَ يَعْنُزُ عَنْزًا وَ عُنُوزًا عَنْهُ: ئۇنىڭدىن يىراقلاشتى،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

چېكىندى.

عَنْزٌ ج أَعْنُزٌ وَ عُنُوزٌ وَ عِنَازٌ: ئۆچكە، ئۇرغاچى.

عَنْزَةٌ ج عَنْزَاتٌ: ئۆچكە.

عَنَزَةٌ ج عَنَزَاتٌ: ئۇچىغا تۆمۈر بېكىتىلگەن تاياق.

عَنَزَةُ الْفَأْسِ: پالتىنىڭ بىسى.

عَنَسَ يَعْنِسُ عَنْسًا وَ عُنُوسًا وَ عِنَاسًا الرَّجُلُ: قېرى يىگىت بولۇپ قالدى.

عَنَسَتِ الْبِنْتُ: قېرى قىز بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدى.

عَنَشَ يَعْنُشُ / يَعْنِشُ عَنْشًا الْعُودَ: ياغاچنى ئەگدى.

عَنَشَهُ: ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى، غەزەپلەندۈردى.

عَنَشَ الدَّابَّةَ: ئۇلاغنى ھەيدىدى.

عُنْصُرٌ ج عَنَاصِرُ: ئەسلى، تېگى-تەكتى؛ ماددا؛ ئىرق، جىنس، مىللەت.

الْعَنَاصِرُ الْغَرِيبَةُ: يات ئۇنسۇرلار.

الْعَنَاصِرُ الْقَوْمِيَّةُ: مىللەتچىلەر.

الْعُنْصُرُ السَّامِيّ: سام ئىرقى.

فُلَانٌ كَرِيمُ الْعُنْصُرِ: پالانى تېگى-تەكتى ئېسىل.

«يَتَحَلَّلُ الْمَاءُ إِلَى عُنْصُرَيْنِ الْهِيدْرُوجِينُ وَالْأُوكْسِيجِينُ»: سۇ ھىدروگېن، ئوكسىگېندىن ئىبارەت ئىككى ئېلېمېنتقا ئايرىلىدۇ.

عَنَاصِرُ الْإِنْتَاجِ: ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى.

الْعَنَاصِرُ الْأَرْبَعَةُ: تۆت خىلىت.

الْعَنَاصِرُ الْإِيجَابِيَّةُ: ئاكتىپ ئامىللار.

الْعَنَاصِرُ السَّلْبِيَّةُ: پاسسىپ ئامىللار.

عَنَاصِرُ النَّجَاحِ: مۇۋەپپەقىيەت.

الْعَنَاصِرُ الْمُعَادِيَةُ لِلثَّوْرَةِ: ئەكسىلئىنقىلابچىلار.

عُنْصُرِيٌّ ج عُنْصُرِيُّونَ: ئىرقىي؛ مىللىي، ماددىي؛ ئىرقىنىڭ؛ مىللەتنىڭ؛ ئىرقچىلىق.

تَمْيِيزٌ عُنْصُرِيٌّ: ئىرقىي ئايرىمىچىلىق.

مَيْزٌ عُنْصُرِيٌّ: ئىرقىي ئايرىمىچىلىق.

عُنْصُرِيَّةٌ: ئىرقچىلىق.

«لَا تَزَالُ الْعُنْصُرِيَّةُ سَائِدَةً فِي بَعْضِ الدُّوَلِ»: ئىرقچىلىق ھېلىمۇ بەزى دۆلەتلەردە ئۈستۈنلۈك قازانماقتا.

عُنْصُلٌ . عُنْصَلَاءُ: ياۋا سۇكپىياز.

عُنْظُوبٌ م عُنْظُوبَةٌ ج عَنَاظِبُ: بىر خىل چېكەتكە.

عَنْعَنَ يُعَنْعِنُ عَنْعَنَةً الرَّجُلُ: ئەلپىنى ئەيىنغا ئوخشاش ئېيتتى.

عَنْعَنَ الرَّاوِيّ: راۋى ئۆزىنىڭ رىۋايىتىدە ئېيتتى، رىۋايەت قىلدى ياكى پالانى پالانىدىن ھەدىس رىۋايەت قىلدى، دېدى.

عَنُفَ يَعْنُفُ عُنْفًا عَلَيْهِ: ئۇنى قارا قورساقلىق تۇتتى، ئۇنى قاتتىق سۆكتى.

عُنْفٌ: قاتتىقلىق، قوپاللىق، زوراۋانلىق.

أَعْمَالُ الْعُنْفِ: زورلۇق ئىشلەتمەك.

لَا تَلْجَأْ إِلَى الْعُنْفِ: زوراۋانلىق قىلما.

عَنَفَةٌ ج عَنَفَاتٌ: قانات، چاقپەلەك.

عَنَفَاتٌ بُخَارِيَّةٌ: پار تۇرۇبىسى.

عُنْفَةٌ: باشلىماق، قايتىلىماق، يېڭىلىماق.

عُنْفُوَانٌ: دەسلەپى، ئەۋۋىلى.

عُنْفُوَانُ الشَّبَابِ: ياشلىق مەزگىلى، ياشلىق باھارى.

مَاتَ فِي عُنْفُوَانِ شَبَابِهِ: ئۇ ياشلىق مەزگىلىدىلا ئۆلۈپ كەتتى.

عَنِقَ يَعْنَقُ عَنَقًا: بويىنى ئۇزۇن بولدى.

عُنُقٌ ج أَعْنَاقٌ: بويۇن.

﴿وَلَا تَجْعَلْ يَدَكَ مَغْلُولَةً إِلَى عُنُقِكَ﴾ ‹قرآن›: قولۇڭنى بويىنۇڭغا باغلىۋالمىغىن (يەنى، بېخىللىق قىلمىغىن).

«مَنْ مَاتَ وَلَيْسَ فِي عُنُقِهِ بَيْعَةٌ مَاتَ مِيتَةً جَاهِلِيَّةً» ‹حديث›: كىمكى ئىمامەت قىلىشتىكى بەيئەتنى بوزغانلىقىغا ھېچ ئۆزرىسى بولمىغان ھالدا ئۆلسە، جاھىلىيەت زامانىسىدىكىلەرگە ئوخشاش گۇمراھلىق بىلەن ئۆلگەن بولىدۇ.

عَنْقَاءُ: بوينى ئۇزۇن.
اَلْعَنْقَاءُ: رىۋايەتلەردىكى ئىسمى بار، جىسمى يوق قۇش، سۇمۇرغ.
عَنْقَشَ يُعَنْقِشُ عَنْقَشَةً بِالشَّيْءِ: چىرمالدى، يۆگەشتى، ياماشتى.
عُنْقُودٌ ج عَنَاقِيْدُ: ساپاق، تىزىق، زىخ.
عُنْقُودُ عِنَبٍ: بىر ساپاق ئۈزۈم.
عُنْقُودِيٌّ: ساپاقلىق.
عَنْكَبٌ ج عَنَاكِبُ: ئۆمۈچۈك تورى.
عَنْكَبُوتٌ ج عَنَاكِبُ: ئۆمۈچۈك.
بَيْتُ الْعَنْكَبُوتِ: ئۆمۈچۈك تورى.
﴿وَإِنَّ أَوْهَنَ الْبُيُوتِ لَبَيْتُ الْعَنْكَبُوتِ﴾ «قۇرئان»: ئۆيلەرنىڭ ئەڭ ئاجىزى ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيىدۇر.
زَهْرُ الْعَنْكَبُوتِ: ئەگلىكئوت، پىلپىلگۈل.
عَنَمٌ: خېنە.
عَنَمِيٌّ: چىرايلىق قىزىل يۈز.
عَنَّ يَعُنّ عَنًّا وَ عَنَنًا وَ عُنُونًا لَهُ الشَّيْءُ: ئۇنىڭ ئالدىدا ئايان بولدى، كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندى.
عَنَّ عَنِ الشَّيْءِ: يۈز ئۆرۈدى.
عَنَّ الْفَرَسَ ئاتقا يۈگەن سالدى.
عَنَّ الْكِتَابَ: كىتابقا ماۋزۇ قويدى.
عَنَّ فُلَانًا: تىللىدى، دەشنام بەردى.
عَنَّتْ لَهُ فِكْرَةٌ جَدِيْدَةٌ: ئۇنىڭ كۆڭلىگە يېڭى ئوي كەلدى.
عَنٌّ ج أَعْنَانٌ: تەرەپ، يان.
عَنَّابٌ: ئۈزۈم ساتقۇچى.
عُنَّابٌ م عُنَّابَةٌ ج عُنَّابَاتٌ: چىلان دەرىخى، چىلان.
عَنَّانٌ: چېمپىيون، ھەممىنىڭ ئالدىدا ئۈزۈپ چىققۇچى.
هُوَ عَنَّانٌ عَنِ الْخَيْرِ: ئۇ ياخشىلىققا قىزىقمايدىغان ئادەم.
عَنَّبَ يُعَنِّبُ تَعْنِيْبًا الْكَرْمُ: باغ ئۈزۈملۈككە ئايلاندى.

عَنَّتَ يُعَنِّتُ تَعْنِيْتًا — هُ: ئورۇنلاش قىيىن بولغان ئىشنى ئۇنىڭغا تاڭدى.
عَنَّتَ فِي الْجَبَلِ: تاغقا ياماشتى.
عُنَّةٌ: ئىقتىدارسىزلىق، جىنسىي ئاجىزلىق.
مَرَضُ الْعُنَّةِ: جىنسىي ئاجىزلىق كېسىلى.
عَنَّفَ يُعَنِّفُ تَعْنِيْفًا: كايىدى، سۆكتى، ئەيىبلىدى.
عَنَّفَهُ: ئۇنىڭغا قاتتىق مۇئامىلە قىلدى.
عَنَّقَ يُعَنِّقُ تَعْنِيْقًا — هُ: ئۇنى پاتاگدىنلا ئالدى.
عَنَّمَ يُعَنِّمُ تَعْنِيْمًا الْبَنَانَ: بارماقلىرىغا خېنە قويدى.
عَنَّنَ يُعَنِّنُ تَعْنِيْنًا الْكِتَابَ: كىتابقا ماۋزۇ قويدى، نامىنى يازدى.
عَنَّى يُعَنِّي تَعْنِيَةً غَيْرَهُ: ئاۋارە قىلدى، قىيىن ئىشقا زورلىدى، چارچىتىۋەتتى.
عَنَّى الْكِتَابَ: كىتابقا ماۋزۇ قويدى.
عَنَّاهُ عَمَلُهُ الْجَدِيْدُ فَاسْتَقَالَ: ئۇنىڭ يېڭى خىزمىتى ئۇنى قاتتىق چارچىتىۋەتتى-دە، ئۇ ئىستېپا بەردى.
عِنِّيْنٌ: جىنسىي ئىقتىدارى يوق ئادەم.
عِنِّيْنَةٌ: جىنسىي ئاجىزلىق، ئېغىل، قوتان، ياغاچ قوتان.
عِنْوٌ ج أَعْنَاءٌ: تەرەپ، يان.
جَاءَ أَعْنَاءٌ مِنَ النَّاسِ: ھەر تەرەپتىن كىشىلەر كەلدى.
عُنْوَانٌ ج عَنَاوِيْنُ: ئادرېس، تېما، ماۋزۇ.
عُنْوَانُ الْكِتَابِ: كىتابنىڭ نامى.
«إِذَا كَانَتِ الْكُتُبُ تُعْرَفُ بِعَنَاوِيْنِهَا فَالْأُمَمُ تُعْرَفُ بِرِجَالِهَا»: ئەگەر كىتابلار ئىسىملىرى بىلەن تونۇلسا، مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مەشھۇر شەخسلىرى بىلەن تونۇلىدۇ.
عَنْوَةً: مەجبۇرىي، زورلۇق بىلەن.
فُتِحَتِ الْمَدِيْنَةُ عَنْوَةً: شەھەر كۈچ بىلەن ئېلىندى.
اِجْتَازَ الْحِصَارَ عَنْوَةً: مۇھاسىرە لىنىيىسىدىن كۈچ

بىلەن ئۆتتى.

**عَنُوثٌ**: تىك قىيالىق، تاغ يانباغرى.

**عُنُودٌ ج عُنُدٌ**: تەرسا، كاج.

**عَقَبَةُ عُنُودٍ**: قىيىن، مۇشكۇل، توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ كەتكۈچى.

**عَنْوَنَ يُعَنْوِنُ عَنْوَنَةً الْخِطَابَ**: ئادرېس يازدى.

**عَنْوَنَ الْكِتَابَ**: كىتابقا ماۋزۇ يازدى، كىتابقا ئىسىم قويدى.

**عَنَى يَعْنِي عَنْيًا وَ عِنَايَةً**: ئىرادە قىلدى، مەقسەت قىلدى.

**تَرَكَ مَا لَا يَعْنِيهِ**: مۇناسىۋەتسىز ئىشلارنى قىلمىدى، بىھۇدە ئىشلارنى تەرك ئەتتى.

«**مَنْ يَتَدَخَّلْ فِيمَا لَا يَعْنِيهِ يَلْقَ مَا لَا يُرْضِيهِ**»: مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلاشقان كىشى خاپىلىق تارتىپ قالىدۇ.

«**مِنْ حُسْنِ إِسْلَامِ الْمَرْءِ تَرْكُهُ مَا لَا يَعْنِيهِ**» ‹حديث›: مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلاشمىغان ئادەم ياخشى مۇسۇلماندۇر.

**عَنَى يَعْنِي عِنَايَةً وَ عُنِيًّا**: كۆڭۈل بۆلدى، غەمخورلۇق قىلدى، دىققەت قىلدى.

**عَنَى اللّٰهُ بِهِ**: ئاللاھ ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي.

**عَنِيَ يَعْنَى عَنَاءً**: ھاردى، چارچىدى.

**عَنِيَ فِي إِعْدَادِ كِتَابِهِ أَشَدَّ الْعَنَاءِ**: كىتابنى تەييارلاشتا قاتتىق جاپا چەكتى.

**عَنِيَ يَعْنَى عَنًا فِي الْقَوْمِ**: قوۋمغا ئەسىر چۈشۈپ قالدى.

**عُنْيَانٌ**: ئادرېس، ماۋزۇ، تېما.

**عَنِيَّةٌ**: جاپا ـ مۇشەققەت، ئەمگەك، چارچاش.

**عَنِيدٌ ج عُنُدٌ**: جاھىل، تەرسا؛ ھەقىقەتكە قارشى چىققۇچى.

**خَصْمٌ عَنِيدٌ**: كۈچلۈك دۈشمەن، كۈچلۈك رىقابەتچى.

﴿**إِنَّهُ كَانَ لِآيَاتِنَا عَنِيدًا**﴾ ‹قرآن›: چۈنكى، ئۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە قارشى چىقتى.

**عَنِيفٌ ج عُنُفٌ**: قاتتىق، دەھشەتلىك، شىددەتلىك.

**جِهَادٌ عَنِيفٌ**: شىددەتلىك كۈرەش.

**لَا تَكُنْ عَنِيفًا**: قاتتىق قول بولما.

**إِجْرَاءَاتٌ عَنِيفَةٌ**: كەسكىن تەدبىرلەر.

**عَهَارَةٌ**: زىنا قىلماق، پاھىشە قىلماق، بۇزۇقچىلىق قىلماق.

**عَهِدَ يَعْهَدُ عَهْدًا الشَّيْءَ**: تونۇدى، بىلدى.

**عَهِدَ فُلَانًا بِمَكَانِ كَذَا**: پالانى بىلەن مۇشۇ جايدا ئۇچراشتى.

**عَهِدَ الْوَعْدَ**: ۋەدىگە ۋاپا قىلدى.

**عَهِدَ إِلَيْهِ**: ئۇنىڭغا تاپشۇردى، ھاۋالە قىلدى.

**عَهِدَ إِلَيْهِ بِكَذَا**: بۇنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى، ھاۋالە قىلدى.

﴿**وَعَهِدْنَا إِلَى إِبْرَاهِيمَ وَإِسْمَاعِيلَ أَنْ طَهِّرَا بَيْتِيَ لِلطَّائِفِينَ**﴾ ‹قرآن›: ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىلغا ئۆيۈمنى (يەنى، كەئبەمنى) تاۋاپ قىلغۇچىلار ... ئۈچۈن پاك تۇتۇشنى بۇيرۇدۇق.

**لَا يَزَالُ هَذَا الْمَكَانُ كَمَا عَهِدْتُهُ**: بۇ جاي مەن كۆرگەن پېتى تۇرۇپتۇ.

**عَهِدَ الرَّئِيسُ إِلَيْهِ بِتَأْلِيفِ حُكُومَةٍ جَدِيدَةٍ**: رەئىس ئۇنىڭغا يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىللەشنى تاپشۇردى.

**عَهْدٌ ج عُهُودٌ**: ۋەدە، ئەھدە؛ كاپالەت؛ ھىمايە، توختام؛ دەۋر، زامان؛ شەرتنامە، كېلىشىم؛ قەسەم؛ دوستلۇق؛ ئامانەت.

«**عَهْدُكُمْ قَدْ كَانَ عَهْدًا زَاهِرًا وَلَقَدْ أَرْجَعْتُمُوا عَهْدَ النَّبِيِّ**»: سىلەرنىڭ زامانىڭلار ئاجايىپ گۈللىنىپتۇ، دەۋرنى رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىغا قايتۇرۇپسىلەر.

عَهْدَئِذٍ: شۇ چاغدا، ئۇز ۋاقتىدا، شۇ دەۋردە.

﴿وَأَوْفُوا بِعَهْدِي أُوفِ بِعَهْدِكُمْ﴾ «قۇرئان»: ۋەدەڭلارغا ۋاپا قىلىڭلار، مەنمۇ سىلەرگە قىلغان ۋەدەمگە ۋاپا قىلىمەن.

الْعَهْدُ الْجَدِيدُ: ئىنجىل.

الْعَهْدُ الْقَدِيمُ: تەۋرات.

قَرِيبُ الْعَهْدِ / حَدِيثُ الْعَهْدِ: يېقىندا، ئازغىنە ۋاقىت ئىلگىرى.

نَقْضُ الْعَهْدِ: ۋەدىنى بۇزماق، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلماق.

وَلِيُّ الْعَهْدِ . وَلِيُّ عَهْدِ الْمَلِكِ: پادىشاھنىڭ ۋارىسى، ۋەلىئەھدى.

عَلَى عَهْدِهِ: ئۇنىڭ دەۋرىدە.

«إِنَّ حُسْنَ الْعَهْدِ مِنَ الْإِيْمَانِ» «حەدىس»: ئەھدىگە ۋاپا قىلىش ئىماننىڭ جۈملىسىدىن.

عُهْدَةٌ ج عُهَدٌ: مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت؛ كاپالەت، ھۆددە؛ ئاجىزلىق.

هَذَا فِي عُهْدَتِهِ: بۇ ئۇنىڭ كاپالىتىدە.

عُهْدَةُ الْخَبَرِ عَلَى رَاوِيهِ: خەۋەرنىڭ راست-يالغانلىقىغا رىۋايەت قىلغۇچى كېپىل.

عَهْدِيٌّ: شەرتنامىنىڭ، كېلىشىمنىڭ.

عَهِرَ يَعْهَرُ عَهِرًا / عَهْرًا وَ عَهَرًا وَ عُهُورًا وَ عَهَارَةً وَ عُهُورَةً: زىنا قىلدى، پاھىشىۋازلىق قىلدى.

عَهْرٌ / عَهَرٌ: پاھىشە قىلماق، بۇزۇقچىلىق قىلماق.

عَهِرٌ: پاھىشىۋاز، زىناخور.

عَهَنَ يَعْهَنُ عَهْنًا الشَّيْءُ: داۋاملاشتى، مۇقىم بولدى.

عَهَنَ فِي الْعَمَلِ: ئىشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

عَهَنَ يَعْهِنُ عُهُونًا جَرِيْدَةُ النَّخْلِ: خورما دەرىخىنىڭ شاخلىرى قۇرۇدى.

عَهَنَ يَعْهِنُ عَهْنًا الْقَضِيْبُ: كېسىلگەن شاخ سولاشتى.

عِهْنٌ ج عُهُونٌ: يۇڭ، بويالغان يۇڭ، ئېتىلغان يۇڭ.

﴿وَتَكُونُ الْجِبَالُ كَالْعِهْنِ الْمَنْفُوشِ﴾ «قۇرئان»: تاغلار ئېتىلغان يۇڭدەك بولۇپ كېتىدۇ.

عَهِيدٌ: ئىتتىپاقداش، ئىتتىپاقداش دۆلەت، ئىتتىپاق تۈزگۈچى.

عُوَاءٌ: قاۋىماق، ھاۋشىماق، ھۇۇلىماق.

عَوَارٌ: كەمچىلىك، نۇقسان، ئەيىب؛ يىرتىق، يېرتىق.

سِلْعَةٌ ذَاتُ عَوَارٍ: ئەيىبى بار مال.

عَوَامٌّ: ئاددىي خەلق، ئاۋام، پۇقرا.

لُغَةُ الْعَوَامِّ: ئاۋامنىڭ تىلى.

مَجْلِسُ الْعَوَامِّ: ئاۋام پالاتاسى، تۆۋەن پالاتا.

عَوَانٌ: ئوتتۇرا ياش.

حَرْبٌ عَوَانٌ: شىددەتلىك ئۇرۇش، كەسكىن جەڭ.

﴿إِنَّهَا بَقَرَةٌ لَا فَارِضٌ وَلَا بِكْرٌ عَوَانٌ بَيْنَ ذَالِكَ﴾ «قۇرئان»: بۇ كالا قېرىمۇ ئەمەس، ياشمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا ياش بولسۇن.

عَوَايِدُ: باج، سېلىق.

عَوَايِدُ بَلَدِيَّةٌ: شەھەرلىك باج.

عَوَايِدُ الدَّلَالَةِ: شېرىنكانە، چاي پۇلى، تاپان ھەققى.

عَوَايِدُ جُمْرُكِيَّةٌ: چېگرا بېجى.

عَوَايِدُ الرَّصِيْفِ: پورت بېجى.

عَوِجَ يَعْوَجُ عَوَجًا الْعُودُ: شاخ ئېگىلدى.

عَوِجَ الطَّرِيْقُ: يول ئەگرى بولدى.

عَوِجَ الشَّخْصُ: كىشى ئەخلاقسىز بولدى، خۇيى يامان بولدى.

عِوَجٌ: قىڭغىر، ئۇدۇل ئەمەس، مايماق، ئەگرى.

قَوْلٌ غَيْرُ ذِي عِوَجٍ: ساغلام سۆز.

﴿قُرْآنًا عَرَبِيًّا غَيْرَ ذِي عِوَجٍ﴾ «قۇرئان»: قۇرئان ئەرەبچىدۇر، ئەگرىلىكتىن خالىيدۇر.

عِوَجٌ: ئەگرى-بۈگرى.

**عِوَجُ الْعِظَامِ**: راخت (سۆڭەك قاتماسلىق كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان).

**عَوْجَاء ج عُوجٌ**: ئەگرى-بۈگرى، توقاي، قىڭغىر.

**عَوْدٌ . عَوْدَةٌ**: قايتماق، ياناماق؛ تەكرارلىماق، قايتا قىلماق؛ (كېسەل) يوقلىماق.

**عَوْدٌ إِلَى أَمْرٍ**: قايتا ئىشلىمەك.

**عَوْدٌ إِلَى الْإِجْرَامِ**: قايتا جىنايەت سادىر قىلماق.

**عُودٌ ج أَعْوَادٌ وَ عِيدَانٌ**: ئۇد (بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى)؛ ياغاچ، شاخ؛ خۇش پۇراقنىڭ بىر خىلى.

**عُودُ الثِّقَابِ**: سەرەڭگە.

**عُودُ الرِّيحِ**: چوغلۇق، غاڭزا.

**عَجَمَ عُودَهُ**: سىناپ كۆردى، تەجرىبە قىلدى.

**صَلَابَةُ الْعُودِ**: قاتتىقلىق، مۇستەھكەم.

**عَوْذٌ**: يەسلى؛ يىغىۋېلىش ئورنى؛ پاناھ جاي؛ پاناھلانماق.

**عُوذَةٌ ج عُوَذٌ**: تۇمار، تىلتۇمار، ئەپسۇن.

**عَوِرَ يَعْوَرُ عَوَرًا الشَّخْصُ**: يەككەشمە بولۇپ قالدى، ئالىغاي بولۇپ قالدى.

**عَوْرَاء ج عَوْرَات وَ عُور**: يەككەشمە.

**عَوْرَةٌ ج عَوْرَاتٌ**: ئەۋرەت (ئۈيياتلىق ئەزالار)، نۇقسان، كەمتۈكلۈك، كاۋاك.

**﴿وَمَا هِيَ بِعَوْرَةٍ إِنْ يُرِيدُونَ إِلَّا فِرَارًا﴾ «قرآن»**: بۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئوچۇقچىلىقتا ئەمەس، ئۇلار پەقەت قېچىشنىلا ئويلايدۇ.

**«الْعَوْرَةُ مِنَ الرَّجُلِ مَا بَيْنَ السُّرَّةِ وَالرُّكْبَةِ وَمِنَ الْمَرْأَةِ جَمِيعُ جَسَدِهَا إِلَّا الْوَجْهَ وَالْيَدَيْنِ إِلَى الْكُوعَيْنِ»**: ئەر كىشىنىڭ ئەۋرىتى كىندىك بىلەن تىزىنىڭ ئارىلىقى، ئايالنىڭ يۈزى، ئىككى قولىنىڭ بېغىشىغىچە بولغان ئارىلىقتىن باشقا پۈتۈن ئەزاسى ئەۋرەتتۇر.

**هَزَمُوا بِسَبَبِ عَوْرَةٍ فِي حِصْنِهِمْ**: ئۇلارنىڭ قورغىنىدا نۇقسان بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلار مەغلۇپ بولدى.

**عَوِزَ يَعْوَزُ عَوَزًا الرَّجُلُ**: موھتاج بولدى، يېقىر بولدى، كەمبەغەل بولدى.

**عَوِزَ الشَّيْءُ**: نەرسە كەمچىل بولۇپ قالدى.

**عَوِزَ الْأَمْرُ**: ئىش قىيىنلاشتى، تەس بولدى.

**عَوَزٌ**: تەلەپ، ئېھتىياج.

**عَوَزٌ**: ھاجەت، قىيىنچىلىق موھتاجلىق.

**«دَفَعَهُ الْعَوَزُ إِلَى الْهِجْرَةِ مِنْ وَطَنِهِ»**: ئۇنىڭ موھتاجلىقى ئۇنى يۇرتىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇرلىدى.

**عَوِزٌ**: كەمبەغەل، ھاجەتمەن.

**عُوسٌ**: ئاق قوچقار.

**عَوْسَجٌ ج عَوَاسِجُ**: ، ئىت بۇرۇن؛ قاراپەرتۇق؛ خوزۇر (تىكەنلىك دەرەخ).

**عَوِصَ يَعْوَصُ عَوَصًا الْأَمْرُ**: ئىش تەس بولدى.

**عَوَصٌ**: كۈچ، ھەرىكەت، روھ، ھاجەت، قىيىن.

**عَوَصٌ**: قىيىن.

**عِوَضٌ ج أَعْوَاضٌ**: بەدەل؛ تەڭ قىممەتتىكى نەرسە؛ مۇكاپات.

**عِوَضًا عَنْ كَذَا**: ئۇنىڭ ئورنىدا، ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن.

**خُذْ هَذَا عِوَضًا عَنْ ذَلِكَ**: بۇنىڭ ئورنىغا بۇنى ئالغىن.

**عَوْضُ**: ئەزەلدىن تارتىپ، ھېچقاچان، ئەسلا، ھەرگىز، مەڭگۈ، ئەبەدىي.

**مَا رَأَيْتُهُ عَوْضًا**: مەن ئۇنى ھېچقاچان كۆرمىدىم.

**عَوْطَبٌ**: دولقۇن ئازگىلى.

**عَوْفٌ**: ھال، ئەھۋال؛ يولۋاس، بۆرە، قۇش، خوراز، مېھمان؛ تەلەي.

**عَوْقٌ**: توسماق، توسقۇنلۇق قىلماق، دەخلى قىلماق، كېچىكتۈرمەك.

**عَوْلٌ**: ئادالەتسىزلىك، خاتالىق، تەڭسىزلىك؛

زۇلۇم؛ ئاۋازلىق يىغا.

عِوَلٌ: يۆلەنمەك، تايانماق.

عَوْمٌ: سۇ ئۈزمەك، سۇدا لەيلىمەك.

لِبَاسُ الْعَوْمِ: سۇ ئۈزۈش كىيىمى.

خَطُّ الْعَوْمِ: چۆكۈش سىزىقى.

فُلَانٌ لَايُحْسِنُ الْعَوْمَ: پالانى سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدۇ.

عَوْمًا . بِالْعَوْمِ: سۇدا ئۈزۈپ، سۇدا لەيلەپ.

عَوْنٌ: ياردەم بەرمەك، يۆلىمەك.

عَوْنٌ ج أَعْوَانٌ: ياردەمچى.

«كَانَ لِيْ نِعْمَ الْعَوْنُ فِي مِحْنَتِي»: ئۇ بېشىمغا كۈن چۈشكەندە ياخشى ياردەم قىلدى.

مَدَّ لَهُ يَدَ الْعَوْنِ: ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇندى.

«أَهْلُ الْجَوْرِ وَأَعْوَانُهُمْ فِي النَّارِ» «حديث»: زالىملار ۋە ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرى دوزاختا بولىدۇ.

عَوْنَةٌ: ئالۋاڭ، هاشار، مەجبۇرىي ئەمگەك.

عَوَّاجٌ: پىل چىشى ساتقۇچى.

عَوَّاجَةٌ: مەجرۇھ، مېيىپ.

عَوَّادٌ ج عَوَّادُونَ: چارتار چالغۇچى، ئۇد چالغۇچى.

عُوَّارٌ: چاپاق.

قَذًى بِعَيْنِكَ أَمْ بِالْعَيْنِ عُوَّار: كۆزۈڭدە توپا ـ چاڭ بارمۇ؟ ياكى چاپاق بارمۇ؟

عَوَّاقٌ: تورمۇز.

عَوَّامٌ ج عَوَّامَاتٌ: سۇ ئۈزگۈچى، سۇ ئۈزۈش ماھىرى.

عَوَّامَةٌ ج عَوَّامَاتٌ: لەيلىمە بەلگە، بالون.

عَوَّامَةٌ لِلنَّجَاةِ مِنَ الْغَرَقِ: قۇتقۇزۇش بالونى.

عَوَّامَةُ صِنَّارَةِ السَّمَكِ: لەيلىگۈچى قارماق.

عَوَّامَةُ السَّمَكِ: پۇۋەك، بېلىق پۇۋىكى.

عَوَّجَ يُعَوِّجُ تَعْوِيجًا الْعُوْدَ: ياغاچنى ئەگدى.

عَوَّجَ شِدْقَيْهِ: ئېغىزىنى پۈرۈشتۈردى.

﴿وَأَمَّا الْقَاسِطُونَ فَكَانُوا لِجَهَنَّمَ حَطَبًا﴾ ‹قرآن›: توغرا يولدىن چەتنىگۈچىلار جەھەننەمگە ئوتۇن بولىدۇ.

قَاسَمَ يُقَاسِمُ مُقَاسَمَةً غَيْرَهُ الْمَالَ: : بۆلۈشۈۋالدى، تەقسىم قىلىشىۋالدى.

قَاسَمَ فُلَانًا: ئۇنىڭغا قەسەم بەردى.

﴿وَقَاسَمَهُمَا إِنِّي لَكُمَا لَمِنَ النَّاصِحِينَ﴾ ‹قرآن›: شۇنىڭدەك ئۇلارغا: «مەن چوقۇم سىلەرگە سادىقمەن»، دەپ قەسەم ئىچىپ بەردى.

قَاسِمٌ: بۆلگۈچى، تەقسىم قىلغۇچى.

قَاسَى يُقَاسِي مُقَاسَاةً الشَّخْصُ الْأَلَمَ: ئازاب چەكتى، ئەلەم تارتتى.

قَاسَى آلَامَ الْمَرَضِ: كېسەلنىڭ دەردىنى تارتتى.

قَاسَى الْمِحَنَ: جاپا ـ مۇشەققەت چەكتى.

قَاسٍ ج قَاسُونَ وَ قُسَاةٌ: قاتتىق، شەددەتلىك، ياۋۇز، رەھىمسىز.

قَاسِي الْقَلْبِ: باغرى قاتتىق، تاش يۈرەك.

قَاسِيَةٌ ج قَوَاسٍ: قاتتىق، شەددەتلىك، ياۋۇز، رەھىمسىز.

﴿فَوَيْلٌ لِلْقَاسِيَةِ قُلُوبُهُمْ مِنْ ذِكْرِ اللهِ﴾ ‹قرآن›: ئاللاھنىڭ زىكرىنى تەرك ئەتكەنلىكتىن دىللىرى قېتىپ كەتكەنلەرگە ۋاي!

تَجْرِبَةٌ قَاسِيَةٌ: ئېچىنىشلىق سىناق، پاجىئەلىك تەجرىبە.

شُرُوطٌ قَاسِيَةٌ: ئېغىر شەرت، قاتتىق شەرت.

أَرْضٌ قَاسِيَةٌ: قاقاس يەر.

لَيْلَةٌ قَاسِيَةٌ: زۇلمەتلىك كېچە.

قَاشَانِيٌّ: گۈللۈك خىش، فارفور قاچا ـ قۇچىلار.

قَاصِدٌ ج قُصَّادٌ: ئورۇنغۇچى، قورساققا پۈككۈچى، نىيەت قىلغۇچى، ئىرادە باغلىغۇچى، ئاسان.

سَفَرٌ قَاصِدٌ: ئاسان سەپەر.

﴿لَوْ كَانَ عَرَضاً قَرِيباً وَسَفَراً قَاصِداً لَاتَّبَعُوكَ﴾ «قرآن»: ئەگەر (ئۇلارنىڭ دەۋەت قىلغىنى) ئاسان قولغا كېلىدىغان غەنىيمەت ۋە (يىراق ئەمەس) ئوتتۇراھال سەپەر بولىدىغان بولسا، ئۇلار چوقۇم ساڭا ئەگىشىپ (غەنىيمەت ئېلىش مەقسىتىدە) چىقاتتى.

طَرِيقٌ قَاصِدٌ: توغرا يول، تۈز يول.

الْقَاصِدُ الرَّسُولِيّ: رىم پاپىسىنىڭ چەت ئەللەردە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى.

قَاصِرٌ ج قَاصِرُونَ: ياش قۇرامىغا يەتمىگەن ئادەم؛ ئاجىز، قىسقا.

كُلّ مَدِيْحٍ قَاصِرٌ فِيْهِ: ئۇنىڭ ھەققىدە ھەرقانداق مەدھىيە ئازلىق قىلىدۇ.

قَاصِرٌ عَنِ الْحَرَكَةِ: ھەرىكەتتىن ئاجىز.

قَاصِرَةٌ ج قَاصِرَاتٌ: بالاغەتكە يەتمىگەن، ئاجىز.

امْرَأَةٌ قَاصِرَةُ الطَّرْفِ: ئۇياتچان، ھايالىق.

﴿وَعِنْدَهُمْ قَاصِرَاتُ الطَّرْفِ أَتْرَابٌ﴾ «قرآن»: ئۇلارنىڭ يېنىدا ئەرلىرىدىن غەيرىيگە كۆز سالمايدىغان شەھلا كۆزلۈك (جۈپتىلەر) بولىدۇ.

قَاصَّ يُقَاصّ مُقَاصَّةً ـ هُ: قىساس ئالدى، ئۆچ ئالدى، ئىنتىقام ئالدى.

قَاصٌّ: ھېكايىچى، مەدداھ.

قَاصِفٌ: ئۇشتۇغۇچى، سۇندۇرغۇچى، قاتتىق ئاۋاز، گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز.

﴿فَيُرْسِلُ عَلَيْكُمْ قَاصِفًا مِنَ الرِّيْحِ فَيُغْرِقَكُمْ بِمَا كَفَرْتُمْ﴾ «قرآن»: قارا بوران چىقىرىپ، كۇفرىلىق قىلغانلىقىڭلار تۈپەيلىدىن سىلەرنى غەرق قىلىۋېتىشىدىن...

طَائِرَةٌ قَاصِفَةٌ: بومباردىمانچى ئايروپىلان.

قَاصِلٌ: ئۆتكۈر، تېز، ئۆتكۈر.

قَاصِمٌ ج قَوَاصِمُ: بۇزغۇچى، ۋەيران قىلغۇچى، ھالاك قىلغۇچى.

عَمَلٌ قَاصِمُ الظَّهْرِ: جاپالىق ئېغىر ئەمگەك.

حَدَثٌ قَاصِمٌ: ئېغىر ۋەقە.

ضَرَبَاتٌ قَوَاصِمُ: ئەجەللىك زەربە.

نَزَلَتْ بِهِمْ قَاصِمَةُ الظَّهْرِ: ئۇلار بالايىئاپەتكە يولۇقتى.

قَاضٍ ج قَاضُونَ وَ أَقْضَاءُ: يىراق.

حَضَرَ الْقَاصِي وَالدَّانِي: يىراق ـ يېقىندىكى ھەممە كەلدى.

قَاضَ يَقُوضُ قَوْضًا الْبِنَاءَ: بىنانى بۇزدى، ئۆرۈۋەتتى.

قَاضَ الصِّحَّةَ: سالامەتلىككە زىيان يەتكۈزدى.

«قَاضَ جَيْشُ الْعَدُوِّ مَسَاكِنَ الْمُوَاطِنِيْنَ الْعُزَّلِ»: دۈشمەن قوشۇنى قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى يوق ئاھالىلەرنىڭ ئۆيىنى ۋەيران قىلدى.

قَاضَ يَقِيْضُ قَيْضًا الشَّيْءَ: نەرسە يېرىلدى، پارچىلاندى.

قَاضَ الْجِدَارُ: تام ئۆرۈلدى، بۇزۇلدى.

قَاضَ السِّنّ: چىش مىدىرلاپ قالدى، بوشاپ قالدى.

قَاضَ فُلَانًا بِالشَّيْءِ: پالانىغا بىرنەرسىنى ئالماشتۇرۇپ بەردى، تېگىشىپ بەردى.

قَاضِمٌ ج قَوَاضِمُ: غاجىلىغۇچى ھايۋان.

قَاضَى يُقَاضِي مُقَاضَاةً: مۇرەسسە قىلدى.

قَاضَى فُلَانًا إِلَى الْحَاكِمِ: پالانىنى ھاكىمغا ئەرز

قىلدى، شىكايەت قىلدى.

قاضٍ (القاضي) ج قُضَاةٌ: سوتچى، قازى، ھاكىم.

قاضٍ شَرْعِيٌّ: شەرىئەت قازىسى.

قَاضِي الْقُضَاةِ: سوت باشلىقى، قازى كالان، قازى قۇزات.

سُمٌّ قاضٍ: كۈچلۈك زەھەر، ئۆتكۈر زەھەر.

قَاضِي التَّحْقِيقِ: دەسلەپكى سوتچى.

قَاضِيَةٌ: ئايال سوتچى.

الْقَاضِيَةُ: ئۆلۈم.

﴿يَالَيْتَهَا كَانَتِ الْقَاضِيَةَ﴾ «قۇرئان»: دۇنيادا ئۆلۈمۈم ھاياتىمنى (ئاخىرەتتە تىرىلمەس قىلىپ) ئاخىرلاشتۇرسىچۇ؟

ضَرْبَةٌ قَاضِيَةٌ: قاقشاتقۇچ زەربە.

قَاطِبٌ: قاپىقى تۈرۈك، قوشۇمىسى تۈرۈك.

رَأَيْتُهُ غَضْبَانَ قَاطِبًا: ئۇنى قوشۇمىسى تۈرۈك، غەزەپناك ھالدا كۆردۈم.

قَاطِبَةً: ھەممە، جەمئىي.

جَاءَ الْقَوْمُ قَاطِبَةً: قوۋم ھەممىسى كەلدى.

قَاطِرٌ: سۆرىگۈچى، تارتقۇچى.

قَاطِرَةٌ ج قَاطِرَاتٌ وَ قَوَاطِرُ: پاراۋوز.

قَاطٌ . قَاطِ: قىممەت، باھاسى يۇقىرى.

قَاطَعَ يُقَاطِعُ مُقَاطَعَةً الْحَدِيثَ: سۆزنى توختاتتى، ئۈزۈپ قويدى.

قَاطَعَهُ: ئۇنى تاشلىۋەتتى.

قَاطَعَ الْقَوْمَ: قوۋم بىلەن ھەمكارلىشىشتىن باش تارتتى.

قَاطِعٌ ج قَوَاطِعُ: پاسىل، توساق.

كَلَامٌ قَاطِعٌ: ئۈتىدىغان سۆز.

قَاطِعُ تَذَاكِرِ الْحَافِلَةِ: ئاپتوبۇس بىلىتى ساتقۇچى.

قَاطِفَةٌ: ئورۇش ماشىنىسى، كومبايىن.

قَاطِفَةُ الْقُطْنِ: پاختا تېرىش ماشىنىسى.

قَاطِنٌ ج قُطَّانٌ وَ قَطِينٌ: ئورۇنلاشقۇچى، ئاھالە؛ قورغۇچى، ھاياتىي كۈچكە باي.

قَاظَ يَقِيظُ قَيْظًا الْيَوْمُ: كۈن قاتتىق ئىسسىق بولدى.

قَاعَ يَقُوعُ قَوْعًا: ئارقىدا قالدى، ئارقىغا داجىدى.

قَاعَ الْكَلْبُ: ئىت ئىرغاكلاپ ماڭدى.

قَاعَ يَقِيعُ قَيْعًا الْخِنْزِيرُ: چوشقا چىرقىرىدى.

قَاعٌ ج أَقْوَاعٌ وَ أَقْوُعٌ وَ قِيعٌ وَ قِيعَانٌ وَ قِيعَةٌ: تۈزلەڭلىك، ئويمان يەر، چۆل، باياۋان.

قَاعُ الْغُرْفَةِ: پول، تاختاي.

سَقَطَ فِي قَاعِ الْبِئْرِ: قۇدۇقنىڭ قەئرىگە چۈشۈپ كەتتى.

غَرِقَتِ الْبَاخِرَةُ فِي قَاعِ الْبَحْرِ: پاراخوت دېڭىز ئاستىغا چۆكۈپ كەتتى.

﴿وَالَّذِينَ كَفَرُوا أَعْمَالُهُمْ كَسَرَابٍ بِقِيعَةٍ﴾ «قۇرئان»: كاپىرلارنىڭ ئەمەللىرى باياۋاندىكى سەرابقا ئوخشايدۇ.

قَاعِبٌ: ھۇۋلىغۇچى بۆرە.

قَاعَةٌ ج قَاعَاتٌ: زال، قۇلۇپ، قورۇ.

قَاعَةُ الْمُطَالَعَةِ: قىرائەتخانا.

قَاعَةُ الطَّعَامِ: تاماقخانا.

قَاعَةُ الْإِسْتِقْبَالِ: كۈتۈۋېلىش زالى.

قَاعَةُ الْمُحَاضَرَاتِ: لېكسىيە زالى.

قَاعَةُ الْإِجْتِمَاعَاتِ: يىغىن زالى.

قَاعِدٌ ج قَاعِدُونَ وَ قُعَّادٌ وَ قُعُودٌ: ئولتۇرغۇچى.

قَاعِدُ الْهِمَّةِ: ھورۇن.

﴿لَا يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ﴾ «قۇرئان»: مۇئمىنلەردىن جىھادقا چىقمىغانلار... بىلەن باراۋەر بولمايدۇ.

قَاعِدَةٌ ج قَوَاعِدُ: ئاساس، ئۇل؛ بازا، قائىدە، پرىنسىپ، ھەيزدىن، تۇغۇتتىن، ئاياتلىق بولۇشتىن قالغان ئايال.

قَاعِدَةُ الْحَرْبِ: ھەربىي بازا.

«بُنِيَتْ فِي تِلْكَ الْمِنْطَقَةِ قَاعِدَةٌ عَسْكَرِيَّةٌ»: بۇ رايوندا

هەربىي بازا قۇرۇلدى.

«عَادَتِ الطَّائِرَةُ إِلَى قَوَاعِدِهَا سَالِمَةً»: ئـايروپىلانلار بازىغا سالامەت قايتتى.

قَاعِدَةٌ لِلْبِنَاءِ: قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلى.

﴿وَإِذْ يَرْفَعُ إِبْرَاهِيمُ الْقَوَاعِدَ مِنَ الْبَيْتِ وَإِسْمَاعِيلُ﴾ ‹قرآن›: ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل كەئبىنىڭ ئۇلىنى قوپۇرۇۋېتىپ...

قَاعِدَةُ الْبِلَادِ: پايتەخت.

قَاعِدَةٌ عَسْكَرِيَّةٌ: هەربىي بازا.

قَوَاعِدُ السُّلُوكِ: ئەدەپ، قائىدە، قائىدە-يوسۇن.

قَوَاعِدُ اللُّغَةِ: گراماتىكا.

قَاعِدِيٌّ: ئاساسلىق، نېگىزلىك، قائىدىلىك.

قَافَ يَقُوفُ قَوْفًا وَ قِيَافَةً أَثَرَهُ: ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشتى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى.

قَافِصَةٌ ج قَوَافِصُ: ئېگىزلىك، تۆپىلىك، چاكىنا ئادەم، ئادەملەرنىڭ داشقىلى.

قَافِلٌ ج قَافِلَةٌ وَقُفَّالٌ: قـايتقۇچى، قايتىپ كەلگۈچى.

قَافِلَةٌ ج قَوَافِلُ: كارۋان.

قَافِلَةٌ تِجَارِيَّةٌ: سودا كارۋىنى.

قَافِلَةُ السُّفُنِ: كېمە ئەترىتى.

قَافِيَةٌ ج قَوَافٍ: گەردەن، قاپىيە.

بِلَاقَافِيَةٍ: قاپىيىسىز.

قَاقَ يَقُوقُ قَوْقًا ـــتِ الدَّجَاجَةُ: توخۇ قاقاقلىدى.

قَاقٌ: ئالا قاغا.

قَاقُلَّةٌ: قىزىل ماش.

عُودٌ قَاقُلَّةٌ: ئاكۇئىلارىيە دەرىخى.

قَالَ يَقُولُ قَوْلًا وَ قَالًا وَ قِيْلًا وَ قَوْلَةً وَ مَقَالًا وَ مَقَالَةً الرَّجُلُ: كـىشى سـۆزلىدى، گەپ قىلدى، ئېيتتى، دېدى.

قَالَ عَلَيْهِ: ئۇنىڭغا قارا چاپلىدى، تۆھمەت قىلدى.

قَالَ صِدْقًا: راست سۆزلىدى.

قَالَ عَلَيْهِ قَوْلَ الزُّورِ: ئۇنىڭغا يالغان ئېيتتى.

قَالَ بِآرَائِهِ الْمُتَصَوِّفَةِ: ئەھلىي تەسەۋۋۇپ كۆز قارىشى بويىچە سۆزلىدى.

قَالَ بِيَدِهِ: ئىشارەت قىلدى.

قَالَ يَقِيلُ قَيْلًا وَ قَائِلَةً وَ مَقِيلًا وَ قَيْلُولَةً وَ مَقَالًا الرَّجُلُ: چۈشتە ئۇخلىدى؛ سۆزلىدى.

قَالٌ: سۆز، گەپ.

الْقَالُ وَالْقِيلُ: سۆز-چۆچەك، گەپ-سۆز، پاراڭ.

قَالِبٌ ج قَوَالِبُ: قېلىپ.

قَالِبُ الطُّوبِ: كېسەك قېلىپى.

قَامَ يَقُومُ قَوْمًا وَ قَوْمَةً وَ قِيَامًا وَ قَامَةً: تـۇردى، ئـۆرە بولدى؛ تىكلەندى.

قَامَ الْأَمْرَ: ئىشنى رۇسلىدى، تەرتىپكە سالدى.

﴿إِذَا قُمْتُمْ إِلَى الصَّلَاةِ فَاغْسِلُوا وُجُوهَكُمْ﴾ ‹قرآن›: سىلەر نامازغا تۇرغىنىڭلاردا يۈزۈڭلارنى... يۇيۇڭلار.

قَامَ بِهِ: مەشغۇل بولدى.

قَامَ دُونَهُ: ئۇنى قوغدىدى، نازارەت قىلدى.

قَامَ عَنْ نَوْمِهِ: ئويغاندى.

قَامَتِ الطَّائِرَةُ: ئايروپىلان ئۇچتى.

قَامَتِ الْفِكْرَةُ: ئويلاندى.

قَامَ الْأَمْرُ: ئىش تەرتىپكە چۈشتى، رەتلەندى.

قَامَ الْمَتَاعُ بِكَذَا: مالنىڭ قىممىتى ئاشتى.

قَامَ الْهَوَاءُ: شامال چىقتى.

قَامَ الْحَقّ بَعْدَ الْبَاطِلِ: باتىلدىن كېيىن ھەق مەيدانغا چىقتى.

قَامَ مَقَامَهُ: ئۇنىڭ ئورنىنى باستى.

قَامَ عَلَى الشَّيْءِ: ئاساسلاندى، يۆلەندى.

قَامَ عَلَى الْكِتَابِ وَالسُّنَّةِ: قۇرئـان ۋە ھەدىسكە ئاساسلاندى.

قَامَ بِزِيَارَةِ الْمَرِيضِ: كېسەلنى يوقلىدى.

قَامَ بِوَاجِبِهِ نَحْوَ أَبَوَيْهِ: ئاتـا-ئانـىسىغا بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلدى.

قَامَ بِالْمَصَارِيفِ اللاَّزِمَةِ: تېگىشلىك خىراجەتىنى بەردى.

قَامَ بِرِحْلَةٍ: ساياھەت قىلدى.

قَامَ بِإتِّصَالاَتٍ مَعَ ...: ئالاقىلەشتى.

قَامَ عَلَى الأَمْرِ: نازارەت قىلدى.

قَامَ بِفِعْلِ كَذَا: كىرىشتى، باشلىدى، شۇغۇللاندى.

«قَامَ الرَّأْيُ الْعَامّ وَ قَعَدَ لِهَذَا الْحَادِثِ: بۇ ۋەقە ئۈچۈن جامائەت پىكرى تەۋرەپ كەتتى.

قَامَتِ الصَّلاَةُ: ناماز ھازىر بولدى.

قَامَتِ السُّوقُ: بازار ئاۋاتلاشتى.

قَامَ الْقِطَارُ: پويىز قوزغالدى.

قَامُوا قَوْمَةً وَاحِدَةً: ئۇلار بىردەك تۇردى.

قَامَأَ يُقَامِأُ قِمَاءً وَ مُقَامَأَةً: لايىقلاشتى، مۇۋاپىقلاشتى.

قَامَةٌ ج قَامَاتٌ وَ قِيَمٌ: بوي، قەددى ـ قامەت؛ غالتەك؛ بەدەن.

قَامَةٌ مُعْتَدِلَةٌ: ئوتتۇرا بوي.

قَامَةُ الإِنْسَانِ: ئادەمنىڭ بويى.

قَامَرَ يُقَامِرُ قِمَارًا وَ مُقَامَرَةً: قىمار ئوينىدى.

«قَامَرَ بِحَيَاتِهِ لأَجْلِ اسْتِقْلاَلِ بِلاَدِهِ»: يۇرتىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ھاياتىنى دوغا تىكتى.

قَامُوسٌ ج قَوَامِيسُ: ئوكيان، دېڭىز؛ دېڭىزنىڭ تەكتى؛ قاموس، لۇغەت.

قَامُوسٌ جُغْرَافِيٌّ: يەر ناملىرى لۇغىتى.

جَامِعُ أَوْ مُؤَلِّفُ الْقَامُوسِ: لۇغەت تۈزگۈچى.

قَامَى يُقَامِي مُقَامَاةً: قوشۇلدى.

قَانَ يَقِينُ قَيْنًا الرَّجُلُ: كىشى تۆمۈرچىلىك قىلدى.

قَانَ الْمَرْأَةَ: ئايالنى ياساندۇردى، زىننەتلىدى.

قَانَ الْحَدِيدَ: تۆمۈرنى سوقۇپ تۈزلىدى.

قَانَ الإِنَاءَ: قاچىنى رېمونت قىلدۇردى.

قَانَ الشَّيْءَ: نەرسىنى توپلىدى، جەملىدى.

قَانِئٌ: قىزىل.

أَحْمَرُ قَانِئٌ: قىپقىزىل.

قَانِتٌ ج قُنَّتٌ: ئىتائەت قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى.

﴿وَقُومُوا لِلَّهِ قَانِتِينَ﴾ «قرآن»: ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا (يەنى، نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار.

قَانِصٌ ج قُنَّاصٌ: ئوۋچى، شىكارچى، مەرگەن.

قَانِصَةٌ ج قَانِصَاتٌ: قۇشنىڭ پوكىنى، تاشلىق.

قَانِصَةٌ قَوَانِصُ: ئوۋچى.

قَانِطٌ: ئۈمىدسىز، ئۈمىدسىزلەنگۈچى، ئۈمىدنى ئۈزگۈچى.

﴿فَلاَ تَكُنْ مِنَ الْقَانِطِينَ﴾ «قرآن»: نائۈمىد بولمىغىن.

قَانِعٌ ج قَانِعُونَ وَ قُنَّعٌ: قانائەت قىلغۇچى، رازى بولغۇچى، ئىنساپلىق.

وَأَطْعِمُوا الْقَانِعَ وَالْمُعْتَرَّ: ... قانائەتچان سائىللارغا ۋە موھتاجلارغا بېرىڭلار.

قَانُونٌ ج قَوَانِينُ: قانۇن، تۈزۈم، قائىدە؛ بەلگىلىمە، پرىنسىپ، قالۇن، رويال، چىلتار.

قَانُونُ الأَحْوَالِ الشَّخْصِيَّةِ: ھەق تەلەپ قانۇنى.

قَانُونُ الْبِلاَدِ: دۆلەت قانۇنى.

قَانُونٌ تِجَارِيٌّ: سودا قانۇنى.

قَانُونٌ جِنَائِيٌّ: جىنايى ئىشلار قانۇنى.

قَانُونٌ دُوَلِيٌّ: خەلقئارا قانۇن.

قَانُونٌ نِظَامِيٌّ: تەشكىلىي قانۇن.

قَانُونٌ وَضْعِيٌّ: يازما قانۇن.

قَانُونُ الزَّوَاجِ: نىكاھ قانۇنى.

قَانُونُ الْمِلاَحَةِ: دېڭىزچىلىق قانۇنى.

قَانُونُ الإِنْتِخَابَاتِ: سايلام قانۇنى.

قَانُونُ الْعُقُوبَاتِ: جىنايى ئىشلار قانۇنى.

قَانُونٌ مَدَنِيٌّ: ھەق تەلەپ قانۇنى.

قَانُونُ تَطَوُّرِ الْمُجْتَمَعِ: ئىجتىمائىي تەرەققىيات

قانۇنى.

مَجْلِسُ شُورَى الْقَوَانِيْنِ: قانۇن چىقىرىش كومىتېتى.

قَانُونًا: قانۇنىي جەھەتتىن.

قَانُونِيٌّ: قانۇنىي، قانۇنلۇق، قائىدىلىك، ھەققانىي؛ قانۇنچى.

حُكْمٌ قَانُونِيٌّ: قانۇنىي ھۆكۈم.

قَانُونِيَّةٌ: قانۇنىي، قانۇنىيەتلىك.

سُلْطَةٌ قَانُونِيَّةٌ: قانۇنلۇق ھاكىمىيەت.

قَانٍ ج قُنَاةٌ: قولغا كەلتۈرگۈچى، ئېرىشكۈچى، قىپقىزىل.

قَانٍ (الْقَانِي): قىزىل.

«جَرَى غَرَامًا وَشَوْقًا دَمْعِي الْقَانِي وَهَامَ وَجْدًا وَعِشْقًا قَلْبِي الْعَانِي»: سېنى سېغىنىپ قان يىغلىغان ياشلىرىم ئاقماقتا، ھىجران-پىراق دەردى قەلبىمنى ئۆرتىمەكتە.

أَحْمَرُ قَانٍ: قىپقىزىل.

قَاهَرَ يُقَاهِرُ مُقَاهَرَةً ــ هُ: غەلىبە قىلدى، ئۇنىڭغا غالىب كەلدى.

قَاهِرٌ ج قَوَاهِرُ: يۈكسەك، ئېگىز؛ قەھرى قىلغۇچى، كۈچلۈك؛ زورلىغۇچى.

قُوَّةٌ قَاهِرَةٌ: قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان كۈچ.

جَبَلٌ قَاهِرٌ: ئېگىز تاغ.

﴿وَهُوَ الْقَاهِرُ فَوْقَ عِبَادِهِ﴾ «قۇرئان»: ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە قاھىردۇر (يەنى، تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر).

اَلْقَاهِرَةُ: قاھىرە.

قَاهٍ م قَاهِيَةٌ ج قُهَاةٌ: قىزغىن.

عَيْشٌ قَاهٍ: پاراۋان تۇرمۇش.

قَاوَسَ يُقَاوِسُ مُقَاوَسَةً: ئۆلچىدى، سېلىشتۇردى.

قَاوَلَ يُقَاوِلُ مُقَاوَلَةً: سۆھبەتلەشتى، پىكىر ئالماشتۇردى، مۇنازىرىلەشتى.

قَاوَلَهُ: ئۇنىڭ بىلەن توختاملاشتى، مەلۇم ئىشقا توختام تۈزۈشتى، سۆزلەشتى، مۇنازىرىلەشتى.

قَاوَلَ النَّاقِدُ الْكَاتِبَ: ئوبزورچى يازغۇچى بىلەن مۇنازىرىلەشتى.

«قَاوَلَهُ عَلَى عِشْرِيْنَ أَلْفًا لِيَبْنِيَ لَهُ بَيْتًا»: يىگىرمە مىڭغا ئۇنىڭغا ئۆي سېلىپ بېرىشكە توختاملاشتى.

قَاوَمَ يُقَاوِمُ مُقَاوَمَةً: قارشىلاشتى، زىتلاشتى.

قَاوَمَ الْبَرْدَ: سوغۇققا چىدىدى.

قَاوَمَ الْإِغْرَاءَ: قۇتراتقۇلۇققا قارشى تۇردى.

قَاوَنْد: بېلىقچى قۇش.

قَاوُوشٌ ج قَوَاوِيْشُ: مەخپىي ئۆي.

قَاوُوقٌ ج قَوَاوِيْقُ: قالپاق، كۇلاھ، ئۇزۇن بۆك.

قَاوَى يُقَاوِي مُقَاوَاةً غَيْرَهُ: ئۇنىڭغا غالىب كەلدى، ئۇنى يەڭدى.

قَايَسَ يُقَايِسُ مُقَايَسَةً وَ قِيَاسًا الشَّيْءَ: نەرسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆردى، .ئۆلچەپ كۆردى.

قَايِشٌ: بىلەي.

قَايَضَ يُقَايِضُ مُقَايَضَةً وَ قِيَاضًا غَيْرَهُ: مال ئالماشتۇرۇشتى.

قَايَضَ الزَّيْتَ بِالْقَمْحِ: بۇغدايغا ماينى ئالماشتۇردى.

قَائِدٌ ج قُوَّدٌ وَ قُوَّادٌ وَ قَادَةٌ وَ قَادَاتٌ: رەھبەر، قوماندان، يېتەكچى، باشلىق، داھىي؛ رەئىس.

قَائِدُ الْجَيْشِ: ھەربىي باشلىق، كوماندىر.

قَائِدُ الْأُسْطُولِ: فلوت قوماندانى.

قَائِدُ سِلَاحِ الطَّيْرَانِ: ھاۋا ئارمىيە قوماندانى.

الْقَائِدُ الْعَامّ: باش قوماندان.

قَائِدُ الْقَاطِرَةِ: پويىز شوپۇرى.

اَلْقَائِدُ الْأَعْلَى لِلْجَيْشِ: باش قوماندان.

قَادَةُ الْفِكْرِ: ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى يېتەكچىلەر، مۇتەپەككۇرلار.

www.uyghurkitap.com



قَائِشٌ: بىلەي.

قَائِصٌ: تومۇز، قاتتىق ئىسسىق.

قَائِظٌ: قاتتىق ئىسسىق، تومۇز.

قَائِفٌ ج قَافَةٌ: ئىزىغا چۈشكۈچى، كىشىلەرنىڭ قىياپىتىگە قاراپ نەسەبىنى تونۇغۇچى، ئىز تونۇغۇچى، ئىزچى، رازۋېدكىچى.

قَائِلٌ ج قُوَلٌ وَ قَالَةٌ وَ قُوُولٌ: سۆزلىگۈچى، گەپ قىلغۇچى، دېگۈچى.

قَائِلٌ ج قُيَّلٌ وَ قُيَّالَةٌ: چۈشتە ئۇخلىغۇچى، چۈشتە دەم ئالغۇچى.

قَائِلَةٌ: چۈش، چۈش ۋاقتى؛ چۈشلۈك ئۇيقۇ.

قَائِمٌ ج قُوَّامٌ: پودپولكوۋنىك.

قَائِمَّقَامٌ: ئورۇنباسار.

قَائِمَّقَامُ الْمَلِكِ: نائىب پادىشاھ.

قَائِمٌ ج قُوَّمٌ وَ قُيَّمٌ / قِيَّمٌ وَ قُيَّامٌ: تۇرغۇچى، قوپقۇچى، قوزغالغۇچى، تىك تۇرغۇچى.

قَائِمُ الزَّوَايَةِ: تىك بۇلۇڭ.

قَائِمٌ بِذَاتِهِ: مۇستەقىل، ئۆز ئالدىغا، ئۆز-ئۆزىدىن، تەبىئىي.

قَائِمٌ بِالْأَعْمَالِ: ۋاكالىتەن ئىش بېجىرگۈچى.

«قَائِمٌ بِأَعْمَالِ الْمُدِيرِ فِي غِيَابِهِ»: مۇدىرنىڭ ئورنىدا ئىش بېجىرگۈچى.

قَائِمُ الْمَاءِ: سۇ تەقسىملەش مۇنارى.

قَائِمَةٌ ج قَائِمَاتٌ وَ قَوَائِمُ: تۈۋرۈك، تىرەك؛ كاتالوگ، مۇندەرىجە، تىزىملىك.

قَائِمَةُ الْحِسَابَاتِ: ھېسابات تالونى.

قَائِمَةُ الْأَسْعَارِ: باھا جەدۋىلى.

قَائِمَةُ الْأَسْمَاءِ: يوقلىما تىزىملىكى.

قَائِمَةُ الْأَسْمَاءِ السَّوْدَاءِ: قارا تىزىملىك.

قَائِمَةُ الدَّابَّةِ: ھايۋاننىڭ پۇتى.

قَوَائِمُ الْخِيَامِ: چېدىرنىڭ تۈۋرۈكلىرى.

قَائِمَةُ الطَّاوِلَةِ: ئۈستەلنىڭ پۇتى.

قَائِمَةُ أَسْعَارِ الْفَوَاكِهِ: مېۋىلەرنىڭ باھا جەدۋىلى.

قَائِمَةُ الطَّعَامِ: تاماق تىزىملىكى.

قَأَبَ يَقْأَبُ قَأْبًا الطَّعَامَ: تاماق يېدى.

قَأَبَ الشَّرَابَ: سۇ ئىچتى.

قَئِبَ يَقْأَبُ قَأَبًا وَ قَأْبًا مِنَ الشَّرَابِ: سۇغا توشتى.

قُؤُوبٌ: كۆپ ئىچىدىغان.

قُؤُودٌ: ياۋاش، رايىش.

قَبَا يَقْبُو قَبْوًا: تەگدى؛ يۇمىلاق شەكىل قىلدى.

قَبَا الْغُصْنُ: شاخ ئېگىلدى.

قَبَا الْبِنَاءَ: بىنانى گۈمبەز شەكلىدە ياسىدى.

قَبَا الزَّعْفَرَانَ: زەپەر يىغدى، تەردى.

قَبَاءٌ: مىقدار، ئارىلىق، مۇساپە.

قَبَاءٌ ج أَقْبِيَةٌ: تون، پەلتو.

«إِنَّ السَّمَاءَ لَا تُغَطَّى بِالْقَبَاءِ»: كۆكنى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولمايدۇ.

قَبَاحَةٌ: سەت بولماق، كۆرۈمسىز بولماق.

قُبَاعٌ: كىرپە.

قِبَالٌ: بوغقۇچ، يىپ.

قَبَالَةٌ / قِبَالَةٌ: يۈك، مەسئۇلىيەت، بۇرچ، مەجبۇرىيەت؛ توختام، شەرتنامە، كېلىشىم.

نَحْنُ فِي قَبَالَةِ فُلَانٍ: بىز پالانىنىڭ كېپىللىكىدە.

قِبَالَةٌ: تۇغۇت ئىلمى، ئاكوشىرلىق.

قُبَالَةٌ: ئۇدۇلى، ئالدى تەرەپ، روبىروسى.

«جَلَسَ فُلَانٌ قُبَالَةَ النَّافِذَةِ»: پالانى پەنجىرىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى.

قِبَانَةٌ: ئۆلچەش، ئۆلچەش كەسپى.

قَبَّ يَقُبُّ قَبًّا الْقُبَّةَ: گۈمبەز ياسىدى.

قَبَّ النَّبَاتُ: ئوت-چۆپ قۇرۇپ كەتتى.

قَبَّ يَدَ فُلَانٍ: پالانىنىڭ قولىنى كەستى.

قَبَّ قُبَّةَ الْمَسْجِدِ: مەسجىدنىڭ گۈمبىزىنى ياسىدى.

قَبَّ يَقِبُّ قَبًّا وَ قَبِيبًا الْأَسَدُ: يولۋاس چىشىنى غۇچۇرلاتتى.

قِبٌّ ج أَقْبَابٌ: كۆمۈرچەك؛ توغرا سۆڭەك؛ باشلىق، ئاقساقال.

قُبٌّ ج أَقْبَابٌ: باشلىق، سەردار، يولباشچى، يېتەكچى؛ نەسىللىك ئات.

قَبَّارٌ ج قَبَّارُونَ: يەرلىك قازغۇچى، گوركا.

قَبَّانٌ جىڭ، تارازا.

قَبَّانِيٌّ ج قَبَّانِيُّونَ: گىرچى.

قَبَّبَ يُقَبِّبُ تَقْبِيبًا الْقُبَّةَ: گۈمبەز ياسىدى.

قَبَّبَ الشَّيْءَ: نەرسىنى يۇمىلاق شەكىلگە كەلتۈردى.

قَبَّبَ الْبُسْتَانِيُّ الْأَشْجَارَ: باغۇەن دەرەخنى يۇمىلاق ياسىدى.

قَبَّةٌ ج قَبَّاتٌ: ياقا.

قُبَّةٌ ج قِبَابٌ وَ قُبَبٌ: گۈمبەز، قۇببە.

قُبَّةُ الْإِسْلَامِ: بەسرە شەھىرى.

قُبَّةُ الْجَرَسِ: قوڭغۇراق مۇنارى.

الْقُبَّةُ الْخَضْرَاءُ: ئىبراھىم خەلىلۇللاھنىڭ ماقامى.

الْقُبَّةُ الزَّرْقَاءُ: ئاسمان، كۆك ئاسمان.

جَعَلَ مِنَ الْحَبَّةِ قُبَّةً: مۇبالىغىلەشتۈرۈۋەتتى، تۈگمىنى تۆگە قىلىپ كۆرسەتتى.

قَبَّحَ يُقَبِّحُ تَقْبِيحًا: سەتلەشتۈردى، كۆرۈمسىز قىلىۋەتتى، خۇنۈكلەشتۈردى.

قُبَّرَةٌ ج قُبَّرٌ وَ قُبَرٌ وَ قَبَابِرُ: سوپى تورغاي، بوز تورغاي.

قَبَّصَ يُقَبِّصُ تَقْبِيصًا الشَّيْءَ: نەرسىنى چىمدىدى، چىمدىپ ئالدى (تۇز قاتارلىقلارنى).

قَبَّضَ يُقَبِّضُ تَقْبِيضًا الشَّيْءَ: نەرسىنى تارايتتى، قورۇدى؛ تاپشۇردى، تاپشۇرۇپ بەردى.

قَبَّطَ يُقَبِّطُ تَقْبِيطًا وَجْهَهُ: قوشۇمىسىنى تۈردى.

قَبَّعَ يُقَبِّعُ تَقْبِيعًا: شىلەپە كىيدى.

قَبَّعَ لَهُ: ئۇنىڭغا بوزەك بولدى، كەمتەرلىك قىلدى.

قُبَّعَةٌ ج قُبَّعَاتٌ: شىلەپە، قالپاق.

قُبَّعَةٌ عَالِيَةٌ: ئېگىز قالپاق.

قُبَّعَةُ الْقَشِّ: چىغ قالپاق.

قَبَّلَ يُقَبِّلُ تَقْبِيلًا: سۆيدى، بوسە قىلدى.

قَبَّلَ الْأَرْضَ بَيْنَ أَيْدِيهِمْ: ئۇلارنىڭ ئالدىدا تىز پۈكتى.

قَبَّلَ الْأَبُ وَلَدَهُ: ئاتا بالىسىنى سۆيدى.

قَبَّنَ يُقَبِّنُ تَقْبِينًا: ئۆلچىدى، ئۆلچەپ بەردى.

قَبَّى يُقَبِّي تَقْبِيَةً الْمَتَاعَ: مالنى رەتلىدى.

قَبَّى الثَّوْبَ: تاشقى كىيىمنى تىكتى.

قَبَجٌ: ئورمان كەكلىكى.

«هَلْ يَسْتَوِيْ الأَعْمَى وَمَنْ هُوَ مُبْصِرٌ لاَ بَلْ هُمْ قَبَجٌ وَأَنْتَ عُقَابٌ»: قارىغۇ ئادەم بىلەن كۆزى ئوچۇق ئادەم ئوخشاش بولامدۇ، ياق، ھەرگىزمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇلار (رەقىبلىرىڭ) ئورمان كەكلىكى بولسا، سەن بۈركۈتسەن.

قَبُحَ يَقْبُحُ قُبْحًا وَ قَبَاحَةً وَ قَبَاحًا وَ قُبُوحًا وَ قُبُوحَةً: سەت بولدى، كۆرۈمسىز بولدى، سەتچىلىك بولدى.

قَبَحَ يَقْبَحُ قَبْحًا ــهُ اللّهُ: ئاللاھ ئۇنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى.

قُبْحٌ ج مَقَابِحُ: سەت، كۆرۈمسىز، خۇنۈك.

قُبْحًا لَهُ: ئۇنىڭغا ياخشىلىق بولمىسۇن.

قَبَرَ يَقْبُرُ قَبْرًا الْمَيِّتَ: مېيىتنى كۆمدى، دەپنە قىلدى.

قَبَرَ الْقَضِيَّةَ: مەسىلىنى مەخپىي تۇتتى.

قَبْرٌ ج قُبُورٌ: قەبرە، گۆر، يەرلىك.

قَبْرُ الْجُنْدِيِّ الْمَجْهُولِ: خاتىرە مۇنار.

﴿وَأَنَّ اللّهَ يَبْعَثُ مَنْ فِي الْقُبُورِ﴾ «قرآن»: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

«لَاتُصَلّوا إِلَى الْقُبُورِ وَلَاتَجْلِسُوا عَلَيْهَا» ‹حديث›: قەبرىلەرگە قاراپ ناماز ئوقۇماڭلار ۋە قەبرىلەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرماڭلار.

قَبْرٌ رَمْزِيٌّ: خاتىرە مۇنارى.

قَبْرِيَّةٌ: قەبرە تەزكىرىسى، يادنامە.

قِبْزٌ: پاكار، قىسقا، كالتا؛ بېخىل.

قُبْزٌ: قوۋۇز.

قَبَسَ يَقْبِسُ قَبْسًا النَّارَ: ئوتنى تۇتاشتۇردى، ياندۇردى.

قَبَسَ الْحُمَّى: يۇقۇملاندى.

قَبَسَ الْعِلْمَ: ئىلىم ئىگىلىدى.

قِبْسٌ: ئەسلىي، مەنبە.

قَبَسٌ ج أَقْبَاسٌ: ئوت، چوغ.

حُمَّى قَبَسٌ: يۇقۇملۇق تەپ كېسىلى.

﴿لَعَلِّي آتِيكُمْ مِنْهَا بِقَبَسٍ أَوْ أَجِدُ عَلَى النَّارِ هُدًى﴾ ‹قرآن›: مەن (بېرىپ) ئۇنىڭدىن بىرەر پارچە چوغ ئېلىپ كېلىشىم ياكى ئوت بار يەردە بىرەر يول باشلىغۇچىنى ئۇچرىتىشىم مۇمكىن.

قَبَصَ يَقْبِصُ قَبْصًا الشَّيْءَ: نەرسىنى چىمدىدى، چىمدىپ ئالدى (تۇز قاتارلىقلارنى).

قِبْصٌ / قِبَصٌ ج قُبُوصٌ: قۇم دۆۋىسى، قۇم دۆڭ.

قِبْصٌ ج أَقْبَاصٌ: قۇم دۆۋىسى، كىشىلەر توپى.

قَبْصَةٌ ج قُبَصٌ: چىمدىپ ئېلىنغان نەرسە.

قَبَضَ يَقْبِضُ قَبْضًا الشَّيْءَ: نەرسىنى تۇتۇپ ئالدى، قوچۇشلاپ ئالدى، تۇتاملاپ ئالدى.

قَبَضَ الْبَطْنَ: ئىچىنى قاتۇردى، قەۋزىيەت قىلىپ قويدى.

قَبَضَ الصَّدْرَ: روھىنى چۈشۈرۈۋەتتى.

﴿فَقَبَضْتُ قَبْضَةً مِنْ أَثَرِ الرَّسُولِ﴾ ‹قرآن›: ئەلچىنىڭ ئىزىدىن بىر چاڭگال توپىنى ئالدىمدە...

«قَبَضَ الْجَيْشُ عَلَى الْحكمِ»: ئارمىيە ھاكىمىيەتنى ئىگىلىدى.

«قَبَضَ الشُّرْطِيُّ عَلَى اللِّصِّ»: ساقچى ئوغرىنى تۇتتى، قولغا ئالدى.

قَبَضَ يَدَهُ عَنِ النَّفَقَةِ: نەپىقە بېرىشتىن باش تارتتى.

قَبَضَ اللهُ رُوحَهُ: ئاللاھ ئۇنى قەبزى روھ قىلدى.

قَبَضَ مُرَتَّبَهُ آخِرَ الشَّهْرِ: ئاي ئاخىرىدا مائاشىنى ئالدى.

قَبْضٌ: تۇتماق، قولغا ئالماق.

قَبْضُ الْبَطْنِ: قەۋزىيەت، ئىچى قاتماق.

﴿ثُمَّ قَبَضْنَاهُ إِلَيْنَا قَبْضًا يَسِيرًا﴾ ‹قرآن›: ئاندىن ئۇنى ئاستا ـ ئاستا يوقاتتۇق.

صَارَ الْمَالُ فِي قَبْضَتِهِ: مال ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولدى.

أَلْقَى عَلَيْهِ الْقَبْضَ: ئۇنى قولغا ئالدى.

قَبَضٌ: تاپشۇرۇۋېلىنغان مال، توپلانغان ئولجا.

قَبَضُ الْقَبِيلَةِ وَافِرٌ: قەبىلىنىڭ يىغقان ئولجىسى كۆپ.

قَبْضَةٌ ج قَبَضَاتٌ: تۇتماق، ئالماق، بىر چاڭگال، بىر ئوچۇم، ساپاق، تۇتقا، دەستە، مۇشت.

«أَعْطَاهُ قَبْضَةً مِنْ أَرُزٍ»: ئۇنىڭغا بىر چاڭگال گۈرۈچ بەردى.

ضَرَبَهُ بِقَبْضَةِ يَدِهِ: ئۇنى بىر مۇشت سالدى.

قَبْضِيَّةٌ: ئىش ھەققى، مائاش.

قَبَطَ يَقْبُطُ / يَقْبِطُ قَبْطًا الشَّيْءَ: نەرسىنى قولى بىلەن يىغدى.

الْقِبْطُ: مىسىرنىڭ ئەسلىي تىلىنى ۋە خرىستىئان دىنىنى ساقلاپ قالغان ئەسلىي ئاھالىسى.

قُبْطَانٌ ج قَبَاطِنَةٌ: پاراخوت باشلىقى، كاپىتان.

قُبْطَانُ الطَّائِرَةِ: ئايروپىلان باشلىقى.

قِبْطِيٌّ ج قِبْطٌ وَ أَقْبَاطٌ: مىسىر خرىستىئانلىرى (قەدىمدىن تارتىپ مىسىردا ياشاپ كېلىۋاتقان

ئەسلىي ئاھالە).

قَبَعَ يَقْبَعُ قُبُوعًا الْقُنْفُذُ: كىرپە بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالدى، تۈگۈلۈۋالدى.

قَبَعَ الشَّخْصُ فِي بَيْتِهِ: ئۆيىگە يوشۇرۇنۇۋالدى، بېكىنىۋالدى.

قَبَعَ الشَّخْصُ عَنْ أَصْحَابِهِ: ھەمراھلىرىنىڭ ئارقىسىدا قالدى.

قَبَعَ الْقِطُّ تَحْتَ السَّرِيْرِ: مۈشۈك كارىۋاتنىڭ ئاستىغا مۆكۈۋالدى.

قَبَعَ يَقْبَعُ قَبْعًا الْفِيْلُ: پىل چىرقىرىدى.

قَبَعَ الْخِنْزِيْرُ: چوشقا خارتىلدىدى.

قَبَعَ الْفَرَسُ: ئات كىشنىدى.

قُبْعٌ: كاناي، بورغا.

قُبَعٌ: كىرپە.

قُبَعَةٌ: گۈل ئاكاسىنسى.

قَبْقَابٌ ج قَبَاقِبُ: ياغاچ كەش.

قَبْقَبَ يُقَبْقِبُ قَبْقَبَةً: جۆيلۈدى، بىلجىرلىدى.

قَبْقَبَ الْجَمَلُ: تۆگە بورقىرىدى.

قِبْقِبٌ: ئەسەدەپ.

قَبْقَبَةٌ: بىلجىرلاش.

«مَا أَكْثَرَ قَبْقَبَةَ هَـذَا الْعَجُوزِ»: بـۇ بـوۋاي ئەجەب بىلجىرلاۋەردى.

قَبَلَ يَقْبَلُ قَبلًا الْوَقْتُ: ۋاقىت توشتى، يېقىنلاشتى.

قَبِلَ يَقْبَلُ قُبُولًا: قوبۇل قىلدى، ئالدى.

قَبِلَ الْكَلَامَ: سۆزنى تەستىقلىدى، ئىشەندى.

قَبِلَ اللهُ دُعَائَهُ: ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلدى.

﴿أَلَمْ يَعْلَمُوا أَنَّ اللهَ هُوَ يَقْبَلُ التَّوْبَةَ عَنْ عِبَادِهِ﴾ ‹قۇرئان›: ئۇلار (يەنى، تەۋبە قىلغۇچىلار) ئاللاھنىڭ ئۆز بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى... بىلمەمدۇ؟

قَبِلَ الْمَرِيْضَ الْمُسْتَشْفَى: ئاغرىقنى دوختۇرخانىغا ئالدى.

قَبِلَ عَمَلَهُ: ئۇنىڭ ئىشىدىن رازى بولدى.

قَبِلَ يَقْبِلُ قَبَالَةً: كاپالەت بەردى، كېپىل بولدى، ھۆددە قىلدى.

قَبْلُ: بۇرۇن، ئىلگىرى.

مِنْ قَبْلُ . قَبْلًا: ئىلگىرى، بۇرۇن، ئۆتكەندە.

﴿لِلهِ الْأَمْرُ مِنْ قَبْلُ وَمِنْ بَعْدُ﴾ ‹قۇرئان›: ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر.

صَارَ أَفْضَلَ مِنْ ذِي قَبْلٍ: بۇرۇنقىغا قارىغاندا ياخشىراق بولۇپ قالدى.

قِبَلٌ: كۈچ، قۇۋۋەت، ئىقتىدار، قابىلىيەت، تەرەپ.

﴿فَلَنَأْتِيَنَّهُمْ بِجُنُودٍ لَاقِبَلَ لَهُمْ بِهَا﴾ ‹قۇرئان›: ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۇلار تاقابىل تۇرالمايدىغان بىر قوشۇن بىلەن چوقۇم بارىمىز.

أَصَابَهُ هَذَا الْأَمْرُ مِنْ قِبَلِهِ: بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئۇنىڭ تەرىپىدىن يەتتى.

لِي قِبَلَ فُلَانٍ دَيْنٌ: مېنىڭ پالانىدا ئېلىشىم بار.

قُبُلٌ: ئالدى، ئالدى تەرەپ.

قُبُلٌ مِنَ الْجَبَلِ ج أَقْبَالٌ: تاغ ئېتىكى.

قَبَلٌ: ئالىغاي، قىسىق كۆز.

قُبْلَةٌ ج قُبَلٌ وَ قُبُلَاتٌ: سۆيمەك، بوسە قىلماق.

«طَبَعَتِ الْأُمُّ قُبْلَةً عَلَى خَدِّ ابْنَتِهَا»: ئانا قىزىنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى.

قُبْلَةُ الْوِدَاعِ: ۋىدالىشىش سۆيۈشۈشى.

قُبْلَةُ الْحَيَاةِ: دوختۇرنىڭ ئېغىز ئارقىلىق سۈنئىي نەپەسلەندۈرۈشى.

قِبْلَةٌ: قىبلە.

﴿وَمَاجَعَلْنَا الْقِبْلَةَ الَّتِي كُنْتَ عَلَيْهَا إِلَّا لِنَعْلَمَ مَنْ يَتَّبِعُ الرَّسُولَ﴾ ‹قۇرئان›: سەن يۈز كەلتۈرۈپ كېلىۋاتقان تەرەپنى قىبلە قىلغانلىقىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پەيغەمبەرگە ئەگەشكەنلەرنى ئاسىيلىق قىلغانلاردىن ئايرىۋېلىشىمىز ئۈچۈنلا ئىدى.

اَلْقِبْلَةُ: كەئبە، بەيتۇللاھ.

قِبْلَةُ الْأَنْظَارِ: دىققەت مەركىزى.

أُولَى الْقِبْلَتَيْنِ: قۇددۇس شەرىف.

قَبْوٌ ج أَقْبِيَةٌ: گۈمبەز، گۈمبەز شەكىللىك ئۆگزە.

قَبْوٌ ج أَقْبَاءٌ: يەر ئاستى ئۆيى.

«يَلْتَجِئُ النَّاسُ إِلَى الْأَقْبَاءِ زَمَنَ الْحَرْبِ»: كىشىلەر ئۇرۇش ۋاقتىدا يەر ئاستى ئۆيدە تۇرىدۇ.

قُبُوطَان: كېمە باشلىقى، كاپىتان.

قَبُولٌ . قُبُولٌ: قوشۇلماق، قوبۇل قىلماق، قارشى ئالماق، كۈتۈۋالماق.

عَدَمُ قُبُولِ التَّجْزِئَةِ: پارچىلانمايدىغان.

﴿فَتَقَبَّلَهَا رَبُّهَا بِقَبُولٍ حَسَنٍ﴾ ‹قۇرئان›: ئۇنى پەرۋەردىگارى چىرايلىقچە قوبۇل قىلدى.

قَبِيحٌ ج قِبَاحٌ وَ قَبْحَى وَ قَبَاحَى: سەت، كۆرۈمسىز، نومۇسسىز، پاسكىنا، قەبىھ.

قَبِيحُ الْمَنْظَرِ: كۆرۈمسىز.

اَلْأَكْلُ فِي الطَّرِيقِ قَبِيحٌ: يولدا بىرنەرسە يېيىش ئۇياتتۇر.

قَبِيحَةٌ ج قِبَاحٌ وَ قَبَائِحُ: سەت قىلىق، نومۇسسىز ئىش، ناچار ئىش.

قَبِيلٌ ج قُبُلٌ وَ قُبَلَاءُ: كېپىل، ھۆددىگە ئالغۇچى؛ جامائە، بىر جامائە ئادەملەر.

«ذَالِكَ الشَّيْءُ مِنْ هَذَا الْقَبِيلِ»: بۇ نەرسە بۇ تۈرگە مەنسۇپ.

«مَا يَعْرِفُ قَبِيلًا مِنْ دَبِيرٍ»: ئۇ ئوپئوچۇق نەرسىلەرنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ.

﴿أَوْ تَأْتِيَ بِاللهِ وَالْمَلَائِكَةِ قَبِيلًا﴾ ‹قۇرئان›: ياكى (پەيغەمبەرلىككە) گۇۋاھچى قىلىپ ئاللاھنى ۋە پەرىشتىلەرنى ئالدىمىزغا كەلتۈرگىن.

قُبَيْلُ: ئالدىدىراق، سەل ئىلگىرى.

جَاءَ قُبَيْلَ الظُّهْرِ: چۈشتىن بۇرۇنراق كەلدى.

قَبِيلَةٌ ج قَبَائِلُ: قەبىلە، ئۇرۇق، ئايماق؛ ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بۆلۈنۈشتىكى ئاتىلىشى؛ قۇدۇقنىڭ ئېغىزىنى ياپىدىغان تاش.

قَبِيلَةُ قُرَيْشٍ: قۇرەيش قەبىلىسى.

اَلْقَبَائِلُ الرُّحَّلُ: كۆچمەن قەبىلىلەر.

قَبِيلِيٌّ: قەبىلىلىك، ئۇلۇسلۇق.

قَتَا يَقْتُو قَتْوًا وَقَتًا وَ قَتًى وَ مَقْتًى فُلَانًا: خىزمەت قىلدى، مۇلازىمەت قىلدى.

قَتَادٌ: تىكەنلىك ئوت، يانتاق.

«دُونَهُ خَرْطُ الْقَتَادِ» ‹مثل›: ئۇنىڭغا ئېرىشىش قىيىن ئىش.

قُتَارٌ: پۇراق، بوي.

قِتَالٌ: ئۇرۇش، جەڭ.

حَوْمَةُ الْقِتَالِ: قاتتىق ئۇرۇش، شىددەتلىك جەڭ، كەسكىن جەڭ.

سَاحَةُ الْقِتَالِ: جەڭ مەيدانى، فرونت.

﴿قَالُوا لَوْ نَعْلَمُ قِتَالًا لَاتَّبَعْنَاكُمْ﴾ ‹قۇرئان›: ئۇلار ئۇرۇشتىن خەۋەر تاپقان بولساق، ئەلۋەتتە سىلەرگە ئەگىشەتتۇق، دېدى.

قَتَامٌ . قَتَامَةٌ: قاراڭغۇ، زۇلمەت؛ سۇس قارا رەڭ، خىرە.

قَتَانٌ: قارامتۇل، قاراڭغۇ.

قَتَبٌ ج أَقْتَابٌ: ئېگەر، توقۇم، ئۈچلۈق.

قِتْبٌ . قِتْبَةٌ ج أَقْتَابٌ: ئۈچەي.

قَتَّ يَقُتُّ قَتًّا: يالغان ئېيتتى، يالغانچىلىق قىلدى.

قَتَّ الشَّيْءَ: نەرسىنى ئازايتتى، كېمەيتتى؛ ئاز-ئازدىن توپلىدى.

قَتَّ إِلَى فُلَانٍ: پالانىنىڭ ئىزىغا چۈشتى، ئىز قوغلىدى.

قَتَّاتٌ: تۆھمەتخور، پىتنىخور.

قَتَّالٌ: قانخور، جاللات.

قَتَّبَ يُقَتِّبُ تَقْتِيبًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ئەگدى.

قَتَّتَ يُقَتِّتُ تَقْتِيتًا الْكَلَامَ: يالغانىنى ئويدۇرۇپ چىقاردى.

قَتَّةٌ: ياۋا تەرخەمەك.

قَتَّرَ يُقَتِّرُ تَقْتِيرًا: بېخىللىق قىلدى، پېخسىقلىق قىلدى.

قَتَّرَ الشِّوَاءُ: شورپىنىڭ پۇرىقى تارقالدى.

قَتَّلَ يُقَتِّلُ تَقْتِيلًا الْقَوْمَ: قەۋمنى ئۆلتۈردى، قىرغىنچىلىق قىلدى.

﴿يُقَتِّلُونَ أَبْنَائَكُمْ﴾ «قرآن»: ئۇلار ئوغۇللىرىڭلارنى ئۆلتۈرەتتى.

قَتَرَ يَقْتُرُ / يَقْطِرُ قَتْرًا وَ قُتُورًا الشَّخْصُ: شەخسنىڭ تۇرمۇشى قىس بولدى.

قَتَرَ اللَّحْمُ: گۆش پۇراپ قالدى.

قَتَرَ عَلَى عِيَالِهِ: ئائىلىسىنى تۇرمۇشتىن قىستى.

﴿وَالَّذِينَ إِذَا أَنْفَقُوا لَمْ يُسْرِفُوا وَلَمْ يَقْتُرُوا﴾ «قرآن»: ئۇلار خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ.

قَتِرَ يَقْتَرُ قَتَرًا اللَّحْمُ: گۆشنىڭ پۇرىقى تارقالدى.

قَتَرٌ: چاڭ-توزان.

﴿وَلَا يَرْهَقُ وُجُوهَهُمْ قَتَرٌ وَلَا ذِلَّةٌ﴾ «قرآن»: ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى قارىلىق ۋە خارلىق قاپلىمايدۇ.

قُتْرَةٌ ج قُتَرٌ: ئوۋچىنىڭ كەپىسى.

قَتَرَةٌ ج قَتَرٌ: ئىس-تۈتەك.

﴿وُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ عَلَيْهَا غَبَرَةٌ تَرْهَقُهَا قَتَرَةٌ﴾ «قرآن»: بۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەرنى چاڭ-توزان بېسىپ كەتكەن، قارىداپ كەتكەن بولىدۇ.

قَتَلَ يَقْتُلُ قَتْلًا: ئۆلتۈردى، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى.

﴿مَن قَتَلَ نَفساً بِغَيْرِ نَفْسٍ أَوْ فَسَادٍ فِي الأَرْضِ فَكَأَنَّمَا قَتَلَ النَّاسَ جَمِيعاً﴾ «قرآن»: كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ.

قَتَلَهُ الْجُوعُ: ئاچلىقتىن ئۆلدى.

قَتَلَ الْوَقْتَ: ۋاقىتنى زايە قىلدى.

قَتَلَ الْكَسُولُ وَقْتَهُ: ھورۇن ۋاقىتىنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتتى.

قَتَلَ الْمَوْضُوعَ بَحْثًا: ماۋزۇنى ئەتراپلىق ئانالىز قىلدى.

قَتَلَ الدَّهْرَ خِبْرَةً: ھاياتتا مول تەجرىبىلىك بولدى.

قَتْلٌ: ئۆلتۈرمەك، سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرمەك.

﴿وَالْفِتْنَةُ أَشَدُّ مِنَ الْقَتْلِ﴾ «قرآن»: زىيانكەشلىك قىلىش ئۆلتۈرۈشتىنمۇ ياماندۇر.

الْقَتْلُ الْعَمْدُ: قەستەن ئۆلتۈرۈش.

الْقَتْلُ الْخَطَأُ: سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈش.

قِتْلٌ ج أَقْتَالٌ: ئەشەددىي دۈشمەن.

قِتْلَةٌ: قاتىللىق، قاتىللىق ۋاسىتىسى.

قَتَمَ يَقْتُمُ قُتُومًا الْغُبَارُ: توپا توزىدى.

قَتَمَ الْوَجْهُ: چىراي ئۆزگىرىپ تۇتۇلۇپ كەتتى.

قَتَمَ وَجْهُ الْجَائِعِ: ئاچ قورساقنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

قُتْمَةٌ . قَتَمَةٌ: قاراڭغۇ، زۇلمەت؛ سۇس قارا رەڭ، خىرە.

أَتَى فِي قَتَمَةِ اللَّيْلِ: كېچە قاراڭغۇسىدا كەلدى.

قَتَنَ يَقْتُنُ قُتُونًا الْمِسْكُ: ئىپار قۇرۇپ قارىداپ قالدى.

قَتُنَ يَقْتُنُ قَتَانَةً الرَّجُلُ: ئاز يەپ ئورۇقلاپ كەتتى.

قَتْوَةٌ: بىر قىسىم مۇلازىمەت قىلماق، سوخەنچىلىك.

قَتُوتٌ: تۆھمەتخور، پىتنىخور.

قَتُورٌ: بېخىل.

﴿وَكَانَ الْإِنْسَانُ قَتُورًا﴾ «قرآن»: ئىنسان بېخىل كېلىدۇ.

قَتُولٌ ج قُتُلٌ وَ قُتْلٌ: كەسىپىي قاتىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قَتِيزٌ: يىڭناغۇچ.

قَتِيلٌ ج قَتْلَى وَ قَتْلَاءُ وَ قَتَالَى: ھالاك بولغان، ئۆلتۈرۈلگەن.

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمُ الْقِصَاصُ فِي الْقَتْلَى﴾ «قرآن»: ئى مۇئمىنلەر! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى.

قَتِينٌ: ئورۇق، تاماقى ئاز ئادەم، چارچاپ كەتكەن؛ نەيزە.

قَتَّ يَقُتُّ قَتًّا: يۇلۇۋالدى، قومۇرۇۋالدى، سوغۇرۇۋالدى.

قُثَّاءٌ / قِثَّاءٌ: تەرخەمەك.

﴿فَادْعُ لَنَا رَبَّكَ يُخْرِجْ لَنَا مِمَّا تُنْبِتُ الْأَرْضُ مِنْ بَقْلِهَا وَ قِثَّائِهَا﴾ «قرآن»: بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا دۇئا قىلغىن، بىزگە زېمىننىڭ كۆكتاتلىرىدىن تەرخەمەك ... نى ئۆستۈرۈپ بەرسۇن.

قَثَّاثٌ: سۇخەنچى.

قِثَايَةٌ ج قِثَايَاتٌ: تەرخەمەك.

قَثْرَةٌ: ئۆي جاھازلىرى.

قَثْطَرَةٌ ج قَثَاطِرُ: ئۆتكۈزگۈچ تورۇبا.

قَثَمَ يَقْثُمُ قَثْمًا الشَّيْءَ: يىغدى، توپلىدى، ھەممىنى ئېلىۋالدى، ئاستا ماڭدى.

قَثَمَ مِنْ مَالِهِ: مېلىدىن ئۇنىڭغا بەردى.

قَثِمَ يَقْثَمُ وَ قَثِمَ يَقْثَمُ قَثْمَةً وَ قَثَامًا الشَّيْءُ: تېزەك بىلەن بۇلغاندى.

قُثَمٌ: مەرد، سېخىي.

قُثْمَةٌ: توپا رەڭ.

قُجَّةٌ: قاپچۇق.

قَحَا يَقْحُو قَحْوًا الْمَالَ: مالنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋالدى.

قُحَاحٌ: ساپ، ھەقىقىي، راست، توغرا.

قُحَافٌ: كەلكۈن، قىيان، تاشقىن.

قَحَبَ يَقْحُبُ قَحْبًا وَ قُحَابًا: يۆتەلدى.

قَحَبَتِ الْمَرْأَةُ: ئايال بۇزۇقچىلىق قىلدى.

قَحْبٌ ج قِحَابٌ: زىققە بولغان ئادەم، ياشانغان ئادەم.

قَحْبَةٌ ج قِحَابٌ: پاھىشە ئايال، بۇزۇق ئايال؛ موماي.

قَحَثَ يَقْحَثُ قَحْثًا الشَّيْءُ: ئېلىپ بولدى.

قَحَّ يَقَحُّ قُحُوحًا وَ قُحَّ الشَّخْصُ: شەخس ساپ بولدى.

قُحٌّ ج أَقْحَاحٌ: ساپ، ھەقىقىي، راست، توغرا.

عَرَبِيٌّ قُحٌّ: ساپ ئەرەب.

قَحَّادٌ: يەككە-يېگانە ئادەم.

قُحَّازَةٌ: قىسماق، تور.

قَحَّبَ يُقَحِّبُ تَقْحِيبًا: قاتتىق يۆتەلدى.

قُحَّةٌ: يۆتەل.

قَحَّزَ يُقَحِّزُ تَقْحِيزًا لَهُ الْكَلَامَ: قوپال گەپ قىلدى.

قَحَّزَ بِهِ: ئۇنى يىقىتىۋەتتى.

قَحَّزَهُ: ئۇنى سەكرىتىۋەتتى.

قَحَّطَ يُقَحِّطُ تَقْحِيطًا: چاكىلاشتۇردى.

قَحَّمَ يُقَحِّمُ تَقْحِيمًا ـــهُ فِي الْأَمْرِ: ئىشنى زورلاپ قىلدۇردى.

قَحْدَةٌ ج قِحَادٌ وَ أَقْحُدٌ: تۆگە لوككىسى، تۆگە ئۆركىشى.

قَحَرَ يَقْحُرُ قُحُورًا: ياشىنىپ قالدى.

قَحَزَ يَقْحَزُ قَحْزًا الرَّجُلُ: چۆچۈپ، سەكرەپ كەتتى.

قَحَزَ عَنْ ظَهْرِ دَابَّتِهِ: ئۇلاغ ئۈستىدىن چۈشتى.

قَحَزَ يَقْحَزُ قَحْزًا وَ قُحُوزًا الرَّجُلَ: كىشىنى ھالاك قىلدى، ئۆلتۈرۈۋەتتى، زىيانكەشلىك قىلدى.

قَحَطَ يَقْحَطُ قَحْطًا الْمَطَرُ: يامغۇر ياغمىدى، قۇرغاقچىلىق بولدى.

«قَحَطَ الْمَطَرُ فِي الْخَرِيفِ فَلَمْ يَزْرَعِ الْفَلَّاحُونَ الْحُبُوبَ»: كۈزدە يامغۇر ياغمىدى، دېھقانلار ئاشلىق تېرىيالمىدى.

قَحَطَ الْعَامُ: قۇرغاقچىلىق يىل بولدى.

قَحَطَ الْبَلَدُ: يۇرتتا قورغاقچىلىق بولدى.

قَحْطٌ: قۇرغاقچىلىق، قەھەتچىلىك، ئاچارچىلىق.

«يُعَانِي هَؤُلَاءِ الْقَوْمُ مِنَ الْقَحْطِ»: قەۋم قەھەتچىلىكتىن قىينالماقتا.

قَحِطٌ م قَحِطَةٌ: قۇرغاقچىلىق، قەھەتچىلىك.

عَامٌ قَحِطٌ: قۇرغاقچىلىق يىل.

قَحْطَانُ: قەھتان (يەمەن ئەرەبلىرىنىڭ ئەجدادلىرى).

بَنُو قَحْطَانَ: قەھتان ئەۋلادلىرى.

قَحْطِيٌّ: قورغاقچىلىق، قەھەتچىلىك.

قَحِفَ / يَقْحَفُ قَحْفًا مَا فِي الْإِنَاءِ: قاچىدىكىنى بىراقلا ئىچىۋەتتى.

قَحَفَةٌ: باش سۆڭىكىنى چېقىۋەتتى.

قِحْفٌ ج قُحُوفٌ وَ أَقْحَافٌ وَ قَحَفَةُ الرَّأْسِ: باش سۆڭىكى، چوققا سۆڭىكى.

قَحَلَ يَقْحَلُ قَحْلًا وَ قَحَلًا وَ قُحُولًا الشَّيْءُ: نەرسە قۇرۇپ كەتتى.

قَحِلَتِ الْأَرْضُ: يەر قۇرغاقلىشىپ كەتتى.

قِحْلٌ م قحْلَاءُ ج قُحْلٌ: قۇرۇق، قۇرغاق.

أَرْضٌ قَحْلَاءُ: تاقىر يەر.

قَحَلٌ: قۇرغاق، قۇرۇق.

قَحِلٌ: قۇرۇق، قۇرغاق.

قَحَمَ يَقْحُمُ قَحْمًا وَ قُحُومًا فِي الْأَمْرِ: قارىسىغا ئىشلىدى، قاراملىق بىلەن ئىشلىدى.

قَحَمَ إِلَيْهِ: ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى.

قُحْمَةٌ ج قُحَمٌ: قىيىن ئىش، مۈشكۈل ئىش؛ خەتەرلىك جاي.

قُحْوَانٌ: گۈل، مايچېچەك.

قُحُولٌ: قۇرۇق.

قَحِيطٌ: قۇرغاقچىلىق، قەھەتچىلىك.

سَنَةٌ قَحِيطٌ: قۇرغاقچىلىق يىل.

قَدْ: ياردەمچى سۆز بولۇپ، ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ ئالدىدا كېلىپ ئىشنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. مەسىلەن:

قَدْ قَامَ زَيْدٌ: زەيد ئورنىدىن تۇردى.

قَدْ جَاءَ صَدِيقُهُ: ئۇنىڭ دوستى كەلدى.

قَدْ: ئىسىم پېئىل مەنىسى بىلەن كېلىدۇ. (كَفَى) غا ئوخشاش «بولدى، يېتەرلىك، كۇپايە» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

قَدْ: كەلگۈسى زامان پېئىل بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەندە، ئاز، شالاڭ دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

قَدْ يَتَكَرَّمُ الْبَخِيلُ: بېخىلنىڭ ئاندا-ساندا مەردلىك قىلىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدۇ.

قَدَا يَقْدُو قَدْوًا الطَّعَامُ: تاماق مەززىلىك بولدى، تەملىك بولدى.

قِدَاحَةٌ: فارفور سانائىتى.

قَدَادٌ: يالمانتاقتاق.

قُدَادٌ: قورساق ئاغرىقى.

قَدَاسَةٌ: پاك؛ مۇقەددەس، ئۇلۇغلۇق، پاكلىق.

قَدَاسَةُ الْمَطْرَانِ: ئالىيلىرى (خرىستىئان دىنىدىكى روھانىيلارنىڭ ھۆرمەت نامى).

قَدَاسَةُ الْبَابَا: پاپا ئالىيلىرى.

قُدَافٌ: بىر چۆمۈچ سۇ، كوزا، لىگەن.

قُدَامٌ ج قُدَامَى: كونا، قەدىمكى، بۇرۇنقى، ئىلگىرىكى.

قِدَةٌ: نەمۇنە، ئۈلگە.

قَدَحَ يَقْدَحُ قَدْحًا فِيهِ: كەمسىتتى، ھاقارەتلىدى.

قَدَحَ فِي عِرْضِهِ: ئۇنىڭ ئابرۇيىنى تۆكتى.

قَدَحَ السّوسُ فِي الْأَسْنَانِ: چىشنى قۇرت يېدى.

قَدَحَ النَّارَ مَنَ الزَّنْدِ: چاقماقتىن ئوت چىقاردى.

قَدَحَ ذِهْنُهُ فِي الْأَمْرِ: چوڭقۇر ئويلاندى.

قَدَحَ فِي شَهَادَةِ فُلَانٍ: پالانىنىڭ گۇۋاھلىقىنى يوققا

www.uyghurkitap.com

چىقاردى.

قَدَحَ فِي نَتَائِجِ الْإِنْتِخَابَاتِ: سايلام نەتىجىسىنى ساختا، دەپ قارىدى.

تَقْدِحُ عَيْنُهُ شَرَرًا: كۆزىدىن ئوت چاقناپ تۇرىدۇ.

قَدْحٌ: ئەيىبلەمەك، تاپا قىلماق، چىشقا چۈشكەن قۇرت.

﴿فَالْمُورِيَاتِ قَدْحًا﴾ «قۇرئان»: (قاتتىق يۈگۈرگەنلىكتىن) تۇۋاقلىرىدىن ئوت چىقارغۇچى ئاتلار بىلەن قەسەمكى....

قِدْحٌ ج قِدَاحٌ و أَقْدَاحٌ: تۇمار، تىلسىم.

الْقِدْحُ الْمُعَلَّى: زور نېسىۋە، چوڭ ھەسسە، بىرىنچى، بىرىنچىلىك.

ذُو الْقِدْحِ الْمعلّى: زور نېسىۋە ئىگىسى.

قِدْحٌ ج أَقْدَاحٌ: رەممال، پالچى؛ پەيسىز يا ئوقى.

صَدَقَهُمْ وَسْمَ قِدْحِهِ: ئۇلارغا ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى دېدى.

قَدَحٌ ج أَقْدَاحٌ: ئىستاكان، پىيالە، قاچا، قەدەھ.

قَدَّ يَقُدّ قَدًّا: ئۈزۈپ تاشلىدى، كېسىپ تاشلىدى، تىلدى، ياردى.

قَدَّ الْكَلَامَ: گەپنى ئۈزۈۋەتتى.

قَدَّ الثَّوْبَ: كىيىمنى يىرتىۋەتتى.

﴿وَقَدَّتْ قَمِيصَهُ مِنْ دُبُرٍ﴾ «قۇرئان»: (بۇ چاغدا) ئۇ (يەنى زۇلەيخا) يۈسۈفنىڭ كۆڭلىكىنى ئارقىسىدىن (تارتىپ) يىرتىۋەتتى.

قُدَّ قَلْبُهُ مِنْ حَجَرٍ: تاش يۈرەك بولۇپ كەتتى.

قُدَّ الشَّخْصُ: قورسىقى ئاغرىپ قالدى.

قَدٌّ ج قُدُودٌ و أَقُدٌّ و قِدَادٌ و أَقِدَّةٌ: بوي، قامەت، قەددى؛ مىقدار؛ نومۇر.

هَذَا عَلَى قَدِّ ذَالِكَ: بۇ شۇنىڭچىلىك كېلىدۇ.

لِهَذِهِ الْمَرْأَةِ قَدٌّ وَسَطٌ: بۇ ئوتتۇرا بوي ئايال.

قَدٌّ رَشِيقٌ: غۇنچە بوي.

قِدٌّ ج أَقُدٌّ: تاسما، كەمەر.

قَطَعَ قِدَّهُ: كەمىرىنى ئۈزۈۋەتتى.

قُدٌّ: تىرىپىسكا بېلىقى، كىت.

قَدَّاحٌ: چاقماق.

قَدَّاحَةٌ ج قَدَّاحَاتٌ: چاقماق؛ پولات تاختاي، چاقماق تېشى.

قُدَّاسٌ ج قَدَادِيسٌ: مىسسا (كاتولىك دىنىنىڭ بىر خىل مۇراسىمى).

قُدَّاسُ الْمَيِّتِ: تەزىيە بىلدۈرۈش، ماتەم تۇتۇش.

بَدْلَةُ الْقُدَّاسِ: يەڭسىز تون.

قُدَّاسَاتٌ: مىسسا (كاتولىك دىنىنىڭ بىر خىل دىنىي مۇراسىمى).

قُدَّامَ: ئالدى، ئالدى تەرەپ؛ بۇرۇن، ئاۋۋال.

أَوْقَفَ السَّيَّارَةَ قُدَّامَ الدَّارِ: ماشىنىسىنى ھويلا ئالدىدا توختىتىپ قويدى.

قِدَّةٌ ج قِدَدٌ وَ أَقِدَّةٌ: تاختاي پارچىسى؛ بىر بۆلۈك، بىر تۈركۈم.

﴿كُنَّا طَرَائِقَ قِدَدًا﴾ «قۇرئان»: بىز تۈرلۈك يوللارغا بۆلۈندۇق.

قَدَّحَ يُقَدِّحُ تَقْدِيحًا الْفَرَسَ: ئاتنى ئورۇقلىتىۋەتتى.

قَدَّدَ يُقَدِّدُ تَقْدِيدًا: ئۈزۈۋەتتى، كېسىۋەتتى، پىچتى، توغرىدى.

قَدَّدَ اللَّحْمَ: گۆشنى ئىسلىدى، قاقلىدى.

قَدَّرَ يُقَدِّرُ تَقْدِيرًا الشَّيْءَ بِالشَّيْءِ: سېلىشتۇردى، تەڭلەشتۈردى.

قَدَّرَ الثَّمَنَ: باھالىدى، باھا قويدى.

﴿وَالَّذِي قَدَّرَ فَهَدَى﴾ «قۇرئان»: مەخلۇقاتتا پايدىلىق ئىشلارنى (تەقدىر قىلدى، ئۇلارغا پايدىلىنىش يوللىرىنى) كۆرسەتتى.

قَدَّرَ مساحَةَ الْأَرْضِ: زېمىننىڭ كۆلىمىنى ئۆلچىدى.

قَدَّرَ حَقَّ قَدْرِهِ: ئۇنى ھەقىقىي رەۋىشتە باھالىدى.

قَدَّرَ مَدَى الْخَسَائِرِ: زىياننى مۆلچەرلىدى.

قَدَّرَ التِّلْمِيذُ مُعَلِّمَهُ: شاگىرت ئوقۇتقۇچىسىنى

هۆرمەتلىدى.

قَدَّرَ اللهُ الْأَمْرَ: ئاللاھ ھۆكۈم قىلدى، ئاللاھ تەقدىر قىلدى.

لَاقَدَّرَ اللهُ لَكَ الشَّرَّ: ئاللاھ ساڭا يامانلىقنى يولاتمىسۇن.

قَدَّسَ يُقَدِّسُ تَقْدِيْسًا: مۇقەددەس دەپ ئېتىقاد قىلدى.

قَدَّسَهُ: ھۆرمەتلىدى، ئۇلۇغلىدى، مەدھىيىلىدى.

قَدَّسَ الشَّيْءَ: نەرسىنى تەقدىس قىلدى.

وَنَحْنُ نُسَبِّحُ بِحَمْدِكَ وَنُقَدِّسُ لَكَ: بىز بولساق سېنى پاك دەپ مەدھىيىلەيمىز، مۇقەددەس دەپ مەدھىيىلەيمىز.

قَدَّسَ اللهُ سِرَّهُ: ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن.

قَدَّسَ الشَّخْصُ: بەيتۇلمۇقەددەسنى زىيارەت قىلدى.

قَدَّمَ يُقَدِّمُ تَقْدِيْمًا: ئالدىغا سۈردى، ئىلگىرىلەتتى.

قَدَّمَ الْكِتَابَ: كىتابقا مۇقەددىمە يازدى، كىرىش سۆز يازدى.

﴿يُنَبَّأُ الْإِنْسَانُ يَوْمَئِذٍ بِمَا قَدَّمَ وَأَخَّرَ﴾ «قۇرئان»: بۇ كۈندە ئىنسانغا ئىلگىرى-ئاخىر قىلغان ئەمەللىرى ئۇقتۇرۇلىدۇ.

قَدَّمَهُ: ئۇنى ئوتتۇرىغا قويدى، تەكلىپ بەردى؛ راۋاجلاندۇردى، تەرەققىي قىلدۇردى؛ ئۇنىڭغا سوۋغا تەقدىم قىلدى.

قَدَّمَ لَهُ: ئۇنى ئۇلۇغلىدى.

قَدَّمَ يَمِيْنًا: قەسەم بەردى.

قَدَّمَ مُرَشَّحًا: نامزات قىلىپ كۆرسەتتى.

قَدَّمَ خِدْمَةً: خىزمەت كۆرسەتتى، تۆھپە قوشتى.

قَدَّمَ فُلَانًا لِلْمُحَاكَمَةِ: پالاننى سوتقا تاپشۇردى.

قَدَّمَ التَّهَانِيَ: تەبرىكلىدى، قۇتلۇقلىدى.

قَدَّمَ لَهُ التَّحِيَّةَ: ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈردى.

كَمَا قَدَّمْنَاهُ سَابِقًا: يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك.

قَدَّمَهُ عَلَى سِوَاهُ: ئۇنى باشقىلاردىن ئۈستۈن كۆردى.

قَدَّمَ ثَمَنًا: باھا قويدى.

قَدَّمَ الثَّمَنَ: پۇلنى ئالدىن تۆلىدى.

قَدَّمَ اسْتِقَالَتَهُ: ئىستېپا بەردى.

قَدَّمَتِ السَّاعَةُ: سائەت ئىلگىرىلەپ كەتتى.

يُقَدِّمُ رِجْلًا وَيُؤَخِّرُ أُخْرَى: ئارىسالدى بولدى، ئىككىلىنىپ قالدى.

قَدَّمَ أَبَاهُ: ئارقىسىنى ئالدىغا ئۆتكۈزدى.

قَدَّمَ لَهُ خِدْمَاتٍ جَلِيْلَةً: چوڭ خىزمەت كۆرسەتتى.

قَدَّمَ لَهُ أُسْتَاذَهُ: ئۇستازىنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى.

قَدَّمَ نَفْسَهُ إِلَى الشُّرْطَةِ: ئۆزىنى ساقچىغا تاپشۇردى.

«قَدَّمَ السَّفِيْرُ أَوْرَاقَ إِعْتِمَادِهِ»: كونسۇل دۆلەت خېتى تاپشۇردى.

لَايُقَدِّمُ وَلَايُؤَخِّرُ: پايدىسىمۇ يوق، زىيىنىمۇ يوق.

قُدُّوسٌ: پاك، مۇقەددەس.

الْقُدُّوسُ: ھەممە ئەيىب نۇقسانلاردىن پاك ئۇلۇغ ئاللاھ.

﴿لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الْمَلِكُ الْقُدُّوسُ﴾ «قۇرئان»: ئاللاھدىن باشقا ھېچ مەبۇد يوقتۇر، ئۇ پادىشاھتۇر، پاكتۇر...

قِدِّيْسٌ: ۋەلىي، ئەۋلىيا (ناسارالارنىڭ قارىشىدا گۇناھلاردىن پاك ھالدا ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا راۋان بولغان خىرىستىئان).

قَدَرَ يَقْدِرُ قَدْرًا الشَّيْءَ: نەرسىنى تەخمىن قىلدى، مۆلچەرلىدى.

قَدَرَ ثَمَنَ الْبِضَاعَةِ: مالنىڭ پۇلىنى مۆلچەرلىدى.

قَدَرَ الْأَمْرَ: ئىشنى پىلانلىدى.

قَدَرَ اللهُ الرِّزْقَ: ئاللاھ رىزقىنى تار قىلدى.

«وَأَمَّا إِذَا مَا ابْتَلَاهُ فَقَدَرَ عَلَيْهِ رِزْقَهُ» «قۇرئان»: پەرۋەردىگارى ئىنساننى سىناپ رىزقىنى تار قىلسا...

www.uyghurkitap.com

قَدَرَ الشَّيْءَ حَقَّ قَدْرِهِ: ئېگىشلىك رەۋىشتە قەدرىگە يەتمىدى.

﴿وَمَا قَدَرُوا اللهَ حَقَّ قَدْرِهِ﴾ ‹قرآن›: ئۇلار ئاللاھنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى.

قَدَرَ يَقْدِرُ قَدَارَةً عَلَى الشَّيْءِ: كۈچى يەتتى، قادىر بولدى، قىلالىدى.

قَدَرَ عَلَى الصُّعُودِ إِلَى الْجَبَلِ: تاغقا چىقالىدى.

قَدْرٌ ج أَقْدَارٌ: مىقدار؛ دەرىجە؛ سەۋىيە؛ قىممەت، باھا؛ ئورۇن، مەرتىۋە.

لَيْلَةُ الْقَدْرِ: شەبى قەدىر كېچىسى.

﴿لَيْلَةُ الْقَدْرِ خَيْرٌ مِنْ أَلْفِ شَهْرٍ﴾ ‹قرآن›: شەبى قەدىر (شەرەپ ۋە پەزىلەتتە) مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر.

عَلَى قَدْرِ الْحَاجَةِ: ئېھتىياجقا ئاساسەن.

عَلَى قَدْرِ الطَّاقَةِ: كۈچىنىڭ يېتىشىچە، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە.

رَجُلٌ رَفِيعُ الْقَدْرِ بَيْنَ قَوْمِهِ: قوۋمى ئارىسىدا ھۆرمەتلىك ئادەم.

هُمْ قَدْرَ مِائَةٍ: ئۇلار يۈز ئەتراپىدا.

«رَجُلٌ عَلَى قَدْرٍ كَبِيرٍ مِنَ الذَّكَاءِ»: ناھايىتى ھوشيار ئادەم.

«يَقُومُ بِجُهْدِهِ قَدْرَ الْمُسْتَطَاعِ»: كۈچىنىڭ يېتىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ.

«بِقَدْرِ مَايَجْتَهِدُ الطَّالِبُ يُكَافَأُ»: ئوقۇغۇچى تىرىشچانلىقىغا قاراپ مۇكاپاتلىنىدۇ.

قَدَرٌ ج أَقْدَارٌ: تەقدىر، قىسمەت، مىقدار، ئۆلچەم.

بِالْقَضَاءِ وَالْقَدَرِ: قازا ۋە قەدەر بىلەن، ئاللاھنىڭ رىزاسى بىلەن.

«سَاقَهُ قَدَرُهُ الْمَحْتُومُ إِلَى هَذَا الْمَكَانِ»: ئۇنىڭ تەقدىرى ئۇنى بۇ جايغا سۆرەپ كەلدى.

﴿وَأَنْزَلْنَا مِنَ السَّمَاءِ مَاءً بِقَدَرٍ﴾ ‹قرآن›: بىز بۇلۇتتىن ھاجەتكە قاراپ يامغۇر ياغدۇردۇق.

﴿إِنَّا كُلَّ شَيْءٍ خَلَقْنَاهُ بِقَدَرٍ﴾ ‹قرآن›: بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق.

قِدْرٌ ج قُدُورٌ: قازان.

﴿وَجِفَانٍ كَالْجَوَابِ، وَقُدُورٍ رَاسِيَاتٍ﴾ ‹قرآن›: (ئۇلار سۇلەيمانغا) كۆلدەك چوڭ لېگەنلەرنى، (چوڭلۇقتىن) مىدىرلىمايدىغان قازانلارنى ياسايتتى.

الْقِدْرُ الْكَاتِمَةُ: بېسىملىق قازان.

قَدِرَةٌ: ساپال قاچا.

قُدْرَةٌ: كۈچ، قۇۋۋەت، قابىلىيەت، ئىقتىدار.

قُدْرَةُ اللهِ: ئاللاھنىڭ قۇدرىتى.

مَصْنَعٌ قُدْرَتُهُ كَذَا: زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى مۇنداق.

أَظْهَرَ قُدْرَةً عَلَى الْبَحْثِ: تەتقىقات كۈچىنى كۆرسەتتى.

قَدَرِيٌّ: تەقدىرنى ئىنكار قىلغۇچى، تەقدىرگە ئىشەنمىگۈچى؛ ئۆزى ئىش-ھەرىكىتىنى ئۆز خاھىشى بويىچە مەيدانغا چىقىدۇ، دەپ قارايدىغان ئادەم.

قَدَرِيَّةٌ: قەدەرىيە مەزھىپى (تەقدىرنى ئىنكار قىلىدىغان مەزھەپ).

قَدُسَ يَقْدُسُ قَدَاسَةً الشَّخْصُ: پاك بولدى، مۇقەددەس بولدى.

قَدُسَ الْمَكَانُ: جاي پاك بولدى.

قُدْسٌ: نېمەت، بەخت، باخشىلىق، بەرىكەت.

اَلْقُدْسُ: ئېرۇسالېم، مۇقەددەس جاي، بەيتۇلمۇقەددەس.

قُدُسٌ: پاكلىق، بەرىكەت.

رُوحُ الْقُدُسِ: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام.

﴿وَآتَيْنَا عِيسَى بْنَ مَرْيَمَ الْبَيِّنَاتِ وَأَيَّدْنَاهُ بِرُوحِ الْقُدُسِ﴾ ‹قرآن›: مەريەم ئوغلى ئىيساغا روشەن

مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلدۇق، ئۇنى روھۇل قۇددۇس (يەنى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام) بىلەن كۈچلەندۈردۇق.

قُدْسِيٌّ: پاك، مۇبارەك، پاكلىققا مەنسۇپ.

حَدِيثٌ قُدْسِيٌّ: لەپىزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، مەنىسى ئاللاھدىن بولغان ھەدىس.

قُدْسِيَّةٌ: مۇقەددەس.

قَدَعَ يَقْدَعُ قَدْعًا فَرَسَهُ بِاللِّجَامِ: ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى.

قَدَعَ الْخَمْسِيْنَ مِنْ عُمْرِهِ: ئەللىك ياشتىن ھالقىدى.

قَدَعَ مِنَ الشَّرَابِ: شارابنى يۇتۇملاپ، يۇتۇملاپ ئىچتى.

قَدِعَ يَقْدَعُ قَدَعًا الرَّجُلُ: ۋاز كەچتى.

قَدِعٌ: يىغلاڭغۇ، دائىم يىغلايدىغان.

قَدَفَ يَقْدِفُ قَدْفًا الْمَاءَ: سۇنى ئۇچۇملاپ ئالدى.

قَدِمَ يَقْدَمُ قُدُومًا وَ مقدمًا وَ قِدْمَانًا الْمَدِيْنَةَ: شەھەرگە قەدەم قويدى، يېتىپ كەلدى.

قَدِمَ مِنْ سَفَرِهِ: سەپەردىن قايتىپ كەلدى.

قَدِمَ إِلَى الْأَمْرِ: ئۇنى كۆزلىدى، كۆڭلىگە پۈكتى.

﴿وَقَدِمْنَاهُ إِلَى مَا عَمِلُوا مِنْ عَمَلٍ فَجَعَلْنَاهُ هَبَاءً مَنْثُورًا﴾ «قرآن»: بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز.

«أَنَّ رَسُولَ اللهِ كَانَ إِذَا قَدِمَ مِنْ سَفَرٍ بَدَأَ بِالْمَسْجِدِ فَرَكَعَ فِيْهِ رَكْعَتَيْنِ» «حديث»: رەسۇلۇللاھ سەپەردىن قايتقاندا، ئالدى بىلەن مەسجىدكە كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى.

قَدِمَ عَلَى بِنَاءِ مَنْزِلٍ: ئۆي سېلىشقا يۈزلەندى.

قَدُمَ يَقْدُمُ قِدَمًا وَ قَدَامَةً: كونىرىدى، كونىراپ كەتتى.

قَدُمَ الثَّوْبُ: كىيىم كونىراپ كەتتى.

قَدُمَ بِهِ الْعَهْدُ: زامان ئۇزىراپ كەتتى.

قَدَمَ يَقْدُمُ قُدُومًا وَ قَدْمًا: ئالدىدا ماڭدى، ئالدىدا باشلاپ ماڭدى.

قَدَمَ عَلَى قِرْنِهِ: جۈرئەت قىلدى.

﴿يَقْدُمُ قَوْمَهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَأَوْرَدَهُمُ النَّارَ﴾ «قرآن»: پىرئەۋن قىيامەت كۈنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆز قوۋمىنى دوزاخقا باشلاپ كىرىدۇ.

قَدَمٌ ج أَقْدَامٌ: پۇت، قەدەم.

عَلَى قَدَمٍ وَسَاقٍ: جىددىي ئېلىپ بېرىلماقتا.

عَلَى قَدَمِ الْمُسَاوَاةِ: باراۋەر ئاساسىدا.

﴿فَتَزِلَّ قَدَمٌ بَعْدَ ثُبُوتِهَا﴾ «قرآن»: قەدىمىڭلار (ئىسلام دىنىدا) ئىزچىل بولغاندىن كېيىن...

وَقَفَ عَلَى قَدَمِ الْإِسْتِعْدَادِ: ئۇ پۇختا تەييارلاندى.

لَهُ قَدَمٌ رَاسِخَةٌ فِي الطِّبِّ: ئۇ پىششىق يېتىلگەن دوختۇر.

ذُو قَدَمٍ: قەيسەر، شىجائەتلىك، جەسۇر.

عَلَى الْأَقْدَامِ: پىيادە.

كُرَةُ الْقَدَمِ: پۇتبول.

زَلَّتْ بِهِ الْقَدَمُ: خاتالاشتى.

لَيْسَ لَهُ قَدَمٌ فِي كَذَا: بۇنىڭدا ئۇنىڭ نېسىۋىسى يوق.

سَمِعَ وَطْءَ أَقْدَامٍ: قەدەم تاۋۇشىنى ئاڭلىدى.

قِدَمٌ: كونا، قەدىمي.

مُنْذُ الْقِدَمِ: قەدىمدىن تارتىپ، ئەزەلدىن بېرى.

قِدَمُ اللهِ تَعَالَى: ئاللاھتائالانىڭ ئەزەلىيلىكى.

قُدْمٌ، قُدُمٌ: باتۇر، جۈرئەتلىك؛ ئالغا ئىلگىرىلىگۈچى.

مَضَى قُدُمًا: ئالغا ئىلگىرىلىدى.

قِدْمٌ. قُدْمَةٌ: قەدىمكى دەۋر، قەدىمكى زامان.

قُدْمَةُ الْغَنَمِ: سەركە.

الْقُدَمِيَّةُ: غادىيىۋالماق، گىدىيىۋالماق.

مَشَى الْقُدَمِيَّةَ: غادىيىپ ماڭدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قُدْوَةٌ ج قُدْوَاتٌ: نەمۇنە، ئۈلگە.

لِيْ بِكَ قُدْوَةٌ: سەن مېنىڭ ئۈلگەم.

قُدُومٌ: كەلمەك، يېتىپ كەلمەك، ھازىر بولماق، قەدەم كەلتۈرمەك.

قَدُومٌ ج قُدُمٌ: چوت، كەكە، پالتا.

قَدُومٌ ج قُدُمٌ: جۈرئەتلىك، قەيسەر، باتۇر.

قَدِيَ يَقْدَى قَدًى وَ قَدَاةً الطَّعَامُ: تاماق مەززىلىك بولدى، تەملىك بولدى.

قَدٍ: مەززىلىك تەملىك.

قِدْيَةٌ: نەمۇنە، ئۈلگە.

قُدَيْحٌ: گۈل قاچىسى.

قَدِيدٌ: قاقلانغان گۆش، قۇرۇتۇلغان گۆش؛ بوجا گۆش؛ اجەندە.

«إِنِّي وَلَدُ امْرَأَةٍ كَانَتْ تَأْكُلُ الْقَدِيدَ» ‹حديث›: مەن قۇرۇتۇلغان گۆش يەپ چوڭ بولغان ئايالنىڭ بالىسى.

قَدِيرٌ: قۇدرەتلىك، كۈچلۈك، قابىلىيەتلىك.

الْقَدِيرُ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسملىرىدىن بولۇپ، قۇدرەتلىك ئاللاھ دېگەن مەنىدە.

﴿وَهُوَ الْعَلِيمُ الْقَدِيرُ﴾ ‹قرآن›: ئۇ ھەممىنى بىلگۈچى، ھەممىگە قادىردۇر.

قَدِيمٌ ج قُدَمَاءُ وَ قُدَامَى م قَدِيمَةٌ ج قَدِيمَاتٌ وَ قَدَائِمُ: كونا، قەدىم، قەدىمكى، ئىلگىرىكى، بۇرۇنقى.

﴿هَذَا إِفْكٌ قَدِيمٌ﴾ ‹قرآن›: بۇ قەدىمكى ئويدۇرمىدۇر.

الْقَدِيمُ: ئىپتىداسى يوق ئەزەلى ئاللاھ.

الْعَهْدُ الْقَدِيمُ: تەۋرات.

أُسْتَاذٌ قَدِيمٌ: كونا ئۇستاز، پېشقەدەم ئۇستاز.

ثَوْبٌ قَدِيمٌ: كونا چاپان.

فِي الْقَدِيمِ: ئەزەلدە.

قُدَمَاءُ الْمُحَارِبِيْنَ: كونا جەڭچىلەر.

قَدِيٌّ: مەززىلىك، تەملىك.

قَذَارَةٌ: پاسكىنىلىق.

«وَالْقَذَارَةُ مَصْدَرُ أَمْرَاضٍ عَدِيْدَةٍ»: پاسكىنىلىق كۆپلىگەن كېسەللىكلەرنىڭ مەنبەسى.

قَذَالٌ ج قُذُلٌ وَ أَقْذِلَةٌ: ئارقا چوققا مېڭە، دوقا، گەجگە.

قَذَالِيٌّ: گەجگە سۆڭىكىنىڭ.

قُذَامٌ: كەك.

بِئْرٌ قُذَامٌ: سۈيى كۆپ قۇدۇق.

قَذَّ يَقُذُّ قَذًّا الرِّيْشَةَ: قاناتنى قىرقىدى.

قَذَّهُ: كەستى، ئۈزۈۋەتتى، ياسىدى.

قَذَّ فُلَانًا: گەردىنىگە ئۇردى.

قَذَّ الْحَجَرَ: تاش ئاتتى.

قُذَّانٌ: ئىككى چېكىدىكى ئاق چاچ.

قَذَّرَ يُقَذِّرُ تَقْذِيرًا الشَّيْءَ: نەرسىنى پاسكىنا قىلىۋەتتى، مەينەت قىلىۋەتتى.

قَذَّرَ الشَّارِعَ: كوچىنى بۇلغىۋەتتى.

قَذُرَ يَقْذُرُ قَذَارَةً: پاسكىنا بولدى، مەينەت بولدى.

قَذِرَ يَقْذَرُ قَذَرًا: پاسكىنا بولدى، مەينەت بولدى؛ پاسكىنا قىلىۋەتتى، مەينەت قىلىۋەتتى.

قَذَرَ يَقْذُرُ قَذْرًا: مەينەت قىلىۋەتتى، پاسكىنا قىلىۋەتتى.

قَذَرٌ ج أَقْذَارٌ: مەينەت، پاسكىنا، كىر، توگرا؛ پاسكىنىچىلىق، مەينەتچىلىك.

قَذَرُ الرَّضِيعِ: بوۋاقنىڭ ئارقا تەرىتى.

قَذِرٌ، قَذِرَةٌ: پاسكىنا، مەينەت، كىر.

«لَوْلَا الْكَنَّاسُونَ لَصَارَتِ الشَّوَارِعُ قَذِرَةً»: كوچا تازىلىغۇچىلار بولمىسا كوچىلار ئەلۋەتتە پاسكىنىلىشىپ كېتەتتى.

قَذَعَ يَقْذَعُ قَذْعًا فُلَانًا: پالاننى ھاقارەت قىلدى، ئاھانەت قىلدى، دەشنام بەردى.

قَذُعَ يَقْذُعُ قَذَاعَةً الشَّخْصُ: ئېغىزى يامان بولدى.

قَذِعَ لِسَانُهُ فَكَرِهَهُ النَّاسُ: ئۇنىڭ ئېغىزى يامان بولغانلىقتىن كىشىلەر ئۇنى ياقتۇرمىدى.

قَذِعٌ: يامان گەپ قىلغۇچى، سەت گەپ قىلغۇچى.

قَذَفَ يَقْذِفُ قَذْفًا: ئېتىۋەتتى، تاشلىۋەتتى؛ قۇسۇۋەتتى، ياندۇرۇۋەتتى.

قَذَفَ الرَّجُلَ: كىشىگە بوھتان قىلدى، بوھتان چاپلىدى.

قَذَفَ فِي قَلْبِهِ الرُّعْبَ: ئۇنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە سالدى.

﴿وَقَذَفَ فِي قُلُوبِهِمِ الرُّعْبَ﴾ «قۇرئان»: ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالدى.

قَذَفَهُ بِالْحِجَارَةِ: ئۇنىڭغا تاش ئاتتى.

قَذَفَ الْقَنَابِلَ: بومبا تاشلىدى.

قَذَفَ الْمُحْصَنَةَ: ئىپپەتلىك ئايالغا بوھتان چاپلىدى.

قَذْفٌ: ئاتماق، تاشلىماق، چىقارماق، سۆكمەك، دەشنام بەرمەك، بوھتان چاپلىماق.

قَذْفٌ عَلَنِيٌّ: تۆھمەتلىك ماقالە.

قَذْفِيٌّ: بوھتاننىڭ، بوھتان چاپلىغۇچى، تۆھمەتخور.

قَذَلَ يَقْذُلُ قَذْلًا: بوھتان چاپلىدى، تۆھمەت قىلدى، ئەيىبلىدى، كەمسىتتى.

قَذَلٌ: ئەيىب، نۇقسان، قۇسۇر.

قَذَمَ يَقْذِمُ قَذْمًا مِنَ الْعَطَاءِ: كۆپ بەردى، مەردلىك بىلەن بەردى.

قُذْمَةٌ ج قُذَمٌ مِنَ الْمَاءِ: بىر يۇتۇم سۇ.

قُذُورَاتٌ: پاسكىنا نەرسىلەر، كىرەكسىز نەرسىلەر.

قَذِيَ يَقْذَى قَذًى وَ قَذْيًا وَ قَذَيَانًا عَيْنُهُ: كۆزىگە توپا كىردى.

قَذًى ج أَقْذِيَةٌ وَ قُذِيٌّ وَ أَقْذَاءٌ: چاڭ-توزان.

غَمَّضَ جُفُونَهُ عَلَى الْقَذَى: زۇلۇمغا چىدىدى.

قَذِيفَةٌ ج قَذَائِفُ: توپ ئوقى، مىلتىق ئوقى، بومبا.

قَذِيفَةٌ يَدَوِيَّةٌ: قول بومبىسى، گىرانات.

قَذَائِفُ مُوَجَّهَةٌ: باشقۇرۇلىدىغان بومبا.

«الْقَذَائِفُ الْمُوَجَّهَةُ الْعَابِرَةُ لِلْقَارَّاتِ»: قىتئەلەر ئارا باشقۇرۇلىدىغان بومبا.

قَرَا يَقْرُو قَرْوًا: باردى، كەتتى، نىشانلىدى.

قَرًا ج أَقْرَاءٌ وَ أَقْرُؤٌ وَ قُرُوءٌ: دۈمبە.

قِرَاءَةٌ ج قِرَاءَاتٌ: ئوقۇماق، ئوقۇش، تىلاۋەت قىلماق، قىرائەت قىلماق.

قِرَاءَةُ الْبَخْتِ: پال باقماق.

الْقِرَاءَةُ وَالْكِتَابَةُ: ئوقۇش ۋە يېزىش.

قِرَاءَةٌ جَهْرِيَّةٌ: ئاشكارا ئوقۇماق.

قِرَاءَةٌ صَامِتَةٌ: ئاۋازسىز، ئىچىدە ئوقۇش.

الْقِرَاءَاتُ السَّبْعُ: يەتتە قىرائەت.

قِرَابٌ ج قُرُبٌ وَ أَقْرِبَةٌ: غىلاپ، چاپادان.

قَرَابَةٌ: تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت.

قَرَابَةُ رَحِمٍ: قان قېرىنداش، ئانا جەمەت.

قَرَابَةُ عَصَبٍ: ئاتا جەمەت تۇغقان.

قَرَابَةُ الْحَوَاشِي: شىرەم تۇغقان.

صِلَةُ قَرَابَةٍ: ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتى.

قُرَابَةٌ: ئەتراپىدا، ئۆپچۆرىسىدە، تەخمىنەن.

قُرَابَةَ مِائَةِ سَنَةٍ: يۈز يىل ئەتراپىدا.

قَرَاحٌ ج أَقْرِحَةٌ: ساپ، پاكىز.

قَرَاحٌ مِنَ الْأَرْضِ: مەخسۇس تېرىلغۇ يەر.

قُرَادٌ. قُرَادَةٌ ج قُرَادَاتٌ: ياپىلاق پىت، كانا.

قَرَارٌ ج قَرَارَاتٌ: تېگى، ئاساسى، تەكتى؛ ئەڭ چوڭقۇر جايى؛ خاتىرجەم، خاتىرجەملىك، تۇراقلىق، مۇقىم، تۇرار جاي، ئۆي-جاي؛ قارار.

قَرَارٌ تَمْهِيدِيٌّ: دەسلەپكى قارار، سۇ يىغىلىپ قالىدىغان ئورەك.

دَارُ الْقَرَارِ: ئاخىرەت، ئۇ دۇنيا.

﴿وَجَعَلْنَا ابْنَ مَرْيَمَ وَأُمَّهُ آيَةً وَآوَيْنَاهُمَا إِلَى رَبْوَةٍ ذَاتِ

www.uyghurkitap.com

قَرَارٍ وَمَعِينٍ ﴾ ‹قۇرئان›: بىز مەريەمنىڭ ئوغلىنى ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنى (كامالى قۇدرىتىمىزنىڭ) دەلىلى قىلدۇق. ئۇنى تۈپتۈز، ئېقىن سۇلۇق بىر ئېگىز جايغا ئورۇنلاشتۇردۇق.

قَرَارٌ وِزَارِيٌّ: مىنىستىرلىقنىڭ قارارى.

قَرَارَةٌ: چوڭقۇر، تېرەن، ئېچكىرى.

فِيْ قَرَارَةِ نَفْسِهِ: چوڭقۇر، قەلبىدە.

قَرَارِيطُ: تەمرى ھىندى ئۇرۇقى.

قُرَاضَةٌ: نەرسىنىڭ پارچىسى، بۆلۈكى.

قُرَاضَةُ الذَّهَبِ: ئالتۇننىڭ قىرىندىسى.

قَرَافَةٌ ج قَرَافَاتٌ: قەبرىستان، تۇپراق بېشى.

قِرَانٌ: توي قىلماق، ئۆيلەنمەك؛ ھەج پەرز بىلەن ئۆمرە ھەجنى بىرلەشتۈرمەك.

قُرْآنٌ: ئوقۇماق، ئوقۇش، قىرائەت قىلماق، تىلاۋەت قىلماق.

الْقُرْآنُ: قۇرئان كەرىم.

﴿إِنَّا أَنْزَلْنَاهُ قُرْآنًا عَرَبِيًّا لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ﴾ ‹قۇرئان›: شۈبھىسىزكى، سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ، ئۇنى ئەرەبچە قۇرئان قىلىپ نازىل قىلدۇق.

قُرْآنِيٌّ: قۇرئان كەرىمگە ئائىت.

مَدْرَسَةٌ قُرْآنِيَّةٌ: قۇرئان يادلىتىدىغان مەكتەپ.

قَرَأَ يَقْرَأُ قَرْأً وَ قِرَاءَةً: ئوقۇدى، قىرائەت قىلدى، تىلاۋەت قىلدى.

﴿فَإِذَا قَرَأْتَ الْقُرْآنَ فَاسْتَعِذْ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ﴾ ‹قۇرئان›: سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتاننىڭ (ۋەسۋەسىسىدىن) ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلىگىن.

قَرَأَ عَلَيْهِ السَّلَامَ: سالامنى يەتكۈزدى.

قَرَأَ الْغَيْبَ: كاھىنلىق قىلدى.

قُرْءٌ ج أَقْرَاءٌ وَ قُرُوءٌ: ۋاقىت، مەزگىل؛ ھەيز، قاپىيە؛ پاكلىق.

أَقْرَاءُ الشِّعْرِ: شېئىرنىڭ رىتىمى، شېئىرنىڭ ۋەزنى.

﴿وَالْمُطَلَّقَاتُ يَتَرَبَّصْنَ بِأَنْفُسِهِنَّ ثَلَاثَةَ قُرُوءٍ﴾ ‹قۇرئان›: تالاق قىلىنغان ئاياللار ئۈچ ھەيز ئۆتكۈچە ئىددەت تۇتىدۇ.

قَرَبَ يَقْرُبُ قَرْبًا السَّيْفَ: قىلىچنى غىلاپقا سالدى.

قَرُبَ يَقْرُبُ قُرْبًا: يېقىنلاشتى، يېقىن بولدى.

قَرُبَ يَقْرُبُ قَرَابَةً وَ قُرْبَى الشَّخْصَانِ: ئىككىسى تۇغقان بولدى.

قَرِبَ يَقْرَبُ قُرْبًا وَ قَرُبَ يَقْرِبُ قُرْبًا وَ قُرْبَانًا: يېقىن بولدى، يېقىنلاشتى.

﴿لَا تَقْرَبَا هَذِهِ الشَّجَرَةَ﴾ ‹قۇرئان›: بۇ دەرەخكە يېقىنلاشماڭلار.

قَرِبَ الرَّجُلُ الْمَرْأَةَ: ئەر كىشى ئايالغا يېقىن بولدى، ئايالغا يېقىنچىلىق قىلدى.

﴿وَلَا تَقْرَبُوهُنَّ حَتَّى يَطْهُرْنَ﴾ ‹قۇرئان›: (ھەيزدىن) پاك بولغۇچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار.

قُرْبٌ: يېقىنلىق، يېقىن بولماق.

قُرْبُ الْمَسَافَةِ: مۇساپە ئارىلىقى.

عَنْ قُرْبٍ: يېقىندىن.

مَرَّتِ السَّيَّارَةُ بِالْقُرْبِ مِنِّي: ماشىنا يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى.

قُرْبَانٌ ج قَرَابِيْنُ: قۇربانلىق.

﴿وَاتْلُ عَلَيْهِمْ نَبَأَ ابْنَيْ آدَمَ بِالْحَقِّ إِذْ قَرَّبَا قُرْبَانًا﴾ ‹قۇرئان›: (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ ھېكايىسىنى راستلىق بىلەن ئوقۇپ بەرگىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئىككىيلەن قۇربانلىق قىلغانىدى.

الْقُرْبَةُ ج قُرَبٌ وَ قُرُبَاتٌ: يېقىن، يېقىنلىق، ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ياخشى ئەمەل.

﴿أَلَا إِنَّهَا قُرْبَةٌ لَهُمْ سَيُدْخِلُهُمُ اللهُ فِيْ رَحْمَتِهِ﴾ ‹قۇرئان›: ئۇلار بۇ ئارقىلىق راستىنلا ئاللاھقا بولغان يېقىنلىققا ئېرىشىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ

رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ.

قِرْبَةٌ ج قِرَبٌ: تۇلۇم.

هَطَلَ الْمَطَرُ كَأَفْوَاهِ الْقِرَبِ: يامغۇر چېلەكتىن قۇيغاندەك يېغىپ كەتتى.

قَرْبُوسٌ ج قَرَابِيسُ: ئېگەرنىڭ ئالدى-ئارقا قېشى.

قَرْبُوصٌ ج قَرَابِيصُ: ئېگەرنىڭ ئالدى-كەينى قېشى.

قُرْبَى: تۇغقانچىلىق، ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى.

﴿وَإِذَا قُلْتُمْ فَاعْدِلُوا وَلَوْ كَانَ ذَا قُرْبَى﴾ «قۇرئان»: سۆز قىلغان (ھۆكۈم چىقارغان ياكى گۇۋاھلىق بەرگەن) چېغىڭلاردا ئادىل بولۇڭلار، (ھۆكۈم چىقىرىلغان ياكى گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئادەم) تۇغقىنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ.

قَرَتَ يَقْرِتُ قَرْتًا وَ قُرُوتًا وَ قَرِتَ يَقْرَتُ قَرَتًا الدَّمُ: قان ئۇيۇشۇپ قالدى، قېتىپ قالدى.

قَرِتَ يَقْرَتُ قَرَتًا وَجْهُهُ: ئۇنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى.

قَرِثَ يَقْرَثُ قَرَثًا الرَّجُلُ: جاپالىق تۇرمۇش كەچۈردى.

قَرِحَ يَقْرَحُ قَرَحًا الشَّخْصُ: يارا چىقىپ قالدى.

قَرَحَ يَقْرَحُ قَرْحًا الْجِسْمَ: بەدىنىنى يارىلاندۇردى، زەخىملەندۈردى.

قَرْحٌ ج قُرُوحٌ: يارا، جاراھەت.

﴿إِنْ يَمْسَسْكُمْ قَرْحٌ فَقَدْ مَسَّ الْقَوْمَ قَرْحٌ مِثْلُهُ﴾ «قۇرئان»: ئەگەر سىلەرگە شىكەستلىك يەتكەن بولسا، دۈشمەنلەرگىمۇ ئوخشاش شىكەستلىك يەتتى.

قَرِحٌ: جاراھەتلەنگۈچى، يارىدار.

قُرْحَةٌ ج قُرَحٌ وَ قَرَحَاتٌ: يارا، جاراھەت، چاقا.

قُرْحَةُ الْفِرَاشِ: ياتاق يارىسى، كۆرپە يارىسى.

قَرِدَ يَقْرَدُ قَرَدًا الْبَعِيرُ: تۆگە پىتلاپ كەتتى.

قَرِدَ الشَّعْرُ أَوِ الصُّوفُ: موي چىگىچلىشىپ كەتتى.

قِرْدٌ ج قُرُودٌ وَ قِرَدَةٌ: مايمۇن.

﴿فَقُلْنَا لَهُمْ كُونُوا قِرَدَةً خَاسِئِينَ﴾ «قۇرئان»: بىز ئۇلارغا: «خار مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار»، دېدۇق.

قُرْدٌ ج قِرْدَانٌ: ياپىلاق پىت، كانا.

قُرْدَةٌ ج قُرْدَاتٌ: ياپىلاق پىت، كانا.

قَرْدَسَةٌ: قاتتىق، قاتتىقلىق.

قَرْدَعَةٌ: خارلىق.

قِرْدَعَةٌ ج قَرَادِعُ: بويۇن.

قَرْدُوعٌ: كىچىك چۆمۈلە.

قَرَّ يَقِرُّ قَرًّا الشَّيْءُ: نەرسە مۇزلىدى، سوۋۇدى.

قَرَّ يَقِرُّ قَرًّا وَ قَرَارًا عَلَى الْأَمْرِ: مۇقىملاشتى.

قَرَّ بِالْمَكَانِ: ماكانلاشتى، ئورۇنلاشتى، تۇرۇپ قالدى.

﴿وَنُقِرُّ فِي الْأَرْحَامِ مَانَشَاءُ إِلَى أَجَلٍ مُسَمًّى﴾ «قۇرئان»: بىز خالىغان ئادەمنى پەچچىدانىدا مۇئەييەن مۇددەتكىچە قالدۇرىمىز.

«قَرَرْتُ فِي هَذَا الْمَكَانِ طَوِيلًا»: بۇ جايدا ئۇزۇن تۇردۇم.

قَرَّ يَقِرُّ قَرِيرًا: كوركىرىدى.

قَرَّ بَطْنُهُ: ئۇنىڭ قورسىقى كوركىرىدى.

قَرَّ الْهِرُّ: مۈشۈك خىرقىرىدى.

قَرَّ يَقَرُّ / يَقِرُّ قُرَّةً وَ قُرُورًا بِهَذَا الْأَمْرِ عَيْنًا: مەمنۇن بولدى، خۇشال بولدى.

قَرَّ الشَّخْصُ: خۇشال بولدى، خۇرسەن بولدى، مەمنۇن بولدى.

﴿فَرَدَدْنَاهُ إِلَى أُمِّهِ كَيْ تَقَرَّ عَيْنُهَا وَلَاتَحْزَنَ وَلِتَعْلَمَ أَنَّ وَعْدَ اللهِ حَقٌّ﴾ «قۇرئان»: ئانىسىنىڭ خۇشال بولۇشى، قايغۇرماسلىقى ۋە ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بىز مۇسانى ئۇنىڭغا قايتۇردۇق.

قُرٌّ: سوغۇق، سالقىن، سۆرۈن.

يَوْمُ الْقُرِّ: سوغۇق كۈن.

قَرَّادٌ ج قَرَّادُونَ: مايمۇنچى، مايمۇن كۆندۈرگۈچى.

قَرَّارٌ: كـوت ـ كـوت ئـادەم، ۋات ـ ۋات ئـادەم، ۋالاقتەككۇر.

قَرَّاصٌ: چاققاق ئوت.

قَرَّاضٌ: بېلەت كەسكۈچى.

قَرَّاضَةٌ: غەيۋەتخور؛ كۈيە.

قُرَّاضَةٌ: كۈيە، قۇرت.

قَرَّاعٌ ج قَرَّاعَاتٌ: تۆمۈر تومشۇق.

قَرَّبَ يُقَرِّبُ تَقْرِيبًا السَّيْفَ: قىلىچنى غىلاپقا سالدى.

قَرَّبَ الْمُدِيرُ الْمُوَظَّفَ: مۇدىر خىزمەتچىنى ئۆزىگە تارتتى.

«قَرَّبَ الْمَسْأَلَةَ الْفَلْسَفِيَّةَ إِلَى تَلَامِيذِهِ»: پەلسەپۋى مەسىلىلەرنى شاگىرتلىرىغا چۈشىنىشلىك قىلىپ بەردى.

قَرَّبَ الشَّيْءَ: مۆلچەرلىدى.

قَرَّبَ الْقُرْبَانَ لِلّٰهِ: ئاللاھ ئۈچۈن قۇربانلىق قىلدى.

﴿فَقَرَّبَهُ إِلَيْهِمْ قَالَ أَلَا تَأْكُلُونَ﴾ «قۇرئان»: ئۇ سېمىز موزايىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ: «قېنى يېمەمسىلەر»، دېدى.

قُرَّةٌ: كىشىنى خۇشال قىلىدىغان نەرسە.

«قُرَّةُ عَيْنٍ لِي وَلَكَ لَاتَقْتُلُوهُ»: (بۇ بالا) ماڭا ۋە ساڭا كۆز نۇرى بولسۇن، ئۇنى ئۆلتۈرمەڭلار.

قِرَّةٌ: سوغۇق، توڭ.

أَصَابَتْهُمْ قِرَّةٌ: ئۇلارغا سوغۇق تەگدى.

قَرَّحَ يُقَرِّحُ تَقْرِيحًا الشَّجَرُ: دەرەخ يوپۇرماق چىقاردى.

قَرَّحَتْ سِنُّ الصَّغِيرِ: بالىغا چىش چىقىشقا ئاز قالدى.

قَرَّحَ الْجِسْمَ: بەدەننى يارىلاندۇردى.

قَرَّدَ يُقَرِّدُ تَقْرِيدًا الْبَعِيرَ: تۆگىنىڭ پىتىنى تېرىۋەتتى.

قَرَّرَ يُقَرِّرُ تَقْرِيرًا: دوكلات قىلدى، مەلۇمات يوللىدى، بايانات ئېلان قىلدى، ئېنىقلىدى، بىر قارارغا كەلدى، مۇقىملاشتۇردى.

قَرَّرَ الرَّجُلَ: كىشىنى ئىقرار قىلدۇردى.

قَرَّرَ فِي نَفْسِهِ: بەلگىلىدى، قارار قىلدى، بېكىتتى.

قَرَّرَ الْخَبَرَ: خەۋەرنى بايان قىلدى، ئىزھار قىلدى.

قَرَّرَ السَّفَرَ إِلَى الْحَجِّ: ھەج قىلىش قارارىغا كەلدى.

قَرَّرَ الشُّرْطِيُّ الْمُجْرِمَ: ساقچى جىنايەتچىنى ئىقرار قىلدۇردى.

قَرَّرَ الشَّيْءَ فِي الْمَكَانِ: نەرسىنى جايىغا ئورۇنلاشتۇردى.

قَرَّرَ الْخَيْمَةَ فِي الْمَرْعَى: يايلاقتا چېدىر تىكتى.

قَرَّسَ يُقَرِّسُ تَقْرِيسًا: توڭلىتىۋەتتى، ئۈششۈتۈۋەتتى.

قَرَّشَ يُقَرِّشُ تَقْرِيشًا الرَّجُلُ لِعِيَالِهِ: ئائىلىسى ئۈچۈن تېرىپ ـ تۆشەپ ئوزۇقات قىلدى.

قَرَّصَ يُقَرِّصُ تَقْرِيصًا الْعَجِينَ: خېمىرنى توقاچ قىلدى، يۇمىلاقلىدى.

قَرَّصَ الْمَاءَ: سۇنى مۇزلاتتى.

قَرَّطَ يُقَرِّطُ تَقْرِيطًا: كەستى، پارچىلىدى، چاندى.

قَرَّطَهَا: ئۇنىڭغا ھالقا سېلىپ قويدى.

قَرَّظَ يُقَرِّظُ تَقْرِيظًا الشَّخْصَ: ماختىدى، مەدھىيىلىدى، تەرىپلىدى.

قَرَّظَ الشَّاعِرَ الْمُؤَلِّفَ: شائىر ئاپتورنى مەدھىيىلىدى.

قَرَّظَ الْكِتَابَ: كىتابنى باھالىدى، ئوبزور يازدى، تەقرىز يازدى.

قَرَّعَ يُقَرِّعُ تَقْرِيعًا فُلَانًا: پالانىنى قاتتىق ئەيىبلىدى، قاتتىق رەددىيە بەردى.

«قَرَّعَ الْمُعَلِّمُ التِّلْمِيذَ الْكَسُولَ»: ئوقۇتقۇچى ھورۇن شاگىرتنى دۈشكەللىدى.

«قَرَّعَ الْمُمَرِّضُ شَعْرَ رَأْسِ الْمَرِيضِ»: سېستىرا كېسەلنىڭ چېچىنى ئېلىۋەتتى.

قَرَّعَ الشَّعْرَ: چاچنى چۈشۈردى.

قَرَّقَ يُقَرِّقُ تَقْرِيقًا: مەسخىرە قىلىپ كۈلدى.

قَرَّنَ يُقَرِّنُ تَقْرِينًا الشَّيْءَ بِالشَّيْءِ: چىڭ باغلىدى.

قَرَّنَ الشُّرْطِيُّ السَّجِنَاءَ: ساقچى مەھبۇسلارنى چىلك باغلىدى.

قُرَّيْصٌ: چاققاقئوت.

قَرِسَ يَقْرَسُ قَرَسًا الشَّخْصُ: قاتتىق توڭۇپ كەتتى.

قَرِسَ الْمَاءُ: سۇ توڭلاپ قالدى.

قَرَشَ يَقْرِشُ قَرْشًا الشَّخْصُ فِي عَيْشِهِ: غورىگول تۇرمۇش كەچۈردى.

قَرَشَ لِعِيَالِهِ: ئائىلىسى ئۈچۈن كەسىپ قىلدى.

قِرْشٌ ج قُرُوشٌ: مىسىر ۋە سۈرىيىلەرنىڭ ئۇششاق پۇلى.

قِرْشٌ ج أَقْرَاشٌ: لەھەڭ، ئاكۇلا، دېڭىز ئىتى.

هَاجَمَتْ أَسْمَاكُ الْقِرْشِ السَّفِينَةَ: لەھەڭ كېمىگە ھۇجۇم قىلدى.

قُرَشِيٌّ ج قُرَشِيُّونَ: قۇرەيشنىڭ، قۇرەيش قەبىلىسىگە مەنسۇپ.

«الرَّسُولُ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قُرَشِيٌّ»: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيش قەبىلىسىدىن.

قَرَصَ يَقْرُصُ قَرْصًا أُذُنَهُ: ئۇنىڭ قۇلىقىنى بۇرىدى، تولغىدى، چىمدىدى.

قَرَصَهُ: ئۇنى چېقىۋالدى.

قَرَصَ الْعَجِينَ: خېمىرنى ئۈزۈپ توقاچ قىلدى، راسلىدى.

قَرَصَهُ بِلِسَانِهِ: ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەردى، تىللىدى.

قَرَصَهُ الْبُرْغُوثُ: ئۇنى بۈرگە چېقىۋالدى.

قَرَصَتْهُ الْحَيَّةُ: ئۇنى يىلان چېقىۋالدى.

قُرْصٌ ج أَقْرَاصٌ وَ قِرَاصٌ وَ قِرَصَةٌ: يۇملاق شەكىللىك ياپىلاق نەرسە، دىسكا، توقاچ، گىردە.

قُرْصٌ مِيكَانِيكِيٌّ: غالتەك، چىغرىق.

قُرْصُ النَّحْلِ: ھەرە كۆنىكى.

رَامِي الْقُرْصِ: دىسكا ئاتقۇچى ئىسپورتچى.

قُرْصُ الشَّمْسِ: قۇياشنىڭ سىرتقى شەكلى.

قُرْصُ أَرْقَامِ الْهَاتِفِ: تېلېفون دىسكىسى، تېلېفون تەخسىسى.

أَدَارَ قُرْصَ الْهَاتِفِ: تېلېفون نومۇرىنى بۇرىدى.

أَقْرَاصٌ مُسَجَّلَةٌ: پلاستىنكا.

أَقْرَاصُ النَّعْنَاعِ: يالپۇز.

قُرْصَانٌ ج قَرَاصِنَةٌ: دېڭىز قاراقچىسى.

عَلَمُ الْقَرَاصِنَةِ: دېڭىز قاراقچىلىرى بايرىقى.

«حَوَّلَ الْقُرْصَانُ اتِّجَاهَ الطَّائِرَةِ»: بۇلاڭچىلار ئايروپىلاننىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىۋەتتى.

قَرْصَةٌ: بىر قېتىم چاقماق، بىر قېتىم چىشلىمەك.

قُرْصَةٌ ج قُرَصٌ: توقاچ نان، گىردە.

قَرْصَنَةٌ: دېڭىز قاراقچىلىقى، ئەسەر ئوغرىلىماق.

«الْقَرْصَنَةُ الْبَحْرِيَّةُ فِي الْقَرْنِ الثَّامِنَ عَشَرَ»: ئون ئىككىنچى ئەسىردىكى دېڭىز قاراقچىلىقى.

«قَرْصَنَةُ الطَّائِرَاتِ فِي الْعَصْرِ الْحَدِيثِ»: ھازىرقى زامان ئايروپىلان بۇلاڭچىلىقى.

«قَرْصَنَةُ حُقُوقِ الْمُؤَلِّفِينَ»: ئاپتورلارنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش.

قُرْصِيٌّ: ياپىلاق شەكىللىك.

قَرَضَ يَقْرِضُ قَرْضًا الشِّعْرَ: شېئىر ئوقۇدى.

قَرَضَ الشَّيْءَ: نەرسىنى كەستى، قىرقىدى.

قَرَضَ الْفَأْرُ الْوَرَقَةَ: چاشقان قەغەزنى قىرقىۋەتتى.

قَرَضَ الْمَكَانَ: جايىدىن ئايرىلدى، قايرىلىپ كەتتى، بۇرۇلدى.

﴿وَإِذَا غَرَبَتْ تَقْرِضُهُمْ ذَاتَ الشِّمَالِ﴾ «قرآن»: كۈن پاتقان چاغدا ئۇلار غارنىڭ شىمال تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ.

قَرِضَ يَقْرَضُ قَرَضًا: ئۆلدى، ھالاك بولدى.

قَرْضٌ ج قُرُوضٌ: قەرز، ئۆتنە.

قَرْضٌ دَاخِلِيٌّ: ئىچكى قەرز.

قَرْضٌ عَامٌّ: زايوم.

قَرْضٌ قَصِيرُ الْأَجَلِ: قىسقا مۇددەتلىك قەرز.

﴿وَأَقْرَضُوا اللهَ قَرْضًا حَسَنًا﴾ ‹قرآن›: ئاللاھقا قەرزى ھەسەنە بەرگۈچىلەرگە...

قِرْضَابٌ ج قَرَاضِبَةٌ: شەمشەر، ئۆتكۈر قىلىچ.

قَرْضَةٌ: كۆيە، قۇرت.

قَرَطَ يَقْرَطُ قَرْطًا: توغرىدى، چاندى.

قَرِطَ يَقْرِطُ قَرَطًا ـتِ الْأُذُنَ: قۇلاققا ھالقا ئاستى.

قُرْطٌ ج أَقْرَاطٌ: ھالقا، زىرە؛ بىدە.

قِرْطَاسٌ ج قَرَاطِيسٌ: نىشان، قارا، كۆزلەنگەن نەرسە؛ قەغەز.

اَلْقَرَاطِيسُ الْمَالِيَّةُ: زايوم، پايچېك.

﴿وَلَوْ نَزَّلْنَا عَلَيْكَ كِتَابًا فِي قِرْطَاسٍ فَلَمَسُوهُ بِأَيْدِيهِمْ﴾ ‹قرآن›: (ئى مۇھەممەد) بىز ساڭا (ئۇلار تەلەپ قىلغاندەك) قەغەزگە يېزىلغان بىر كىتابنى نازىل قىلغان، كاپىرلار ئۇنى قوللىرى بىلەن تۇتۇپ كۆرگەن تەقدىردىمۇ...

وَضَعَ اللَّوْزَ فِي الْقِرْطَاسِ: بادامنى يەشككە قاچىلىدى.

قِرْطَالٌ: شالدىراق يىلان.

قَرْطَسَ يُقَرْطِسُ قَرْطَسَةً: نىشانغا تەگكۈزدى.

قِرْطَسٌ: قەغەز.

قَرْطَلَ يُقَرْطِلُ قَرْطَلَةً هُ فِي الْمَاءِ: سۇغا چۆكۈرۈۋەتتى، غەرق قىلىۋەتتى.

قَرْطَمَ يُقَرْطِمُ قَرْطَمَةً الشَّيْءَ: نەرسىنىڭ ئاخىرىدىن كېسىپ قىسقارتىۋەتتى.

قَرْطَمَ الطَّائِرَ: قۇشقا زاراڭزا ئۇرۇقى بەردى.

قُرْطُمٌ / قِرْطِمٌ: زاراڭزا.

قُرْطُمَانٌ: ياۋا كۆك پۇرچاق.

قَرْطَمَةٌ: ئېغىزدۇرۇق، جۆجەي؛ زەنجىر، كىشەن.

قَرَظَ يَقْرِظُ قَرْظًا: يېغدى، تەردى.

قَرَظَ الْجِلْدَ: تېرىنى ئەيلىدى.

قَرِظَ يَقْرَظُ قَرَظًا: خارلىقتىن كېيىن ئەزىز بولدى.

قَرَظِيٌّ: ئەيلەنگەن، ئاشلانغان.

أَدِيمٌ قَرَظِيٌّ: ئەيلەنگەن تېرە.

قَرَعَ يَقْرَعُ قَرْعًا الْبَابَ: ئىشىكنى قاقتى.

قَرَعَ الطَّبْلَ: دۇمباق چالدى.

قَرَعَ الْجَرَسَ: قوڭغۇراق چالدى.

هَلْ قُرِعَ جَرَسُ بَدْأِ الْحِصَّةِ؟: دەرسكە چىقىش قوڭغۇرىقى چېلىندىمۇ؟

قَرَعَ الْحُجَّةَ بِالْحُجَّةِ: پاكىتقا پاكىت بىلەن رەددىيە بەردى.

قَرَعَ سِنَّ النَّدَمِ: پۇشايمان قىلدى.

قَرَعَا كَأْسَيْهِمَا: قەدەھ سوقۇشتۇردى.

قَرِعَ يَقْرَعُ قَرَعًا الرَّجُلُ: كىشىنىڭ چېچى چۈشۈپ كەتتى.

قَرِعَ الْمَكَانُ: جاي خالىي قالدى، بوش قالدى.

قَرْعٌ: قاقماق، چالماق، ئۇرماق؛ كاۋا.

قَرْعٌ مِسْكِيٌّ: قىزىل كاۋا.

قَرْعٌ كُوسِيٌّ: سەي كاۋىسى.

قَرْعٌ مَغْرِبِيٌّ أَوْ رُومِيٌّ: ئەنجان كاۋىسى.

قَرْعُ الرَّأْسِ: پاينەكۋاش.

قَرْعَةٌ: بىر دانە كاۋا.

قَرْعَةُ الرَّأْسِ: باش سۆڭىكى، چوققا سۆڭىكى، چوققا.

قُرْعَةٌ ج قُرَعٌ: نېسىۋە، تەلەي، چەك.

أَلْقَى الْقُرْعَةَ: چەك تاشلىدى.

إِدَارَةُ الْقُرْعَةِ: ھەربىي پونكىت.

سَحَبَ الْقُرْعَةَ: چەك تارتتى.

قُرْعُوشٌ: قوش لوككىلىق تۆگە.

قَرَفَ يَقْرِفُ قَرْفًا: يالغان سۆزلىدى، بىلجىرلىدى.

قَرَفَ الذَّنْبَ: گۇناھ ئۆتكۈزدى.

قَرْفٌ ج قِرَافٌ: قېپقىزىل، قىزىل تېرە.

قِرْفٌ ج قُرُوفٌ: دەرەخ قوۋزىقى، ئانار پوستى.

قِرْفَةٌ: پوست، شۆپەك، قوۋزاق.

قِرْفَةُ الْجُرْحِ: قاقاچ.

**قَــرْفَصَ يُقَــرْفِصُ قَرْفَــصَةً الــشَّخْصَ:** زوڭزىيــــپ ئولتۇردى.

**قُرْفُصَاءُ:** زوڭزىيىپ ئولتۇرماق.

**«رَأَيْـتُ النَّبِـيَّ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ وَهُـوَ قَاعِـدُ الْقُرْفُـصَاءِ»** ‹حـديث›: مەن رەســۇلۇللاھنىڭ كاســىنى يەرگە قويــۇپ، ئىككــى تىزىنــى تىكلەپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

**قُرْفَصَى:** زوڭزايماق.

**قَرَقَ يَقْرِقُ قَرْقًا:** قۇرۇق پاراڭ سالدى، بىكار پاراڭ سالدى.

**قَرَقَتِ الدَّجَاجَةُ:** توخۇ قاقاقلىدى.

**قَرِقَ يَقْرَقُ قَرَقًا:** تۈز يەردە ماڭدى.

**الْقَرْقُ:** مېكيانىڭ قاقاقلىشى.

**قِرْقٌ ج أَقْرَاقٌ:** ئويمـان يەر، بىـر تـوپ، ئـادەت، تېگى پەس ئادەم.

**جَاءَ قِرْقٌ مِنَ النَّاسِ:** بىر توپ كىشى كەلدى.

**قُرْقَةٌ:** كاتەكتىكى مېكيان.

**قَرْقَرَ يُقَرْقِرُ قَرْقَرَةً الْبَعِيرُ:** تۆگە بورقىرىدى.

**قَرْقَرَ الْبَطْنُ:** قورساق كورۇلدىدى، غولدۇرلىدى.

**قَرْقَرَ الرَّعْدُ:** گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىدى.

**قَرْقَرَتِ الْحَمَامَةُ:** كەپتەر سايرىدى، بۇقۇلدىدى.

**قَرْقَـرَةٌ ج قَرَاقِيـرُ:** (كەپــتەر)نىــڭ بۇقۇلدىــشى، (تۆگىنىــڭ) بورقىرىــشى، (قورســاقنىڭ) غولدۇرلىشى، قاقاقلاپ كۈلۈش.

**قَرْفَصَ يُقَرْفِصُ قَرْفَصَةً:** چىشلىدى، چايندى.

**قَـرْفَصَ الْحِـصَانُ اللِّجَامَ:** ئــات ئېغىزدۇرۇقنــى چايندى.

**قَرْفَصَ عَلَى أَسْنَانِهِ:** چىشىنى غۇچۇرلاتتى.

**قَرْقَعَةٌ:** قاراس-قۇرۇس ئاۋاز.

**قَرْقَعَـةُ الْأَسْلِحَةِ:** قــورال-ياراغنىــڭ شــاراقلىغان ئاۋازى.

**قَرْقَفَ يُقَرْقِفُ قَرْقَفَةً مِنَ الْبَرْدِ:** ســوغۇقتىن تىتــرەپ كەتتى.

**قَرْقَفَ فِي الضِّحْكِ:** قاقاقلاپ كۈلدى.

**قُرْقُفٌ:** سېرىق تۇمۇچۇق (قۇش).

**قَرْقُوشَـةٌ ج قَرَاقِيْشُ:** ئۇشــشاق پېچىــنە، چــۈرۈك پېچىنە.

**قُرْقُوصٌ ج قَرَاقِيْصُ:** ئىــت، بــۆرە قاتارلىقلارنىــڭ كۈچۈكى.

**قِرِلِّيَّ:** بېلىقچى قۇش.

**قَرَمَ يَقْرُمُ قَرْمًا الطَّعَامَ:** تاماقنى ئاز-ئاز يېدى.

**قَرِمَ يَقْرَمُ قَرَمًا اللَّحْمَ وَإِلَيْهِ:** گۆش سېغىنىپ كەتتى.

**قَرْمٌ ج قُرُومٌ:** باشـلىق، رەهـبەر، ئاقـساقال، يـۇرت كاتتىسى.

**قَرِمٌ:** گۆشخۇمار ئادەم.

**قِرْمَاصٌ ج قَرَامِيْصُ:** ئورا.

**قَرْمَدَ يُقَرْمِدُ قَرْمَدَةً الْبِنَاءَ:** بىنانى گەج بىلەن قۇردى.

**قَرْمَدَ الْحَائِطَ:** تامنى ئاقلىدى.

**قَرْمَدَ السَّقْفَ:** شىپنى گەج بىلەن بېزىدى.

**قَرْمَدٌ:** گەج.

**قِرْمِزٌ:** قىزىل بوياق، ئاچ قىزىل، هال رەڭ بوياق.

**طَرْبُوشٌ مَصْبُوغٌ بِالْقِرْمِزِ:** قىزىل بۆك.

**قِرْمِزِيٌّ:** توق قىزىل.

**الْحُمَّى الْقِرْمِزِيَّةُ:** سكارلاتىنا، سكارلاتىنا يەزگىكى.

**قِرْمِصٌ ج قَرَامِصُ:** ئورا.

**قَرْمَطَ الْكِتَابَ:** خەتنى سىغداپ كىچىك يازدى.

**قَرْمَلَ يُقَرْمِلُ قَرْمَلَةً فُلَانًا:** پالانىنى يەرگە يىقىتتى.

**قُرْمُوطٌ ج قَرَامِيْطُ:** ئامورسۇم بېلىقى.

**قِرْمِيْدٌ ج قَرَامِيْدُ:** قىزىل خىش، كاهىش.

**قَـرَنَ يَقْـرِنُ قَرْنًـا بَيْنَ الـشَّيْئَيْنِ:** ئىككــى نەرســىنى يىقىنلاشتۇردى، بىرلەشتۈردى.

**قَـرَنَ الْفَـلَّاحُ الثَّوْرَيْنِ:** دېهقــان ئىككــى ئۆكــۈزنى جۈپلىدى.

**قَـرَنَ الْقَـوْلَ بِالْعَمَـلِ:** ســۆزنى هەرىــكەت بىــلەن

www.uyghurkitap.com

بىرلەشتۈردى.

قَرَنَ يَقْرُنُ / يَقْرِنُ قِرَانًا الْحَجَّ وَالْعُمْرَةَ: ھەج قىران قىلدى (ھەج بىلەن ئۆمرىنى بىرلىكتە ئورۇندىدى).

قَرْنٌ ج قُرُونٌ: مۈڭگۈز، ئەسىر، دەۋر، زامان.

ذُو الْقَرْنَيْنِ: زۇلقەرنەيىن، ئىككى مۈڭگۈزلۈك پادىشاھ (ئىسكەندەر ماكېدونىيىسكىنىڭ لەقىمى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن).

قَرْنُ الْفُولِ: دادۇر شاكىلى.

قَرْنُ الْحَشَرَةِ: ئانتېننا (ھاشارەتلارنىڭ سەزگۈ ئەزاسى).

أَبُو قَرْنٍ: كەركىدان.

قَرْنُ الرَّأْسِ: باشنىڭ چوققىسى.

قُرُونُ الْبَحْرِ: مارجان.

الْقُرُونُ الْوُسْطَى: ئوتتۇرا ئەسىر.

قَرْنُ الثَّوْرِ: ئۆكۈزنىڭ مۈڭگۈزى.

«ذِكْرَى مُرُورِ قَرْنٍ عَلَى وَفَاتِهِ»: ئۇنىڭ ۋاپاتىنىڭ يۈز يىللىقىنى خاتىرىلەش.

﴿وَكَمْ أَهْلَكْنَا مِنَ الْقُرُونِ مِنْ بَعْدِ نُوحٍ﴾ «قۇرئان»: نۇھتىن كېيىن نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلدۇق.

صَعِدَ إِلَى قَرْنِ الْجَبَلِ: تاغ چوققىسىغا چىقتى.

الْقُرُونُ الْخَالِيَةُ: تارىختىن بۇرۇنقى دەۋرلەر، قەدىمكى دەۋرلەر.

قِرْنٌ ج أَقْرَانٌ: تەڭداش، مۇسابىقىداش.

قِرْنُ الْإِنْسَانِ: ئوخشىشى، تەڭدىشى.

قِرْنُهُ فِي الشَّجَاعَةِ: باتۇرلۇقتا تەڭدىشى.

قَرْنَاقَةُ الْبُنْدُقِيَّةِ: مىلتىق پايىنىكى.

قُرْنَةٌ ج قُرَنٌ: تۇمشۇق، گىرۋەك، بۇلۇڭ، بۇرجەك، ياقا.

قَرَنْفُلَةٌ ج قَرَنْفُلَاتٌ: چىنگۈل؛ قەلەمپۇر.

شَجَرَةُ الْقَرَنْفُلِ: قەلەمپۇر دەرىخى.

قَرَنْفُلِيُّ اللَّوْنِ: ئاچ قىزىل، ھال رەڭ.

الدُّودُ الْقَرَنْفُلِيَّةُ: كېۋەز پىتى.

قَرْنِيٌّ: مۈڭگۈزلۈك، مۈڭگۈزسىمان.

قَرْنِيَّةٌ: مۈڭگۈزسىمان پەردە.

قَرْنِيَّةُ الْعَيْنِ: مۈڭگۈز پەردە، مۈڭگۈزسىمان پەردە.

الْتِهَابُ الْقَرْنِيَّةِ: مۈڭگۈز پەردىنىڭ ياللۇغلىنىشى.

قَرْوٌ ج قُرُوٌّ و أَقْرَاءٌ: ئوقۇر، قوش.

قِرْوَانٌ ج قِرْوَانَاتٌ: دومبە.

قَرْوَى: ئادەت.

عَادَ إِلَى قَرْوَاهُ: كونا پەدىسىگە قايتتى.

قَرَوِيٌّ ج قَرَوِيُّونَ: يېزىلىق، سەھرالىق، دېھقان.

جَامِعُ الْقَرَوِيِّينَ: ماراكەشنىڭ پاس شەھىرىدىكى بىر ئۇنىۋېرسىتېت.

قَرَى يَقْرِي قِرًى وَ قِرَاءً الضَّيْفَ: مېھماننى كۈتۈۋالدى، مېھمانغا زىياپەت بەردى.

قِرًى: مېھمان قىلماق، زىياپەت قىلماق، كۈتمەك.

أُمُّ الْقِرَى: ئوت، دوزاخ.

قَرِيبٌ: يېقىن.

مُنْذُ عَهْدٍ قَرِيبٍ: يېقىندىن بۇيان.

فِي الْأَمْسِ الْقَرِيبِ: تېخى تۈنۈگۈن، يېقىندىلا.

﴿أَلَا إِنَّ نَصْرَ اللهِ قَرِيبٌ﴾ «قۇرئان»: ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر.

قَرِيبًا «عَمَّا قَرِيبٍ» عَنْ قَرِيبٍ: يېقىندا، يېقىندىلا.

رَأْيٌ قَرِيبٌ إِلَى الْمَعْقُولِ: ئەقىلگە مۇۋاپىق.

فِي الْقَرِيبِ الْعَاجِلِ: يېقىن كەلگۈسىدە.

قَرِيبٌ ج أَقْرِبَاءُ وَ قُرَابَى م قَرِيبَةٌ ج قَرَائِبُ: تۇغقان، تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بار.

«وَكَمْ قَدْ لَقِينَا فِي الْبِلَادِ مُهَاجِرِينَ كَانُوا جَمِيعًا عِنْدَنَا كَالْقَرَائِبِ»: بىز شەھەرلەردە نۇرغۇن مۇھاجىرلار بىلەن ئۇچراشتۇق، ئۇلار بىزگە تۇغقانلىرىمىزدەك بىلىنىپ كەتتى.

فُلَانٌ قَرِيبِي: پالانى مېنىڭ تۇغقىنىم.

قَرْيَةٌ / قَرِيَةٌ ج قُرًى: يېزا، كەنت.

قَرْيَةُ النَّمْلِ: چۈمۈلە ئۇۋۇسى.

أُمّ الْقُرَى: مەككە مۇكەررەمە.

﴿وَمَا كُنَّا مُهْلِكَ الْقُرَى إِلَّا وَأَهْلُهَا ظَالِمُونَ﴾ «قرآن»: شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى زالىم بولمىغۇچە شەھەرلەرنى ھالاك قىلغۇچى بولمىدۇق.

الْقَرْيَتَانِ: مەككە بىلەن تائىف.

﴿لَوْ لَا نُزِّلَ هَذَا الْقُرْآنُ عَلَى رَجُلٍ مِنَ الْقَرْيَتَيْنِ عَظِيْمٍ﴾ «قرآن»: بۇ قۇرئان نېمىشقا ئىككى شەھەر (يەنى، مەككە بىلەن تائىف ئادەملىرىدىن) بىر كاتتا ئادەمگە نازىل قىلىنمىدى.

قَرِيْحٌ ج أَقْرِحَةٌ: ساپ، پاكىز، سۈزۈك.

مَاءٌ قَرِيْحٌ: سۈزۈك سۇ.

قَرِيْحٌ ج قَرْحَى وَ قِرَاحَى: يارىدار، مەجرۇھ.

قَرِيْحَةٌ ج قَرَائِحُ: بىۋاسىتە سېزىم، تەبىئىي خاراكتېر؛ قابىلىيەت، ئەقىل-پاراسەت.

قَرِيْحَةُ الْإِنْسَانِ: ئىنساننىڭ خاراكتېرى.

قَرِيْرٌ: سوغۇق.

قَرِيْرُ الْعَيْنِ: خۇشال، شاد، مەمنۇن.

مَاتَ قَرِيْرَ الْعَيْنِ: خۇشال ھالدا كۆز يۇمدى.

قَرِيْسٌ: قاتتىق، قېتىشما، قېتىپ قالغان، ئۇيۇپ قالغان.

جُبْنٌ قَرِيْسٌ: پىشلاق، ئىرىمچىك.

قَرِيْشٌ: پىشلاق، ئىرىمچىك.

قُرَيْشٌ: قۇرەيش، قۇرەيش قەبىلىسى، مۇزەر قەبىلىسى.

قُرَيْصَةٌ: كۈمىلاچ دورا.

قَرِيْضٌ: شېئىر.

«قَالَ الْقَرِيْضَ وَهُوَ فِي الثَّانِيَةِ عَشَرَةَ مِنْ عُمْرِهِ»: ئۇ ئون ئىككى يېشىدىلا شېئىر يازغان.

قَرِيْظٌ: مەدھىيە.

الْمُتَنَبِّي مِنْ شُعَرَاءِ الْقَرِيْظِ: مۇتەنەببى مەدھىيىچى شائىرلاردىن ئىدى.

قَرِيْنٌ ج قُرَنَاءُ: ئۇلانغۇچى، بىرلەشكۈچى، ئالاقە قىلغۇچى؛ ھەمراھ، خىزمەتداش؛ (ئايالنىڭ) ئېرى.

قَرِيْنُ الصَّوَابِ: نورمال، دۇرۇس، توغرا، مۇۋاپىق، ئورۇنلۇق.

﴿قَالَ قَائِلٌ مِنْهُمْ إِنِّي كَانَ لِيْ قَرِيْنٌ﴾ «قرآن»: ئۇلارنىڭ بىرى ئېيتىدۇ: «مېنىڭ بىر دوستۇم بولۇپ...»

«عَنِ الْمَرْءِ لَاتَسْأَلْ وَسَلْ عَنْ قَرِيْنِهِ»: كىشىنىڭ قانداقلىقىنى سورىماي، ئۇنىڭ دوستىنىڭ قانداقلىقىنى سورا.

قَرِيْنُهَا مِنَ التُّجَّارِ: ئۇنىڭ ئېرى سودىگەر.

قَرِيْنَةٌ ج قَرَائِنُ: ...نىڭ ئايالى، رەپىقىسى؛ مۇناسىۋەت، ئالاقە، باغلىنىش، سەۋەب، ئاساس، ھەق، ۋەج، يول، ئىسپات.

قَرِيْنَةُ الْكَلَامِ: ئىزچىللىق (ماقالىدە).

قَرِيْنَةُ حَالٍ: مۆلچەر، تەخمىن، قىياس، پەرەز.

«دُعِيَ إِلَى الْحَفْلِ هُوَ وَقَرِيْنَتُهُ»: سورۇنغا ئۇ ئايالى بىلەن بىللە چاقىرىلدى.

قَرَائِنُ الْأَحْوَالِ: ۋەقە، ئەھۋال، دەلىل، ئىسپات، ھۆججەت، ئاساس.

قُزَةٌ ج قُزَاتٌ: يىلان.

قَزَحَ يَقْزَحُ قَزْحًا الشَّيْءُ: نەرسە ئۆرلىدى، ئۆستى.

قَزَحَتِ الْأَسْعَارُ: باھا ئۆستى.

قَزْحٌ / قِزْحٌ: دورا-دەرمان، تېتىتقۇ.

قُزْحَةٌ ج قُزَحٌ: يول، كوچا.

قَوْسُ قُزَحٍ: ھەسەن-ھۈسەن.

قُزَحِيَّةُ الْعَيْنِ: كۆزنىڭ رەڭدار پەردىسى.

قَزَّ يَقُزُّ/يَقِزُّ قَزًّا وَ قَزَازَةً الشَّيْءَ: نەرسىنى ياقتۇرمىدى.

قَزَّ عَنْهُ: ئۇنىڭدىن زېرىكتى، يىرگەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تَقَزَّ مِنَ الْوَسَخِ: كىردىن سەسكىنىدۇ.

قَزٌّ ج قُزُوزٌ: يىپەك، تاۋار.

فُسْتَانٌ مِنْ قَزٍّ: يىپەك كۆڭلەك.

جَوْزَةُ الْقَزِّ: پىلە غوزىكى.

دُودَةُ الْقَزِّ: پىلە قۇرتى.

قَزَّازٌ ج قَزَّازُونَ: يىپەك توقۇغۇچى، يىپەك سودىگىرى.

قَزَّحَ يُقَزِّحُ تَقْزِيحًا الْحَدِيثَ: سۆزنى ياسىدى، تۈزەتتى.

قَزَّعَ يُقَزِّعُ تَقْزِيعًا الرَّسُولَ إِلَيْهِ: ئۇنىڭغا ئەلچى ئەۋەتتى.

قَزَّعَ الشَّارِبَ: بۇرۇتنى ياساتتى.

قَزَعَ يَقْزَعُ قَزْعًا وَ قُزُوعًا الْفَرَسُ: ئات يۈگۈردى، چاپتى.

قَزِعَ يَقْزَعُ قُزُوعًا: كىچىكتى، تەخىر قىلدى.

قَزَعٌ: پارچە بۇلۇت.

قُزْعَةٌ ج قُزَعٌ: باشنىڭ چوققىسىدىكى بىر تۇتام چاچ.

«نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَنِ الْقُزَعِ» ‹حديث›: رەسۇلۇللاھ چاچنىڭ بىر قىسمىنى چۈشۈرۈپ، بىر قىسمىنى قويۇپ قويۇشنى مەنئى قىلغان.

قَزَلَ يَقْزِلُ قَزْلًا وَ قَزَلَانًا: سەكرىدى، ئاقساپ ماڭدى.

قَزِلَ يَقْزَلُ قَزَلًا: مايماق بولۇپ قالدى، مېڭىپ پاچىقى ئىنچىكىلەپ كەتتى.

قَزُمَ يَقْزُمُ قَزَامَةً الشَّخْصُ: پاكار بولدى.

قَزِمَ يَقْزَمُ قَزَمًا الشَّخْصُ: پەس بولدى، ناچار بولدى.

قَزَمٌ ج أَقْزَامٌ: پاكار، ئەرزىمەس، چۈپرەندە.

قَزِمٌ / قَزَمٌ ج أَقْزَامٌ: پاكار، پاكىنەك.

قَزْوٌ: تولۇق قاپاق، ئويۇن- تاماشا بىلەن خۇشى يوق ئادەم.

قَسَا يَقْسُو قَسْوًا وَ قَسَاوَةً: قاتتىق بولدى.

قَسَا عَلَيْهِ: ئۇنىڭغا قاتتىقلىق قىلدى، خارلىدى.

﴿فَطَالَ عَلَيْهِمُ الْأَمَدُ فَقَسَتْ قُلُوبُهُمْ﴾ ‹قرآن›: (ئۇلار بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارىلىقىدىكى) زاماننىڭ ئۇزىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرى قېتىپ كەتتى.

قُسَابَةٌ: ناچار خورما.

قُسَاحٌ: قاتتىق، توم.

قَسَامٌ. قَسَامَةٌ: چىرايلىقلىق، گۈزەللىك.

قَسَاوَةٌ ج قَسَاوَاتٌ: قاتتىق بولماق، قوپال بولماق، رەھىمسىز بولماق.

قَسَاوَةُ الْقَلْبِ: دىلنىڭ قاساۋەتلىشىپ كېتىشى، دىلنىڭ قاتتىقلىشىپ كېتىشى.

قَسَبَ يَقْسِبُ قَسْبًا الْمَاءُ: سۇ شارقىراپ ئاقتى.

قَسَبَتِ الشَّمْسُ: كۈن ئولتۇرغىلى باشلىدى.

قَسُبَ يَقْسُبُ قُسُوبًا وَ قُسُوبَةً: پۇختا بولدى.

قَسْبٌ: قاتتىق، پۇختا.

قَسَحَ يَقْسَحُ قَسَاحَةً وَ قُسُوحَةً: قاتتىق بولدى.

قَسَحَ الْحَبْلَ: ئارغامچا ئەشتى.

قِسْحَرٌ: تېرمومېتىر.

قَسَرَ يَقْسِرُ قَسْرًا — هُ: ئۇنى زورلىدى، قىستىدى، مەجبۇرلىدى.

قَسَرَهُ عَلَى بَيْعِ أَرْضِهِ: ئۇنى يېرىنى سېتىشقا قىستىدى.

قَسْرٌ: مەجبۇرلىماق، زورلىماق، باسماق.

قَسْرًا: مەجبۇرىي، زورمۇزور، مەجبۇرىي ھالدا.

قَسَّ يَقُسُّ قَسًّا: ئىزدىدى، تەكشۈردى.

قَسَّ الْأَخْبَارَ: تىڭ- تىڭلىدى.

قَسَّ يَقَسُّ قُسُوسَةً: پوپ بولدى، پاستىر بولدى.

قَسٌّ ج قُسُوسٌ: پوپ.

قَسَّاسٌ: سۆخەنچى، پىتنىخور.

قَسَّسَ يُقَسِّسُ تَقْسِيسًا الْإِبِلَ: تۆگىنى ئۇبدان باقتى.

قَسَّطَ يُقَسِّطُ تَقْسِيْطًا: بۆلدى، پارچىلىدى.

قَسَّطَ الدَّيْنَ: قەرزنى بۆلۈپ تاپشۇردى.

قَسَّمَ يُقَسِّمُ تَقْسِيْمًا الشَّيْءَ: بۆلدى، تەقسىم قىلدى.

قَسَّمَ الْكِتَابَ إِلَى فُصُولٍ: كىتابنى بابلارغا ئايرىدى.

قَسَّمَ الْمَالَ عَلَى الْفُقَرَاءِ: مالنى كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بەردى.

قَسَّى يُقَسِّي تَقْسِيَةً: قاتتىقلىق قىلدى، قوپاللىق قىلدى.

قِسِّيْسٌ ج قِسِّيْسُونَ: پوپ.

﴿ذَالِكَ بِأَنَّ مِنْهُمْ قِسِّيْسِيْنَ وَرُهْبَانًا وَأَنَّهُمْ لَايَسْتَكْبِرُونَ﴾ «قرآن»: بۇ ناسارالارنىڭ ئىچىدە ئۆلىمالار، راھىبلار بولغانلىقى ۋە (ھەقنى قوبۇل قىلىشتا) تەكەببۇرلۇق قىلمايدىغانلىقلىرى ئۈچۈندۇر.

قَسَطَ يَقْسُطُ / يَقْسِطُ قِسْطًا: ئادىل بولدى، توغرا بولدى.

قَسَطَ يَقْسَطُ قَسْطًا وَ قُسُوطًا: ھەقتىن بۇرۇلۇپ كەتتى.

قِسْطٌ: ئادالەت، ھەققانىيەت، توغرىلىق، ئادىللىق.

﴿وَنَضَعُ الْمَوَازِيْنَ الْقِسْطَ لِيَوْمِ الْقِيَامَةِ﴾ «قرآن»: قىيامەت كۈنى بىز ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز.

قِسْطٌ ج أَقْسَاطٌ: ھەسسە، نېسۋە، پارچە، سان، مىقدار.

أَخَذَ قِسْطَهُ مِنَ الرَّاحَةِ: ئارام ئالدى.

كَانَتْ عَلَى قِسْطٍ كَبِيْرٍ مِنَ الْجَمَالِ: ئالاھىدە چىرايلىق ئىدى.

قِسْطَاسٌ ج قَسَاطِيْسُ: ئۆلچەم، تارازا؛ ئادالەت.

بِالْعَدْلِ وَالْقِسْطَاسِ: ئادىللىق بىلەن.

وَزِنُوا بِالْقِسْطَاسِ الْمُسْتَقِيْمِ: توغرا تارازىدا تارتىڭلار.

قَسْطَرَ يُقَسْطِرُ قَسْطَرَةً الدَّرَاهِمَ: تەڭگە پۇلنىڭ جىك-جالىقىنى ئايرىدى.

قَسْطَرَةٌ: سۈيدۈك چىقىرىش نەيچىسى.

قَسْطَرِيٌّ ج قَسَاطِرَةٌ: تەڭگىنىڭ جىك-جاسىنى ئايرىغۇچى.

قَسْطَلٌ . قَسْطَلَانٌ: تۇرۇبا، سۇ تۇرۇبىسى.

قَسَمَ يَقْسِمُ قَسْمًا الشَّيْءَ: بۆلدى، تەقسىم قىلدى.

﴿أَهُمْ يَقْسِمُونَ رَحْمَةَ رَبِّكَ﴾ «قرآن»: پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىنى ئۇلار تەقسىم قىلىپ بېرەمدۇ؟

قَسَمَ التُّفَّاحَةَ إِلَى شَطْرَيْنِ: ئالمىنى ئىككىگە بۆلدى.

قَسَمَ الْعِشْرِيْنَ عَلَى أَرْبَعَةَ: يىگىرمىنى تۆتكە بۆلدى.

قِسْمٌ ج أَقْسَامٌ: قىسىم، بۆلۈم، جۇزئىي، ھەسسە، بۆلەك، باب.

قِسْمُ الْجَرَاحَةِ: تاشقى كېسەللەر بۆلۈمى.

تَحَصَّلَ عَلَى قِسْمِهِ فِي الْمِيْرَاثِ: مىراستىكى ئۆز ھەسسىسىنى ئالدى.

قِسْمُ اللّغَةِ الْعَرَبِيَّةِ فِي الْجَامِعَةِ: ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئەرەب تىلى فاكۇلتېتى.

قَسَمٌ ج أَقْسَامٌ: قەسەم.

قَسَمًا بِشَرَفِي: كىشىلىك قەدىر-قىممىتىم بىلەن قەسەم قىلىمەن.

قَسَمًا بِاللهِ انَّهُ مُصِيْبٌ: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ راست.

﴿وَإِنَّهُ لَقَسَمٌ لَوْتَعْلَمُونَ عَظِيْمٌ﴾ «قرآن»: شۈبھىسىزكى، ئەگەر بىلسەڭلار، ئۇ (يۇلتۇزلار ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈچۈن) ئەلۋەتتە كاتتا قەسەمدۇر.

قَسْمٌ: سوۋغا؛ پىكىر، گۇمان؛ يامغۇر، سۇ؛ قازان؛ مىجەز، خاراكتېر؛ ئۆرپ-ئادەت.

قِسْمَةٌ: بۆلمەك، تەقسىم قىلماق.

﴿تِلْكَ إِذًا قِسْمَةٌ ضِيْزَى﴾ «قرآن»: ئۇنداقتا بۇ

www.uyghurkitap.com

ئادالەتسىز تەقسىماتتۇر.

قِسْمَةٌ ج قِسَمٌ: نىسۋە، ھەسسە.

قَسَمَةٌ / قَسِمَةٌ ج قَسَمَاتٌ / قَسِمَاتٌ: يۈز، چىراي.

وَجْهٌ بَدِيعُ الْقَسِمَاتِ: ساھىبجامال، گۈزەل.

قَسْوَةٌ: قاتتىق بولماق، قوپال بولماق، رەھىمسىز.

قَسْوَةُ الْقَلْبِ: دىلنىڭ قاساۋەتلىشىپ كېتىشى، دىلنىڭ قاتتىقلىشىپ كېتىشى.

﴿ثُمَّ قَسَتْ قُلُوبُكُمْ مِنْ بَعْدِ ذَالِكَ فَهِيَ كَالْحِجَارَةِ أَوْ أَشَدُّ قَسْوَةً﴾ «قۇرئان»: شۇنىڭدىن كېيىن دىللىرىڭلار قېتىپ كەتتى، تاشتەك ياكى تاشتىنمۇ قاتتىق قېتىپ كەتتى.

عَامَلَهُ بِقَسْوَةٍ: ئۇنىڭغا قوپال مۇئامىلە قىلدى.

قَسْوَرَ يُقَسْوِرُ قَسْوَرَةً الرَّجُلُ: كىشى ياشىنىپ قالدى.

قَسْوَرٌ ج قَسَاوِرَةٌ: يولۋاس؛ پالۋان.

﴿كَأَنَّهُمْ حُمُرٌ مُسْتَنْفِرَةٌ. فَرَّتْ مِنْ قَسْوَرَةٍ﴾ «قۇرئان»: گويا ئۇلار يولۋاستىن قاچقان ياۋايى ئېشەكلەردۇر.

قَسِيبٌ: سۇنىڭ شارقىراپ ئېقىشى.

قَسِيمٌ ج أَقْسِمَاءُ وَ قُسَمَاءُ: بۆلگۈچى، تەقسىم قىلغۇچى.

قَسِيمُ الثَّرْوَةِ: بايلىقنى تەقسىم قىلىپ بەرگۈچى.

وَجْهٌ قَسِيمٌ: چىرايلىق يۈز.

قَسِيمَةٌ ج قَسَائِمُ: ئەتىر قۇتىسى؛ تالون كۆتىكى؛ چەك، كارتا.

قَسِيمَةُ بَيْعٍ: مال سېتىپ بېرىش تالونى.

قَسِيمَةُ الزَّوَاجِ: توي خېتى.

قَسِيٌّ: يا، ياچاق.

قَسِيٌّ ج قَسِيُّونَ: قاتتىق، شىددەتلىك، ياۋۇز، رەھىمسىز.

قَشَا يَقْشُو قَشْوًا الْعُودَ: ياغاچنى سويدى.

قَشَا الْحَبَّةَ: دانىنى ئاقلىدى.

قَشَا وَجْهَهُ: يۈزىنى سۈرتتى.

قُشَاءٌ: تۆكۈرۈك.

قُشَارَةٌ: سويۇپ تاشلانغان پوست، شۆپەك.

قِشَاطٌ: ئۇلاك، تۆشلۈك.

قُشَاطٌ: كەك تاسما، كەمەر؛ شاھمات قاتارلىقلارنىڭ ئۈرۈقى.

قَشَبَ يَقْشِبُ قَشْبًا الطَّعَامَ بِالسُّمِّ: تاماققا زەھەر سېلىپ قويدى.

قَشُبَ يَقْشُبُ قَشَابَةً الثَّوْبُ: كىيىم يېڭىلاندى.

قَشُبَتِ الطَّبِيعَةُ فِي الرَّبِيعِ: باھاردا تەبىئەت گۈزەللەشتى.

قِشْبٌ: دات، تۆمۈرنىڭ دېتى.

قَشْبٌ ج أَقْشَابٌ: زەھەر، ئوغا.

قَشَدَ يَقْشِدُ قَشْدًا اللَّبَنَ: سۈتنىڭ قايمىقىنى ئالدى.

قِشْدَةٌ: قايماق؛ بىر خىل سۈتلۈك ئوت.

قَشَرَ يَقْشِرُ قَشْرًا: قېسىرماقنى سويدى، شىلىدى، ئاقلىدى.

قِشْرٌ ج قُشُورٌ: پوست، قوۋزاق، قاسراق.

قِشْرُ الرَّأْسِ: باشنىڭ كېپىكى.

قِشْرُ السَّمَكِ: بېلىق قاسرىقى.

قِشْرُ الْبُرْتُقَالِ: ئاپېلسىن پوستى.

قِشْرُ جِذْعِ الشَّجَرَةِ: دەرەخنىڭ قوۋزىقى.

قِشْرُ الدُّمَّلِ: چاقىنىڭ قاقچى.

قُشُورُ الْكَلَامِ: مەنىسىز سۆز، تايىنى يوق گەپ.

قِشْرَةٌ ج قِشْرَاتٌ: پوست، سويپاق، شاكال.

قِشْرَةُ الْأَرْضِ: زېمىننىڭ پوستى.

قَشَّ يَقُشُّ قَشًّا الشَّيْءَ: نەرسىنى توپلىدى، يىغدى.

قَشَّ النَّبَاتُ: ئوت-چۆپ سولىشىپ قالدى، قۇرۇپ قالدى.

قَشٌّ ج قُشُوشٌ: شاخ-شۇمبا، ئەخلەت، پاخال، مەكگى.

«إِحْذَرْ تَقْرِيبَ النَّارِ مِنَ الْقَشِّ»: ئوتنىڭ شاخ-شۇمبىغا يېقىنلىشىدىن ئېھتىيات قىل.

بَيْتٌ نَظِيفٌ لَا قَشَّ فِيهِ: ئەخلەتسىز پاكىز ئۆي.

قَشَّاشٌ ج قَشَّاشُونَ: ئاشقان ـ تاشقانلارنى تېرىپ يەيدىغان ئادەم.

قَشَّاطٌ: قاراقچى، بۇلاڭچى.

قَشَّبَ يُقَشِّبُ تَقْشِيبًا الشَّيْءَ: پاسكىنا قىلىۋەتتى.

قَشَّبَتِ الْيَدُ: قول قۇرغاقلىشىپ كەتتى.

قَشَّبَهُ بِسُوءٍ: ئۇنى بۇلغىدى.

قِشَّةٌ: خانقىز.

قَشَّرَ يُقَشِّرُ تَقْشِيرًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ئاقلىدى، قاسرىقىنى تازىلىدى.

قَشَّرَ الْبُرْتُقَالَ: ئاپېلسىننى ئاقلىدى.

قَشَّشَ يُقَشِّشُ تَقْشِيشًا الشَّخْصُ: قورساق باقتى.

يُقَشِّشُ الْمُتَسَوِّلُ: تىلەمچى ئۇ يەر ـ بۇ يەردە قورساق باقىدۇ.

قَشَّطَ يُقَشِّطُ تَقْشِيطًا ـ هُ: ئۇنى بۇلاپ يالىڭاچلىۋەتتى.

قَشَطَ يَقْشُطُ / يَقْشِطُ قَشْطًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ئېلىۋەتتى، چىقىرىۋەتتى، تارتىۋەتتى.

قَشَطَ الْخَشَبَةَ: ياغاچنى رەندىلىدى.

قَشَعَ يَقْشَعُ قَشْعًا الْقَوْمَ: قوۋمنى تارمار قىلدى؛ تارقىتىۋەتتى.

قَشَعَ النُّورُ الظَّلَامَ: نۇر زۇلمەتنى كۆتۈرۈۋەتتى.

قَشَعَتِ الرِّيحُ السَّحَابَ: شامال بۇلۇتنى تارقىتىۋەتتى.

قَشِعَ يَقْشَعُ قَشْعًا الشَّيْءُ: نەرسە قۇرۇپ كەتتى.

قَشْعَامٌ: چوڭ ئەركەك بۈركۈت.

قَشْعَرَ يُقَشْعِرُ قَشْعَرَةً ـ هُ الْخَوْفُ: قورقۇنچ ئۇنى تىترىتىۋەتتى.

قُشَعْرِيرَةٌ: تىترەپ كەتمەك، سوغۇقتىن تېرە يىغىلىپ قالماق.

قُشَعْرِيرَةُ الْحُمَّى: بەزگەكنىڭ تىترىكى.

«أَخَذَتْهُ قُشَعْرِيرَةٌ مِنَ شِدَّةِ الْبَرْدِ»: قاتتىق سوغۇق ئۇنى تىترىتىۋەتتى.

قَشْعَمٌ ج قَشَاعِمُ وَ قَشَاعِمَةٌ: شىر، ياشانغان ئادەم، بۈركۈت.

أُمّ قَشْعَمٍ: سىرتلان؛ ئاپەت، بالايى ـ قازا، بەختسىزلىك؛ ئۇرۇش، جەڭ.

قَشِفَ يَقْشَفُ قَشَفًا الشَّخْصُ: تۇرمۇشى ناچارلاشتى، ئەھۋالى يامانلاشتى، تەڭقىس بولدى.

قَشُفَ يَقْشُفُ قَشَافَةً الشَّخْصُ: تۇرمۇشى ناچارلاشتى، ئەھۋالى يامانلاشتى.

قَشُفَتْ حَالَتُهُ بَعْدَ الْيُسْرِ: ئۇنىڭ ياخشى تۇرمۇشى ناچارلىشىپ كەتتى.

قَشَفٌ: ئاددىي ياشىماق، تۇرمۇشى ئاددىي بولماق.

قَشِلٌ ـ قَشْلَانٌ: ۋەيران بولغۇچى.

قَشِمَ يَقْشِمُ قَشْمًا فُلَانٌ: قارنى يامان بولدى.

قَشِمَ الطَّعَامَ: تاماقنى تاللاپ يېدى.

قَشْمٌ ج قُشُومٌ: يەر ئاستى سۇ يولى.

قِشْمٌ ج قُشُومٌ: ياغ، يىلتىز، خاراكتېر، جىسىم، ھال، قىياپەت.

قَشِيبٌ ج قُشُبٌ: يېڭى، يېڭىچە، يېڭىلىق؛ پاك، پاكىز، پارقىراق.

جَاءَ فِي ثَوْبٍ قَشِيبٍ: يېپيېڭى كىيىم بىلەن كەلدى.

قَشِيشٌ: شىلدىرلىدىغان ئاۋاز، ھۇشقۇيتقان ئاۋاز؛ ئەخلەت.

قَشِيمٌ ج قُشْمٌ: قۇرۇتۇلغان سەي؛ ئۆلۈم.

قَصَا يَقْصُو قَصْوًا وَ قُصُوًّا الْمَكَانُ: جاي يىراق بولدى، ئۇزۇن بولدى.

قَصَاءٌ: يىراقلىق.

قِصَابَةٌ: قاسساپلىق كەسپى.

قُصَارٌ: ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە، ئىمكانىقەدەر، كۈچىنىڭ يېتىشىچە.

uyghurkitap.com

قُصَارَى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە، ئىمكانقەدەر.

قُصَارَى الْقَوْلِ: يىغىپ ئېيتقاندا، گەپنىڭ قىسقىسى، دېمەك.

بَذَلَ قُصَارَى طَاقَتِهِ: ئۇ پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سالدى.

قُصَارَاكَ أَنْ تَفْعَلَ كَذَا: سەن قىلساڭلا بولدى.

قِصَاصٌ: قىساس، ئىنتىقام، ئۆچ ئېلىش.

﴿وَالْجُرُوحَ قِصَاصٌ﴾ «قۇرئان»: قانداق يارىدار قىلغان بولسا، شۇنداق يارىدار قىلىنىش بىلەن قىساس ئېلىنىدۇ.

قُصَاصَةٌ ج قُصَاصَاتٌ: پارچە.

قُصَاصَاتٌ مِنَ الصُّحُفِ وَالْمَجَلَّاتِ: گېزىت-ژۇرناللاردىن كېسىپ ئېلىنغان پارچە.

قُصَالَةٌ: پوست، قېسىرماق، قوۋزاق، شاكال، شۆپۈك؛ تېرە.

قَصَبَ يَقْصِبُ قَصْبًا الذَّبِيحَةَ: بوغۇزلانغان مالنى پارچىلىدى.

قَصَبٌ: قومۇش، بامبۇك؛ كالۋۇتۇن يىپ.

قَصَبُ السُّكَّرِ: شېكەر قومۇشى.

قَصَبُ السَّبَقِ: لەۋھە.

أَحْرَزَ قَصَبَ السَّبَقِ: چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى، مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

يَكْتُبُ الْخَطَّاطُ بِقَلَمِ الْقَصَبِ: خەتتات قومۇش قەلەم بىلەن يازىدۇ.

وَشَّتْ فُسْتَانَهَا بِالْقَصَبِ: ئۇنىڭ كۆڭلىكىگە كالۋۇتۇن يالاتتى.

قَصْبَاءُ: قومۇشلۇق.

قَصَبَةٌ ج قَصَبَاتٌ: بىر تال قومۇش؛ تۇرۇبا، نەيچە، نەي.

قَصَبَةُ الْإِصْبَعِ: بوغۇم، ئۇگە.

قَصَبَةُ الْبِلَادِ: پايتەخت.

قَصَبَةُ الدُّخَانِ: غاڭزا.

قَصَبَةُ الدُّخَانِ: كاناي (تۈتۈن چىقىدىغان).

قَصَبَةُ الرِّجْلِ: پاچاق، شىراق.

قَصَبَةُ الْمَرِيءِ: قىزىلئۆڭگەچ.

قَصَبَةُ السِّنَّارَةِ: قارماق دەستىسى.

الْقَصَبَةُ الْهَوَائِيَّةُ: كاناي.

قَصَدَ يَقْصِدُ قَصْدًا: مەقسەت قىلدى، نىيەت قىلدى، ئىرادە باغلىدى.

قَصَدَ قَصْدَهُ: تەقلىد قىلدى، دورىدى.

﴿وَاقْصِدْ فِي مَشْيِكَ﴾ «قۇرئان»: ئوتتۇراھال ماڭغىن.

قَصَدَ الشَّاعِرُ: شائىر قەسىدە يازدى.

قَصَدَ الْمَكَانَ: جايغا يۈزلەندى.

قَصَدَ مِنْ كَلَامِهِ كَذَا: سۆزىدە بۇنى كۆزلىدى.

قَصَدَ فِي الْأَمْرِ: تېجەشلىك بولدى.

قَصَدَ فِي النَّفَقَةِ: خىراجەتتە تېجەشلىك بولدى.

قَصْدٌ: نىيەت، ئۇرۇنۇش، غەرەز؛ غايە، ئىقتىسادچىللىق.

بِحُسْنِ الْقَصْدِ: ياخشى نىيەت بىلەن.

بِغَيْرِ قَصْدٍ: غەرەزسىز، مەقسەتسىز.

﴿وَعَلَى اللهِ قَصْدُ السَّبِيلِ﴾ «قۇرئان»: توغرا يول كۆرسىتىشنى ئاللاھ ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

«فَكَانَتْ صَلَاتُهُ قَصْدًا وَ خُطْبَتُهُ قَصْدًا» «حديث»: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزىمۇ، خۇتبىسىمۇ ئوتتۇرا ھال ئىدى.

الطَّرِيقُ الْقَصْدُ: توغرا يول.

أَسَاءَ إِلَيْهِ عَنْ غَيْرِ قَصْدٍ: ئۇنىڭغا بىلمەستىنلا يامانلىق قىلىپ قالدى.

فَعَلَ كَذَا قَصْدَ كَذَا: ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلدى.

فُلَانٌ عَلَى قَصْدٍ: پالانى توغرا يول ئۈستىدە.

قَصْدًا: قەستەن، ئەتەي.

قَصْدَكَ: ئالدىڭىزدا.

قِصْدَةٌ ج قِصَدٌ: پارچە، پارچە-پۇرات، ئۇششاق-چۇششەك، ئۇۋاق.

قَصْدَرَ يُقَصْدِرُ قَصْدَرَةً: قەلەيلىدى، قەلەي يالاتتى.

قَصْدَرَ قِدْرَ النُّحَاسِ: مىس قازاننى قەلەيلىدى.

قَصْدِيرٌ: قەلەي.

وَرَقُ الْقَصْدِيرِ: متال قەغەز.

قَصُرَ يَقْصُرُ قِصَرًا وَ قَصَارَةً: قىسقىرىدى، كالتىلىدى.

قَصُرَ النَّهَارُ فِي فَصْلِ الشِّتَاءِ: قىش پەسلىدە كۈن قىسقىرىدى.

قَصُرَتْ رِجْلُهُ بَعْدَ الْعَمَلِيَّةِ الْجِرَاحِيَّةِ: ئوپېراتسىيىدىن كېيىن ئۇنىڭ پۇتى قىسقىراپ قالدى.

قَصَرَ يَقْصُرُ قُصُورًا السَّهْمُ عَنِ الْهَدَفِ: ئوق نىشانغا تەگمىدى.

قَصَرَ الثَّوْبَ: كىيىمنى قىسقارتتى.

قَصَرَ الصَّلاَةَ: نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇدى.

﴿فَلَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَنْ تَقْصُرُوا مِنَ الصَّلاَةِ﴾ «قۇرئان»: نامازنى قەسىر قىلىپ (يەنى، تۆت رەكئەتنى ئىككى رەكئەت قىلىپ) ئوقۇساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

«قَصَرَ الْمُحَادَثَةَ عَلَى مَوْضُوعٍ وَاحِدٍ»: سۆھبەتنى بىر ماۋزۇغا يىغىنچاقلىدى.

قَصَرَ عَنِ الْأَمْرِ: ئىشتىن قول ئۈزدى، توختاتتى.

قَصَرَ فِي الْأَمْرِ: ئىشقا بىپەرۋالىق قىلدى.

قَصَرَ يَقْصِرُ قَصْرًا: قامىدى، سولىدى، كېمەيتتى.

قَصَرَ الشَّيْءَ عَلَى كَذَا: چەكلەپ قويدى.

قَصَرَ عَنْ تَسْدِيدِ دَيْنِهِ: قەرزنى تۆلىيەلمىدى.

قَصْرٌ ج قُصُورٌ: ساراي، ئوردا، قەسىر؛ قىسقا، قىسقارتماق.

قَصْرُ الصَّلاَةِ: نامازنى قەسىر ئوقۇماق (مۇساپىرنىڭ تۆت رەكئەت نامازنى ئىككى رەكئەت قىلىپ ئوقۇشى).

﴿إِنَّهَا تَرْمِي بِشَرَرٍ كَالْقَصْرِ﴾ «قۇرئان»: ئۇ (يالقۇن) قەسىردەك (چوڭ) ئۇچقۇنلارنى چىقىرىدۇ.

قَصْرُ الْمَلِكِ: پادىشاھنىڭ ئوردىسى.

قَصْرُ الْحُكُومَةِ: ھۆكۈمەت بىناسى، سارىيى.

قَصْرُ الْمُؤْتَمِرَاتِ: يىغىن زالى.

قِصَرٌ: قىسقا، كالتە.

قِصَرُ النَّظَرِ: يىراقنى كۆرەلمەسلىك.

قِصَرُ الْبَاعِ: قابىلىيەتسىز، ئىقتىدارسىز.

قَصَرَةٌ: قۇشلارنىڭ قۇيرۇق سۆڭىكى، تۇغۇر سۆڭىكى.

قَصَّ يَقُصُّ قَصًّا: كەستى، ئۈزدى، قىرقىدى.

قَصَّتِ الْبِنْتُ شَعْرَهَا بِنَفْسِهَا: قىزچاق چېچىنى كەستى.

قَصَّ يَقُصُّ قَصَصًا الْخَبَرَ: خەۋەرنى بايان قىلىپ بەردى، سۆزلەپ بەردى، ھېكايە قىلىپ بەردى.

﴿فَلَمَّا جَاءَهُ وَقَصَّ عَلَيْهِ الْقَصَصَ﴾ «قۇرئان»: مۇسا ئۇنىڭ (يەنى، شۇئەيبنىڭ) قېشىغا كېلىپ ئەھۋالنى ھېكايە قىلىپ بەردى.

قَصَّ الْقِصَّةَ: ھېكايە سۆزلەپ بەردى.

«وَلَمَّا عَادَ مِنَ الرِّحْلَةِ قَصَّ عَلَى أَصْدِقَائِهِ مَاشَاهَدَهُ»: سەپەردىن قايتقاندىن كېيىن دوستلىرىغا كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

قَصَّ يَقُصُّ قَصًّا وَ قَصَصًا الْأَثَرَ: ئىزىغا چۈشتى، ئىزىدىن ماڭدى، ئەگەشتى.

قَصٌّ: كەسمەك، قىسماق، قىرقىماق.

قَصُّ الْأَخْبَارِ: خەۋەرنى بايان قىلماق، سۆزلەپ بەرمەك، ھېكايە قىلىپ بەرمەك.

قَصُّ الشَّعْرِ: چاچ ياساتماق.

قَصُّ الصُّوفِ: يۇڭ قىرقىماق.

قَصٌّ ج قِصَاصٌ: كۆكرەك، تۆش سۆڭىكى، ئېلىنغان تىرناق، قىرقىلغان يۇڭ.

قَصَصٌ: ئېلىنغان تىرناق، قىرقىلغان يۇڭ، رىۋايەت، قىسسە.

﴿نَحْنُ نَقُصُّ عَلَيْكَ أَحْسَنَ الْقَصَصِ بِمَا أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ

uyghurkitap.com



هَذَا الْقُرْآنِ﴾ «قرآن»: بۇ قۇرئاننى ساڭا ۋەھيى قىلىش ئارقىلىق ئەڭ چىرايلىق قىسسىنى ساڭا بايان قىلىپ بېرىمىز.

اَلْقَصَصُ: قۇرئاندىكى قەسەس سۈرىسى.

قَصَّابٌ ج قَصَّابُونَ: قاسساپ، پوكانچى؛ نەيچى، كانايچى.

قَصَّابَةٌ: تۇرۇبا، نەيچە، كاناي.

قَصَّارٌ: چوتاچى.

قَصَّاصٌ ج قُصَّاصٌ: ھېكايىچى، مەدداھ؛ قىرقىغۇچى.

قَصَّاصُ الْأَثَرِ: ئىز قوغلىغۇچى.

«حَلَقَةُ الْقَصَّاصِ فِي الْمَقْهَى أَوِ الْمَيْدَانِ»: مەيدان ياكى قەھۋەخانىدىكى مەدداھنىڭ سورۇنى.

قَصَّاصَةٌ ج قَصَّاصَاتٌ: قىرقىش ماشىنىسى.

قَصَّاصَةُ الشَّعْرِ: چاچ ئېلىش ماشىنىسى.

قُصَّالٌ: ئۈتتىك، تېز، ئۆتكۈر.

قَصَّبَ يُقَصِّبُ تَقْصِيبًا شَعْرَهُ: چېچىنى بۇدۇر قىلدى.

قَصَّبَ الثَّوْبَ: كىيىمنى كالۇۋۇتۇن يىپ بىلەن تىكتى.

«قَصَّبَتِ الْخَيَّاطَةُ فُسْتَانَ الْعَرُوسِ»: تىكىمچى تويى بولىدىغان قىزنىڭ كۆڭلىكىنى كالۇۋۇتۇن يىپ بىلەن تىكتى.

قِصَّةٌ ج قِصَصٌ وَأَقَاصِيصُ: ھېكايە، رىۋايەت، قىسسە؛ ئۆلگە، پاسون.

قِصَّةٌ خُرَافِيَّةٌ: ئەپسانە، چۆچەك.

قِصَّةٌ خَيَالِيَّةٌ: فانتازىيىلىك ھېكايە.

قِصَّةٌ شِعْرِيَّةٌ: قوشاق، خەلق ناخشىسى.

قِصَّةٌ قَصِيرَةٌ: قىسقا ھېكايە.

قِصَّةُ هَذَا الشَّيْءِ أَنَّ: بۇنىڭ ماۋزۇسى، مەزمۇنى.

قُصَّةٌ ج قُصَصٌ: ماڭلاي چاچ.

قُصَّةُ الصُّدْغِ: چېكە چاچ.

قَصَّدَ يُقَصِّدُ تَقْصِيدًا الشَّاعِرُ: شائىر شېئىرنى تۈزەتتى.

قَصَّرَ يُقَصِّرُ تَقْصِيرًا الشَّيْءَ: كېمەيتتى، قىسقارتتى.

قَصَّرَ الْكَلَامَ: سۆزنى يىغىنچاقلىدى.

قَصَّرَ الشَّخْصُ فِي الْأَمْرِ: ئىشقا سەل قارىدى.

قَصَّرَ فِي عَمَلِهِ: ئىشنى كەمتۈك قىلىپ قويدى.

قَصَّرَ عَنِ الشَّيْءِ: ئاجىز كەلدى.

قَصَّرَ الْمَرِيضُ عَنْ أَدَاءِ الصَّلَاةِ: كېسەل نامازنى ئادا قىلالمىدى.

قَصَّرَ شَعْرَهُ: چېچىنى قىسقارتتى.

«لَقَدْ قَصَّرَ حَيَاتَهُ كُلَّهَا عَلَى تَأْلِيفِ هَذَا الْكِتَابِ الْمَشْهُودِ»: پۈتۈن ھاياتىنى بۇ مەشھۇر كىتابنى يېزىشقا سەرپ قىلدى.

قَصَّصَ يُقَصِّصُ تَقْصِيصًا الشَّيْءَ: نەرسىنى پارچە - پارچە قىلىۋەتتى.

قَصَّعَ يُقَصِّعُ تَقْصِيعًا الشَّيْطَانُ فِي قَفَاهُ: ئاچچىقلاندى، غەزەپلەندى.

قَصَّعَ الْجُرْحُ بِالْقَيْحِ: جاراھەت يىرىڭدىدى.

قَصَّعَ الْبَيْتَ: ئىشىكنى تاقاپ ئۆيدىن چىقمىدى.

قَصَّعَ فِي ثَوْبِهِ: تونىغا ئورىنىۋالدى.

قَصَّعَ الزَّرْعُ: زىرائەت ئۈندى.

قَصَّعَ الْمَاءُ عَطَشَهُ: سۇ ئۇنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇردى.

قَصَّفَ يُقَصِّفُ تَقْصِيفًا الشَّيْءَ: نەرسىنى سۇندۇردى، ئۇشتۇدى.

قَصَصِيٌّ / قِصَصِيٌّ: ھېكايىنىڭ، رىۋايەتنىڭ.

قَصَصِيٌّ ج قَصَصِيُّونَ: يازغۇچى، مۇئەللىپ، ئاپتور.

قَصَعَ يَقْصَعُ قَصْعًا: يۇتۇملاپ، يۇتۇملاپ ئىچتى.

قَصَعَ الْمَاءُ الْعَطَشَ: سۇ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇردى.

قَصَعَتِ الرَّحَى الْحَبَّ: تۈگمەن ئاشلىقنى يانجىدى.

قَصْعَةٌ ج قِصَاعٌ وَقِصَعٌ وَقَصَعَاتٌ: چوڭ ياغاچ تاۋاق، ياغاچ تەخسە.

قَصَفَ يَقْصِفُ قَصْفًا وَقَصِيفًا الرَّعْدُ: گۈلدۈرماما

گۈلدۈرلىدى.

قَصَفَ الشَّخْصُ: ئويۇن ـ تاماشا، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلدى.

قَصَفَ الْمَكَانَ: جاينى بومباردىمان قىلدى.

قَصَفَ الْعَدُوُّ الْقَرْيَةَ الآمِنَةَ: دۈشمەن تىنچ يېزىنى بومباردىمان قىلدى.

قَصَفَ الْعودَ وَنَحْوَهُ: ياغاچ قاتارلىقلارنى سۇندۇردى.

قَصَفَ الْقَلَمَ: قەلەمنى ئۇچلىدى.

قَصَفَ ظُفْرَهُ: تىرنىقىنى ئالدى.

قَصِفَ يَقْصَفُ قَصَفًا الْعودُ: ياغاچ ئاسان سۇنۇپ كەتتى.

قَصْفٌ: ئۇشتۇماق، سۇندۇرماق؛ گۈرۈلدىگەن ئاۋاز؛ يەپ ـ ئىچىپ تاماشا قىلماق.

قَصْفُ الرَّعْدِ: گۈلدۈرماما ئاۋازى.

قَصْفُ الْمَدَافِعِ: زەمبىرەك ئاۋازى، توپ ئاۋازى.

«اقْتَحَمَ الْجُنُودُ التَّلَّ تَحْتَ وَابِلٍ مِنَ الْقَصْفِ الشَّدِيدِ»: جەڭچىلەر يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوققا قارىماي، ئېگىزلىككە ھۇجۇم قىلدى.

قَصِفٌ: ئاسان سۇنىدىغان، چۈرۈك.

قَصْفَةٌ ج قَصَفَاتٌ: بىر قېتىم گۈلدۈرلەش.

صَوْتُ قَصَفَاتِ الرَّعْدِ: گۈلدۈرماما ئاۋازى.

«أَسْفَرَتْ قَصَفَاتُ الطَّائِرَةِ الْحَرْبِيَّةِ عَنْ مَقْتَلِ عَدَدٍ كَبِيرٍ مِنَ الأَبْرِيَاءِ»: ئۇرۇش ئايروپىلانىنىڭ بومباردىمان قىلىشى بىلەن نۇرغۇن بىگۇناھ ئادەملەرنىڭ ئۆلگەنلىكى مەلۇم بولدى.

قَصْقَصَ يُقَصْقِصُ قَصْقَصَةً الشَّيْءَ: نەرسىنى سۇندۇردى، چاقتى.

قُصْقُوصَةٌ ج قَصَاقِيصُ: پارچە نەرسە، ئۇششاق، ئۇۋاق.

قَصَلَ يَقْصِلُ قَصْلاً: توغرىدى، كەستى، ئۈزدى.

قَصَلٌ / قِصَلٌ: پوست، قېسىرماق، قوۋزاق، شاكال، شۆپۈك؛ ئېرە.

قَصَمَ يَقْصِمُ قَصْمًا الشَّيْءَ: نەرسىنى سۇندۇردى، ئۇشتۇدى، چاقتى.

قَصَمَ اللهُ فُلاَنًا: ئاللاھ پالانىنى ھالاك قىلسۇن.

﴿وَكَمْ قَصَمْنَا مِنْ قَرْيَةٍ كَانَتْ ظَالِمَةً﴾ (قرآن): بىز (ئاھالىسى) كۇپپار بولغان نۇرغۇن شەھەرلەرنى ھالاك قىلدۇق.

قَصِمٌ: ئاسان سۇنىدىغان، چۈرۈك.

قَصْوٌ: يىراقلىق.

قُصُورٌ: يېتەرسىزلىك، كۈپايە قىلماسلىق، ھۇرۇنلۇق، يالقاۋلىق.

الْقُصُورُ الذَّاتِي: ھەرىكەتسىزلىك، ھۇرۇنلۇق، ئېرىنچەكلىك.

قُصْوَى: ئەڭ يىراق.

الْغَايَةُ الْقُصْوَى: ئەڭ ئاخىرقى نۇقتا.

الضَّرُورَةُ الْقُصْوَى: مۇتلەق زۆرۈرىيەت، جىددىي ئېھتىياج.

قَصِيَ يَقْصَى قَصًا الْمَكَانُ: جاي يىراق بولدى.

قُصْيَا ج قُصًى: ئەڭ يىراق.

قَصِيدٌ: ئەيىبسىز، نۇقسانسىز، بېجىرىم.

بَيْتُ الْقَصِيدِ: شېئىردىكى ئەڭ ئېسىل بېيىت (مىسرا)، مۇھىم نۇقتا، ماۋزۇنىڭ يادروسى.

«بَيْتُ الْقَصِيدِ فِي الأَمْرِ هُوَ كَذَا»: بىرەر ئىشتىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە.

قَصِيدَةٌ ج قَصَائِدُ: قەسىدە، شېئىر، داستان (قەسىدە ئەڭ ئېزى يەتتە بېيىتتىن تەركىب تاپقان بولىدۇ).

قَصِيدَةٌ غَزَلِيَّةٌ: لىرىك قەسىدە.

قَصِيدَةٌ عَصْمَاءُ: ئېسىل قەسىدە.

قَصِيرٌ ج قِصَارٌ وَ قُصَرَاءُ م قَصِيرَةٌ ج قَصِيرَاتٌ وَ قَصَائِرُ: قىسقا، كالتە.

قَصِيرُ الْعُمْرِ: ئۆمرى قىسقا.

مُنْذُ زَمَنٍ قَصِيرٍ: يېقىندىن بۇيان.
رَجُلٌ قَصِيرُ الْقَامَةِ: پاكار ئادەم.
فُلَانٌ قَصِيرُ الْعِلْمِ: پالانىنىڭ ئىلمى ئاز.
قَصِيرُ الْيَدِ: قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان.
قَصِيفٌ: ئاسان سۇنىدىغان، چۈرۈك.
قَصِيمٌ: ئاسان سۇنىدىغان، چۈرۈك.
قَصِيمَةٌ: تاياقچە باكتېرىيە.
قَصِيٌّ ج أَقْصاء م قَصِيَّةٌ ج قَصَايَا: يىراق.
﴿فَانْتَبَذَتْ بِهِ مَكَانًا قَصِيًّا﴾ ‹قرآن›: (ئائىلىسىدىن يىراق جايغا كەتتى.
قَضَاءٌ: ھۆكۈم، ھۆكۈم قىلماق، ئورۇنلىماق، ئادا قىلماق.
الْقَضَاءُ الشَّرْعِيُّ: شەرىئەت، شەرىئەت ھۆكۈمى.
الْقَضَاءُ الْمَحْتُومُ: ئۆلۈم، ئەجەل.
الْقَضَاءُ وَالْقَدَرُ: تەقدىر، ئاللاھنىڭ تەقدىرى، قازايىقەدەر.
«فَإِنَّ خَيْرَكُمْ أَحْسَنُكُمْ قَضَاءً» ‹حديث›: قەرزنى قايتۇرۇشتا ياخشى بولغىنىڭلار، سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلاردۇر.
رِجَالُ الْقَضَاءِ: سوت كوللېگىيىسى، سوتچىلار.
«أَصْدَرَ الْقَضَاءُ حُكْمَهُ فِي هَذِهِ الْقَضِيَّةِ»: سوتچىلار بۇ مەسىلىدە ھۆكۈم چىقاردى.
دَارُ الْقَضَاءِ: سوت مەھكىمىسى، قازىخانا.
قَضَائِيٌّ: ئەدلىيىنىڭ، سوتنىڭ، سودىيە.
حُكْمٌ قَضَائِيٌّ: سوتنىڭ ھۆكۈمى.
قُضَابَةٌ: كېسىپ تاشلانغان شاخ، ھارام شاخ، قەلەمچە.
قُضَاعٌ: قورساق ئاغرىقى.
قَضَامٌ: غاجاپ يېيىشكە بولىدىغان.
قُضَامَةٌ: مايدا پىشۇرۇلغان كۆك پۇرچاق.
قَضِئَ يَقْضَأُ قَضْأً الشَّيْءُ: نەرسىنى يېدى.
قَضِئَ الثَّوْبُ: كىيىم كونىرىدى.
قَضِئَتِ الْعَيْنُ: كۆز ياللۇغلىنىپ قالدى.
قَضْأَةٌ: نومۇس، ئۇيات، كەمچىلىك، ئەيىب.
قَضَبَ يَقْضِبُ قَضْبًا الشَّجَرَةَ: دەرەخنى قىرقىدى، پۇتىدى.
قَضَبَ الرَّجُلَ: كىشىنى تاياق بىلەن ئۇردى.
قَضْبٌ: قىرقىماق، پۇتىماق؛ ھۆل مېۋە، يېڭى مېۋە.
﴿فَأَنْبَتْنَا فِيهَا حَبًّا وَّعِنَبًا وَّ قَضْبًا﴾ ‹قرآن›: ... زېمىندا ئاشلىقلارنى، ئۈزۈمنى، ئوتياشلارنى ... ئۆستۈردۇق.
قَضَّ يَقُضّ قَضًّا الشَّيْءَ: تۆشۈك ئاچتى، تۆشۈك تەشتى؛ يانجىدى، ئەزدى؛ ۋەيران قىلدى.
قَضَّ الْحَائِطَ: تامنى بۇزدى.
قَضَّ الْوَتَدَ: قوزۇقنى قومۇرۇۋالدى.
«قَضُّوا أَوْتَادَهُمْ وَرَحَلُوا عَنِ الْمَكَانِ فِي اللَّيْلِ»: قوزۇقلىرىنى يۇلۇپ كېچىدە كۆچۈپ كەتتى.
قَضَّ يَقَضّ قَضَضًا الْفِرَاشُ: تۆشەك قاتتىق بولۇپ قالدى.
قَضَّ الْمَكَانُ: جاي شېغىللىق بولدى.
قَضٌّ: شېغىل.
مَكَانٌ قَضٌّ: شېغىللىق جاي.
بِقِضِّهِ وَقَضِيضِهِ: ھەممە، تولۇق.
«جَاءَ الْقَوْمُ قَضُّهُمْ وَ قَضَضُهُمْ وَ قَضِيضُهُمْ»: قەۋم ھەممىسى كەلدى.
قَضَضٌ: شېغىل.
قَضَّبَ يُقَضِّبُ تَقْضِيبًا الشَّجَرَةَ: دەرەخنى كەستى، پۇتىدى.
قُضَّةٌ: شېغىل.
قَضَّى يُقَضِّي تَقْضِيَةً حَاجَةً غَيْرِهِ: باشقىسىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلدى.
قَضَّى الْأَمِيرُ فُلَانًا: ئەمىر پالانىنى قازىلىققا تەيىنلىدى.

قَضَعَ يَقْضَعُ قَضْعًا: باشقۇردى، بويسۇندۇردى.

قَضْعٌ: قورسقى ئاغرىماق.

قَضْعَمٌ ج قَضَاعِمُ: چىشلىرى يوق ئادەم، بوۋاي.

قَضُفَ يَقْضُفُ قَضَافَةً وَ قَضَفًا وَ قَضِيْفًا: ئورۇقلاپ كەتتى، ياداپ كەتتى.

قَضَمَ يَقْضِمُ قَضْمًا الشَّيْءَ: نەرسىنى غاجىدى، غاجاپ يېدى.

قَضْمَةٌ: بىر قېتىم غاجىماق.

قُضْمَةٌ: غاجاپ يېگىلى بولىدىغان.

قَضَى يَقْضِي قَضَاءً الْعَمَلَ: ۋەزىپىنى ئورۇنلىدى، ئادا قىلدى.

﴿فَلَمَّا قَضَى زَيْدٌ مِنْهَا وَطَرًا زَوَّجْنَاكَهَا﴾ «قرآن»: زەينەبنى زەيد قويۇۋەتكەندىن كېيىن ساڭا نىكاھلاپ بەردۇق.

قَضَى حَاجَتَهُ: مەقسىتىگە يەتتى.

قَضَى الْحَاجَةَ: ھاجەت قىلدى.

قَضَى الدَّيْنَ: قەرزنى تۆلىدى.

قَضَى الْوَقْتَ: ۋاقىتنى زايە قىلدى، ئىسراپ قىلدى.

قَضَى الْمُدَّةَ: قەرەلنى توشقۇزدى.

قَضَى عَلَيْهِ: يوقاتتى، تۈگەتتى، يىلتىزىنى قۇرۇتتى.

قَضَى عَلَى الشَّيْءِ: خاتىمە بەردى، تاماملىدى.

قَضَى عَلَى الْأَمْرِ: بىكار قىلىندى، ئەمەلدىن قالدۇردى.

قَضَى عَلَى حَيَاتِهِ: ئۆلۈمگە ئېلىپ باردى، ھاياتىغا تەھدىت سالدى.

قَضَى عَلَيْهِ: ئۈمىدسىزلەندۈردى، نائۈمىد قىلدى.

قَضَى عَلَى رَجُلٍ: كىشىنى ئۆلتۈردى.

قَضَى الرَّجُلُ: كىشى ئۆلدى.

قَضَى أَجَلَهُ: ئەجىلى توشتى.

قَضَى مِنْهُ الْعَجَبُ: ھەيران قالدى، ھاڭ ـ تاڭ قالدى.

لَقَدْ قَضَى الْجُنُودُ عَلَى الْعَدُوِّ: جەڭچىلەر دۈشمەننى يوقاتتى.

قَضَى عُطْلَتَهُ الصَّيْفِيَّةَ: يازلىق تەتىلنى ئۆتكۈزدى.

«أَيْنَ تَقْضِي الْعُطْلَةَ الصَّيْفِيَّةَ الْقَادِمَةَ»: كېلەركى يازلىق تەتىلنى قەيەردە ئۆتكۈزىسەن.

«قَضَى شَهْرَ الْعَسَلِ فِي الْخَارِجِ»: شېرىن ئاينى سىرتتا ئۆتكۈزدى.

قَضَى مُدَّةَ الْعُقُوبَةِ: جازا مۇددىتىنى توشقۇزدى.

قَضَى الصَّلَاةَ: نامازنى ئادا قىلدى.

قَضَى الشَّخْصُ نَحْبَهُ أَوْ أَجَلَهُ: ئۆلدى.

قَضَى يَقْضِي قَضَاءً وَ قَضِيًّا وَ قَضِيَّةً عَلَيْهِ: ئۇنىڭغا جىنايەت ئارتتى، جىنايەت بېكىتتى؛ جازا ھۆكۈم قىلدى.

قَضَى بَيْنَ الْخَصْمَيْنِ: ئىككى دەۋاگەر ئارىسىدا ھۆكۈم چىقاردى.

فَاقْضِ مَاأَنْتَ قَاضٍ: (بىزنىڭ ھەققىمىزدە) نېمىنى ھۆكۈم قىلساڭ، شۇنى ھۆكۈم قىلغىن.

قَضَى اللّٰهُ: ئاللاھ تەۋسىيە قىلدى.

﴿وَقَضَى رَبُّكَ أَنْ لَاتَعْبُدُوا إِلَّا إِيَّاهُ﴾ «قرآن»: پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى... تەۋسىيە قىلدى.

قَضًى: ھۆكۈم، ھۆكۈم چىقارماق، قارار چىقارماق، سوت قىلماق.

قَضِيئٌ م قَضِيئَةٌ: چىرىپ قالغان، بۇزۇلۇپ قالغان.

قَضِيْبٌ ج قُضْبَانٌ: كېسىپ تاشلانغان شاخ، تاياق؛ تۆمۈر يول، رېلىس.

قَضِيْبُ الذَّكَرِ: ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئەزاسى، زەكەر.

مَدَّدَ قُضْبَانَ السِّكَّةِ الْحَدِيْدِيَّةِ: رېلىس ياتقۇزدى.

قَضِيْضٌ: شېغىل.

قَضِيْمٌ: غاجاپ يېيىشكە بولىدىغان؛ پۇچۇلۇپ كەتكەن تىغ.

قَضِيمٌ ج قَضَمٌ: قىلىچ، شەمشەر، خەنجەر، زۇلپىقار.

قَضِيَّةٌ ج قَضَايَا: دەۋا، دەۋا ئەنزىسى؛ مەسىلە.

قَضِيَّةٌ جِنَائِيَّةٌ: جىنايى ئىشلار دېلوسى.

قَضِيَّةٌ مَدَنِيَّةٌ: ھەق تەلەپ دەۋاسى.

مَصَارِيفُ الْقَضِيَّةِ: دەۋا ھەققى.

قَضِيَّةُ السَّرِقَةِ: ئوغرىلىق دېلوسى.

الْقَضِيَّةُ الْفَلَسْطِينِيَّةُ: پەلەستىن مەسىلىسى.

قَطْ: بولدى، يېتەرلىك، كۇپايە، پەقەت.

زُرْتُهُمْ مَرَّةً فَقَطْ: سىلەربىر قېتىملا يوقلىدىڭلار.

قَطَاةٌ ج قَطًا وَ قَطَوَاتٌ وَ قَطَيَاتٌ: قىرغاۋۇل.

قِطَارٌ ج قُطُرٌ وَ قِطَارَاتٌ: كارۋان، پويىز.

قِطَارُ النَّفَقِ: مېترو، يەر ئاستى پويىزى.

قَطَاسٌ: قوتاز.

قِطَاطٌ ج أَقِطَّةٌ: نۇسخا، ئەۋرىشكە، ئۈلگە.

قِطَاعٌ: قىسىم، بۆلەك، ساھە.

قِطَاعٌ اقْتِصَادِيٌّ: ئىقتىسادىي ئورۇنلار.

قِطَاعٌ مِنْ نَسِيجٍ: پارچە رەخت.

قِطَاعُ الْفِلَاحَةِ: يېزا ئىگىلىك ساھەسى.

قِطَاعُ التِّجَارَةِ: سودا ساھەسى.

قِطَافٌ: مېۋە يىغىش ۋاقتى.

قَطَامِيٌّ: لاچىن، قورغۇي.

قَطَبَ يَقْطِبُ قَطْبًا الشَّيْءَ: نەرسىنى توپلىدى، يىغدى، جەملىدى.

قَطَبَ يَقْطُبُ قَطْبًا وَ قُطُوبًا جَبِينَهُ: پېشانىسىنى تۈردى، قاپىقىنى تۈردى.

قُطْبٌ وَ قِطْبٌ وَ قُطُبٌ ج أَقْطَابٌ: ئوق (ھارۋىنىڭ ئوق مەركىزى.

«وَكُنْتَ لأَهْلِ الْعِلْمِ قُطْبًا وَمَلْجَأً رَحَلْتَ لِرِضْوَانِ الإِلهِ وَلِلنِّعَمِ»: ئۆزلىرى ئىلىملەرنىڭ ئىززەش ئوبيېكتى ۋە پاناگاھ ئىدىلە، ئەمدى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا — ھوزۇر- ھالاۋەتلىك جەننەتكە كەتتىلە.

الْقُطْبُ الْجَنُوبِيّ: جەنۇبىي قۇتۇپ.

الْقُطْبُ الشِّمَالِيّ: شىمالىي قۇتۇپ.

قُطْبٌ سَالِبٌ: مەنپىي قۇتۇپ.

قُطْبٌ موجَبٌ: مۇسبەت قۇتۇپ.

نَجْمُ الْقُطْبِ: شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزى.

قُطْبَا الْأَرْضِ: يەر شارىدىكى ئىككى قۇتۇپ.

قُطْبٌ ج أَقْطَابٌ وَ قُطُوبٌ وَ قِطَبَةٌ: قوۋمنىڭ باشلىقى، چوڭى، مۇھىم ئادەمى.

أَقْطَابُ السِّيَاسَةِ: مەشھۇر سىياسىي ئەربابلار.

الْأَقْطَابُ الْأَرْبَعَةُ: تەسەۋۋۇف ئىستىلاھىدا ئەۋلىيالىق ماقاملىرىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى ماقامنىڭ ئىگىسى بولغان زاتلار.

هُوَ قُطْبُ قَبِيلَتِهِ: ئۇ قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى.

قُطْبَةٌ ج قُطَبٌ: تىكىش.

«لَقَدْ فَكَّتِ الْقُطَبُ الَّتِي خِيطَ بِهَا الْجُرْحُ»: ئوپېراتسىيە يېپى ئېلىۋېتىلدى.

قُطْبِيٌّ: قۇتۇپنىڭ، قۇتۇپتىكى.

الشَّفَقُ الْقُطْبِيّ: قۇتۇپ نۇرى.

قَطَرَ يَقْطُرُ قَطْرًا الْبَعِيرَ: تۆگىنى قاتارغا تىزدى، تۆگىنى كوكس مېيى بىلەن مايلىدى.

قَطَرَ السَّائِقُ الْعَرَبَةَ قَطْرًا: ھارۋىكەش ھارۋىلارنى قاتارغا تىزىپ ھەيدىدى.

قَطَرَ يَقْطُرُ قَطْرًا وَ قُطُورًا وَ قَطَرَانًا الْمَاءُ: سۇ تېمىپ ئاقتى، تامچىلىدى.

قَطْرٌ ج قِطَارٌ: تامچە، قەترە؛ يامغۇر.

قُطْرٌ ج أَقْطَارٌ: رايون، ئىقلىم، دۆلەت.

خَارِجَ الْقُطْرِ: مەملىكەت سىرتى.

دَاخِلَ الْقُطْرِ: مەملىكەت ئىچى.

﴿إِنِ اسْتَطَعْتُمْ أَنْ تَنْفُذُوا مِنْ أَقْطَارِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ فَانْفُذُوا﴾ «قرآن»: ئەگەر سىلەر (ئاللاھنىڭ قازاسىدىن قېچىپ) ئاسمانلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ۋە زېمىننىڭ چېگرالىرىدىن ئۆتۈپ كېتەلىسەڭلار، ئۆتۈپ كېتىڭلار.

أَقْطَارُ الدُّنْيَا: جاھاننىڭ تۆت تەرىپى.

«قَامَ بِجَوْلَةٍ فِي الْأَقْطَارِ الْعَرَبِيَّةِ»: ئەرەب ئەللىرىنى ئايلاندى.

قُطْرُ الدَّائِرَةِ: دىئامېتىر.

قِطْرٌ: ئېرىتىلگەن تۇچ، مىس.

﴿وَأَسَلْنَا لَهُ عَيْنَ الْقِطْرِ﴾ «قرآن»: ئۇنىڭغا مىس (چىقىدىغان) بۇلاقنى ئاققۇزۇپ بەردۇق.

قَطْرَبَ يُقَطْرِبُ قَطْرَبَةً: تېز ماڭدى، چاپتى.

قَطْرَبَهُ: ئۇنى يەرگە يىقىتتى.

قُطْرُبٌ: پارقىراق چىۋىن؛ چاققان ئوغرى؛ تۇتقاق كېسىلى (ئېپىلېپسىيە) بار ئادەم؛ دۆت، نادان كۈچۈك؛ قورقۇنچاق.

قَطْرَةٌ ج قَطَرَاتٌ: بىر تامچە، بىر تېمىم.

قَطْرَةُ الدَّمْعِ: بىر تامچە ياش.

قَطْرَنَ يُقَطْرِنُ قَطْرَنَةً الْبَعِيْرَ: تۆگىگە كوكس مېيى سۈركىدى.

قَطِرَانٌ / قِطِرَانٌ: كوكس مېيى، سىمولا.

﴿سَرَابِيْلُهُمْ مِنْ قَطِرَانٍ﴾ «قرآن»: ئۇلارنىڭ كۆڭلىكى قارىمايدىن بولىدۇ.

قُطْرِيٌّ: دىئامېتىرنىڭ، دىئامېتىرلىق.

قَطَّ يَقُطُّ قَطًّا الْقَلَمَ: قەلەمنى ئۇچلىدى.

قَطَّ الشَّيْءَ: نەرسىنى توغرىسىغا كەستى.

قَطَّ الْأَظَافِرَ: تىرناقنى ئالدى.

قَطَّ يَقِطُّ قَطَطًا الشَّعْرُ: چېچى قىسقىراپ بۇدۇر بولدى.

قِطٌّ ج قِطُوطٌ وَقِطَاطٌ وَأَقْطَاطٌ: بۇدۇر چاچ، قىسقا چاچ.

قَطُّ: ھەرگىز؛ بۇرۇندىنلا؛ ھېچ.

مَافَعَلْتُ هَذَا قَطُّ: بۇنى مەن پەقەت قىلمىدىم.

قِطٌّ ج قِطَطَةٌ: ئەركەك مۈشۈك؛ نېسۋە.

قِطٌّ بَرِّيٌّ: ياۋا مۈشۈك.

قِطُّ الزَّبَادِ: ئىپار مۈشۈكى.

﴿وَقَالُوا رَبَّنَا عَجِّلْ لَنَا قِطَّنَا قَبْلَ يَوْمِ الْحِسَابِ﴾ «قرآن»: ئۇلار (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن) «پەرۋەردىگارىمىز! (سەن بىزگە ئازابتىن ۋەدە قىلغان) نېسۋىمىزنى بىزگە بالدۇرراق-قىيامەت كۈنىدىن ئىلگىرى - بەرگىن»، دېيىشتى.

قَطِطَ يَقْطَطُ قَطَاطَةً الشَّعْرُ: چېچى قىسقىراپ بۇدۇر بولدى.

قَطَّارَةٌ: تامچىلىتىش نەيچىسى.

قَطَّاطٌ: قىرغۇچى.

قَطَّاعُ الطَّرِيْقِ: بۇلاڭچى، قاراقچى.

قَطَّاعَةٌ: ئوت ئوتاش ماشىنىسى.

قَطَّانٌ ج قَطَّانُونَ: پاختا سودىگىرى، پاختىكار.

قَطَّبَ يُقَطِّبُ تَقْطِيْبًا جَبِيْنَهُ: پېشانىسىنى تۈردى، قوشۇمىسىنى تۈردى.

قِطَّةٌ: چىشى مۈشۈك.

قَطَّرَ يُقَطِّرُ تَقْطِيْرًا الْمَاءَ: سۇنى تامچىلاپ ئاققۇزدى.

قَطَّرَ الْكُحُولَ: ئىسپىرتنى پارغا ئايلاندۇرۇپ تېمىتىپ چۈشۈردى.

قَطَّطَ يُقَطِّطُ تَقْطِيْطًا الْخَرَّاطُ الْخَشَبَةَ: ياغاچنى رەندىلىدى.

قَطَّعَ يُقَطِّعُ تَقْطِيْعًا الشَّيْءَ: نەرسىنى چانىۋەتتى، پارچە قىلىۋەتتى.

قَطَّعَ اللَّحْمَ: گۆشنى قىيما قىلدى.

﴿فَلَمَّا رَأَيْنَهُ أَكْبَرْنَهُ وَقَطَّعْنَ أَيْدِيَهُنَّ﴾ «قرآن»: ئۇلار يۈسۈفنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قېلىشتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىنى كېسىۋېلىشتى.

قَطَّفَ يُقَطِّفُ تَقْطِيْفًا الثَّمَرَ: مېۋىنى ئۈزدى، يىغدى، تەردى.

قَطَّفَ الشَّيْءَ: نەرسىنى بۇلىۋالدى، تارتىۋالدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئېلىنۋالدى.

قَطَّنَ يُقَطِّنُ تَقْطِيْنًا — هُ: ئــۇنى ئورۇنلاشــتۇردى، ماكانلاشتۇردى.

قَطَعَ يَقْطَعُ قَطْعًا: كەســتى، ئــۈزدى، بۆلــدى، ئاجراتتى، ئايرىدى.

﴿وَقَطَعْنَا دَابِرَ الَّذِيْنَ كَذَّبُوا بِآيَاتِنَا﴾ «قرآن»: بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى تەلتۆكۈس هالاك قىلدۇق.

قَطَعَ خَطَّ الْهَاتِفِ: تېلېفون سىمىنى ئۈزۈۋەتتى.

قَطَعَ الْوَرَقَ: قەغەزنى يىرتتى.

قَطَعَ اللَّحْمَ: گۆشنى توغرىدى.

قَطَعَ الصَّلَاةَ: نامازنى بۇزۇۋەتتى.

قَطَعَ الطَّرِيْقَ: بۇلاڭچىلىق قىلدى.

قَطَعَ شَوْطًا كَبِيْرًا: زور دەرىجىدە ئىلگىرىلىدى، زور مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

قَطَعَ الصَّدِيْقَ: دوستىنى تاشلىۋەتتى.

قَطَعَ لَهُ عَهْدًا: ئۇنىڭغا ۋەدە بەردى.

قَطَعَ الْعَلَاقَاتِ: مۇناسىۋەتنى ئۈزدى.

قَطَعَ لِسَانَ الْخَصْمِ: رەقىبىنى ئېغىز ئاچقۇزمىدى.

قَطَعَ تَذْكِرَةً: بېلەت سېتىۋالدى.

قَطَعَ تَذْكِرَةً بِالْقِطَارِ: بېلەتنى پويىزدا ئالدى.

قَطَعَ رَحِمَهُ: سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويدى.

قَطَعَ يَقْطَعُ قَطْعًا وَ قُطُوعًا النَّهْرَ: دەريانى كېسىپ ئۆتتى، كېچىپ ئۆتتى.

قَطْعٌ: كەسمەك، ئۈزمەك.

﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يَهْدِي مَنْ هُوَ مُسْرِفٌ كَذَّابٌ﴾ ‹قرآن›: ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقان يالغانچىنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

كِذَّابٌ: يالغان، يالغانچىلىق.

﴿لَّا يَسْمَعُونَ فِيهَا لَغْواً وَلَا كِذَّابا﴾ ‹قرآن›: ئۇلار جەننەتتە يالغان سۆز ۋە بىھۇدە سۆز ئاڭلىمايدۇ.

كَذَّبَ يُكَذِّبُ تَكْذِيْبًا: ئۇنى يالغانغا چىقاردى.

كَذَّبَ الْقَوْلَ: سۆزنى يالغانغا چىقاردى.

كَذَّبَ نَفْسَهُ: ئۆزىنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

كَذَّبَ الشَّاهِدَ: گۇۋاھچىنى يالغانغا چىقاردى.

كَذَّبَ بِالْأَمْرِ: ئىنكار قىلدى.

﴿وَكَذَّبَ بِهِ قَوْمُكَ وَهُوَ الْحَقُّ﴾ ‹قرآن›: قۇرئان ھەق تۇرسا، ئۇنى قوۋمىڭ ئىنكار قىلدى.

«مَا كَذَّبَ أَنْ فَعَلَ كَذَا»: ئۇ دەرھال قىلدى، كېچىكمىدى.

كَذُوبٌ: يالغانچى، ئالدامچى، كاززاپ، تۆھمەتخور.
كَرَا يَكْرُو كَرْوًا الطِّفْلُ: بالا توپ ئوينىدى.
كَرَا الْأَرْضَ: يەرنى كولىدى، قازدى.
كَرَا الشَّيْءَ: نەرسىنى يۇمىلاتتى.
كِرَاءٌ: ئىش ھەققى، كىرا.
كِرَاءُ الْأَرْضِ: يەر ئىجارىسى.
كِرَاءُ الْبَيْتِ: ئۆي ئىجارىسى.
كِرَاءُ الْعَمَلِ: ئىش ھەققى.
كِرَاءُ شِرْكَةِ السَّيَّارَاتِ: كىرا ماشىنىسى شىركىتى.
كَرَازٌ: گىلاس.
كُرَازٌ ج كِرْزَانٌ: سۇدان، سۇ قاچىسى.
كُرَاعٌ ج أَكْرُعٌ وأَكَارِعُ: پاچاق، شىراق.
«لَوْ دُعِيتُ إِلَى كُرَاعٍ أَوْ ذِرَاعٍ لَأَجَبْتُ» ‹حديث›: ئەگەر مەن قوينىڭ سانى ياكى قولى بىلەن مېھمان بولۇشقا چاقىرىلسام، ئەلۋەتتە باراتتىم.
كُرَاعِيٌّ ج كُرَاعِيُّونَ: پاچاق ساتقۇچى، پاچاقچى.
كَرَافَةٌ: گالستۇك.
كَرَاكَةٌ: لاي قازغۇچ كېمە.
كَرَاكِيٌّ: موكا بېلىق.
كَرَامَةٌ ج كَرَامَاتٌ: ھۆرمەت، ئىززەت، شەرەپ، ئۇلۇغلۇق، مەردلىك؛ شۆھرەت، ئابروي؛ ھەيۋەتلىك؛ سۆرلۈك؛ مۆجىزە، ئاللاھتائالا ئەۋلىيالىرىغا مۇيەسسەر قىلىپ بېرىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلار.
كَرَامَةُ الْإِنْسَانِ: ئىنسانپەرۋەرلىك، ئىنسان ھۆرمىتى.
حُبًّا وَكَرَامَةً: چىن كۆڭلىدىن، چوڭقۇر ئۇمىد بىلەن.
وَلِيٌّ صَاحِبُ كَرَامَاتٍ: كارامەت ئىگىسى ئەۋلىيا.
كَرَاهَةٌ: يامان كۆرمەك، ئۆچ كۆرمەك، يىرگەنمەك، نەپرەتلەنمەك.
كَرَاهَةُ التَّدْخِينِ: تاماكىدىن يىرگەنمەك.
كَرَاهَةٌ عُنْصُرِيَّةٌ: ئىرقىي كەمسىتىش.
كَرَاهِيَةٌ: بىزار قىلىدىغان، زېرىكتۈرىدىغان، نەپرەتلەنمەك، ئۆچ كۆرمەك.
عَنْ كَرَاهِيَةٍ: مەجبۇرىي، زورلۇق بىلەن.
كَرَاوِيَا: ئارپىبەدىيان.
كَرَبَ يَكْرُبُ كَرْبًا الْأَمْرُ الشَّخْصَ: ئىش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلدى، قاتتىق كەلدى.
كَرَبَ الْأَرْضَ: يەرنى ھەيدىدى، ئاغدۇردى.
كَرَبَهُ الْغَمّ: قاتتىق غەمدە قالدى.
كَرَبَتْهَا الْمَشَاكِلُ: ئۇنىڭغا ئېغىرچىلىقلار كەلدى.
كَرَبَ الْحَبْلَ: ئارغامچا ئەشتى.
كَرَبَ يَكْرُبُ كُرُوبًا: يېقىنلاشتى، يېقىن قالدى.
كَرَبَ يَفْعَلُ كَذَا: ئۇ بۇنى قىلغىلى تاس قالدى.
كَرَبَتِ الشَّمْسُ: كۈن ئولتۇراي دەپ قالدى.
كَرَبَ يَكْرُبُ كَرْبًا وَ كِرَابًا الْأَرْضَ لِلزَّرْعِ: يەرنى تېرىش ئۈچۈن ئاغدۇردى.
كَرِبَ يَكْرَبُ كَرَبًا الرَّجُلُ: قايغۇردى، غەم قىلدى.
كَرْبٌ ج كُرُوبٌ: غەم، قايغۇ، خاپىلىق.
﴿وَنَجَّيْنَاهُ وَأَهْلَهُ مِنَ الْكَرْبِ الْعَظِيمِ﴾ ‹قرآن›: بىز ئۇنى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنى چوڭ غەمدىن قۇتقۇزدۇق.
«لِقَاءُ الْخَلِيلِ يُفَرِّجُ الْقُلُوبَ وَ فِرَاقُهُ يُهَيِّجُ الْكُرُوبَ»: دوست بىلەن ئۇچرىشىش دىللارنى سۆيۈندۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىش قايغۇلارنى قوزغايدۇ.
كَرِبٌ: قايغۇلۇق، كۆلپەتلىك، كۆڭلى يېرىم.
كِرْبَاجٌ ج كَرَابِيجُ: قامچا.
ضَرَبَهُ بِالْكِرْبَاجِ: ئۇنى قامچىلىدى، ساۋىدى.
يَدُ الْكِرْبَاجِ: قامچا سېپى.
كِرْبَاسٌ ج كَرَابِيسُ: پاختا رەخت، يىپ رەخت.
كِرْبَالٌ ج كَرَابِيلُ: پاختا ئېتىش ماشىنىسى؛ ئوقيا.
كُرْبَةٌ ج كُرَبٌ: غەم، قايغۇ، خاپىلىق.

uyghurkitap.com



«مَنْ نَفَّسَ عَنْ مُؤْمِنٍ كُرْبَةً مِنْ كُرَبِ الدُّنْيَا نَفَّسَ اللّٰهُ عَنْهُ كُرْبَةً مِنْ كُرَبِ يَوْمِ الْقِيَامَةِ» «حديث»: كىمكى دۇنيا ئېغىرچىلىقلىرىدىن بىر ئېغىرچىلىقنى مۇئمىندىن كۆتۈرۈۋەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭدىن قىيامەت كۈنىنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىدىن بىر ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ.

فَرَّجَ اللّٰهُ كُرْبَتَكَ: ئاللاھ غەم-قايغۇڭدىن خالاس قىلسۇن.

كَرْبُوْنٌ: كاربون، تاشكۆمۈر يېغى، ئېلېكتىرئوگول (خىمىيىلىك ئېلېمېنت).

وَرَقُ الْكَرْبُوْنِ: قارا قەغەز، كاربونلۇق قەغەز.

كَرْبُوْنَاتٌ، كَرْبُوْنَاةٌ: كاربوناتلار، كاربونات كىسلاتا تۇزى.

كَرْبُوْنَاتُ الصَّوْدَا: ناترىي گىدرو كاربونات.

كَرْبُوْنِيٌّ: كاربونلۇق.

حَامِضٌ كَرْبُوْنِيٌّ: كاربون ئىككى ئوكسىدى.

الْفُوْلَاذُ الْكَرْبُوْنِيُّ: كاربونلۇق پولات.

كُرَةٌ ج كُرَاتٌ: يۇملاق جىسىم، شارسىمان جىسىم.

الْكُرَةُ الْأَرْضِيَّةُ: يەر شارى.

كُرَةُ الرِّيْشِ: پەي توپ.

كُرَةُ السَّلَّةِ: ۋاسكېتبول.

كُرَةُ الطَّاوِلَةِ: تىكتاك توپ.

كُرَةُ الطَّائِرَةِ: ۋالىبول.

كُرَةُ الْقَدَمِ: پۇتبول.

كُرَةُ اللَّعِبِ: پوكزەك، توپ.

كُرَةُ الْمَاءِ. الْكُرَةُ الْمَائِيَّةُ: سۇ توپى.

كُرَةُ الْكَوَاكِبِ: گلوبۇس.

الْكُرَةُ السَّمَاوِيَّةُ: ئاسمان شارى.

كَرَثَ يَكْرُثُ كَرْثًا الْغَمَّ فُلَانًا: پالاننى غەم-قايغۇ بېسىۋالدى.

كَرِجَ يَكْرَجُ كَرَجًا الْخُبْزُ: نان كۆكۈرۈپ قالدى، پاختىلىشىپ قالدى.

كَرَخَ يَكْرَخُ كَرَخًا الْمَاءَ: سۇنى باشلىدى.

كَرَدَ يَكْرُدُ كَرْدًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ئۈزۈۋەتتى، كېسىۋەتتى.

كَرَدَهُ: ئۇنى توسۇدى، قوغلىۋەتتى.

كَرَدَ الدَّابَّةَ: ئۇلاغنى ھەيدىدى.

كَرْدَسَ يُكَرْدِسُ كَرْدَسَةً: ئۇششاق چامداپ ماڭدى، دەلدەڭشىدى.

كُرْدُمٌ ج كَرَادِمُ: پاكار، پاكىنەك، پەتەك.

كُرْدُوْسَةٌ ج كَرَادِيْسُ: ئاتلىق ئەسكەرلەر باتالىيونى.

كُرْدُوْمٌ ج كَرَادِيْمُ: پاكار، پاكىنەك، پەتەك.

كَرَّ يَكُرُّ كَرًّا وَ كُرُوْرًا: قايتتى، ياندى.

كَرَّ اللَّيْلُ وَ النَّهَارُ: كېچە بىلەن كۈندۈز ئالماشتى.

كَرَّ عَلَى الْعَدُوِّ: دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلدى.

كَرَّ عَلَيْهِ الْحَدِيْثَ: سۆزنى ئۇنىڭغا قايتىلىدى.

كَرَّ يَكِرُّ كَرِيْرًا: خىرقىرىدى، خارقىرىدى.

كَرٌّ: قايتماق، يانماق، ئالماشماق؛ ھۇجۇم قىلماق.

كَرُّ الْأَزْمَانِ: زامانلارنىڭ ئۆتۈشى، ۋاقىتلارنىڭ ئۈزرىشى.

الْكَرُّ وَالْفَرُّ: ھۇجۇم قىلىش ۋە چېكىنىش.

الْحَرْبُ كَرٌّ وَ فَرٌّ: ئۇرۇش ھۇجۇم قىلىش ۋە چېكىنىش بىلەن بولىدۇ.

عَلَى كَرِّ الْأَيَّامِ: كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن.

كَرٌّ ج كُرُوْرٌ: ئارغامچا، ئارقان.

كُرٌّ: كىيىم.

كُرٌّ ج كِرَارٌ: قۇدۇق.

كُرَّاثٌ: كۈدە، جۇسەي.

كَرَّازٌ ج كَرَارِيْزُ: قويچى خورجۇنىنى ئارتىپ قويىدىغان قوچقار.

كُرَّاسٌ ج كَرَارِيْسُ. كُرَّاسَةٌ ج كَرَارِيْسُ: مەشىق دەپتىرى، دەپتەر؛ كىتابنىڭ بىر قىسمى؛ نۇسخا، ئۇلگە، ئۆرنەك؛ كىتابچە، رىسالە.

كَرَّامٌ ج كَرَّامُوْنَ: ئۈزۈمچى، ئۈزۈمزار ئىگىسى.

كَرَّةٌ ج كَرَّاتٌ: بىر قېتىم، بىر مەررە، بىر كەررە؛ يۈز مىڭ.

كَرَّةً أُخْرَى: يەنە بىر قېتىم.

كَرَّةً مُضَادَّةً: قايتۇرما ھۇجۇم.

﴿وَقَالَ الَّذِينَ اتَّبَعُواْ لَوْ أَنَّ لَنَا كَرَّةً﴾ ‹قرآن›: ئەگەشكۈچىلەر: «كاشكى (دۇنياغا) قايتىشقا بولسا ئىدى»، دەيدۇ.

أَعَادَ الْكَرَّةَ: قايتۇرما ھۇجۇم قىلدى.

كَرَّرَ يُكَرِّرُ تَكْرَارًا: تەكرارلىدى، قايتىلىدى.

كَرَّرَتْ سُؤَالَهَا عَلَى أُمِّهَا: ئانىسىغا سوئالنى تەكرارلىدى.

كَرَّسَ يُكَرِّسُ تَكْرِيسًا الْبِنَاءَ: بىناغا ئۇل قويدى.

كَرَّسَ الشَّيْءَ: بىر-بىرىنى قوشتى.

كَرَّسَهُ: بەلگىلىدى، بېغىشلىدى.

كَرَّسَ حَيَاتَهُ لِخِدْمَةِ الْعِلْمِ: ھاياتىنى ئىلىمگە بېغىشلىدى.

كَرَّشَ يُكَرِّشُ تَكْرِيشًا وَجْهَهُ: قوشۇمىسىنى تۈردى.

كَرَّصَ يُكَرِّصُ تَكْرِيصًا: ئىرىمچىك يېدى.

كَرَّكَ يُكَرِّكُ تَكْرِيكًا —تِ الدَّجَّاجَةُ: مېكىيان كۈرۈك بولۇپ قالدى.

كَرَّمَ يُكَرِّمُ تَكْرِيمًا: ھۆرمەتلىدى، قەدىرلىدى.

كَرَّمَهُ: ئۇنىڭ قەدىرىگە يەتتى، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەردى، ئۇنى ئەتىۋارلىدى.

كَرَّمَ اللّٰهُ وَجْهَهُ: ئاللاھ ئۇنىڭغا شان-شەرەپ ئاتا قىلسۇن.

﴿وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِي آدَمَ﴾ ‹قرآن›: شەك-شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق.

كَرَّهَ يُكَرِّهُ تَكْرِيهًا: زېرىكتۈردى، بىزار قىلدى.

﴿وَكَرَّهَ إِلَيْكُمُ الْكُفْرَ وَالْفُسُوقَ وَالْعِصْيَانَ﴾ ‹قرآن›: سىلەرگە پىسقنى، كۇفرىنى ۋە گۇناھنى يامان كۆرسەتتى.

كَرَزَ يَكْرِزُ كُرُوزًا: يوشۇرۇندى، كىردى؛ داخىل بولدى.

كَرَزَ إِلَيْهِ: پاناھلىق تىلىدى، مايىل بولدى.

كَرَزٌ: گىلاس، گىلاس دەرىخى.

كُرْزٌ ج أَكْرَازٌ وَ كِرَزَةٌ: پادىچىنىڭ خۇرجۇنى.

كَرَزَةٌ ج كَرَزَاتٌ: بىر تال گىلاس.

كَرْزَمَةٌ: چۈشلۈك تاماق.

كَرْزَنٌ: پالتا، ئايپالتا.

كِرْزِينٌ: پالتا، ئايپالتا.

كَرِسَ يَكْرَسُ كَرَسًا الرَّجُلُ: ئىلىمغا تويتى، ئالىم بولدى.

كَرْسَعَ يُكَرْسِعُ كَرْسَعَةً الرَّجُلُ: قاتىردى، يۈگۈردى.

كَرْسَفَ يُكَرْسِفُ كَرْسَفَةً الدَّابَّةَ: ھايۋانىنىڭ پېيىنى كېسىۋەتتى.

كَرْسَفَ الْجَمَلَ: تۆگىنى چىلىڭ چۈشىۋەتتى.

كُرْسُفٌ: پاختا.

كُرْسُوعٌ ج كَرَاسِيعُ: بېغىش سۆڭىكى.

كُرْسُوعُ الْقَدَمِ: ئوشۇق سۆڭىكى.

كُرْسِيٌّ ج كَرَاسِيٌّ و كَرَاسٍ: ئورۇندۇق.

كُرْسِيٌّ بِمَسَانِدَ: يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق.

كُرْسِيّ الْآدَابِ: ئەدەبىيات كافېدراسى.

كُرْسِيّ الْخِلَافَةِ: خەلىپىلىك تەخت، خەلىپىلىك دۆلەت پايتەختى.

كُرْسِيّ الْمَلِكِ: پادىشاھنىڭ تەختى، پادىشاھلىق ئورۇن.

كُرْسِيّ الْمَمْلَكَةِ: پايتەخت.

أُسْتَاذٌ كُرْسِيٌّ: پروفېسسور.

آيَةُ الْكُرْسِيْ: ئايەتۇلكۇرسى (سۈرە بەقەرەنىڭ 255- ئايىتى).

كُرْسِيّ خَيْزُرَانٍ: بامبۇك چىۋىقتىن توقۇلغان ئورۇندۇق.

كُرْسِيّ اللُّغَةِ الْعَرَبِيَّةِ: ئەرەب تىلى كافېدراسى.

كُرْسِيٌّ مُرِيحٌ: يۇمشاق ئورۇندۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى uyghurkitap.com

كُرْسِيٌّ هَزَّازٌ: ھەرىكەتچان ئورۇندۇق.

كُرْسِيٌّ دَائِرٌ: ئايلىنىدىغان ئورۇندۇق.

كَرِشَ يَكْرَشُ كَرَشًا الْوَجْهُ: يۈز قورۇلدى، قورۇق چۈشتى.

كِرْشٌ ج كُرُوشٌ و أَكْرَاشٌ: كۆشىگۈچى ھايۋانلارنىڭ ئاشقازىنى؛ كىشىنىڭ يېقىنلىرى.

«الْأَنْصَارُ كَرِشِيْ وَ عَيْبَتِيْ» حديث: ئەنسارلار مېنىڭ يېقىنلىرىم ۋە ئىشەنچلىك كىشىلىرىم.

كَرَصَ يَكْرِصُ كَرْصًا الشَّيْءَ: نەرسىنى يانجىدى، قولى بىلەن سىقتى.

كَرَضَ يَكْرُضُ كَرْضًا الشَّيْءَ: توپلىدى، يىغدى، جەملىدى.

كَرَعَ يَكْرَعُ كَرْعًا وَ كُرُوْعًا فِي الْمَاءِ: سۇ ئوتلىدى، ئىچتى.

«كَرَعَ مِنْ مَنَاهِلِ الْعِلْمِ»: ئىلىم بۇلاقلىرىدىن ئىچتى.

كَرَعٌ: ئىچىلىدىغان يامغۇر سۈيى.

رِجَالٌ كَرَعٌ: چاكىنا ئادەملەر.

كَرَفَ يَكْرِفُ كَرْفًا وَ كِرَافًا الشَّيْءَ: نەرسىنى پۇرىدى.

كَرَفَ الْحِمَارُ: ئېشەك تېزەكنى پۇراپ بېشىنى كۆتۈردى، تۇمشۇقىنى ئاسمانغا قىلدى.

كَرْفَأَ يُكَرْفِئُ كَرْفَأَةً الْقَوْمُ: قوۋم ئارىلىشىپ كەتتى.

كَرْفَأَ الشَّعْرُ: چاچ چىگىچلىشىپ كەتتى.

كَرْفَسَ يُكَرْفِسُ كَرْفَسَةً: لەلەڭشىپ ماڭدى، سوزۇلۇپ ماڭدى.

كَرْفَسَ الْحَيْوَانَ: ھايۋاننى چۈشەپ قويدى.

كَرَفْسٌ: چىڭسەي، كەرەپشە.

كُرْكٌ: خورۇم سومكا، خورۇم چاپان.

كُرْكُبَةٌ: قالايمىقانلاشتۇرماق.

كِرْكِةٌ: دىستىللىياتور، دۇملەش قازىنى.

كَرْكَدَّنٌ: كەركىدان.

كَرْكَرَ يُكَرْكِرُ كَرْكَرَةً فِي الضِّحْكِ: قاقاقلاپ كۈلدى.

كَرْكَرَ الْمَاءَ: سۇ شارقىرىدى.

كَرْكَرَ الْأَمْرَ: ئىشنى تەكرارلىدى، قايتىلىدى.

كَرْكَرَ الدَّجَّاجَةُ: توخۇ قاقاقلىدى.

كَرْكَرَ الرَّحَى: تۈگمەننى چۆرگىلەتتى.

كَرْكَرَ الْحِجَارَةَ عَلَى الطَّرِيْقِ: يولغا قايتا تاش ياتقۇزدى.

كَرْكَرٌ: چايكا، بېلىقئالغۇچ.

كَرْكَرَةٌ: قاتتىق كۈلمەك، قاقاقلاپ كۈلمەك.

كَرْكُوبَةٌ ج كَرَاكِيْبُ: كونا ئۆي جاھازلىرى.

كُرْكِيٌّ ج كَرَاكِيُّ: سۇر تۇرنا.

كَرُمَ يَكْرُمُ كَرَمًا وَ كَرَمَةً وَ كَرَامَةً: ئېسىل بولدى، ئالىيجاناب بولدى، قەدىرلىك بولدى.

كَرُمَ الرَّجُلُ: كىشى مەرد بولدى.

كَرُمَ السَّحَابُ: يامغۇر مول ياغدى.

كَرَمٌ: سېخىيلىك، مەردلىك، مەرھەمەت، خەير-ئېھسان.

كَرَمُ الْأَخْلَاقِ: ئەخلاقلىق.

كَرَمُ الْمَحْتِدِ: ئېسىل نەسەبلىك، ساخاۋەتلىك.

أَرْضٌ كَرَمٌ: مۇنبەت يەر.

كَرَمًا: سېخىيلىقتا، مەردلىكتە، شەپقەت قىلىپ، مەرھەمەت يۈزىسىدىن.

كَرْمٌ ج كُرُوْمٌ: باغچە، بوستانلىق، مېۋىلىك باغچە؛ ئۈزۈم.

كَرْمُ الْعِنَبِ: ئۈزۈملۈك، ئۈزۈمزار.

إِبْنَةُ الْكَرْمِ: ئۈزۈم ھارىقى، مۇسەللەس.

زِرَاعَةُ الْكَرْمِ: تال تىكىش، ئۈزۈم قويۇش.

كَرْمَشَ يُكَرْمِشُ كَرْمَشَةً: قوشۇمىسىنى تۈردى، چىرايىنى پۈرۈشتۈردى.

كَرْمَشَةٌ ج كَرَامِشُ: قورۇق، پۈرۈك.

كِرْنَافٌ ج كَرَانِيْفُ: قالدۇق نەرسە، ئاشقان-تاشقان؛ ھارام شاخ.

كِرْنَافُ الْبُنْدُقِيَّةِ: مىلتىق پاينىكى.

**كُرُنْبٌ ، كُرُنَبٌ:** كاللەك سەي، كاپۇستا.

**كَرْنَفَ يُكَرْنِفُ كَرْنَفَةً:** قىرقىدى، پۇتىدى، ياسىدى.

**كَرِهَ يَكْرَهُ كَرْهًا وَ كَرَاهِيَّةً وَ كَرَاهَةً وَ مَكْرَهَةً الشَّيْءَ:** نەرسىنى ياقتۇرمىدى، ياخشى كۆرمىدى، ئۆچ كۆردى، نەپرەتلەندى.

**«إِنِّي أَكْرَهُ مَايَفْعَلُهُ الْمُنَافِقُ»:** ئىككى يۈزلىمچىنىڭ ئىشلىرىنى مەن يامان كۆرىمەن.

**﴿وَاللَّهُ مُتِمُّ نُورِهِ وَلَوْ كَرِهَ الْكَافِرُونَ﴾** «قرآن»: كۇففارلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ئۆزىنىڭ نۇرىنى مۇكەممەل قىلغۇچىدۇر.

**«مَاعَابَ رَسُوْلُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ طَعَامًا إِنْ اشْتَهَاهُ أَكَلَهُ وَإِنْ كَرِهَهُ تَرَكَهُ»** «حديث»: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچقاچان تاماقنى كەمسىتمىگەنىدى، كۆڭلى تارتسا يەيتتى، كۆڭلى تارتمىسا قويۇپ قوياتتى.

**كَرُهَ يَكْرُهُ كَرَاهَةً وَ كَرَاهِيَّةً:** يىرىكسىشلىك بولدى، يامان بولدى، قەبىھ بولدى، مەكرۇھ بولدى.

**كَرُهَتْ رَائِحَةُ الْقَنَوَاتِ:** قاناللار سېسىق پۇرىدى.

**كُرْهٌ:** يامان كۆرمەك، ئۆچ كۆرمەك، يىرگەنمەك.

**طَوْعًا أَوْ كُرْهًا:** خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن.

**كُرْهًا عَلَى كُرْهٍ:** مەجبۇرىي، زورلۇق بىلەن.

**﴿وَوَصَّيْنَا الْإِنْسَانَ بِوَالِدَيْهِ إِحْسَاناً حَمَلَتْهُ أُمُّهُ كُرْهاً وَوَضَعَتْهُ كُرْهاً﴾** «قرآن»: بىز ئىنسانىنى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىدۇق، ئىنسانىنى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى.

**«قَامَ بِهَذَا الْعَمَلِ عَلَى كُرْهٍ مِنْهُ»:** ئۇ بۇ ئىشنى مەجبۇرەن قىلدى.

**كَرْهٌ:** ئۆچ كۆرمەك، يىرگەنمەك، مۇشەققەت، قىيىنچىلىق.

**كَرِهٌ:** يىرگىنىچلىك، يىرىكسىشلىك، قەبىھ، يېقىمسىز.

**كَرَوَانٌ ج كِرْوَانٌ وَ كَرَاوِيْنُ:** لايخورەك.

**كَرْوَسَةٌ ج كَرْوَسَاتٌ:** ھارۋا.

**كَرَوْيَا ، كَرَوْيَاءٌ:** ئارپىبەدىيان.

**كُرَوِيٌّ:** يۇمىلاق.

**جِسْمٌ كُرَوِيٌّ:** يۇمىلاق جىسىم.

**كُرَوِيَّةٌ:** شارسىمان، شار شەكىللىك.

**الْأَرْضُ كُرَوِيَّةٌ:** زېمىن يۇمىلاقتۇر.

**كَرَى يَكْرِي كَرْيًا:** يۈگۈردى، چاپتى.

**كَرَى الْأَرْضَ:** يەرنى كولىدى، قازدى.

**كَرَى الشَّيْءَ:** نەرسىنى يۇمىلاقلىدى.

**كَرِيَ يَكْرَى كَرَى الرَّجُلُ:** كىشى ئۇخلىدى.

**كَرًى:** ئۇيقۇ، ئۇخلىماق.

**«مَا ذُقْتُ طَعْمَ الْكَرَى مَوْلاَيَ مُذْ أَمَدٍ إِلَى لِقَائِكَ تَوَّاقًا وَتَحْنَانًا»:** ئى بۇرادەر خېلىدىن بېرى سىلى بىلەن دىدارلىشىشنى ئويلاپ، سىلىنى سېغىنىپ، كۆرۈشكۈم كېلىپ، ئۇيقۇنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىدىم.

**كَرِيْثٌ:** بالايىئاپەت، پاجىئە.

**كَرِيْزٌ:** پىشلاق.

**كُرَيْزٌ:** گىلاس.

**كُرَيْصٌ:** ئىرىمچىك، قۇرۇت.

**كَرِيْمٌ ج كِرَامٌ وَ كُرَمَاءُ م كَرِيْمَةٌ ج كَرِيْمَاتٌ و كَرَائِمُ:** مەرد، سېخىي، شەپقەتلىك، ئېسىل، ئالىيجاناب، قىزغىن، سەمىمىي.

**كَرِيْمُ الْأَخْلَاقِ:** پاك، ئەخلاقلىق.

**كَرِيْمُ الْأَصْلِ:** ئاقسۆڭەك، ئېسىلزادە.

**كَرِيْمُ الْعَيْنِ:** يەكچەشمە.

**كَرِيْمُ النَّفْسِ:** ئالىيجاناب، يۇقىرى مەرتىۋىلىك.

**جَوَادٌ كَرِيْمٌ:** ساپ نەسىللىك يورغا ئات.

**دَمٌ كَرِيْمٌ:** كېلىپ چىقىشى ئېسىل.

**حَجَرٌ كَرِيْمٌ:** گۆھەر، ياقۇت، ئېسىل تاش.

**حِصَانٌ كَرِيْمٌ:** نەسىللىك ئات، تۇلپار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مَعْدَنٌ كَرِيمٌ: قىممەتلىك مېتال.

وَجْهٌ كَرِيمٌ: گۈزەل چىراي.

اَلْقَارِئُ الْكَرِيمُ: قەدىرلىك كىتابخان، ھۆرمەتلىك ئوقۇغۇچى.

عِشْ عَزِيزًا أَوْ مُتْ كَرِيمًا: ئىززەت بىلەن ياشا ياكى مەردلىك بىلەن ئۆل.

وَصَلَنِي خِطَابُكَ الْكَرِيمُ: قىممەتلىك خېتىڭىز ماڭا تەگدى.

اَلْكَرِيمُ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ، «كۆپ ئاتا قىلغۇچى، ئاتاسى تۈگىمەيدىغان ئاللاھ»، دېگەن مەنىدە.

﴿مَا غَرَّكَ بِرَبِّكَ الْكَرِيمِ﴾ «قرآن»: سېنى كۆپ ئاتا قىلغۇچى پەرۋەردىگارىڭغا ئاسىيلىق قىلىشقا نېمە ئالدىدى؟

كَرِيمَةُ الرَّجُلِ: كىشىنىڭ قىزى.

عَقَدَ الْأَبُ قِرَانَ كَرِيمَتِهِ: ئاتا قىزىنى ياتلىق قىلدى.

اَلْكَرِيمَتَانِ: بىر جۈپ كۆز.

«لَمْ يَقْرَأِ الْمَوْضُوعَ بِإِمْعَانٍ بَلْ مَرَّ عَلَيْهِ مُرُورَ الْكِرَامِ»: ماۋزۇنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇماي، بەلكى كۆز يۈگۈرتۈپلا چىقتى.

كَرَائِمُ السَّيِّدَاتِ: ھۆرمەتلىك خانىملار.

كَرَائِمُ الْمَالِ: مالنىڭ ئېسىللىرى، ياخشىلىرى.

كِرِيمٌ: يۈز مېيى.

كِرِيمَةٌ: مارۇژنى.

كَرِيهٌ: يىرگىنىچلىك، زېرىكىشلىك، قەبىھ.

كَرِيهُ الْمَنْظَرِ: كۆرۈمسىز، بەتبەشىرە.

كَرِيهُ الرَّائِحَةِ: سېسىق، بەتبۇي.

كَرِيهُ الطَّعْمِ: تەمسىز، لاۋزا.

كَرِيهَةٌ ج كَرَائِهُ: بەختسىزلىك، ئاپەت، كۈلپەت؛ ئۇرۇش، جەڭ.

رَائِحَةٌ كَرِيهَةٌ: يېقىمسىز پۇراق.

شَهِدْتُ الْكَرِيهَةَ: جەڭگە قاتناشتىم.

كُرَيَّةٌ ج كُرَيَّاتٌ: كىچىك شار.

كُرَيَّاتُ الدَّمِ الْحَمْرَاءِ: قىزىل قان دانچىلىرى.

كَزَّازٌ: تىترىمەك، بەزگەك.

كَزَازَةٌ: يىرىك، قاتتىق، قوپال.

كَزَازَةُ الْيَدِ: بېخىللىق قىلماق، پىخسىقلىق قىلماق.

كُزْبَرَةٌ/كُزْبُرَةٌ: يۇمغاقسۇت، ئاشكۆكى.

كَزَّ يَكُزُّ كَزًّا الشَّيْءَ: تارايتتى، قىسقارتتى، قورۇدى.

كَزٌّ ج كُزٌّ: قۇرۇپ قالغان، قورۇلۇپ قالغان، قەبىھ، سەت.

كَزُّ الْيَدَيْنِ: بېخىل، پىخسىق.

كُزٌّ: تىترىمەك، بەزگەك.

كَزَزٌ: بېخىللىق، پىخسىقلىق.

كُزَازٌ: تىترىمەك، بەزگەك.

كَزْلَكٌ ج كَزَالِكُ: پىچاق، بەكە، قەلەمتىراش.

كَزَمٌ: قورقۇنچاق.

كَسَا يَكْسُو كَسْوًا ـ ه: كىيىم كىيگۈزدى.

يَكْسُو الْعِلْمُ الرَّجُلَ هَيْبَةً: بىلىم كىشىنى سۈرلۈك كۆرسىتىدۇ.

﴿فَكَسَوْنَا الْعِظَامَ لَحْمًا﴾ «قرآن»: ئاندىن سۆڭەككە گۆش قوندۇردۇق.

كَسَاهُ شِعْرًا: ئۇنى شېئىر يېزىپ مەدھىيىلىدى.

كَسَا حَدِيثَهُ مَلْحًا: يۇمۇرلۇق سۆزلىدى.

كِسَاءٌ ج أَكْسِيَةٌ: كىيىم.

اَلْغِذَاءُ وَالْكِسَاءُ: ئوزۇق-تۈلۈك ۋە كىيىم-كېچەك.

كَسَاءٌ: شان-شەرەپ.

كُسَاحٌ: پالەچلىك.

كُسَاحُ الْأَطْفَالِ: راخىت، كىچىك باللارنىڭ سۆڭەك قاتماسلىق كېسىلى.

كُسَاحَةٌ: ئەخلەت، سۈپۈرۈندە.

كَسَادٌ: كاسات، كاساتلىق.

كَسَادٌ عَالَمِيٌّ: دۇنياۋى ئىقتىسادىي كرىزىس.

﴿وَتِجَارَةٌ تَخْشَوْنَ كَسَادَهَا﴾ «قرآن»: ئاقماي

قېلىشتىن قورققان ئىجارىتىڭلار.

كُسَارٌ، كُسَارَةٌ: پارچە، سۇنۇق.

كَسَأَ يَكْسَأُ كَسْأً الدَّابَّةَ: ئۇلاغنى ھەيدىدى.

كَسَأَ الْقَوْمَ: قوۋمنى يەڭدى، غالىب كەلدى.

كَسَأَهُ بِالسَّيْفِ: ئۇنى قىلىچ بىلەن چاپتى.

كُسْءٌ ج أَكْسَاءٌ: نەرسىنىڭ قۇيرۇق قىسمى.

كَسَبَ يَكْسِبُ كَسْبًا مَالًا: مالغا ئېرىشتى، پايدىغا ئېرىشتى، قولغا كەلتۈردى، ھاسىل قىلدى.

﴿كُلُّ امْرِئٍ بِمَا كَسَبَ رَهِينٌ﴾ «قرآن»: ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا مەسئۇلدۇر.

كَسَبَ رِزْقَهُ: رىزقىنى تېپىپ يېدى.

كَسَبْنَا الْمَعْرَكَةَ: ئۇرۇشتا ئۇتتۇق.

كَسَبْتُ الدَّعْوَى: داۋادا ئۇتتۇم.

يَكْسِبُ صَدَاقَةَ الْآخَرِينَ: باشقىلارنىڭ دوستلۇقىنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

كَسَبُوا مَالًا وَفِيرًا: ئۇلار كۆپ مالغا ئېرىشتى.

«يُرِيدُ أَنْ يَكْسِبَ الْوَقْتَ لِلتَّفْكِيرِ فِي الْأَمْرِ»: ئويلىنىۋېلىشقا ۋاقىت چىقارماقچى بولۇۋاتىدۇ.

كَسَبَ الْإِثْمَ: گۇناھنى ئۈستىگە ئالدى.

﴿وَمَنْ يَكْسِبْ خَطِيئَةً أَوْ إِثْماً ثُمَّ يَرْمِ بِهِ بَرِيئاً فَقَدِ احْتَمَلَ بُهْتَاناً وَإِثْماً مُّبِيناً﴾ «قرآن»: كىمكى بىر كىچىك گۇناھ ياكى بىر چوڭ گۇناھ قىلىپ قويۇپ، ئۇنى بىگۇناھ ئادەمگە چاپلىسا، ئۇ شۇ بوھتاننى ۋە ئوپئوچۇق بىر گۇناھنى ئۆزىگە يۈكلىۋالىدۇ.

كَسْبٌ: قولغا كەلتۈرمەك، ئېرىشمەك، ھاسىل قىلماق، قازانماق.

كَسْبُ الْقُوَى الْمُتَوَسِّطَةِ: ئوتتۇرىدىكى كۈچلەرنى قولغا كەلتۈرمەك.

«سَافَرَ إِلَى الْخَارِجِ بِقَصْدِ الْكَسْبِ»: كەسىپ قىلىش مەقسىتىدە سەپەرگە چىقتى.

«سَعَى إِلَى كَسْبِ الْمُبَادَرَةِ بِقَدْرِ الْمُسْتَطَاعِ»: مۇمكىنقەدەر تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى.

كُسْبُرَةٌ: يۇمغاقسۈت، ئاشكۆكى.

كُسْتَاكٌ: سائەت زەنجىرى.

كَسَحَ يَكْسَحُ كَسْحًا الْبَيْتَ: ئۆينى سۈپۈردى.

كَسَحَ الْبِئْرَ: قۇدۇقنىڭ سۈيىنى تارتىپ چىقىرىۋەتتى.

كَسَحَهُ مِنَ الْوُجُودِ: ئۇنى يوقاتتى، تۈگەتتى.

كَسَحَ الشَّيْءَ: نەرسىنى ئۈزۈۋەتتى، كېسىۋەتتى.

كَسَحَ مِنْ مَالِهِ: مېلىدىن ئالدى.

كَسِحَ يَكْسَحُ كَسَحًا الرَّجُلُ: پالەچ بولۇپ قالدى، بىر پۇتى تارتىشىپ ئاقساپ ماڭدى.

كَسَحٌ: پالەچلىك.

كُسَاحٌ: راخىت كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچى.

كَسَدَ يَكْسُدُ كَسَادًا وَ كُسُودًا الشَّيْءُ: كاساتلاشتى، راۋاج تاپمىدى.

كَسَدَتِ السِّلْعَةُ: مال كاساتلاشتى، پاخاللاشتى.

كَسَدَ السُّوقُ: بازار كاساتلاشتى.

كَسَرَ يَكْسِرُ كَسْرًا: سۇندۇردى، ئۇشتۇدى، ئاجراتتى.

كَسَرَ الْوَصِيَّةَ: ۋەسىيەتكە خىلاپلىق قىلدى.

كَسَرَ التَّاجِرَ: سودىگەرنى ۋەيران قىلدى.

كَسَرَ الْجَيْشَ: قوشۇننى مەغلۇپ قىلدى.

كَسَرَ الْعَطَشَ: ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇردى.

كَسَرَ حِدَّتَهُ: ھەيۋىسىنى سۇندۇردى.

كَسَرَ رِيقَهُ: ئىشتىھاسىنى باستى.

كَسَرَ رَقَبَتَهُ: بويىنىنى سوزدى، بويىنىنى قايرىدى.

كَسَرَ قَلْبَهُ: ئۈمىدسىزلەندۈردى.

كَسَرَ شَرَفَهُ: ئابرۇيىنى تۆكتى.

كَسَرَ شَوْكَةَ الْغَضَبِ: ھەيۋىسىنى سۇندۇردى.

كَسَرَهُ عَنْ مُرَادِهِ: ئۇنى بۇرۇۋەتتى.

كَسَرَ الصَّمْتَ: جىمجىتلىقنى بۇزدى.

www.uyghurkitap.com

كَسْرٌ: سۇندۇرماق، ئۇشتۇماق، بۇزماق، زىيان يەتكۈزمەك، خىلاپلىق قىلماق.

سَهْلُ الْكَسْرِ: ئاسان سۇنىدىغان.

كَسْرٌ إِعْتِيَادِيٌّ: ئاددىي كەسىر.

كَسْرٌ حَقِيقِيٌّ: توغرا كەسىر.

كَسْرٌ مُرَكَّبٌ: مۇرەككەپ كەسىر.

كَسْرٌ ج أَكْسَارٌ و كُسُورٌ: ئۆينىڭ بۇلۇڭى، پارچە.

قَعَدَ فِي كَسْرِ بَيْتِهِ: ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدا ئولتۇردى.

كَسْرَةٌ ج كَسَرَاتٌ: مەغلۇبىيەت، يېڭىلىش، ئۇتتۇرۇش.

وَقَعَتْ عَلَيْهِمُ الْكَسْرَةُ: ئۇلار مەغلۇپ بولدى.

كِسْرَةٌ ج كِسَرٌ: پارچە، ئۇۋاق، سۇنۇق، ئۇزۇندە.

كِسْرَى ج أَكَاسِرَةٌ: كىسرا (قەدىمكى ئىران پادىشاھلىرىنىڭ ھۆرمەت نامى).

كَسَّ يَكُسُّ كَسًّا الشَّيْءَ: يانجىپ تالقان قىلىۋەتتى.

كُسٌّ ج أَكْسَاسٌ: جىنسىي يول ئېغىزى (ئاياللارنىڭ).

كَسَّبَ يُكَسِّبُ تَكْسِيبًا الرَّجُلَ: ئېرىشتۈردى.

كَسَّبَهُ مَالًا كَثِيرًا: ئۇنى كۆپ مال-مۈلۈككە ئېرىشتۈردى.

كَسَّبَ حَقًّا: ھوقۇققا ئېرىشتۈردى.

كَسَّحَ يُكَسِّحُ تَكْسِيحًا: پالەچ قىلىپ قويدى، ئاقسىتىپ قويدى.

كَسَّرَ يُكَسِّرُ تَكْسِيرًا الشَّيْءَ: نەرسىنى پارچە-پارچە قىلىۋەتتى.

كَسَّرَ الْإِضْرَابَ: ئىش تاشلاشنى بىكار قىلدى.

كَسَّرَ زُجَاجَ النَّافِذَةِ: دېرىزىنىڭ ئەينىكىنى چېقىۋەتتى.

كَسَعَ يَكْسَعُ كَسْعًا السَّفِينَةَ فِي الْبَحْرِ: دېڭىزدا كېمىنى ئىتتىرىپ ماڭغۇزدى.

كَسَعَ فُلَانًا بِمَا سَاءَهُ: يامان گەپ قىلىپ كىشىگە ئازار بەردى.

كَسَعَهُ بَكَذَا: ئۇنىڭغا ئەگەشتۇردى.

كُسْعَةٌ ج كُسَعٌ: قاشقا، قۇشنىڭ قۇيرۇقى ئاستىدىكى ئاق پەي؛ ئېشەك؛ قۇل؛ ئۇۋاق نان؛ ئىشلىتىلىدىغان كالا.

كَسَفَ يَكْسِفُ كُسُوفًا وَجْهُهُ: چىرايى ئۆزگەردى، تۇتۇلدى.

كَسَفَ أَمَلُهُ: ئۈمىدى ئۈزۈلدى.

كَسَفَتِ الشَّمْسُ: كۈن تۇتۇلدى.

كَسَفَتْ حَالُهُ: ئۇنىڭ ئەھۋالى يامانلاشتى.

كِسْفَةٌ ج كِسَفٌ وَ أَكْسَافٌ وَ كُسُوفٌ: پارچە، بۆلەك.

﴿وَإِن يَرَوْا كِسفاً مِّنَ السَّمَاءِ﴾ «قرآن»: ئەگەر ئۇلار ئاسماننىڭ بىر پارچىسى چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرسە....

كَسْكَسَ يُكَسْكِسُ كَسْكَسَةً الشَّيْءَ: نەرسىنى كۇكۇم-تالقان قىلىۋەتتى، ئۇۋىتىۋەتتى.

كِسْكِسْ: نېرى تۇر.

كَسْكَسَةٌ: چېكىنمەك، ئارقىغا قايتماق، داجىماق.

كَسِلَ يَكْسَلُ كَسَلًا: ھورۇنلۇق قىلدى، بوشاپ كەتتى، بوشاڭلىق قىلدى.

كَسِلَ التِّلْمِيذُ فَلَمْ يَكْتُبْ تَمَارِينَهُ: شاگىرت بوشاڭلىق قىلىپ تاپشۇرۇقنى يازمىدى.

كَسَلٌ: ھورۇنلۇق، ئەزمىلىك، ياللاۋلۇق.

كَسِلٌ. كَسْلَانُ ج كُسَالَى وَ كَسْلَى م كَسِيلَةٌ وَكَسْلَانَةٌ وَ كُسْلَى: ھورۇن، ئىشياقماس، ياللاۋ، ئېرىنچەك، بوشاڭ، ئېزىلەڭگۈ.

﴿وَإِذَا قَامُواْ إِلَى الصَّلاَةِ قَامُواْ كُسَالَى﴾ «قرآن»: ئۇلار ناماز ئۇچۇن تۇرغاندا خۇشياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ.

«دُمْ قُرَّةَ الْعَيْنِ سَبَّاقًا إِلَى دُرَجِ الْـ عُلُومِ سَعْيًا إِلَيْهَا غَيْرَ كَسْلَانِ»: ئى كۆزۈمنىڭ نۇرى (ئەزىزىم) كۈنسايىن تىرىشقىن، ئىلىم - مەرىپەت چوققىسىغا ئۆرلە، ھورۇنلۇق قىلما.

اَلْكَسْلَانُ لَايَذُوقُ طَعْمَ السَّعَادَةِ: ھورۇن بەختنىڭ تەمىنى تېتىيالمايدۇ.

كَسَمَ يَكْسِمُ كَسْمًا عَلَى عِيَالِهِ: ئائىلىسىنى بېقىش ئۈچۈن جاپا چەكتى.

كُسْوَةٌ ، كِسْوَةٌ ج كُسًى وَ كِسَاوٌ: كىيىم، كىيىم-كېچەك؛ يوپۇق.

كِسْوَةٌ رَسْمِيَّةٌ: ھەربىيچە كىيىم، ھەربىي فورما.

كِسْوَةُ الْكَعْبَةِ: كەئبىنىڭ يوپۇقى.

﴿وَعلَى الْمَوْلُودِ لَهُ رِزْقُهُنَّ وَكِسْوَتُهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ﴾ «قرآن»: ئاتىلار ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك.

لَبِسَ كُسْوَةً زَرْقَاءَ جَمِيْلَةً: چىرايلىق كۆك تون كىيدى.

اَلْكِسْوَةُ الشَّرِيْفَةُ: بەيتۇللاھنىڭ يوپۇقى بولۇپ، ھەر يىلى يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ.

كُسُوفٌ: كۈن تۇتۇلۇش.

كُسُوفٌ جُزْئِيٌّ: كۈننىڭ يېرىم تۇتۇلۇشى.

كُسُوفٌ كُلِّيٌّ: كۈننىڭ پۈتۈن تۇتۇلۇشى.

كَسُولٌ: ھورۇن، ئىشياقماس، يالقاۋ، ئېرىنچەك، بوشاڭ.

لَنْ يَنْجَحَ الْكَسُولُ: ھورۇن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ.

كَسِيَ يَكْسَى كَسْيًا الثَّوْبَ: كىيىم كىيدى.

كُسًى ج أَكْسَاءٌ: قۇيرۇق، كاسا.

رَكِبَ أَكْسَاءَهُ: ئوكدىسىغا چۈشتى.

كَسِيبٌ: قولغا كەلتۈرگۈچى، ھاسىل قىلغۇچى.

كَسِيحٌ . كُسَيْحٌ: راخىت كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچى.

كَسِيدٌ: كاساتلاشقان، كاسات.

كَسِيرٌ ج كَسْرَى وَ كَسَارَى: چېقىلغان، پاچاقلانغان، سۇندۇرۇلغان، گۇمران قىلىنغان، بۇزۇلغان.

كَسِيْرُ الْخَاطِرِ: بېشى چۈشۈپ كەتكەن، روھى چۈشكۈن، ئۈمىدسىز.

كَسِيْرُ الْقَلْبِ: ئەلەملىك، ئېچىنىشلىق، قايغۇلۇق، كۆڭلى زەدە.

عَظْمٌ كَسِيْرٌ: سۇنغان سۆڭەك.

جُنْدِيٌّ كَسِيْرٌ: مەغلۇپ بولغان قوشۇن.

كَشَا يَكْشُو كَشْوًا الشَّيْءَ: چىشلەپ يۇلۇۋالدى.

كُشَاحٌ: بىقىن ئاغرىش.

كُشَاحَةٌ: ئاداۋەت، ئاداۋەت ساقلاش.

كِشَافَةٌ: تەكشۈرمەك، چارلىماق، ئىزدىرىپ تەكشۈرمەك؛ رازۋېدكىچىلىك.

كَشَأَ يَكْشَأُ كَشْأً اللَّحْمَ: گۆشنى قاقلاپ پىشۇردى.

كَشَأَ الطَّعَامَ: تاماقنى ئالدىنقى چىش بىلەن يېدى.

كَشَأَ الشَّيْءَ: نەرسىنى سويدى.

كُشَأَةٌ: ئەيىب، نۇقسان.

مَا فِي جَسَدِهِ كُشَأَةٌ: ئۇنىڭ بەدىنىدە ئەيىب يوق.

كُشْبَانٌ/كُشْتِبَانٌ: ئويماق (تىككۈچىنىڭ).

كَشَحَ يَكْشَحُ كَشْحًا: قوغلىۋەتتى، ھەيدىۋەتتى.

كَشَحَ الْقَوْمَ: قوۋمنى تارقىتىۋەتتى.

كَشَحَ لَهُ: ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك بىلەن قارىدى، ئۆچمەنلىك بىلەن قارىدى.

كَشَحَ الظَّلَامُ: قاراڭغۇلۇق كۆتۈرۈلدى.

كَشِحَ يَكْشَحُ كَشَحًا: ئاغرىپ قالدى، زاتىلجەم كېسىلى بولۇپ قالدى.

كَشْحٌ ج كُشُوحٌ: بىقىن.

طَوَى كَشْحَهُ عَلَى الْأَمْرِ: ئىشنى داۋاملاشتۇردى.

كَشَدَ يَكْشِدُ كَشْدًا الشَّيْءَ: چىشلەپ ئۈزۈۋالدى.

كَشَدَ النَّاقَةَ: تۆگىنى ئۈچ بارمىقى بىلەن ساغدى.

كَشَدٌ: تىرىكچىلىك ئۈچۈن جاپالىق ئىشلىگۈچى.

كِشْدَةٌ: سېرىقماي.

كَشَرَ يَكْشِرُ كَشْرًا عَنْ أَسْنَانِهِ: چىشىنى كۆرسەتتى، چىشىنىڭ ئېقىنى چىقاردى، ھىجايدى.

www.uyghurkitap.com

كَشَرَ السَّبُعُ عَنْ نَابِهِ: يىرتقۇچ ھايۋان خىرىس قىلدى.

كَشَرَ فِي وَجْهِهِ: ھومىيىپ قارىدى.

كَشِرَ يَكْشَرُ كَشَرًا: قاچتى.

كَشْرٌ: قۇرۇق نان.

كَشَرٌ: مېۋىسى يېپىلىپ كەتكەن قۇرۇق ساپاق.

كَشْرَةٌ: ھىجايماق.

كَشَّ يَكِشُّ كَشًّا وَكَشِيشًا الثُّعْبَانُ: يىلان كۇشۇلدىدى، شىرىلدىدى.

كَشَّاشٌ: قوغلىغۇچى، قوغلاپ چىقارغۇچى.

كَشَّاشُ الْحَمَامِ: كەپتەرۋاز.

كَشَّافٌ ج كَشَّافَةٌ: پاش قىلغۇچى، ئاشكارا قىلغۇچى؛ بايقىغۇچى، رازۋېدكا قىسىم؛ تاموژنا؛ ۋاكالىتەن باشقۇرغۇچى.

الْفِتْيَانُ الْكَشَّافَةُ ـ الشُّبَّانُ الْكَشَّافَةُ: ئىزچىلار.

كُشَّةٌ: ماكلاي چاچ، سېپكىلەك چاچ؛ چار بازارچىلىق، بازارمۇ بازار يۈرۈپ تىجارەت قىلىش، سەييارە سودىگەرچىلىك.

كَشَّحَ يُكَشِّحُ تَكْشِيحًا الْعُودَ: ياغاچنى ئاقلىدى.

كَشَّحَ الْجَمَلَ: تۆگىنىڭ بىقىنىغا ئەن سالدى.

كَشَطَ يَكْشِطُ كَشْطًا: سويدى، قىردى.

كَشَطَ الْجِلْدَ عَنِ الذَّبِيحَةِ: قوينى سويدى.

كَشَطَ الْكِتَابَةَ: يېزىقنى ئۆچۈرۈۋەتتى، سۈرتىۋەتتى.

كَشَعَ يَكْشَعُ كَشْعًا الْقَوْمُ: قوۋم كەتتى، باردى.

كَشِعَ يَكْشَعُ كَشَعًا: زېرىكتى.

كَشَفَ يَكْشِفُ كَشْفًا: ئاچتى، كەشىپ قىلدى، ئاشكارىلىدى.

كَشَفَ عَنِ الشَّيْءِ: پاش قىلدى.

كَشَفَهُ: ئېچىپ تاشلىدى.

كَشَفَ اللّٰهُ هَمَّهُ: ئاللاھ ئۇنىڭ غەم-قايغۇسىنى كۆتۈرۈۋەتتى.

كَشَفَتِ النِّقَابَ عَنْ وَجْهِهَا: يۈزىنى ئېچىۋەتتى، چۈمبىلىنى ئېلىۋەتتى.

﴿رَبَّنَا اكْشِفْ عَنَّا الْعَذَابَ إِنَّا مُؤْمِنُونَ﴾ «قرآن»: پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئازابنى كۆتۈرۈۋەتكىن، بىز ھەقىقەتەن ئىمان كەلتۈرگۈچىمىز.

«كَشَفَتِ الْحَرْبُ عَنْ سَاقِهَا»: ئۇرۇش ئەۋجىگە چىقتى.

كَشْفٌ: ئاچماق، پاش قىلماق، ئاشكارىلىماق، ئىلھام بىلەن بىلمەك؛ ئىجاد قىلماق، كەشىپ قىلماق.

أَهْلُ الْكَشْفِ: ئالدىدىن ئېيتىپ بەرگۈچى، كارامەت قىلغۇچى.

كَشْفُ الْحِجَابِ: يوپۇق ئاچماق.

كَشْفٌ ج كُشُوفٌ: تىزىم، تىزىملىك، يوقلىما، جەدۋەل؛ ئۆلگە، نەمۇنە.

كُشُوفٌ إِنْتِخَابِيَّةٌ: سايلىغۇچىلار تىزىملىكى.

كَشْفِيٌّ: تەتقىقاتقا مەنسۇپ، ئىزدىنىشكە ئائىت.

بِعْثَةٌ كَشْفِيَّةٌ: تەكشۈرۈش گورۇپپىسى، چارلاش ئەترىتى.

كُشْكٌ ج أَكْشَاكٌ: بوتكا.

كُشْكُ الصُّحُفِ: گېزىت-ژۇرنال بوتكىسى.

كُشْكُ الْهَاتِفِ: تېلېفون بوتكىسى.

كُشْكُ الْمُرُورِ: قاتناش ساقچىسى قاراۋۇلخانىسى.

كُشْكُ الدِّيْدَبَانِ: قاراۋۇلخانا، قاراۋۇل پونكىتى.

كُشْكُ الْإِشَارَاتِ (فِي سِكَّةِ الْحَدِيدِ): سىگنال پونكىتى.

كَشْكَشَ يُكَشْكِشُ كَشْكَشَةً: قاچتى، قېچىپ كەتتى؛ شىلدىرلىدى.

كَشْكُولٌ ج كَشَاكِلُ: تىلەمچىنىڭ خالتىسى، مەشىق دەپتىرى، گېزىتتىكى مۇھىم خەۋەرلەر.

كَشَمَ يَكْشُمُ كَشْمًا الْأَنْفَ: بۇرۇننى كېسىۋەتتى.

كَشْمِيْرٌ: كەشمىر، ئېسىل يۇڭ، يىپەك.

شَالٌ كَشْمِيْرٌ: يۇڭ-يىپەك، رومال، كەشمىر ياغلىق.

كَشُوْدٌ ج كُشُدٌ: تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن جاپا چېكىپ ئىشلىگۈچى.

كَشِيْفٌ: ئېچىلغان، ئوچۇق، يالىڭاچ.

كُظْرٌ ج كِظَارٌ: بۆرەك مېيى.

كُظْرِيٌّ: بۆرەك ئۈتى، بۆرەك ئۈتىنىڭ، بۆرەك ئۈستىدىكى.

الْغُدَّةُ الْكُظْرِيَّةُ: بۆرەك ئۈتى بېزى.

كَظَّ يَكِظُّ كَظًّا الطَّعَامُ فُلَانًا: قورسىقى ئېسىلىپ كەتتى.

كَظَّ يَكُظُّ كَظَاظًا وَ كَظَاظَةً الْأَمْرُ فُلَانًا: پالاننى قايغۇرتتى، ھەسرەت چەكتۈردى، ھەسرەتتە قويدى، ئەلەم قىلدى، غەم-قايغۇغا دۇچار قىلدى.

كِظَّةٌ: ئىچ-باغرى؛ كۆپمەك.

كَظَمَ يَكْظَمُ كَظْمًا الْبَابَ: ئىشىكنى تاقىدى، ئەتتى، قۇلۇپلىدى.

كَظَمَ النَّهْرَ: ئېرىقنى تىندۇردى، توسۇدى.

كَظَمَ الشَّيْءَ: نەرسىنى توسۇدى.

كَظَمَ يَكْظِمُ كَظْمًا وَ كُظُوْمًا غَيْظَهُ: ئاچچىقىنى يۇتتى.

«إِذَا تَثَاءَبَ أَحَدُكُمْ فَلْيَكْظِمْ مَا اسْتَطَاعَ» ‹حديث›: سىلەر بىرىڭلار ئەسنىگەن چاغدا مۇمكىنقەدەر قايتۇرسۇن.

كَظِيْظٌ: قورسىقى ئېسىلىپ كەتكەن، غەزەپلەنگەن، ئاچچىقلانغان، قىستاڭچىلىق.

كَظِيْمٌ: غەمكىن، قايغۇلۇق، ئىچى سىقىلغان.

﴿وَابْيَضَّتْ عَيْنَاهُ مِنَ الْحُزْنِ فَهُوَ كَظِيمٌ﴾ ‹قرآن›: قايغۇدىن (كۆپ يىغلاپ) ئىككى كۆزى ئاقىرىپ كەتتى، ئۇ تولۇپ تاشقان غەزىپىنى ئىچىگە يۇتقاندى.

كَظِيْمَةٌ ج كَظَائِمُ: تېرموس، چايدان.

كَعَا يَكْعُوْ كَعْوًا: قورقۇنچاقلىق قىلدى.

كَعَبَ يَكْعَبُ كُعُبًا الثَّدْيُ: كۆكسى كۆتۈرۈلدى، تومپىيىپ چىقتى.

كَعْبٌ ج كُعُوْبٌ: بوغۇم، ئۇگە؛ (قومۇش قاتارلىقلارنىڭ).

عُلُوُّ الْكَعْبِ: شەرەپ، ئابروي.

كَعْبٌ ج كُعْبٌ وَ كِعَابٌ: 4 كۇادراتلىق.

كَعْبُ النَّرْدِ: شىشخال.

كَعْبٌ ج كِعَابٌ وَ كُعُوْبٌ وَ أَكْعُبٌ: ئوشۇق.

﴿وَامْسَحُواْ بِرُؤُوسِكُمْ وَأَرْجُلَكُمْ إِلَى الْكَعْبَينِ﴾ ‹قرآن›: بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار.

«مَاأَسْفَلَ مِنَ الْكَعْبَيْنِ مِنَ الْإِزَارِ فَفِي النَّارِ» ‹حديث›: ئىشتاننىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى ئوشۇقتىن ئېشىپ كەتسە، ئوشۇقنىڭ تۆۋىنى دوزاختا ئازابلىنىدۇ.

كَعْبَةٌ ج كِعَابٌ وَ كَعْبَاتٌ: كەئبە (مەككە مۇكەررەمەدىكى بەيتۇللاھ).

كَعْبَةُ الْآمَالِ: ئارزۇ-ئۈمىدىتىكى نىشان، ئارزۇ-ئۈمىد كەئبىسى.

﴿جَعَلَ اللّهُ الْكَعْبَةَ الْبَيْتَ الْحَرَامَ قِيَاماً لِّلنَّاسِ﴾ ‹قرآن›: ئاللاھ بەيتۇلھەرام بولغان كەئبىنى ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنىڭ تۈتقۇسى قىلدى.

كُعْبَةٌ: قىزلىق، قىزلىق پەردە.

كُعْبُرَةٌ ج كَعَابِرُ: تۈگۈن؛ بوغۇم، ئۇگە.

كُعْبُرِيٌّ: يان بۆلەك سۆڭەكنىڭ.

كُعْبُوْرَةٌ ج كَعَابِيْرُ: تۈگۈن؛ بوغۇم، ئۇگە.

كَعْتٌ م كَعْتَةٌ: توم قىسقا.

كُعْتَةٌ: شېشىنىڭ ئېغىزى.

كَعَرَ يَكْعَرُ كَعَرًا فُلَانًا: ئەيىبلىدى، قاتتىق

ئەيىبلىدى.

**كَعَزَ يَكْعَزُ كَعْزًا:** بارماقلىرى بىلەن نەرسىنى يىغدى.

**كَعْسَمٌ ج كَعَاسِمُ:** قۇلۇن.

**كَعَّ يَكِعُّ كَعًّا وَ كُعُوعًا وَ كَعَاعَةً وَ كَيْعُوعَةً:** قورقۇنچاقلىق قىلدى؛ ياندۇردى، قوستى.

**كَعٌّ:** قورقۇنچاق، يۈرەكسىز.

**كَعَّبَ يُكَعِّبُ تَكْعِيبًا الشَّيْءَ:** كۇپقا ئايلاندۇردى، كۇپقا كۆتۈردى.

**كَعَّبَ الْعَدَدَ:** ساننى بىر ھەسسە كۆپەيتتى.

**كَعَّبَتِ الْفَتَاةُ:** قىزنىڭ كۆكسى كۆتۈرۈلدى.

**كَعْكٌ وَاحِدَةٌ كَعْكَةٌ ج كَعْكَاتٌ:** پېچىنە، پىرەنىك، تورت.

**كَعْلٌ:** پىخسىق باي؛ پەس پادىچى.

**كَعْمٌ ج كِعَامٌ:** قورالنىڭ غىلىپى.

**كَعِيَ يَكْعَى كَعْيًا عَنْهُ:** ئاجىز كەلدى، ئىلاجسىز قالدى.

**لَاكِفَاءَ لَهُ:** ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق.

**كَفَاءٌ، كَفَاءَةٌ:** باراۋەرلىك، تەڭلىك؛ سالاھىيەت، قابىلىيەت، رەقىب، قارشى تەرەپ.

**كَفَاءُ الْآلَةِ:** دىنامومېتىر.

**يَمْتَلِكُ كَفَاءَةً قِيَادِيَّةً:** رەھبەرلىك تالانتىغا ئىگە.

**كِفَاءٌ:** ئوخشىشى، تەڭدىشى.

**«كَفَاءَةُ الزَّوْجِ لِزَوْجَتِهِ فِي الْحَسَبِ وَالنَّسَبِ»:** ئەر-ئايال شان-شەرەپ ۋە نەسەبتە باراۋەر بولۇش.

**«تُوْجَدُ كَفَاءَاتٌ كَثِيرَةٌ فِي الْبِلَادِ الْعَرَبِيَّةِ»:** ئەرەب دۆلەتلىرىدە نۇرغۇن تالانتلىقلار تېپىلىدۇ.

**خَبِيرٌ ذُو كَفَاءَةٍ:** تالانتلىق مۇتەخەسسىس.

**شَهَادَةُ الْكَفَاءَةِ:** سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى.

**شَهَادَةُ الْكَفَاءَةِ فِي التَّدْرِيسِ:** ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى.

**كَفَاةٌ:** يېتەرلىك، قانائەتلىنەرلىك.

**كِفَاتٌ:** توپلىنىپ جەم بولىدىغان جاي؛ تاسادىپىي.

**أَرْضٌ كِفَاتٌ:** ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان زېمىن.

**مَاتَ كِفَاتًا:** تۇيۇقسىز ئۆلدى.

**﴿أَلَمْ نَجْعَلِ الْأَرْضَ كِفَاتًا﴾** «قرآن»: زېمىننى بىز ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان قىلمىدۇقمۇ؟

**كِفَاحٌ:** قارشى تۇرماق، كۈرەش قىلماق؛ سوقۇش، جەڭ.

**كِفَاحِيٌّ:** جەڭگىۋارلىق، كۈرەشچانلىق.

**كِفَاسٌ:** زاكا، ئەديال.

**كَفَافٌ:** ئۇززۇق، ئوزۇقلۇق.

**«قَدْ أَفْلَحَ مَنْ أَسْلَمَ وَكَانَ رِزْقُهُ كَفَافًا وَ قَنَّعَهُ اللهُ بِمَا أَتَاهُ»** «حديث»: ئىمان ئېيتقان، يەتكۈدەك رىزىق بېرىلگەن، ئاللاھنىڭ بەرگەنلىرىگە قانائەت قىلغان كىشى نىجات تاپقان بولىدۇ.

**«يَعِيشُ مِنْ عَرَقِ جَبِيْنِهِ فِي كَفَافٍ»:** ئۆز كۈچىگە تايىنىپ قەدىر ئەھۋال تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

**«طَارَ الْبَرْقُ فِي كَفَافِ السَّحَابِ»:** بۇلۇت ئەتراپىدا چاقماق چاقتى.

**«رَجَعَ مِنَ السَّفَرِ فِي كَفَافِ اللَّيْلِ»:** سەپەردىن كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە قايتتى.

**كِفَافٌ ج أَكِفَّةٌ:** چەت، ياقا، گىرۋەك، لەۋ.

**كِفَافَةٌ:** قىر، قات، پۇرۇم.

**كَفَالَةٌ ج كَفَالَاتٌ:** كېپىللىك قىلماق، ھۆددە قىلماق، كاپالەت.

**«الْإِرَادَةُ الْقَوِيَّةُ كَفَالَةُ النَّجَاحِ»:** كۈچلۈك ئىرادە غەلىبە قازىنىشنىڭ كاپالىتى.

**كِفَايَةٌ:** تولۇق، يېتەرلىك، كۇپايە، كىشىنى قاندۇرىدىغان؛ قابىلىيەت، ئىقتىدار.

**عَدَمُ كِفَايَةٍ:** يېتەرسىز، كەمچىل؛ ئىقتىدارسىز.

فُلَانٌ ذُوكِفَايَةٍ فِي عَمَلِهِ: پالانى ئۆز ئىشىنىڭ هۆددىسىدىن چىقالايدۇ.

كَفَأَ يَكْفَأُ كَفْأً الْإِنَاءَ: قاچىنى ئۆرۈدى.

كَفَأَ عَنِ الْقَصْدِ: نىيىتىدىن ياندى.

كَفَأَ الْقِدْرَ: قازاننى كۆمتۈردى.

كَفَأَ عَنِ الشَّيْءِ: ۋاز كەچتى.

كَفَأَ الشَّخْصَ: قوغلىۋەتتى.

كُفْءٌ ج أَكْفَاءٌ وَ كِفَاءٌ: رەقىب، قارشى تەرەپ، تەڭ كەلگۈچى.

كُفْءٌ لِكُلِّ شَيْءٍ: قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدىغان.

هَذَا لَيْسَ كُفْئًا لِذَاكَ: بۇ ئۇنىڭ تەڭدىشى ئەمەس.

مُوَظَّفٌ كُفْءٌ: ئىقتىدارلىق خىزمەتچى.

هُوَ كُفْءٌ فِي عَمَلِهِ: ئۇ ئۆز ئىشىدا ياراملىق.

كَفُؤٌ، كُفُؤٌ: ئوخشاش، تەڭ، باراۋەر.

كَفَتَ يَكْفِتُ كَفْتًا الشَّيْءَ إِلَى نَفْسِهِ: ئۆزىگە تارتتى، قوشۇۋالدى، يۇتۇۋالدى.

كَفَتَ الشَّيْءُ: ئاستىن-ئۈستۈن بولدى، كۆم بولدى.

كَفْتٌ: ئۆلۈم.

كَفَحَ يَكْفَحُ كَفْحًا الْعَدُوَّ: دۈشمەنگە تاقابىل تۇردى.

كَفَحَ الشَّيْءَ: ياپقۇچنى ئېچىۋەتتى.

كَفَحَ فُلَانًا: پالانى بىلەن يۈزمۇيۈز ئۇچراشتى.

كَفَحَ الدَّابَّةَ بِاللِّجَامِ: ئۇلاغنىڭ تىزگىنىنى تارتتى.

كَفِحَ يَكْفَحُ كَفَحًا عَنْهُ: خىجىل بولدى، تارتىندى.

كَفَخَ يَكْفَخُ كَفْخًا: كاچاتلىدى.

كَفَخَهُ بِالْعَصَا: ئۇنى توقماق بىلەن ئۇردى، دۇمبالىدى.

كَفَرَ يَكْفُرُ كُفْرًا وَ كُفُورًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ياپتى، يوشۇردى.

كَفَرَ يَكْفُرُ كُفْرًا وَ كُفُورًا وَ كُفْرَانًا: ئىنكار قىلدى، تاندى، تۇزكورلۇق قىلدى.

﴿وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ اللهَ غَنِيٌّ عَنِ الْعَالَمِينَ﴾ «قرآن»: كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئەھلى جاھاندىن بىهاجەتتۇر.

كُفْرٌ، كُفْرَانٌ: كۇفرلىق، كاپىرلىق، ئىنكار قىلىش، ئاللاھقا ئىشەنمەسلىك.

«كُفْرَانُ الْجَمِيلِ يَضَعُ قَدْرَ الرَّجُلِ»: تۇزكورلۇق كىشىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى چۈشۈرىدۇ.

﴿فَمَن يَعْمَلْ مِنَ الصَّالِحَاتِ وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَلَا كُفْرَانَ لِسَعْيِهِ﴾ «قرآن»: كىمكى مۇئمىن بولۇپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئەمىلىنىڭ (ساۋابى) زايە كەتمەيدۇ.

كَفْرٌ ج كُفُورٌ: يېزا، كىچىك كەنت.

كَفِرٌ: ئېگىز تاغ.

كِفِرٌ: قاراڭغۇ كېچە.

كَفِسَ يَكْفَسُ كَفَسًا الصَّبِيُّ: بالىنىڭ پۇتى مايماق بولۇپ قالدى.

كَفِسَتْ رِجْلُهُ: پۇتى مايماق بولۇپ قالدى.

كَفَّ يَكُفُّ كَفًّا عَنِ الْأَمْرِ: ئىشتىن قايتتى، ۋاز كەچتى، تاشلىۋەتتى.

كَفَّهُ عَنِ الْأَمْرِ: ئىشتىن توختاتتى، توسۇدى.

كَفَّهُ عَنْ عَزْمِهِ: ئۇنى نىيىتىدىن ياندۇردى.

كَفَّ الْإِنَاءَ: قاچىنى تولدۇردى.

كَفَّ عَنِ الْأَذَى: ئەزىيەتتىن ئۆزىنى تارتتى.

كَفَّ اللهُ أَيْدِيَهُمْ: ئاللاھ ئۇلارنىڭ زىيان-زەخمىتىدىن ساقلىدى.

﴿إِذْ هَمَّ قَوْمٌ أَن يَبْسُطُوا إِلَيْكُمْ أَيْدِيَهُمْ فَكَفَّ أَيْدِيَهُمْ عَنكُمْ﴾ «قرآن»: ئەينى زاماندا بىر جامائە سىلەرگە قوللىرىنى ئۇزاتماقچى بولغانىدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قوللىرىنى سىلەردىن توستى.

كَفَّ بَصَرُهُ: كور بولۇپ قالدى.

كَفَّ اللهُ بَصَرَهُ: ئاللاھ ئۇنى كور قىلىپ قويدى.

كُفَّ: توختا، توختاپتۇر.

كَفٌّ: توختىماق، ئۈزۈپ قويماق، ۋاز كەچمەك؛

uyghurkitap.com


توسۇماق.

كَفٌّ ج كُفُوفٌ وَ أَكُفٌّ: قول، ئالقان.

كَفُّ الْحَيَوَانِ: ھايۋانلارنىڭ پەنجىسى.

«إِنَّ الْقَضِيَّةَ الْفِلَسْطِينِيَّةَ عَلَى كَفِّ عِفْرِيتٍ»: پەلەستىن مەسىلىسى خەتەر ئۈستىدە تۇرماقتا.

وَضَعَ حَيَاتَهُ عَلَى كَفِّهِ: جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويدى.

«رُبَّ زَائِدَةٍ هِيَ نُقْصَانٌ فَائِدَةٍ: وَالْكَفُّ يَنْقُصُهَا الْإِصْبَعُ الزَّائِدُ»: ئالقاندىكى ئوشۇق بارماق ئالقاننىڭ قىممىتىنى كېمەيتكەندەك، بەزى ۋاقىتتىكى ئوشۇقلۇق پايدىنى كېمەيتىدۇ.

كَفَّارٌ: ئىنكار قىلغۇچى، تۇزكور.

رَجُلٌ كَفَّارٌ: ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلغۇچى.

﴿إِنَّ الْإِنْسَانَ لَظَلُومٌ كَفَّارٌ﴾ «قۇرئان»: كاپىر ئادەم شەك-شۈبھىسىزكى، زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر.

كَفَّارَةٌ ج كَفَّارَاتٌ: كاپارەت (گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن بېرىلىدىغان بەدەل).

﴿فَكَفَّارَتُهُ إِطْعَامُ عَشَرَةِ مَسَاكِينَ مِنْ أَوْسَطِ مَا تُطْعِمُونَ أَهْلِيكُمْ﴾ «قۇرئان»: ئۇنىڭ كەففارىتى ئائىلەڭلارغا بېرىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماق بىلەن ئون مىسكىننى بىر ۋاخ غىزالاندۇرۇشتۇر.

كَفَفٌ: ئوزۇق، ئوزۇقلۇق.

كَفَّتَ يُكَفِّتُ تَكْفِيتًا ذَيْلَهُ: ئېتەكنى تۈردى.

كِفَّةٌ ج كِفَفٌ وَ كِفَافٌ: تەخسە.

كِفَّةُ الْمِيزَانِ: تارازىنىڭ تەخسىسى.

الْكِفَّةُ الرَّاجِحَةُ: ئۈستۈنلۈك، ئەۋزەللىك.

كُفَّةٌ ج كُفَفٌ وَ كِفَافٌ: چەت، ياقا.

كَفَّرَ يُكَفِّرُ تَكْفِيرًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ياپتى، يوشۇردى.

كَفَّرَ عَنْ ذَنْبِهِ: خاتالىققا كەففارەت بەردى، جەرىمانە تۆلىدى.

﴿رَبَّنَا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَكَفِّرْ عَنَّا سَيِّئَاتِنَا﴾ «قۇرئان»: پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن.

كَفَّرَ الرَّجُلَ: كىشىنى ئىنكار قىلدۇردى، تاندۇردى، ئۇنى كۇفرىغا نىسبەت بەردى.

كَفَّرَ الْخَطَأَ عَنْهُ: ئۇنىڭ خاتالىقىنى كەچۈردى.

كَفَّلَ يُكَفِّلُ تَكْفِيلًا: كېپىل قىلدى، ھۆددە قىلدى.

﴿وَأَنْبَتَهَا نَبَاتًا حَسَنًا وَكَفَّلَهَا زَكَرِيَّا﴾ «قۇرئان»: ئۇنى ئوبدان ئۆستۈردى، ئۇنىڭغا زەكەرىيانى كېپىل قىلدى.

كَفَّنَ يُكَفِّنُ تَكْفِينًا: كېپەنلىدى، كېپەنگە ئالدى.

كَفْكَفَ يُكَفْكِفُ كَفْكَفَةً دَمْعَهُ: يېشىنى سۈرتتى.

كَفْكَفَهُ عَنِ الْأَمْرِ: ئۇنى ئىشتىن توسۇدى، قايتۇردى.

«كَفْكَفَتِ الْأُمُّ دُمُوعَ ابْنِهَا»: ئانا ئوغلىنىڭ يېشىنى سۈرتتى.

«النَّفْسُ السَّخِيَّةُ تُكَفْكِفُ عَبَرَاتِ الْمَحْزُونِينَ»: مەرد ئادەم غەمكىنلەرنىڭ يېشىنى سۈرتىدۇ.

كَفَلَ يَكْفُلُ كَفْلًا وَ كَفَالَةً: باقتى، قارىدى، خەۋەر ئالدى، كېپىل بولدى.

﴿أَيُّهُمْ يَكْفُلُ مَرْيَمَ﴾ «قۇرئان»: مەريەمنى ئۇلارنىڭ قايسىسى تەربىيىسىگە ئالىدۇ؟

كَفَلَ دَيْنَ شَرِكَتِهِ: ئۇنىڭ شىركىتىنىڭ قەرزىگە كېپىل بولدى.

كَفَلٌ ج أَكْفَالٌ: كاسا، ساغرا.

كَفَلُ الْحِصَانِ: ئاتنىڭ قۇيرۇقى.

كِفْلٌ ج أَكْفَالٌ: ئوخشاش، نېسىۋە، ھەسسە.

مَا لِفُلَانٍ كِفْلٌ: پالانىنىڭ ئوخشىشى يوق.

﴿وَمَن يَشْفَعْ شَفَاعَةً سَيِّئَةً يَكُن لَّهُ كِفْلٌ مِّنْهَا﴾ «قۇرئان»: كىمكى بىر يامان (ئىش ئۈچۈن) شاپائەت قىلسا، ئۇنىڭدىن نېسىۋىسى بولىدۇ.
كَفَنَ يَكْفِنُ كَفْنًا الْمَيِّتَ: مېيىتنى كېپەنلىدى.
كَفَنٌ ج أَكْفَانٌ: كېپەن، كېپەنلىك.
كُفْوٌ: ئوخشاش، باراۋەر، تەڭداش.
﴿وَلَمْ يَكُن لَّهُ كُفُواً أَحَدٌ﴾ «قۇرئان»: ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ.
كَفُورٌ ج كُفُرٌ: دىننى ئىنكار قىلغۇچى، كاپىر، تۇزكور.
﴿إِنَّا هَدَيْنَاهُ السَّبِيلَ إِمَّا شَاكِراً وَإِمَّا كَفُوراً﴾ «قۇرئان»: شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭغا بىز يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇ مۆئمىن بولۇپ ياخشى يولدا مېڭىپ شۈكۈر قىلغۇچىدۇر ياكى كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر.
كَفَى يَكْفِي كِفَايَةً: كۇپايە قىلدى، يېتەرلىك بولدى.
﴿وَكَفَى بِاللهِ حَسِيبًا﴾ «قۇرئان»: ئاللاھ ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر.
«كَفَى بِالْمَرْءِ إِثْمًا أَنْ يُضَيِّعَ مَنْ يَقُوتُ» «حديث»: بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق بولغان كىشىلەرنىڭ خىراجىتىنى بەرمەسلىكى يېتەرلىك گۇناھدۇر.
«مَنْ قَرَأَ بِالْآيَتَيْنِ مِنْ آخِرِ سُورَةِ الْبَقَرَةِ فِي لَيْلَةٍ كَفَتَاهُ» «حديث»: كېچىدە سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرىدىكى ئىككى ئايەتنى ئوقۇغان كىشىگە شۇ ئىككى ئايەت يېتەرلىكتۇر.
كَفَاهُ اللهُ فُلاَنًا: ئاللاھ ئۇنى پالانى يامانلىقتىن ساقلىدى.
كَفَاهُ الشَّيْءُ: ئۇنى قاندۇردى.
لَمْ تَقُمْ بِمَا يَكْفِي مِنَ الْعَمَلِ: بىز يېتەرلىك ئىشلىيەلمىدۇق.
كَفَى مَزَاحًا: چاقچاق قىلمىغىنا.
كَفَى: بەس، بولدى.
كَفَاهُ مَؤُونَةَ الْبَحْثِ: ئۇنىڭ ئورنىدا تەتقىقات ئېلىپ باردى.
كَفَاهُ حَاجَتَهُ: ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقتى.
﴿فَسَيَكْفِيكَهُمُ اللهُ وَهُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ﴾ «قۇرئان»: ئۇلارغا قارشى ئاللاھ ساڭا كۇپايىدۇر، ئاللاھ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.
كَفِيءٌ كَفِيئَةٌ: ئوخشاش، تەڭ، باراۋەر.
كَفِيفٌ: ئەما، كور، قارىغۇ.
فُلاَنٌ كَفِيفُ الْبَصَرِ: پالانى كۆزى كۆرمەس.
كَفِيلٌ ج كُفَلاَءُ: كېپىل، كېپىل بولغۇچى ئادەم، كۆزەتكۈچى.
كَفِيلُ الْيَتِيمِ: يېتىمغا ھامىيلىق قىلغۇچى.
﴿وَقَدْ جَعَلْتُمُ اللهَ عَلَيْكُمْ كَفِيلاً﴾ «قۇرئان»: چۈنكى، سىلەر ئاللاھنى گۇۋاھچى قىلدىڭلار.
كَفِيٌّ ج أَكْفِيَاءُ: ئوخشاش، تەڭ، باراۋەر.
كِلَا م كِلْتَا: ئىككىسى.
«جَاءَ الرَّجُلاَنِ كِلاَهُمَا»: ئىككىلا ئادەم كەلدى.
﴿كِلْتَا الْجَنَّتَيْنِ آتَتْ أُكُلَهَا﴾ «قۇرئان»: ھەر ئىككىسى كەم-كۈتىسىز تولۇق مېۋە بېرىدىغان باغلار بولۇپ، ...
كَلاَرٌ: ئامبار، ئىسكىلات.
كِلاَسِكِيٌّ: كلاسسىك، تىپىك.
كَلاَلٌ: ھارماق، چارچىماق؛ ئېغىر يۈك؛ ئاجىز؛ گال (ئەقلىي جەھەتتە).
كَلاَلُ الْمُرُوْنَةِ: ئېلاستىكىلىق چارچاش.
كَلاَلَةٌ: ھارماق، چارچىماق؛ ئېغىر يۈك؛ شىرەم تۇغقان.
كَلاَمٌ: سۆز، گەپ، سۆھبەت، تىل، كالام، سۆزلىشىش، دىئالوگ.
كَلاَمٌ فَارِغٌ: قۇرۇق پاراڭ، بىكار گەپ.
بِالْكَلاَمِ: ئېغىزچە، ئاغزاكى.

www.uyghurkitap.com


كَثِيرُ الْكَلَامِ: ۋالاقتەككۇر، كوت-كوت.

عِلْمُ الْكَلَامِ: مەدرىسە پەلسەپىسى، دىنىي ئەقىدىلەرنى ئىسپاتلاشنى مەقسەت قىلىدىغان ئىلىم.

كَلَامٌ رَنَّانٌ: يېقىملىق سۆز.

كَلَامٌ مُمْتَازٌ: بەلەن گەپ.

كَلَامِيٌّ: ئېغىزچە، ئاغزاكى.

حَرْبٌ كَلَامِيَّةٌ: بەس-مۇنازىرە، قەلەم كۈرىشى.

«مُنَاظَرَةٌ كَلَامِيَةٌ بَيْنَ الْفُقَهَاءِ»: فىقھشۇناسلار ئارىسىدىكى تالاش-تارتىش.

«مُشَادَّةٌ كَلَامِيَةٌ بَيْنَ الْخَصْمَيْنِ»: ئىككى رەقىب ئارىسىدىكى تالاش-تارتىش.

كَلَأَ يَكْلَأُ كَلأً وَ كِلَاءً وَ كِلَاءَةً: ساقلىدى، قوغدىدى.

«كَلَأَهُ بِعَطْفِهِ»: ئۇنىڭغا كۆيۈمچانلىق قىلدى، كۆيۈندى.

﴿قُلْ مَنْ يَكْلَؤُكُمْ بِاللَّيْلِ وَالنَّهَارِ مِنَ الرَّحْمَنِ﴾ ‹قۇرئان›: (ئى مۇھەممەد! مەسخىرە قىلغۇچىلارغا): «سىلەرنى كېچىدە ۋە كۈندۈزدە مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ ئازابىدىن كىم ساقلايدۇ؟» دېگىن.

كَلَأَ بَصَرَهُ فِي الشَّيْءِ: نەرسىلەرگە تەكرار قارىدى.

كَلَأَ النَّجْمَ: يۇلتۇزنى كۆزەتتى، بىدار بولدى.

كَلَأَ يَكْلَأُ كَلأً وَ كُلُوءَةً الدَّيْنَ: قەرز قايتۇرۇشنى كېچىكتۈردى.

كَلَأَ عُمْرُهُ: ئۆمرى ئاخىرلاشتى.

كَلَأٌ ج أَكْلَاءٌ: ئوت-چۆپ.

كَلْأٌ: قارىماق، قوغدىماق.

كُلْأَةٌ: زاكالەت.

كَلِبَ يَكْلَبُ كَلَبًا الْكَلْبُ: ئىت غالجىر كېسەللى بولدى.

كَلِبَ عَلَى الْمَالِ: مالغا ئاچ كۆزلۈك قىلدى.

كَلِبَ الشِّتَاءُ: سوغۇق قاتتىق بولدى.

كَلَبٌ: ئۇسسىماق، ئۇسسۇزلۇق.

دَاءُ الْكَلَبِ: غالجىر كېسىلى.

كَلْبٌ ج كِلَابٌ م كَلْبَةٌ: ئىت.

كَلْبٌ سَلُوقِيٌّ: تايغان.

كَلْبُ الْبَحْرِ: ئاكۇلا، لەھەڭ.

﴿وَكَلْبُهُمْ بَاسِطٌ ذِرَاعَيْهِ بِالْوَصِيدِ﴾ ‹قۇرئان›: ئۇلارنىڭ ئىتى (غار)نىڭ بوسۇغىسىغا ئىككى پۇتىنى سوزۇپ ياتىدۇ.

كَلْبُ الْمَاءِ: قۇندۇز، سۆسەر، قاما.

كَلْبُ الرِّعَاةِ: قويچىنىڭ ئىتى.

كَلْبُ حِرَاسَةٍ: باغۋارانلارغا قارايدىغان ئىت.

كَلْبُ صَيْدٍ: ئوۋ ئىتى.

كَلْبٌ بُولِيسِيٌّ: ساقچى ئىتى، ئاپشاركا.

كَلِبٌ ج كَلِبُونَ: ساراڭ، ئالجىپ قالغان، سەۋدايى، ئاچ كۆز.

كَلْبَةٌ ج كَلْبَاتٌ: قىسقۇچ (تۆمۈرچىنىڭ) ئامبۇر.

كَلْبِيٌّ: ئىتنىڭ، ئىتقا مۇناسىۋەتلىك.

كَلَتَ يَكْلِتُ كَلْتًا الشَّيْءَ: توپلىدى، جەملىدى؛ ئاتتى.

كُلْتَةٌ: ئازغىنە.

كُلْثُومٌ: ئىككى يۈزى گۆشلۈك، گۆش يۈزلۈك؛ پىل.

طِفْلٌ كُلْثُومٌ: بۇدۇرۇق بالا.

كَلَحَ يَكْلَحُ كُلُوحًا وَ كُلَاحًا وَجْهُهُ: قوشۇمىسى تۈرۈلدى، قاپىقى سىلىندى.

كَلَحَ فِي وَجْهِ زَائِرِهِ: مېھمانغا قاپىقىنى تۈرۈۋالدى.

كَلْحَةٌ: ئېغىز-بۇرۇن.

كَلَدَ يَكْلِدُ كَلْدًا الشَّيْءَ: دۆۋىلىدى.

كَلَزَ يَكْلِزُ كَلْزًا الشَّيْءَ: توپلىدى، جەملىدى.

كَلَسَ يَكْلِسُ كَلْسًا الْبِنَاءَ: ئۆينى ئاقلىدى.

كِلْسٌ: ھاك.

كُلْسَةٌ: كۈل رەڭ.

كَلْسِيُوْمُ: كالتسىي.

أُكْسِيْدُ الْكَلْسِيُوْمِ: كالتسىي ئوكسىدى.

«يَـنْقُصُ الرَّضِـيْعَ الْكَلْسِيُوْمُ فَلَـمْ يَمْـشِ إِلَّا مُتَـأَخِّرًا»: بوۋاقتا كالتسىي يېتىشمەي كېچىكىپ ماڭدى.

كِلْسِيٌّ: كالتسىي، كالتسىيلىق.

حِجَارَةٌ كِلْسِيَّةٌ: هاك تېشى.

كَلَعَ يَكْلَعُ كَلْعًا الْوَسَخُ عَلَيْهِ: كىر بولـۇپ كەتتـى، مەينەت بولۇپ كەتتى.

كَلَعٌ: قوتۇر.

كَلِفَ يَكْلَفُ كَلَفًا الشَّخْصُ: ياخشى كـۆرۈپ قالـدى، كۆيۈپ قالدى.

كَلِفَ بِالْمَرْأَةِ: ئايالغا ئاشىق بولۇپ قالدى.

كَلِفٌ: كۆيۈپ قالغۇچى، ئاشىق.

كَلَفٌ. كُلْفَةٌ: قوڭـۇر رەڭ، بېغىـر رەڭ، قىـزغىن مۇھەببەت، راسخوت، خىراجەت.

كَلَفُ الْجِلْدِ: سەپكۈن.

كَلَفُ الشَّمْسِ: قۇياشنىڭ داغ.

كُلْفَةٌ ج كُلَفٌ: جاپـا، مۇشـەققەت، كـۈلپەت؛ خىراجەت، چىقىم؛ بېغىر رەڭ، جىگەر رەڭ.

كُلْفَةُ الْحَيَاةِ: تۇرمۇش خىراجىتى.

بِلَاكُلْفَةٍ: ئەركىن-ئازادە.

«إِذَا تَمَّتِ الْأُلْفَةُ سَقَطَتِ الْكُلْفَةُ»: دوستلۇق چىڭىيسا تەكەللۇپ يوقايدۇ.

«حَصَلَ عَلَيْهِ بِكُلَفَةٍ زَهِيْدَةٍ»: ئازغىنە چىقىم بىلەن ئۇنىڭغا ئېرىشتى.

كُلْفَةُ الْإِنْتَاجِ: ئىشلەپچىقىرىش چىقىمى.

كَلَفَةٌ: سەپكۈن، داغ.

كَلْفَتَةٌ: يوشۇرۇنماق، مۈكۈۋالماق.

كَلْكَلَ يُكَلْكِلُ كَلْكَلَةً الْيَدُ مِنَ الْعَمَلِ: ئىشتىن قول قاپاردى.

كَلْكَلٌ ج كَلَاكِلُ: مەيدە، كۆكرەك، كۆكسى، تۆش.

«أَنَاخَ عَلَيْهِ بِكَلْكَلِهِ»: ئۇنىڭغا ئېغىر كەلدى.

كَلْكَلَةٌ: قاداق (پۇت، قوللاردا بولىدىغان).

كَلَّ يَكِلُّ كَلًّا: هاردى، چارچىدى.

كَلَّ عَنِ الْأَمْرِ: ئىش خۇشياقماس بولۇپ قالدى.

«عَامِلٌ لَايَكِلُّ وَ لَايَمِلُّ»: هارماس-تالماس ئىشچى.

كَلَّ يَكِلُّ كُلُوْلًا وَ كَلَالَةً: ئاجىزلاپ كەتتى.

كَلَّ السَّيْفُ: قىلىچ گاللىشىپ كەتتى.

«كَلَّ بَصَرُهُ مِنْ كَثْرَةِ الْقِرَاءَةِ»: كـۆپ ئوقـۇپ كـۆزى تېلىپ كەتتى.

كَلَّ يَكِلُّ كَلَالَـةً الشَّخْصُ: مىراسـخور بولىـدىغان ئاتىسى، بالىسى يوق بولدى.

﴿وَإِن كَانَ رَجُلٌ يُورَثُ كَلَالَةً أَو امْرَأَةٌ وَلَهُ أَخٌ أَوْ أُخْتٌ فَلِكُـلِّ وَاحِـدٍ مِّنْهُمَـا الـسُّدُسُ﴾ ‹قـرآن›: ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچى ئاتا-ئانىسىز، بالىسىز ئەر ياكى ئايال بولـۇپ، ئۇنىـڭ پەقەت ئانـا بىـر قېرىنـدىـشى ۋە ئانـا بىـر هەمشىرىـسى بولـسا، ئۇلارنىڭ هەربىرىگە ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ.

كَلٌّ: هارماق، چارچىماق، ئېغىر يۈك؛ ئاجىز؛ گال (ئەقلىي جەھەتتە).

﴿وَهُوَ كَلٌّ عَلَى مَوْلَاهُ﴾ ‹قرآن›: ئـۇ ئىگىـسىگە يـۈك بولۇپ قالغان...

كُلٌّ: هەممە، پۈتۈن، جەمئىي؛ هەر بىرى.

كُلّ إِنْسَانٍ: هەربىر ئادەم.

كُلّ مَنْ: كىم بولمىسۇن.

﴿فَـسَجَدَ الْمَلَائِكَـةُ كُلُّهُـمْ أَجْمَعُـونَ﴾ ‹قـرآن›: پەرىـشتىلەرنىڭ بىرىـمـۇ ئايرىلـىـپ قالمـاي هەممىسى سەجدە قىلدى.

«كُلّ الْمُسْلِمِ عَلَى الْمُسْلِمِ حَرَامٌ دَمُهُ وَ مَالُهُ وَ عِرْضُهُ» ‹حديث›: هەربىـر مۇسـۇلمان ئادەمنىـڭ يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ هاياتىغا ۋە مال-مۈلكىگە ۋە ئابرۇيىغا چېقىلىشى هارامدۇر.

كُلَّ يَوْمٍ: هەر كۈنى، كۈندە دېگۈدەك.

كُلَّ الْيَوْمِ: كۈن بويى، پۈتۈن كۈن.

uyghurkitap.com

«حَضَرَ الْكُلّ الْإِجْتِمَاعَ»: يىغىنغا ھەممە كەلدى.

خَسَرَ كُلَّ شَيْءٍ: ھەممىسىنى زىيان تارتتى.

لِكُلِّ جَوَادٍ كَبْوَةٌ: ھەرقانداق ئارغىماقنىڭ بىر يىقىلىشى بار (مۇدۇرۇپ كەتمەيدىغان ئارغىماق يوق).

كُلَّمَا: ... چاغدا، ھەرقاچان، قاچانلا بولمىسۇن.

كُلَّمَا ...كَانَ ...: ...غانسېرى ... شۇنچە، قانچە (قانچىكى) ... شۇنچە، بارغانسېرى.

«كُلَّمَا زَارَهُ وَجَدَهُ مَشْغُولًا»: يوقلىغان چاغدىلا ئۇ ئىش بىلەن بەند ئىدى.

كَلَّا: ياق، ئۇنداق ئەمەس، مۇمكىن ئەمەس، بولمايدۇ؛ راستىنلا.

﴿كَلَّا إِنَّ كِتَابَ الْأَبْرَارِ لَفِي عِلِّيِّينَ﴾ ‹قۇرئان›: راستىنلا ياخشى بەندىلەرنىڭ نامە ـ ئەمالى شەك ـ شۈبھىسىز ئىللىيۇندا بولىدۇ.

﴿قَالَ كَلَّا إِنَّ مَعِيَ رَبِّي سَيَهْدِينِ﴾ ‹قۇرئان›: مۇسا ئېيتتى: «ئۇنداق بولمايدۇ، پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە، مېنى (قۇتۇلۇش يولىغا) باشلايدۇ.

هَلَّا فَعَلْتَ كَذَا؟ كَلَّا: مۇنداق قىلساڭ بولماسمىدى؟ ياق، بولمايدۇ.

كَلَّا ثُمَّ كَلَّا: ھەرگىز بولمايدۇ.

كُلَّابٌ ج كَلَالِيبُ: ئىلمەك، كانارا.

كَلَّاسٌ: ھاكچى، ھاك سودىگىرى.

كَلَّاسَةٌ: ھاك خۇمدىنى.

كَلَّافُ الْمَوَاشِي: ئۇلاغ باققۇچى.

كَلَلٌ: ھارماق، چارچىماق، بوشاشماستىن.

بِدُونِ كَلَلٍ وَ لَا مَلَلٍ: ھارماي ـ تالماي.

كَلَأَ يَكْلَأُ تَكْلِيئًا: زاكالەت پۇلى ئالدى.

كَلَّأَهُ: ئۇنى نازارەت ئاستىغا ئالدى.

كَلَّبَ يُكَلِّبُ تَكْلِيبًا الْكَلْبَ: ئىتنى تەربىيىلىدى، ئۆگەتتى.

كِلَّةٌ ج كِلَلٌ: پاشىلىق، نېپىز پەردە.

كَلَّسَ يُكَلِّسُ تَكْلِيسًا الْبَيْتَ: ئۆينى ئاقلىدى.

كَلَّفَ يُكَلِّفُ تَكْلِيفًا: بۇيرۇدى، ھاۋالە قىلدى، تاپشۇردى، تەكلىپ قىلدى.

كَلَّفَ الْأَمْرُ: ۋەزىپە يۈكلىدى.

﴿لَا يُكَلِّفُ اللَّهُ نَفْسًا إِلَّا وُسْعَهَا﴾ ‹قۇرئان›: ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ.

«سَيُكَلِّفُ الْمُدِيرُ بِإِجْرَاءِ دِرَاسَةٍ»: مۇدىر ئۇنىڭغا تەتقىق قىلىپ بېقىشنى تاپشۇرىدۇ.

«كَلَّفَنِي السَّفَرُ أَمْوَالًا طَائِلَةً»: سەپەر مېنى نۇرغۇن چىقىم تارتقۇزدى.

كَلَّفَ مُحَامِيَهُ بِالدِّفَاعِ عَنْهُ: ئۆزىنى ئاقلاشقا ئادۋوكات تەكلىپ قىلدى.

كَلَّفَ نَفْسَهُ عَنَاءً وَ مَشَقَّةً: ئۆزىگە جاپا ـ مۇشەققەتنى يۈكلىدى.

مَهْمَا كَلَّفَهُ الْأَمْرُ: ھەرقانداق چىقىم تارتىنشقا قارىماي.

كَلَّفَتْهُ الْمُغَامَرَةُ حَيَاتَهُ: سۇيىقەست ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولدى.

كَلَّلَ يُكَلِّلُ تَكْلِيلًا ـ ه: تاج كىيدۈردى.

كَلَّلَ بِالنَّجَاحِ: مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

كَلَّلُوا الْقَائِدَ: قوماندانغا گۈلدەستە تەقدىم قىلدى.

كُلِّلَ عَمَلُهُ بِالنَّجَاحِ: مەقسىتىگە يەتتى.

كَلَّمَ يُكَلِّمُ تَكْلِيمًا: سۆزلىدى، گەپلەشتى، سۆھبەتلەشتى.

كَلَّمَهُ بِالْهَاتِفِ: تېلېفون ئۇردى، تېلېفون بەردى.

﴿وَكَلَّمَ اللَّهُ مُوسَى تَكْلِيمًا﴾ ‹قۇرئان›: ئاللاھ مۇساغا بىۋاستە سۆز قىلدى.

كَلُّوبٌ: ئىلمەك، كانارا.

كُلِّيٌّ: تولۇق، پۈتۈنلەي، تامامەن، ئومۇمىيۈزلۈك؛ مۇتلەق.

كُلِّيّ الْقُدْرَةِ: ھەممىگە قادىر.

كُلِّيّ الْمَعْرِفَةِ: ھەممىنى بىلىدىغان، ھەممىدىن خەۋەردار.

الْعِلْمُ الْكُلِّيّ: ئىلاھىي ئىلىم.

تَشَابُهٌ كُلِّيٌّ بَيْنَ الْأَخَوَيْنِ: ئىككى قېرىنداش ئارىسىدىكى ئوپمۇ ئوخشاشلىق.

دَرَسَ الْمَوْضُوعَ كُلِّيًّا: ماۋزۇنى ئەتراپلىق ئانالىز قىلدى.

كُلِّيَةٌ: قەتئىي، تەلتۆكۈس.

كُلِّيَةٌ ج كُلِّيَّاتٌ: ئومۇمەن، ئومۇمىيۈزلۈك، فاكۇلتېت.

كُلِّيَةٌ مَنْطِقِيَّةٌ: تولۇق ئاتالغۇ، تولۇق ئاتىلىشى.

إِنْدَفَعَ بِكُلِّيَتِهِ فِي الْإِنْتِخَابَاتِ: سايلامغا ئومۇمىيۈزلۈك كىرىشىپ كەتتى.

كُلِّيَةُ الْآدَابِ: ئەدەبىيات فاكۇلتېتى.

كَلَمَ يَكْلَمُ كَلْمًا: يارىلاندۇردى، زەخىملەندۇردى.

كَلْمٌ ج كُلُومٌ وَ كِلَامٌ: يارا، جاراھەت.

«وَلاَ عَيْنُ يَوْمَ الْفَوْتِ لَمْ يَهْمِ دَمْعُهَا وَلاَ قَلْبٌ فِيهِ حَسْرَةً لَمْ يُكْلَمِ»: (ئۇ ئادەم) قازا قىلغان كۈنى ياش تۆكمىگەن كۆز، ھەسرەتتە ئۆرتىنىپ، يارىلانمىغان قەلب قالمىدى.

«كَلْمُ اللِّسَانِ أَنْكَى مِنْ كَلْمِ السِّنَانِ»: تىل يارىسى تىغ يارىسىدىن يامان.

كَلِمَةٌ ج كِلَمٌ وَ كَلِمَاتٌ: سۆز، كەلىمە؛ نۇتۇق، لېكسىيە؛ داستان.

كَلِمَةٌ أَصْلِيَّةٌ: تۈپ سۆز.

كَلِمَةُ التَّوْحِيدِ: «لَاإِلَهَ إِلَّا اللّٰهُ» سۆزى، كەلىمە تەۋھىد.

﴿كَذَلِكَ حَقَّتْ كَلِمَةُ رَبِّكَ عَلَى الَّذِينَ فَسَقُوا﴾ ‹قرآن›: پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقانلار توغرىسىدىكى ھۆكۈمى ھەقلىق بولدى.

﴿وَكَلِمَةُ اللّٰهِ هِيَ الْعُلْيَا﴾ ‹قرآن›: ئاللاھنىڭ سۆزى (يەنى، كەلىمە تەۋھىد) ئۈستۈندۇر.

الْكَلِمَةُ الطَّيِّبَةُ صَدَقَةٌ: ياخشى سۆز سەدىقە ئورنىدا بولىدۇ.

كَلِمَةً كَلِمَةً / كَلِمَةً فَكَلِمَةً: سۆزمۇسۆز، جۈملىمۇجۈملە.

كَلِمَةُ السِّرِّ: پارول.

كَلِمَةُ الْعِلْمِ الْحَاسِمَةِ: ئىلىم-پەندىكى ئەڭ يېڭى كەشپىيات.

كَلِمَةٌ مَسْمُوعَةٌ: ئابروي، شۆھرەت، ئاتاق، نام، نوپۇز؛ ھەيۋە.

بِكَلِمَةٍ أُخْرَى: ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا.

أَلْقَى كَلِمَةً فِي الْجُمْهُورِ: ئاممىغا نۇتۇق سۆزلىدى.

اِجْتَمِعَتْ كَلِمَتُهُمْ عَلَى كَذَا: ئۇلار بىرلىككە كېلىشتى.

جَمَعَ كَلِمَتَهُمْ: ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇردى.

كَلِمَاتٌ صَارِمَةٌ: قاتتىق سۆزلەر، كەسكىن سۆزلەر.

كَلِمَاتٌ نِفَاقِيَّةٌ: ساختا ئىبارىلەر.

«مَنْ لَمْ يَصْبِرْ عَلَىكَلِمَةٍ يَسْمَعُ كَلِمَاتٍ»: بىر سۆزگە چىدىمىغان ئادەم تېخىمۇ جىق سۆز ئىشىتىۋالىدۇ.

كَلِمَاتِيٌّ: تىلشۇناس، ناتىق.

كِلُوبٌ ج كِلُوبَاتٌ: كۇلۇب.

كَلُوبٌ: گازۋاي چىراغ.

كُلْوَةٌ ج كُلًى: بۆرەك.

كُلْوِيٌّ: بۆرەككە ئائىت، بۆرەك كېسىلى.

مَغْصٌ كُلْوِيٌّ: بۆرەك ئاغرىقى.

كَلِئَ يَكْلَئُ كَلأً الْمَكَانُ: جاي ئوت-چۆپلۈك بولدى.

كَلِئَ الْجَمَلُ: تۆگە ئوتلىدى.

كَلِيبٌ ج كَلْبَى: ساراڭ، ئالجىپ قالغان، سەۋدايى؛ ئاچ كۆز.

كُلْيَةٌ ج كُلًى: بۆرەك.

www.uyghurkitap.com

اِلْتِهَابُ الْكُلَى: بۆرەك ياللۇغى.

زُرِعَتْ لِلْمَرِيْضِ كُلْيَةُ أَخِيْهِ: كېسەلگە قېرىندىشىنىڭ بۆرىكى كۆچۈرۈلدى.

كَلِيْلٌ: هارغۇچى، چارچىغۇچى؛ ئاجىز؛ گال، ئۆتمەس.

كَلِيْلُ الْبَصَرِ: كۆزى ئاجىز.

كَلِيْلُ الْفَهْمِ: دۆت.

سَيْفٌ كَلِيْلٌ: گال قىلىچ.

كَلِيْمٌ ج كُلَمَاءُ: سۆزلىگۈچى، سۆزلەشكۈچى.

كَلِيْمُ اللهِ: مۇسا ئەلەيھىسسالام.

كَلِيْمٌ ج كَلْمَى: يارىلانغان، يارىدار، مەجرۇھ.

«أَخَذُوا الْكَلْمَى إِلَى الْمُسْتَشْفَى»: يارىدارلارنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى.

كَمْ: قانچە؟ نەچچە؟ قانچىلىگەن.

بِكَمْ إِشْتَرَيْتَ هَذَا الْكِتَابَ: بۇ كىتابنى قانچىگە سېتىۋالدىڭ؟

كُمْ م كُنَّ: سىلەر.

كِتَابُكُمْ م كِتَابُكُنَّ: سىلەرنىڭ كىتابىڭلار.

كَمَا: شۇنداق، شۇنىڭدەك، شۇنىڭغا ئوخشاش.

كُمَاخٌ: ھاكاۋۇرلۇق، چوڭچىلىق.

كِمَادٌ: ئىسسىتماق، ئىللىتماق.

كِمَادٌ / كِمَادَةٌ ج كِمَادَاتٌ: ئىسسىق ئۆتكۈزىدىغان لاتا.

كَمَالٌ: مۇكەممەل بولماق، تولۇق بولماق، كۆڭۈلدىكىدەك بولماق، كامالەت.

أَنْجَزَ الْعَمَلَ بِتَمَامِهِ وَكَمَالِهِ: ئىشنى تەلتۆكۈس ئورۇنلىدى.

كَمَالِيٌّ ج كَمَالِيَّاتٌ: زۆرۈر ئەمەس، ئانچە ئېھتىياجلىق ئەمەس.

«السَّيَّارَةُ مِنَ الْكَمَالِيَّاتِ»: ماشىنا بولمىسا بولمايدىغان نەرسىلەردىن ئەمەس.

كِمَامٌ. كِمَامَةٌ ج أَكِمَّةٌ وَ كِمَامَاتٌ: ئېغىزدۇرۇق، نوختا، يۈگەن، تور، ماسكا.

كِمَامُ الْفَرَسِ: ئاتنىڭ ئېغىزدۇرۇقى.

كِمَامَةُ الْكَلْبِ: ئىتنىڭ تورى.

«عَمَلٌ نَاقِصٌ»: پۈتمىگەن ئىش.

نَاقَضَ يُنَاقِضُ مُنَاقَضَةً: قارشىلىق قىلدى، قارشى تۇردى.

نَاقَضَ الشَّخْصَ فِي قَوْلِهِ: قارشى سۆزلىدى.

نَاقِعٌ: نەملىگۈچى، ھۆللىگۈچى.

سُمٌّ نَاقِعٌ: جاننى ئالىدىغان زەھەر.

شَرَابٌ نَاقِعٌ: ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدىغان ئىچىملىك.

دَوَاءٌ نَاقِعٌ: ئۈنۈملۈك دورا.

دَمٌ نَاقِعٌ: يېڭى قان.

نَاقَلَ يُنَاقِلُ مُنَاقَلَةً الْفَرَسُ: ئات ئۇچقاندەك چاپتى.

نَاقَلَ الْأَقْدَاحَ: قەدەھ تۇتۇشتى، قەدەھ سوقۇشتۇردى.

نَاقَلَتِ الْحَدِيْثَ: پاراڭلاشتى، سۆھبەتلەشتى.

نَاقِلٌ: يەتكۈزگۈچى، يەتكۈزىدىغان.

«سِلْكٌ نَاقِلٌ لِلْكَهْرَبَاءِ»: توك يەتكۈزىدىغان سىم.

«نَاقِلُ الصَّوْتِ»: ئاڭلىتىش ئاپپاراتى.

«نَاقِلٌ لِلْعَدْوَى»: يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقاتقۇچى.

نَاقِلٌ نَاقِلُوْنَ وَ نَقَلَةٌ وَ نُقَّالٌ: ھامماال، يۈك توشۇغۇچى؛ راۋىي، رىۋايەت قىلغۇچى؛ تەرجىمە قىلغۇچى.

«نَاقِلُوْ الْبَضَائِعِ»: مال يۆتكىگۈچىلەر.

«هُوَ مِنَ النَّقَلَةِ الْمُمْتَازِيْنَ»: ئۇستا تەرجىمان.

«نَاقِلٌ لِلْحَدِيْثِ الشَّرِيْفِ»: ھەدىس شەرىف رىۋايەت قىلغۇچى.

«مِنْ نَقَلَةِ الْعِلْمِ»: ئىلىم تارقاتقۇچىلاردىن.

نَاقِلَةٌ ج نَاقِلَاتٌ و نَوَاقِلُ: يۈك توشۇغۇچى پاراخوت؛ مۇسىبەت، بالايىئاپەت.

«نَمَّامَةٌ نَاقِلَةٌ لِلْأَخْبَارِ»: خەۋەرلەرنى توشۇغۇچى، گەپلەرنى توشۇغۇچى، سۇخەنچى.

«نَاقِلَةُ النِّفْطِ»: نېفىت توشۇغۇچى پاراخوت.

«نَاقِلَةَ الطَّائِرَاتِ»: ئاۋىئاماتكا.

نَاقِلَةٌ مِنَ النَّاسِ: كۆچمەنلەر.

نَاقِمٌ ج نَاقِمُوْنَ: غەزەپلەنگۈچى، يامان كۆرگۈچى.

«نَاقِمٌ عَلَيْهِ مِنْ أَجَلِ تَصَرّفَاتِهِ»: ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن ئۇنى يامان كۆرگۈچى.

www.uyghurkitap.com

**نَاقُورٌ ج نَوَاقِيرُ:** بۇرغا، كاناي، سۇر.

**نَاقُوسٌ ج نَوَاقِيسُ:** قوڭغۇراق، زىل، كولدۇرما.

**«نَاقُوسُ الْمَدْرَسَةِ»:** مەكتەپنىڭ قوڭغۇرىقى.

**دَقَّ نَاقُوسَ الْخَطَرِ:** ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى چالدى.

**نَاكَ يَنِيكُ نَيْكًا:** جىما قىلدى، جىنسىي ئالاقە قىلدى.

**نَاكَدَ يُنَاكِدُ مُنَاكَدَةً ـــ هُ:** ئۇنىڭغا قاتتىق مۇئامىلە قىلدى، ئۇنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

**نَاكِدٌ ج نَوَاكِدُ:** بالىسى تۇرمايدىغان ئايال؛ سۈتى ئاز ھايۋان.

**نَاكَرَ يُنَاكِرُ مُنَاكَرَةً:** ئالدىدى، گوللىدى، ھىيلىگەرلىك قىلدى، ئالدامچىلىق قىلدى.

**نَاكَرَهُ:** ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشتى.

**نَاكِسٌ ج نَاكِسُونَ وَ نَوَاكِسُ:** بېشىنى تۆۋەن سالغان.

**﴿وَلَوْ تَرَى إِذِ الْمُجْرِمُونَ نَاكِسُو رُؤُوسِهِمْ﴾** «قۇرئان»: ئەگەر سەن گۇناھكارلارنىڭ باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىدىغان بولساڭ...

**نَاكَفَ يُنَاكِفُ مُنَاكَفَةً ـــ هُ الْكَلَامَ:** تاكاللاشتى، گەپ ياندۇردى، جېدەللەشتى.

**نَاكِلٌ عَنِ الْأَمْرِ:** قورقۇنچاق، ئاجىز.

**نَالَ يَنَالُ نَيْلًا:** ئېرىشتى، ئالدى، قولغا كەلتۈردى.

**﴿لَنْ تَنَالُوا الْبِرَّ حَتَّى تُنْفِقُوا مِمَّا تُحِبُّونَ﴾** «قۇرئان»: ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلەردىن سەرپ قىلمىغۇچە ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر.

**نَالَ مَطْلُوبَهُ:** مەقسىتىگە يەتتى، ئىزدىگىنىگە ئېرىشتى.

**«نَالَ التَّقْدِيرَ»:** تەقدىرلەندى.

**«نَالَ الْإِسْتِقْلَالَ»:** مۇستەقىللىققە ئېرىشتى.

**«نَالَ جَائِزَةً»:** مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

**«نَالَ النَّادِي الرِّيَاضِيِّ الْجَائِزَةَ السَّنَوِيَّةَ»:** تەنھەرىكەت كۇلۇبى يىللىق مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

**نَالَ مِنْهُ وَ مِنْ عِرْضِهِ:** ئۇنى تىللىدى.

**نَالَ الشَّيْءَ:** پايدا ئالدى، مەنپەئەتكە ئېرىشتى.

**نَالَ مِنْهُ:** تەسىرلەندى، تەسىرلەندۈردى، ھاياجانلاندۇردى، جەلپ قىلدى، يۇقۇملاندى.

**نَالَهُ الشَّيْءُ:** نەرسە ئۇنىڭغا يەتتى، يېتىپ باردى.

**﴿لَنْ يَنَالَ اللَّهَ لُحُومُهَا وَلَا دِمَاؤُهَا﴾** «قۇرئان»: ئاللاھقا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ.

**نَالَ الشَّخْصُ مِنْ فُلَانٍ أَوْ مِنْ عِرْضِهِ:** پالاننى تىللىدى.

**نَالَ فُلَانًا الشَّيْءَ:** پالانىغا نەرسە بەردى.

**«نِلْتُهُ مَعْرُوفًا»:** ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلدىم.

**«نَالَهُ أَوْفَرَ مَنَالٍ»:** ئۇنىڭغا ئەڭ كۆپ بەردى.

**نَالَ مِنْهُ الشَّيْبُ:** چېچى ئاقىرىپ كەتتى.

**نَالَ مِنْ عَرْضِهِ:** تۆھمەت قىلدى، بوھتان چاپلىدى، قارا چاپلىدى، ئابرۇيىنى تۆكتى.

**نَالَهُ بِسُوءٍ:** زىيانكەشلىك قىلدى، يامانلىق قىلدى.

**نَالَهُ:** ئېرىشتۈردى، ئىگە قىلدى.

**نَالَ يَنُولُ نَوْلًا وَ نَوَالًا:** بەردى، ئاتا قىلدى.

**نَالَ عَلَيْهِ بِشَيْءٍ:** سېخىيلىق قىلدى.

**«نَالَ عَلَيْهِ بِهَدِيَّةٍ»:** ئۇنىڭغا سوۋغات بەردى.

**نَالَ لَهُ أَنْ يَفْعَلَ كَذَا:** شۇنداق قىلىشقا ئاز قالدى.

**نَامَ يَنَامُ نَوْمًا:** ئۇخلىدى.

**«نَامَ الصَّبِيُّ»:** بالا ئۇخلىدى.

**نَامَ الشَّيْءُ:** توختىدى، جىمىدى، پەسەيدى، تىنچىدى.

**«نَامَ الْبَحْرُ»:** دېڭىز تىنچىدى.

«نَامَتِ الرِّيحُ»: شامال توختىدى.

«إِنَّ عَيْنَيَّ تَنَامَانِ وَلَا يَنَامُ قَلْبِيْ» ‹حديث›: مېنىڭ ئىككى كۆزۈم ئۇخلىغان بىلەن قەلبىم ئويغاق.

نَامَتِ النَّارُ: ئوت ئۆچتى.

نَامَ إِلَيْهِ: خاتىرجەم بولدى.

نَامَ عَنْ حَاجَتِهِ: ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمىدى، بىپەرۋالىق قىلدى.

نَامَ الشَّخْصُ لِلَّهِ: ئاللاھقا بويسۇندى.

نَامَ هَمُّهُ: خاتىرجەم بولدى.

«إِنَّ هَذَا النَّارَ عَدُوٌّ لَكُمْ ، فَإِذَا نِمْتُمْ فَأَطْفِئُوهَا عَنْكُمْ» ‹حديث›: شۈبھىسىزكى، ئوت سىلەرگە دۈشمەندۇر، سىلەر ئۇخلىغاندا ئوتنى ئۆچۈرۈۋېتىڭلار.

نَامَتِ الرِّجْلُ: پۇت ئۇيۇشۇپ قالدى.

نَامَتِ السُّوقُ: بازار كاساتلاشتى.

نَامَسَ يُنَامِسُ مُنَامَسَةً الصَّائِدُ: ئوۋچى مۆكۈش ئۆيىگە كىرىۋالدى.

نَامَسَهُ: ئۇنىڭ بىلەن سىرداشتى.

نَامِصَةٌ ج نَوَامِصُ: ئاياللارنىڭ يۈزىنى تېرىپ پەردازلىغۇچى ئايال.

نَامُوسٌ ج نَوَامِيسُ: زىرەك، چېچەن؛ شەرىئەت، قائىدە، تۈزۈم، نىزام، قانۇن، سىرداش دوست، مەككار، كاززاپ، سۇخەنچى، كىچىك پاشا، راھىبنىڭ ئىبادەتخانىسى، ئوۋچى ئۆزىنى دالدىغا ئالىدىغان جاي.

نَامُوسُ الْإِنْتِخَابِ الطَّبِيعِيِّ: تەبىئىي تاللىنىش قانۇنى.

«نَوَامِيسُ الطَّبِيعَةِ»: تەبىئەت قانۇنلىرى.

النَّامُوسُ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام.

نَامُوسِيَّةٌ: پاشلىق.

نَامٍ (النَّامِيُّ): ئۆسۈۋاتقان، تەرەققىي قىلىۋاتقان.

شَبَابٌ نَامٍ: يېتىلىۋاتقان ياش.

الْبُلْدَانُ النَّامِيَةُ: تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر.

نَامِيَةٌ مَرَضِيَّةٌ: سۆگەل.

النَّامِيَةُ السَّرْطَانِيَّةُ: يامان سۈپەتلىك ئۆسمە.

نَاهَ يَنُوهُ نَوْهًا: ئۆستى، ئۆرلىدى، ئېگىزلىدى.

«نَاهَ النَّبَاتُ»: ئۆسۈملۈك ئۆستى.

نَاهِئٌ: ئىچىپ قانغۇچى.

نَاهَبَ يُنَاهِبُ مُنَاهَبَةً: يۇگۇرۇشتە مۇسابىقىلەشتى.

نَاهَبَ الْغَنِيمَةَ: : غەنىيمەت ئالدى، تالاشتى.

نَاهَدَ يُنَاهِدُ نِهَادًا وَ مُنَاهَدَةً الشَّخْصَ: جېدەللەشتى، قارشى چىقتى.

«نَاهَدَ الْعَدُوَّ»: دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلدى.

نَاهِدٌ نَاهِدَةٌ ج نَوَاهِدُ: ئەمچىكى تومپىيىپ چىقىپ تۇرغان ئايال؛ يولۋاس.

غُلَامٌ نَاهِدٌ: بالاغەتكە يەتكەن بالا.

نَاهَزَ يُنَاهِزُ مُنَاهَزَةً: يېقىنلاشتى.

«نَاهَزَ الرَّضِيعُ الْفِطَامَ»: بالا ئەمچەكتىن ئايرىشقا يېقىنلاشتى.

«نَاهَزَتِ الْبُلُوغَ»: بالاغەتكە يېتەي دەپ قالدى.

«نَاهَزَ الْخَمْسِينَ مِنْ عُمْرِهِ»: ئەللىك ياشقا يېقىنلاشتى.

نَاهَزَتْهُ الْفُرْصَةُ: ئۇنىڭغا پۇرسەت كېلىپ قالدى.

نَاهَزَ الْفُرْصَةَ: پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلدى.

نَاهَضَ يُنَاهِضُ مُنَاهَضَةً: قارشى تۇردى، قارشىلىق كۆرسەتتى، قارشىلاشتى، تىركەشتى، قارشى چىقتى.

«نَاهَضَ خَصْمَهُ»: دۈشمىنى بىلەن قارشىلاشتى، رەقىبى بىلەن قارشىلاشتى.

نَاهِضٌ: جانلانغۇچى، گۈللەنگۈچى، تىك، ئۆرە.

نَاهِضٌ ج نَوَاهِضُ: قۇشنىڭ ئۇچۇرما بولغان بالىسى؛ ئېگىز يەر.

نَاهِضٌ ج نُهَّضٌ: تېتىك، جانلىق، روھلۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com



«شَبَابٌ نَاهِضٌ»: جانلىق، روھلۇق ياشلار.

«عُمَّالٌ نُهَّضٌ»: تىرىشچان ئىشچىلار.

دَلِيلٌ نَاهِضٌ: ئوچۇق پاكىت، روشەن دەلىل.

نَاهِضَةٌ: تېتىك، جانلىق، روھلۇق.

«فَتَاةٌ نَشِيطَةٌ نَاهِضَةٌ»: روھلۇق، تىرىشچان قىز.

نَاهِضَةٌ ج نَوَاهِضُ الشَّخْصِ: كىشىنىڭ بولۇشىدىغان تۇغقانلىرى؛ ئىشقا تەييار خىزمەتچىلەر.

نَاهِلٌ ج نُهَّالٌ: قېنىپ ئىچكەن، تەشنا.

نَاهِلَةٌ ج نَوَاهِلُ وَ نِهَالٌ: قانغان، قېنىپ ئىچكەن؛ تەشنا.

سُيُوفٌ نَوَاهِلُ: قان تېمىپ تۇرغان قىلىچلار.

إِبِلٌ نَوَاهِلُ: ئاچ قالغان تۆگىلەر.

نَاهٍ (النَّاهِيْ) ج نُهَاةٌ: چەكلىگۈچى، چەكلەيدىغان، توق قانغان.

«النَّاهِي عَنِ الْمَعَاصِي»: گۇناھلاردىن چەكلەيدىغان.

رَجُلٌ نَاهِيكَ مِنْ رَجُلٍ: ئۇ ھاجىتىڭدىن چىقىدىغان ئادەم.

نَاهِيَةٌ ج نَوَاهٍ: مەنئى قىلىش بۇيرۇقى، تەھقىقلەش پەرمانى، پەرھىز، ئۆزگەرمەس قانۇن.

نَاوَأَ يُنَاوِئُ مُنَاوَأَةً ـــ ه: ئابروي تالاشتى.

نَاوَأَةٌ: دۈشمەنلەشتى، قارشىلاشتى، مۇسابىقىلەشتى.

«نَاوَأَهُ خُصُومُهُ»: رەقىبلىرى ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشتى.

نَاوَرَ يُنَاوِرُ مُنَاوَرَةً ـــ ه: ئۇنىڭ بىلەن تىللاشتى.

«نَاوَرَ خَصْمَهُ»: رەقىبى بىلەن تىللاشتى.

نَاوَرَتْ فِرَقُ الْجَيْشِ: ئەسكىرىي قىسىملار مانېۋىر ئۆتكۈزدى.

نَاوَشَ يُنَاوِشُ مُنَاوَشَةً: ئارىلاشتى.

نَاوَشَ الشَّخْصَ: ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ كۈچىنى سىنىدى.

«نَاوَشَ الثُّوَّارُ جُنُوْدَ الْعَدُوِّ»: قوزغىلاڭچىلار دۈشمەن قوشۇنىنىڭ كۈچىنى سىنىدى.

نَاوَلَ يُنَاوِلُ مُنَاوَلَةً ـــ هُ الشَّيْءَ: ئۇنىڭغا نەرسە بەردى.

«نَاوَلَهُ الدَّوَاءَ»: ئۇنىڭغا دورا بەردى.

نَاوُوسٌ ج نَوَاوِيسُ: خرىستىئانلار ئۆلۈكنىڭ جەسىتىنى سالىدىغان ساندۇق؛ خرىستىئانلارنىڭ قەبرىستانلىقى.

نَاوَى يُنَاوِي مُنَاوَاةً: قارشى تۇردى، قارشىلىق كۆرسەتتى، دۈشمەنلەشتى.

نَايٌ ج نَايَاتٌ: نەي، قومۇش نەي.

نَايَاتِيٌّ ج نَايَاتِيَّاتٌ: نەيچى.

نَاءٍ م نَائِيَةٌ: يىراق، ئۇزاق.

يَعِيْشُ فِي قَرْيَةٍ نَائِيَةٍ: ئۇ يىراق يېزىدا ياشايدۇ.

نَائِبٌ ج نُوَّابٌ: ئورۇنباسار، ۋەكىل، خەلق ۋەكىلى.

«نَائِبُ الرَّئِيْسِ»: مۇئاۋىن رەئىس.

«نَائِبُ الْقَاضِي»: ئورۇنباسار سوتچى.

«النَّائِبُ الْعُمُوْمِيّ»: تەپتىش باشلىقى، تەپتىش ئەمەلدارى.

«نَائِبٌ فِي الْبَرْلَمَانِ»: پارلامېنت ئەزاسى.

نَائِبَةٌ ج نَوَائِبُ وَ نَائِبَاتٌ: ئايال ۋەكىل، ئايال ئەزا، ئاپەت، بالايى-قازا، ھادىسە، مۇسىبەت.

«نَائِبَةٌ فِي الْبَرْلَمَانِ»: ئايال پارلامېنت ئەزاسى.

الْحُمَّى النَّائِبَةُ: ھەر كۈنى بولۇپ تۇرىدىغان بەزگەك.

نَوَائِبُ الدَّهْرِ: بەختسىزلىك، ئاپەت، بالايى-قازا، ھادىسە، مۇسىبەت.

نَائِجَةٌ ج نَوَائِجُ و نَائِجَاتٌ: بوران، قارا بوران.

نَائِحَةٌ ج نَائِحَاتٌ و نَوَائِحُ: مېيىتكە قوشاق قېتىپ يىغلايدىغان ئايال.

نَائِلٌ: ئېرىشكۈچى، قولغا كەلتۈرگۈچى،

ئېرىشىلگەن نەرسە، سوۋغا، سېخىيلىق، مەردلىك.

«عِشْ نَائِلاً كُلَّ مَا تَرْجُوهُ مَا سَجَعَتْ وَرْقُ الْحَمَامِ عَلَى الأَغْصَانِ وَالْبَانِ»: مادامىكى كەپتەرلەر شاخلاردا سايراپلا تۇرىدىكەن، كۆڭلۈڭگە پۈككەن نەرسەڭگە ئېرىشىپ ياشارسەن. (ئىلاھىم، مەڭگۈ كۈتكىنىڭگە ئېرىشەرسەن.)

نَائِمٌ ج نُوَّامٌ وَ نِيَامٌ: ئۇخلىغۇچى، ئۇخلاۋاتقان، ئۇيۇشۇپ قالغان، ناركوز قىلغۇچى، ناركوز قىلىنغان.

نَاءٍ (النائي): يىراق.

يَعِيشُ فِي قَرْيَةٍ نَائِيَةٍ: ئۇ يىراق جايدا ياشايدۇ.

نَأَتَ يَنْأَتُ نَأْتًا وَ نَئِيتًا: ئىڭرىدى.

نَأَتَ الرَّجُلَ: كىشىگە ھەسەت قىلدى، كىشىنى كۆرەلمىدى.

نَأَثَ يَنْأَثُ نَأْثًا وَ مَنْأَثًا: يىراقلاشتى، يىراق بولدى، ئاستا بولدى، تېز ماڭدى.

نَأَجَ يَنْأَجُ نَئِيجًا وَنَأْجًا — الرِّيحُ: بوران چىقتى.

نَأَجَ إِلَى اللهِ فِي الدُّعَاءِ: ئاللاھقا ئىلتىجا قىلدى.

نَأَجَ الْخَبَرَ: خەۋەر تارقالدى.

نَأَجَ الأَمْرَ: ئىشنى كېچىكتۈردى.

نَأَجَ يَنْأَجُ نَأْجًا وَ نُؤَاجًا — الثَّوْرُ: ئۆكۈز مۆرىدى، بورقىرىدى.

نَئِجَ يَنْئَجُ نَأْجًا: ئاستا يېدى، ئۆمەللەپ يېدى.

نَئِجَ الْقَوْمُ: قوۋم بوراندا قالدى.

نَأَدَ يَنْأَدُ نَأْدًا: ھەسەت قىلدى.

نَأَدَتْهُ الْمُصِيبَةُ: ئۇنىڭغا مۇسىبەت كەلدى، بالا-قازاغا يولۇقتى.

نَأَدَهُ: ئۇنىڭغا ھەسەت قىلدى.

نَأَرَ يَنْأَرُ نَأْرًا: قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى.

نَأَشَ يَنْأَشُ نَأْشًا — الشَّيْءَ: نەرسىنى تارتىۋالدى، زورلۇق بىلەن ئېلىۋالدى.

نَأَشَ الأَمْرَ: ئىشنى كېچىكتۈردى.

نَأَشَ مِنْ مَكَانِهِ: جايىدىن يىراقلاپ كەتتى.

نَأَشَهُ اللهُ: ئاللاھ ئۇنى تىرىلدۈردى.

نَأَفَ يَنْأَفُ نَأْفًا فِي الأَمْرِ: ئەستايىدىل ئىشلىدى، دىققەت بىلەن ئورۇنلىدى.

نَئِفَ يَنْئَفُ نَأْفًا وَنَأَفًا — مِنَ الشَّرَابِ: قانغۇدەك ئىچتى.

نَئِفَ الرَّجُلَ: ئۆچ كۆردى، يامان كۆردى، بىزار بولدى.

نَئَفَ الشَّيْءَ: نەرسىنى يېدى.

نَأَلَ يَنْأَلُ نَأْلًا و نَأَلَانًا وَ نَئِيلًا الْفَرَسُ: ئات يورغىلاپ ماڭدى.

نَأَلَهُ: ئۇنىڭغا ھەسەت قىلدى.

نَأَمَ يَنْأَمُ نَئِيمًا: ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلدى.

نَأْمَةٌ: ۋاراڭ-چۇرۇڭ.

نَأْنَأَ يُنَأْنِئُ نَأْنَأَةً عَنِ الأَمْرِ: بوشاشتى، بوشاڭلىق قىلدى، سوغۇق مۇئامىلىدە بولدى.

نَأْنَأَ فِي الرَّأْيِ: ئىككىلىنىپ قالدى? لىكتاسىملىق قىلدى، ئەزمىلىك قىلدى.

نَأْنَأٌ ونَأْنَاءٌ و نُؤْنُؤٌ: ئاجىز، قورقۇنچاق، ئىرادىسىز، بوزەك.

نُؤُودٌ: ئاپەت، ھادىسە.

نُؤُورٌ: بۇس (ياغنىڭ).

نُؤُوشٌ: كۈچلۈك، كۈچتۈڭگۈر.

نَأَى يَنْأَى نَأْيًا — عَنْهُ: يىراقلاشتى، يىراق تۇردى، ئايرىلدى، ئۇزاپ كەتتى، نېرى كەتتى.

«نَأَى عَنْ بَيْتِهِ»: ئۆيىدىن يىراقلاشتى.

نَأَى الشَّخْصُ بِجَانِبِهِ: تەكەببۇرلۇق قىلدى، ئاتىكارچىلىق قىلدى، چوڭچىلىق قىلدى، يۈز ئۆرۈدى، يىراقلاشتى.

﴿وَإِذَا أَنْعَمْنَا عَلَى الإِنْسَانِ أَعْرَضَ وَنَأَى بِجَانِبِهِ﴾ ‹قۇرئان›: ئىنسانغا (تۈرلۈك نېمەتلەرنى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەرسەك، (پەرۋەردىگارىنىڭ ئىبادىتىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ)، (چوڭچىلىق قىلىپ) پەرۋەردىگارىدىن يىراقلىشىدۇ.

**نُؤْيٌ وَ نِئْيٌ وَ نُؤْيٌ ج آنَاءٌ وَأَنْآءٌ وَ نُئِيٌّ و نِئِيٌّ:** خەندەك، ئاكوپ.

**نَئِيشٌ:** يىراق.

**فَعَلَهُ نَئِيشًا:** ئۇ ئەمدى قىلدى.

**جَاءَ نَئِيشًا:** ئۇ ئاستا كەلدى.

**نَبَا يَنْبُو نُبُوًّا وَ نَبْوَةً — الطَّبْعُ عَنِ الشَّيْءِ:** ئىنساننىڭ تەبىئىتى نەرسىدىن يىرگەندى.

**نَبَتِ الصُّورَةُ:** سۈرەت سەت بولدى.

**نَبَتْ جَنْبُهُ عَنِ الْفِرَاشِ:** ئۇ ئارامسىزلىنىپ ئۇخلىيالمىدى.

**نَبَتِ السَّهْمُ عَنِ الْهَدَفِ:** ئوق نىشانغا تەگمىدى.

**«نَبَا عَنْ مَكَانِهِ، نَبَا بِهِ الْمَكَانُ»:** ئورنىدىن چەتنىدى.

**نَبَاتٌ:** ئۈنمەك.

**نَبَاتٌ ج نَبَاتَاتٌ:** ئۆسۈملۈك، ئوت-چۆپ، گىياھ-ئېكىن.

**«نَبَاتٌ حَوْلِيٌّ»:** يىللىق ئۆسۈملۈك.

**«نَبَاتٌ طِبِّيٌّ»:** تېببىي ئۆسۈملۈك، دورا ئۆسۈملۈكى.

**«نَبَاتٌ مَائِيٌّ»:** سۇ ئۆسۈملۈكى.

**«نَبَاتَاتُ الزِّينَةِ»:** زىننەت ئۆسۈملۈكلىرى.

**﴿وَهُوَ الَّذِي أَنزَلَ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَأَخْرَجْنَا بِهِ نَبَاتَ كُلِّ شَيْءٍ﴾** «قرآن»: ئاللاھ بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈردى.

**عِلْمُ النَّبَاتِ:** بوتانىكا.

**نَبَاتِيٌّ:** ئوتخور؛ گۆشسىز تاماق يەيدىغان ئادەم؛ ئۆسۈملۈكنىڭ، ئۆسۈملۈككە ئائىت.

**دُهْنٌ نَبَاتِيٌّ:** ئۆسۈملۈك مېيى؛ بوتانىكا ئالىمى.

**الْمَمْلَكَةُ النَّبَاتِيَّةُ:** ئۆسۈملۈك دۇنياسى.

**الْمَعَرِّيُّ مِنَ النَّبَاتِيِّينَ:** ئەبۇلئەلا مەئەررى گۆش يېمەيدىغانلاردىن ئىدى.

**نَبَاجٌ:** ئېگىزلىك، تۆپىلىك.

**نُبَاجٌ:** ئۇسۇرۇق، كېرەكسىز نەرسە، كېرەكسىز ئادەم.

**نُبَاجُ الْكَلْبِ:** ئىتنىڭ ھاۋشىشى.

**نُبَاحٌ:** ئىتنىڭ ھاۋشىشى، قاۋشى، ھاۋشىماق.

**«نُبَاحُ الْكِلَابِ لَايَضِرُّ بِالسِّحَابِ»:** ئىتنىڭ ھاۋشىشى بۇلۇتقا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، بىر تال موينى تەۋرىتەلمەيدۇ؛ ئىت ھۈرەر كارۋان يۈرەر.

**نِبَالَةٌ:** ئوق ياساش كەسپى.

**نَبَالَةٌ:** ئالىيجانابلىق، ئېسىلزادىلىك؛ زېرەكلىك.

**نَبَاهَةٌ:** ئەقىل، زېرەكلىك، چېچەنلىك؛ شۆھرەت، داڭق، شەرەپ، ئېسىللىك.

**نَبَأَ يَنْبَأُ وَ نُبُوءًا الشَّيْءُ:** ئېگىز بولدى، ئۈستۈن بولدى، يۇكسەك بولدى.

**نَبَأَ عَنْ كَذَا:** يىرگەندى، يامان كۆردى، بىزار بولدى، نەپرەتلەندى.

**نَبَأَ عَلَى قَوْمٍ:** قوۋمغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى.

**نَبَأَ مِنْ أَرْضٍ إِلَى أَرْضٍ أُخْرَى:** كۆچتى.

**نَبَأَ يَنْبَأُ نَبْأً وَ نَبْأَةً:** ئاستا توۋلدى.

**نَبَأَ نَبَأَ الرَّجُلَ:** خەۋەر قىلدى، خەۋەر يەتكۈزدى.

**نَبَأٌ ج أَنْبَاءٌ:** خەۋەر، مەلۇمات، ئىز-دېرەك، ئاخبارات، ئۇچۇر؛ ھادىسە، (يېڭى) خەۋەر.

**أَنْبَاءُ الْحَرْبِ:** ئۇرۇش خەۋەرلىرى.

**«نَشْرَةُ الْأَنْبَاءِ فِي الْإِذَاعَةِ وَ التِّلْفَزَةِ»:** رادىئو ۋە تېلېۋىزىيىدە خەۋەرلەرنى ئاڭلىتىش.

**﴿عَمَّ يَتَسَاءَلُونَ عَنِ النَّبَإِ الْعَظِيمِ﴾** «قرآن»: (مۇشرىكلار ئۆزئارا نېمە توغرۇلۇق) سورىشىدۇ؟ ئۇلار چوڭ بىر خەۋەر (يەنى، قىيامەت توغرۇلۇق) سورىشىدۇ.

**نَبْأَةٌ:** ئىڭرىغان ئاۋاز، نالە-پەرياد، ئىتلارنىڭ

خىرقىرىغان ئاۋازى، خىرقىرىغان ئاۋاز.

نَبَّ يَنِبُّ نَبًّا ونَبِيْبًا: ۋارقىرىدى، توۋلىدى، چىرقىرىدى.

نَبَّ التَّيْسُ: تېكە مەرىدى.

نَبَّاحٌ: كۆپ قاۋايدىغان، تولا ھاۋشىيدىغان، يالغانچى.

كَلْبٌ نَبَّاحٌ: قاتتىق ھاۋشىيدىغان ئىت.

نَبَّاحٌ مِنَ الْعَجِيْنِ: بولغان خېمىر.

نَبَّاذٌ: ھاراق سودىگىرى.

نَبَّارٌ: توۋلىغۇچى، سۆرەن سالغۇچى.

رَجُلٌ نَبَّارٌ بِالْكَلَامِ: پاساھەتلىك ئادەم.

نَبَّاشٌ ج نَبَّاشُوْنَ: تولا كولايدىغان.

«نَمَّامٌ نَبَّاشٌ»: تولا گەپ كولايدىغان گەپ توشۇغۇچى، تولا گەپ كولايدىغان سۇخەنچى.

نَبَّاشُ الْقُبُوْرِ: كېپەن ئوغرىسى، قەبرە ئوغرىسى.

نَبَّالٌ: مەرگەن.

نَبَّأَ يُنَبِّئُ تَنْبِيْئًا فُلَانًا الْخَبَرَ وَ بِالْخَبَرِ: خەۋەر قىلدى، ئېيتتى، دەپ قويدى، ئۇقتۇردى، بىلدۈردى، مەلۇم قىلدى، ئېلان قىلدى، جاكارلىدى.

«نَبَّأَهُ بِوُقُوْعُ الْخَطَرِ»: ئۇنىڭغا خەتەر يۈز بەرگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

﴿إِلَى اللهِ مَرْجِعُكُمْ جَمِيعاً فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ فِيهِ تَخْتَلِفُونَ﴾ «قرآن»: ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەرنى (ئۇنىڭ قايسى ھەق، قايسى ناھەق ئىكەنلىكىنى) ئاللاھ سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ.

نَبَّبَ يُنَبِّبُ تَنْبِيْبًا — النَّبَاتُ: ئۆسۈملۈك بوغۇملۇق بولدى.

نَبَّتَ يُنَبِّتُ تَنْبِيْتًا — الزَّرْعُ: ئۆسۈملۈك بىخ چىقاردى.

نَبَّتَ الشَّجَرَ: دەرەخ تىكتى.

نَبَّتَ الصَّبِيَّ: بالىنى تەربىيىلەپ ئۆستۈردى.

نَبَّذَ يُنَبِّذُ تَنْبِيْذًا: تاشلىدى.

نَبَّذَ التَّمْرَ أَوِ الْعِنَبَ: خورما ياكى ئۈزۈمدىن شاراب چىقاردى.

نَبَّضَ يُنَبِّضُ تَنْبِيْضًا الْقَوْسَ أَوْ فِيْهِ: يانى مىدىراتتى.

نَبَّضَتْهُ الْحُمَّى: قىزىتما ئۇنى تىترىتىۋەتتى.

نَبَّطَ يُنَبِّطُ تَنْبِيْطًا الْبِئْرَ: قۇدۇقنىڭ سۈيىنى چىقاردى، تارتتى.

نَبَّقَ يُنَبِّقُ تَنْبِيْقًا الشَّيْءُ: كۆرۈندى، ئاشكارا بولدى.

نَبَّقَ الْكِتَابَ: كىتابنى رەتلىك يازدى.

نَبَّقَ الشَّجَرَ: دەرەخنى رەتلىك تىكتى.

نَبَّهَ يُنَبِّهُ تَنْبِيْهًا — بِاسْمِهِ: ئۇنىڭ نامىنى چىقاردى.

نَبَّهَهُ مِنْ نَوْمِهِ: ئۇنى ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتى.

نَبَّهَهُ عَلَى أَوْ إِلَى الْأَمْرِ: ۋاقىپلاندۇردى، ئۇقتۇردى، بىلدۈردى، ئاگاھلاندۇردى.

نَبَّهَ الرَّأْيَ الْعَامَّ: جامائەت پىكرىنى قوزغىدى.

نَبُّوتٌ ج نَبَابِيْتُ: كالتەك، توقماق، تاياق.

نَبَتَ يَنْبُتُ نَبْتًا وَ نَبَاتًا — الزَّرْعُ: زىرائەت ئۈندى، ئۆستى.

نَبَتَتِ الْأَرْضُ: يەردە ئۆسۈملۈك ئۆستى.

نَبَتَ يَنْبُتُ نَبْتَةً وَ نَبَاتًا الْإِنْسَانُ: ياش قۇرامىغا يەتتى، ۋايىغا يەتتى، توشتى، تولدى، يېتىلدى.

نَبَتَ فُلَانٌ فِي مَنْبِتِ صِدْقٍ: پالانى ئېسىل ئائىلىدە ئۆستى.

نَبَتَ يَنْبُتُ نُبُوْتًا ثَدْيُ الْجَارِيَةِ: قىزنىڭ كۆكسى كۆتۈرۈلدى.

نَبْتٌ الْوَاحِدَةُ نَبْتَةٌ ج نُبُوتٌ: ئۆسۈملۈك.

«غَرَسَ فِي حَدِيْقَتِهِ نَبْتَةَ يَاسِمِيْنَ»: ئۇ بېغىدا ياسمەن ئۆسۈملۈكىنى تىكتى.

نَبَثَ يَنْبُثُ نَبْثًا الْبِئْرَ: قۇدۇق قازدى، كولىدى،

ئويدى.

نَبَثَ الشَّيْءَ: ئاشكارىلىدى.

نَبَثَ عَنِ السِّرِّ أَوِ الْأَمْرِ: سىر ياكى ئىشنى ئىزدەپ ئاشكارىلىدى.

«فُلَانٌ يَنْبُثُ عَنْ عُيُوبِ النَّاسِ»: پالانى كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىرىنى ئاچىدۇ، كولايدۇ.

نَبْثٌ ج أَنْبَاثٌ: ئىز، قالدۇق.

نَبَجَانٌ ج نِبَاجٌ: تەھدىت، تەھدىت سۆزلىرى.

نَبَجَةٌ: تۆپىلىك، ئېگىزلىك.

نَبَحَ يَنْبَحُ نَبْحًا وَ نُبَاحًا — الْكَلْبُ: ئىت هاۋشىدى.

«إِنَّ الْكِلَابَ تَنْبَحُ وَالْقَافِلَةُ تَسِيرُ»: ئىت هاۋۇرەر، كارۋان يۈرەر.

نَبَحَ الشَّاعِرُ: شائىر ھەجۋىي قىلدى.

نَبَخَ يَنْبَخُ نُبُوخًا — العَجِينُ: خېمىر بولدى.

نَبْحٌ: هاۋشىماق.

نَبْخٌ، نَبَخٌ: قاپارتقۇ.

نَبْخَةٌ: سەرەڭگە، گۈگۈت.

نَبَذَ يَنْبِذُ نَبْذًا وَنَبَذَانًا — الشَّيْءَ: تاشلىدى، ئىرغىتىپ تاشلىدى، چۆرىدى، ۋاز كەچتى.

نَبَذَ الْعَهْدَ: ئەھدىنى بۇزدى، ئەمەلدىن قالدۇردى.

﴿فَانبِذْ إِلَيْهِمْ عَلَى سَوَاءٍ﴾ «قرآن»: مۇئاھىدىسىنى ئۇلارغا ئوچۇق-يورۇقلۇق بىلەن تاشلاپ بەرگىن.

نَبَذَ الْأَمْرَ: ئىشنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

نَبَذَ الطَّاعَةَ: ئاسىيلىق قىلدى.

نَبْذٌ ج أَنْبَاذٌ: ئازغىنە، ئاز مىقداردا.

نُبْذَةٌ ج نُبَذٌ: كىچىك بىر پارچە، ئاز بىر بۆلەك، قىسىم، بۆلۈم، ئورۇن؛ ماقالە، قىسقا مۇلاھىزە، قىسقا ئوبزور؛ بوغۇم، ئابزاس، پاراگراف.

نُبْذَةٌ عَنْ حَيَاتِهِ: ئۇنىڭ ھاياتىدىن بىر قىسىم.

نُبْذَةٌ مِنْ كِتَابٍ: كىتابتىن بىر ئابزاس.

نُبْذَةٌ تَارِيخِيَّةٌ: تارىخىي پارچە.

ذَكَرَ نُبَذًا مِنْ خِطَابِهِ: نۇتقىدىن بۆلەكلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى.

نَبَرَ يَنْبِرُ نَبْرًا: كۆتۈردى.

نَبَرَ الْمُغَنِّيِّ: ناخشىچى ئاۋازىنى كۆتۈردى.

نَبَرَ الرَّجُلَ: كىشىنى ئەيىبلىدى.

نَبْرٌ: كۆتۈرمەك، توسماق، چەكلىمەك، دۆشكەلىمەك.

نَبْرُ الصَّوْتِ: ئاۋازنى كۆتۈرمەك.

نِبْرٌ ج أَنْبَارٌ: ئامبار، ساك، ئىسكىلات؛ كۆكۈيۈن، كانا، پاكار، پەسكەش.

نِبْرَاسٌ ج نَبَارِيسُ: چىراغ، باتۇر، قەھرىمان، يولۋاس، نەيزىنىڭ ئۇچى.

اِتَّخَذَ مِنْهُ نِبْرَاسًا: ئۇنى ئۈلگە قىلدى.

نَبْرَةٌ ج نَبَرَاتٌ: ئۇرغۇ، ئۇششۇق.

أَعْرِفُهُ مِنْ نَبْرَةِ صَوْتِهِ: ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ ئۇرغۇسىدىن تونۇيمەن.

نُبْرَةٌ ج نُبَرٌ: چوڭ بىر كاپام.

نَبْرِيجٌ: رېزىنكە ناسوس، رېزىنكە تورۇبا.

نَبَزَ يَنْبِزُ نَبْزًا: لەقەم قويدى.

«نَبَزَهُ بِالْأَعْرَجِ»: ئۇنىڭغا توكۇر دەپ لەقەم قويدى.

نَبْزٌ ج أَنْبَازٌ: لەقەم.

نَبِزٌ: ئەسلى پەس، زاتى پەس، پەسكەش.

نُبَزَةٌ: كىشىلەرگە تولا لەقەم قويىدىغان ئادەم.

نَبَسَ يَنْبِسُ نَبْسًا — الشَّخْصُ: ئىككى لىۋى مىدىرلاپ ئاستا سۆزلىدى، بۇ كۆپىنچە بولۇشسىز پېئىلدا قوللىنىلىدۇ.

«لَمْ يَنْبِسْ بِكَلِمَةٍ»: ھېچ نەرسە سۆزلىمىدى، لام-جىم دېمىدى.

نَبَسَ السِّرَّ: سىر ساقلىدى.

مَا نَبَسَ بِبِنْتِ شَفَةٍ: ئېغىز ئاچمىدى، لام-جىم دېمىدى.

نَبَشَ يَنْبُشُ نَبْشًا: ئاچتى، ئاشكارىلىدى.
«نَبَشَ عَنِ الْكَنْزِ»: كاننى ئاچتى.
نَبَشَ السِّرَّ: سىرنى ئاشكارىلىدى.
نَبَشَ الْقَبْرَ: قەبرىنى كولىدى؛ كېپەن ئوغرىلىدى.
نَبَشَ الْحَدِيثَ: گەپ ئاختۇردى.
نَبَشَ الْجُثَّةَ مِنَ الْقَبْرِ: جەسەتنى قەبرىدىن كولاپ چىقاردى.
نَبَشَ لِعِيَالِهِ: تىرىكچىلىك قىلدى، تۇرمۇش كەچۈردى.
نَبْشٌ: قېزىپ تەكشۈرمەك.
نَبْشُ الْأَسْرَارِ / نَبْشٌ عَنِ الْأَسْرَارِ: سىرنى پاش قىلىش.
نَبَصَ يَنْبِصُ نَبْصًا الْغُلَامُ الْكَلْبَ: بالا ئىتنى ئىسقىرتىپ چاقىردى.
نَبَصَ الشَّعْرُ: چاچنى يۇكۈزلىدى.
نَبَصَ فِي الْمَجْلِسِ: يىغىندا سۆزلىدى.
مَا نَبَصَ بِكَلِمَةٍ أَوْ بِحَرْفٍ: لام-جىم دېمىدى.
نَبْصَةٌ: سۆز.
نَبَضَ يَنْبِضُ نَبْضًا وَ نَبَاضَانًا ـــ الْعِرْقُ: تومۇر سوقتى.
«نَبَضَ الْقَلْبُ خَفِيفًا»: يۈرەك يەڭگىل سوقتى، مىدىرلىدى.
نَبَضَ الْوَتَرَ: تارنى تېز ھەرىكەتلەندۈردى، تېز چەكتى.
مَا دَامَ فِيهِ عِرْقٌ يَنْبِضُ: ھاياتلا بولىدىكەن، ئۆمۈر بويى.
مَا نَبَضَ لَهُ عِرْقُ عَصَبِيَّةٍ: تەرەپبازلىق قىلمىدى.
نَبَضَ يَنْبُضُ نُبُوضًا الْمَاءُ: سۇ يەرگە سىڭىپ كەتتى.
نَبْضٌ: تومۇر.
جَسَّ الطَّبِيبُ نَبْضَ الْمَرِيضِ: دوختۇر كېسەلنىڭ تومۇرىنى تۇتتى.
فُلَانٌ نَبْضُ الْفُؤَادِ: پالانى زىرەك، چېچەن.

نَبْضَةٌ ج نَبَضَاتٌ: بىر قېتىم سوقۇش.
نَبَطَ يَنْبُطُ نَبْطًا وَنُبُوطًا الْمَاءُ: سۇ ئېتىلىپ چىقتى.
نَبَطَ الْبِئْرَ: قۇدۇقنىڭ سۈيىنى چىقاردى، تارتتى.
نَبَطَ الْعِلْمَ: ئىلىم تارقاتتى.
نَبَطَ الشَّيْءَ: نەرسىنى ئاشكارىلىدى.
نَبَطٌ ج أَنْبَاطٌ وَ نُبُوطٌ: سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى.
فُلَانٌ لَا يُدْرَكُ نَبَطُهُ: ئۇنىڭ سەۋىيىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئۆلچىگىلى بولمايدۇ.
نَبَطُ الْمَرْءِ: كىشىنىڭ ئىچكى سىرى.
نَبَعَ يَنْبَعُ نَبْعًا وَ نُبُوعًا وَ نَبَعَانًا الْمَاءُ وَنَحْوُهُ مِنَ الْأَرْضِ: سۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار يەردىن ئېتىلىپ چىقتى.
«نَبَعَ النِّفْطُ فِي الْجَنُوبِ»: جەنۇبتا نېفىت چىقتى.
«يَنْبُعُ الْعَرَقُ مِنَ الْجَبِينِ»: پېشانىدىن تەر چىقىۋاتىدۇ.
نَبْعٌ: بۇلاق، سۇنىڭ ئېتىلىپ چىقىشى.
فُلَانٌ صَلِيبُ النَّبْعِ: ئېگىلمەس، سۇنماس ئادەم.
نَبْعٌ مَعْدَنِيٌّ: مىنېرال بۇلاق.
هُوَ مِنْ نَبْعٍ كَرِيمٍ: ئۇنىڭ تېگى ئېسىل.
نَبَغَ يَنْبُغُ نُبُوغًا: كۆرۈندى، پەيدا بولدى، مەيدانغا كەلدى، يۈز بەردى، شەكىللەندى، نامايان بولدى، روشەن بولدى، كۆزگە كۆرۈندى.
«نَبَغَ فِي الرِّيَاضِيَّاتِ»: ماتېماتىكىدا ئۆزۈپ چىقتى.
نَبَغَ الشَّخْصُ: ئۈستۈنلۈك قازاندى، ماھارەت ھاسىل قىلدى.
نَبَغَ فِي فَنِّهِ: ئۆز سەنئىتىدە ئۈستۈنلۈك قازاندى.
نَبَغَ فِي الْعِلْمِ: ئىلىمدە توشتى، يېتىلدى.
نَبَغَ الشَّرُّ: يامانلىق يامرىدى.
نُبُوغٌ: ئۈستۈنلۈك، ئەۋزەللىك.
نَبَقَ يَنْبُقُ نَبْقًا الشَّيْءُ: مەيدانغا چىقتى، ئاشكارا بولدى، كۆرۈندى.
نَبْقٌ نَبِقٌ: ياۋا چىلان، ئاكسىل دەرىخى.

**نَبَكَ يَنْبُكُ نُبُوكًا الْمَكَانُ**: جاي ئېگىز بولدى.

**نَبَكَةٌ ج نَبَكٌ وَ نَبْكٌ وَ نِبَاكٌ وَ نُبُوكٌ**: تۆپىلىك، دۆڭ، چوققا، كىچىك تاغ.

**نَبَلَ يَنْبُلُ نَبْلًا الرَّجُلَ**: كىشىنى ئوقيا بىلەن ئاتتى.

**نَبَلَ الْهَدَفَ**: نىشانغا ئاتتى.

**نَبُلَ يَنْبُلُ نُبْلًا وَ نَبَالَةً الشَّخْصُ**: ئېسىل بولدى، ياخشى بولدى.

**نَبْلٌ**: ئېسىل، ئالىيجاناب، زېرەك، چېچەن.

**نُبْلٌ**: ئالىيجانابلىق، ئېسىلزادىلىك، زېرەكلىك.

**نَبْلَةٌ ج نِبَالٌ وَ نَبْلٌ**: ئوق.

**«أَمْطَرَهُ بِوَابِلٍ مِنَ النِّبَالِ»**: ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوق ياغدۇردى.

**نُبْلَةٌ ج نُبْلَاتٌ**: سوۋغا، سوۋغات، ئىنئام، ھەدىيە، تارتۇق.

**نَبَهَ يَنْبُهُ وَ نَبُهَ يَنْبُهُ نَبَاهَةً**: ئېسىل بولدى، ئالىيجاناب بولدى؛ مەشھۇر بولدى، داڭقى چىقتى.

**«نَبُهَ الْعَالِمُ الْفُلَانِيّ»**: پالانى ئالىمنىڭ داڭقى چىقتى.

**نَبِهَ يَنْبَهُ نَبَاهَةً**: ئېسىل بولدى، ئالىيجاناب بولدى، مەشھۇر بولدى.

**نَبِهَ نَبَهًا لِلْأَمْرِ**: چۈشەندى، ئۇقتى، تۇيدى.

**نَبِهَ نُبْهًا مِنْ نَوْمِهِ**: ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى.

**نُبْهٌ**: ئەقىل، زېرەكلىك، چېچەنلىك.

**نَبِهٌ**: ھوشيار، ئەقىللىق، زېرەك، چېچەن، ئېسىل، ئالىيجاناب، مۇنەۋۋەر، مەشھۇر.

**نَبَهًا**: دەل توغرا كېلىپ قېلىپ، تاسادىپەن.

**وَجَدْتُ الضَّالَّةَ نَبَهًا**: يىتوپ كەتكەن نەرسىنى تاسادىپىي تېپىۋالدىم.

**نَبُوٌّ**: ئوقنىڭ نىشانغا تەگمەسلىكى.

**نُبُوءَةٌ**: ئاللاھنىڭ ۋەھيىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشى، پەيغەمبەرلىك؛ غايىبتىن خەۋەر بېرىش؛ ئالدىن ئېيتىپ بەرمەك، بېشارەت، مەلۇمات.

**نُبُوءَةُ الْمُنَجِّمِينَ**: مۇنەججىملەرنىڭ ئالدىن خەۋەر بېرىشى.

**نَبْوَةٌ**: دۆڭلۈك، چوققا.

**«لِكُلِّ سَيْفٍ نَبْوَةٌ»**: ھەرقانداق قىلىچنىڭ جايىغا تەگمەيدىغان چاغلىرى بولىدۇ.

**نُبُوغٌ**: ئەقىل-پاراسەت، زېرەكلىك، چېچەنلىك، ئۆتكۈرلۈك، تالانت، قابىلىيەت، ئۈستۈنلۈك، ئەۋزەللىك.

**نُبُوٌّ**: ئوقنىڭ نىشانغا تەگمەسلىكى.

**نُبُوَّةٌ**: غايىبتىن خەۋەر بېرىش، ئالدىن ئېيتىپ بېرىش، بېشارەت، مەلۇمات، ئاللاھنىڭ ۋەھيىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشى، پەيغەمبەرلىك.

**﴿وَجَعَلْنَا فِي ذُرِّيَّتِهِمَا النُّبُوَّةَ وَالْكِتَابَ﴾** ‹قرآن›: پەيغەمبەرلىكنى ۋە كىتابنى ئۇلارنىڭ ئەۋلادىغا (ئاتا) قىلدۇق.

**«رُؤْيَا الْمُؤْمِنِ جُزْءٌ مِنْ سِتَّةٍ وَ أَرْبَعِينَ جُزْءًا مِنَ النُّبُوَّةِ»** ‹حديث›: مۆئمىننىڭ چۈشى پەيغەمبەرلىكنىڭ قىرىق ئالتە ھەسسىسىدىن بىر ھەسسىدۇر.

**نَبَوِيٌّ**: پەيغەمبەرلىك، پەيغەمبەرنىڭ.

**«الْأَحَادِيثُ النَّبَوِيَّةُ»**: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى (سۆزلىرى).

**نَبِيْءٌ نَبِيٌّ ج أَنْبِيَاءُ**: پەيغەمبەر.

**﴿يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ إِنَّا أَرْسَلْنَاكَ شَاهِداً وَمُبَشِّراً وَنَذِيراً﴾** ‹قرآن›: ئى پەيغەمبەر، سېنى بىز ھەقىقەتەن گۇۋاھچى، بېشارەتچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق.

**نَبِيثٌ**: كولانغان ئىز؛ ئەسكى، يامان، قولاق كەستى.

نَبِيْثَةٌ ج نَبَائِثُ: قۇدۇق ـ ئۆستەڭلەردىن چىقىرىلغان لاي؛ مەخپىيەتلىك، سىر.

نَبِيْذٌ ج أَنْبِذَةٌ: ئۈزۈم ياكى خورما، ياكى باشقىلاردىن چىقىرىلغان شاراب، ھاراق.

«نَبِيْذٌ أَحْمَرُ»: قىزىل ھاراق.

«نَبِيْذٌ أَبْيَضُ»: ئاق ھاراق.

نَبِيْرٌ: ئېرىمچىك.

نُبَيْرٌ: زىرەك، چېچەن.

نَبِيْشَةٌ: كولانغان، قېزىلغان.

نَبِيْلٌ ج نُبَلَاءُ م نَبِيْلَةٌ ج نَبَائِلُ وَ نَبِيْلَاتٌ: ياخشى، ئېسىل.

«دَبَّ السُّرُوْرُ بِكُلِّ قَلْبٍ مُشْرِقٍ بِلِقَائِكُمْ يَا صَفْوَةَ النُّبَلَاءِ»: ئى ئېسىلزادىلەر، سىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ھەممەيلەننىڭ قەلبى شادلىققا چۆمدى.

«هُوَ مِنْ عَائِلَةٍ نَبِيْلَةٍ»: ئۇ ئېسىل ئائىلىدىن.

«لَهُ رَأْيٌ نَبِيْلٌ»: ئۇنىڭ قارىشى ياخشى.

نَبِيْهٌ: ھوشيار، ئەقىللىق، زىرەك، ئېسىل، ئالىيجاناب، مۇنەۋۋەر، مەشھۇر.

نِتَاجٌ: مېۋە، ئۇنۇم، مەھسۇلات.

«نِتَاجُ الضَّيْعَةِ مِنَ الْفَوَاكِهِ»: مېۋە مەھسۇلاتى.

نِتَاجُ الْكَاتِبِ: يازغۇچىنىڭ ئەسىرى.

نِتَاجُ الْأُدَبَاءِ الشُّبَّانِ: ياش ئەدىبلەرنىڭ ئەسىرى.

نِتَاجُ الْمَوَاشِيْ: تۆل، ئوغلاق.

نِتَاجُ الْمَصْنَعِ: سانائەت مەھسۇلاتلىرى.

نِتَاجُ الْأَرْضِ: يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى.

نُتَافٌ . نُتَافَةٌ: يۇلۇنغان موي.

نِتَاقٌ: ئۇدۇلى، روبىروسى.

«دَارُهُ نِتَاقَ دَارِيْ»: ئۇنىڭ ھويلىسى مېنىڭ ھويلامنىڭ ئۇدۇلىدا.

نَتَانَةٌ: سېسىپ قالماق، پۇراپ قالماق، بۇزۇلۇپ قالماق.

نَتَانَةُ الْقُمَامَةِ: ئەخلەتنىڭ پۇرىقى.

نَتَانَةُ الْكَنِيْفِ: ئېغىل (ئوبۇرنا)نىڭ پۇرىقى.

نَتَأَ يَنْتَأُ نُتُوْءًا: تومپىيىپ چىقتى، چوقچىيىپ چىقتى، ئالاھىدە كۆرۈندى، گەۋدىلەندى، ھۆررەك پەيدا بولدى.

«نَتَأَتِ الصَّخْرَةُ فِي الْجَبَلِ»: تاغدا قورام تاش چوقچىيىپ چىقتى.

«نَتَأَ ثَدْيُهَا»: ئۇنىڭ ئەمچىكى چىقتى.

نَتَأَةٌ: تۆپىلىك، دۆڭ، چوققا، ئېگىزلىك، كىچىك تاغ.

نَتَبَ يَنْتَبُ نُتُوْبًا الشَّيْءُ: نەرسە چوقچىيىپ چىقتى، تومپىيىپ چىقتى.

نَتَّ يَنِتُّ نَتِيْتًا وَ نَتًّا الْقِدْرُ: قازان قاينىدى.

نَتَّ مِنَ الْغَضَبِ: غەزىپى تاشتى.

نَتَّ مِنَ الْمَرَضِ: كېسەلدىن ئىڭرىدى.

نَتَّتَ يُنَتِّتُ تَنْتِيْتًا الْخَبَرَ: خەۋەرنى چۈشەندۈردى، ئىزاھلىدى.

نُتَّةٌ: (يامغۇر سۈيى يىغىلىپ قالىدىغان) ئورەك.

نَتَّفَ يُنَتِّفُ تَنْتِيْفًا: قاتتىق يۇلدى، يۇگدىدى.

نَتَّفَ رِيْشَ الْفِرَاخِ: باچكىنى يۇگدىدى.

نَتَّنَ يُنَتِّنُ تَنْتِيْنًا الشَّيْءُ: پۇرىتىۋەتتى، سېسىتىۋەتتى.

«نَتَّنَ الْمَحَلَّ بِرَائِحَةِ الْكِبْرِيْتِ»: ماگىزىننى گۈڭگۈرت پۇرىقى بىلەن پۇرىتىۋەتتى.

نَتَجَ يَنْتِجُ نَتْجًا وَ نَتَاجًا الشَّيْءَ: چىقاردى.

نَتَجَ الْبَهِيْمَةَ: چارۋا مالنى تۇغدۇردى.

«نَتَجَ الرَّجُلُ الْحَامِلَ»: ئادەم ھامىلىدارنى (ئىگە بولۇپ) تۇغدۇردى.

«نَتَجَ هَذَا الْخِلَافُ مِنْ سُوْءِ تَصَرُّفِكَ»: بۇ ئىختىلاپ سېنىڭ ناتوغرا ھەرىكىتىڭدىن كېلىپ چىقتى.

نُتِجَ الْوَلَدُ: بالا تۇغۇلدى.

نَتَجَ الشَّيْءُ مِنَ الشَّيْءِ: چىقتى، پەيدا بولدى.

نَتِجَ الْوَلَدُ عِنْدَ الْعَامَّةِ: بالا ياشلار قاتاريغا كىردى.

نَـتَحَ يَنْـتِحُ نَتْحًـا وَ نُتُوحًـا الْعَـرَقُ: بەدەنــدىن تەر چىقتى.

نَتَحَ الدَّسَمُ مِنَ الْإِنَاءِ: قاچىـدىن مـاي تەپچىـرەپ چىقتى.

نَتْحٌ: تەپچىرىمەك.

نَتَخَ يَنْتِخُ نَتْخًا الشَّيْءَ: قومۇرۇۋەتتى.

نَتَخَ إِلَيْهِ بِبَصَرِهِ: ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى.

نَتَخَ الثَّوْبَ بِالذَّهَبِ: كىيىمنى كالۇۋتۇن بىلەن تىكتى.

نَتَخَ فُلَانًا: پالانىنى خارلىدى.

«نَتَخْتُ الشَّوْكَةَ مِنْ رِجْلِي بِالْمَنَاتِخِ»: پۇتۇمدىن تىكەننى يىگنە بىلەن ئېلىۋەتتىم.

نَـتَخَ نَتِيخًـا بِالْمَكَـانِ: يەرلەشتى، ماكانلاشتى، ئولتۇراقلاشتى.

نَتَرَ يَنْتُرُ نَتْرًا: بەك تارتتى.

«نَتَرَ الصَّبِيَّ مِنْ أَمَامِ السَّيَّارَةِ»: ماشىنىنىڭ ئالدىدىن بالىنى تارتىۋالدى.

نَتِرَ يَنْتَرُ نَتَرًا الشَّيْءُ: سېسىپ قالدى، بۇزۇلۇپ قالدى، پۇتۇپ كەتتى.

طَعْنٌ نَتْرٌ: قاتتىق سانچىق.

نَتَشَ يَنْتِشُ نَتْشًا: يۇلدى، سۇغاردى، تارتتى.

نَتَشَهُ بِالْعَصَا: ئۇنى تاياق بىلەن ئۇردى.

«مَا نَتَشَ مِنْهُ شَيْئًا»: ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە ئالمىدى.

نَتَعَ يَنْتَعُ نَتْعًا وَ نُتُوعًا: ئاز-ئاز چىقتى.

«نَتَعَ الدَّمُ مِنَ الْجُرْحِ»: يارىدىن ئاز-ئاز قان چىقتى.

«نَتَعَ الْعَرَقُ مِنَ الْجِسْمِ»: بەدەندىن تەر چىقتى.

نَتَغَ يَنْتُغُ يَنْتِغُ نَتْغًا فُلَانًا: پالانىنى ئەيىبلىدى، مالامەت قىلدى، غەيۋىتىنى قىلدى.

نَتَفَ يَنْتِفُ نَتْفًا: يۇلدى، يۇڭدىدى.

«نَتَفَ الْمَرْأَةُ الدَّجَاجَةَ»: ئايال توخۇنى يۇڭدىدى.

نُتْفَةٌ ج نُتَفٌ: كىچىككىنە، ئازغىنە، ئازراق، ئاز - تولا، سەل-پەل.

«أَعْطَاهُ نُتْفَةً مِنَ الطَّعَامِ»: ئۇنىڭغا ئازغىنە يېمەكلىك بەردى.

نُتْفَةٌ مِنَ الْخِطَابِ: نەقىل قىلىنغان سۆز، سىتات ئېلىنغان سۆز.

نَتَقَ يَنْتُقُ / يَنْتِقُ نَتْقًا الشَّيْءَ: ئۆز جايىدىن كۆتۈردى، قومۇرۇپ تىكلىدى.

﴿وَإِذْ نَتَقْنَا الْجَبَلَ فَوْقَهُمْ كَأَنَّهُ ظُلَّةٌ﴾ «قرآن»: ئۆز ۋاقتىدا (تۇر) تاغىنى قومۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سايىۋەندەك تىكلىدۇق.

نَتَقَ الْجِرَابَ: تۇلۇمنى قاقتى.

نَتَقَتِ الْمَرْأَةُ: ئايال كۆپ باللىق بولدى.

نَتْقٌ: ئۈدۈلى، روبىروسى.

نَتَلَ يَنْتِلُ نَتْلًا وَ نُتُولًا وَنَتَلَانًا مِنْ بَيْنِ الْقَوْمِ الشَّيْءَ: نەرسىنى قوۋم ئىچىدىن ئالدىغا تارتتى.

نَتَلَهُ: ئۇنى قوغلىۋەتتى، ھەيدىۋەتتى.

نَتِنَ يَنْتَنُ نَتْنًا: پۇراپ قالدى، سېسىپ قالدى، بۇزۇلۇپ قالدى.

«نَـتِنَ اللَّحْـمُ مِـنْ شِـدَّةِ الْحَـرِّ»: ئىسسىقنىڭ قاتتىقلىقىدىن گۆش سېسىپ قالدى.

نَتُنَ يَنْتُنُ نَتَانَةً: پۇراپ قالدى، سېسىپ قالدى.

نُتُوءٌ: كۆپمە، بۆرتمە، دۆڭ، دومباق، بۆرتۈپ چىقىپ تۇرغان، تومپىيىپ چىقىپ تۇرغان.

«جَلَسْنَا عَلَى نُتُوءٍ فِي الْجَبَلِ»: تاغدىكى تۆپىلىكتە ئولتۇردۇق.

نُتُوءٌ عَظْمِيٌّ: سۆڭەك ئۆسۈش.

نُتُوحٌ: دەرەخ يېلىمى.

نَتِيجَةٌ ج نَتَائِجُ: نەتىجە، ئۇنۇم، پايدا، ئاقىۋەت؛ كالېندار.

«النَّجَـاحُ نَتِيجَـةُ الْإِجْتِهَـادِ»: مۇۋەپپەقىيەت

تېرىشچانلىقنىڭ نەتىجىسى.
«وَصَلَ إِلَى نَتِيجَةٍ»: نەتىجىگە ئېرىشتى.
نَتِيجَةٌ طَبِيعِيَّةٌ: تەبىئىي نەتىجە.
نَتِيجَةٌ خَطِيرَةٌ: يامان ئاقىۋەت.
نَتِيجَةُ الْجَيْبِ: خاتىرە دەپتەر.
نَتِيفٌ: يۇلۇنغان موي.
نَتِيلَةٌ ج نَتَائِلُ: ۋاستە، قورال، ئۇسۇل.
نِثَاثٌ: يارىغا سۈرتىلىدىغان ماي.
نِثَارٌ: چاچماق، چاچقۇ (مۇراسىملاردىكى).
«مَا أَصَبْتُ مِنَ النِّثَارِ شَيْئاً»: چاچقۇدىن ھېچ نەرسە ئالالمىدىم.
نُثَارٌ. نُثَارَةٌ: چېچىلىپ قالغان.
نُثَالَةٌ: قالدۇقى، قېلىپ قالغىنى.
نَثَّ يَنِثُّ نَثًّا وَ نَثِيثًا الْإِنَاءُ: قاچا تەپچىرىدى.
نَثَّ الْعَرَقُ: تەر چىقتى.
نَثَّ الرَّجُلُ: كىشى تەرلىدى.
نَثَّ الْخَبَرُ: خەۋەر تارقالدى.
نَثَّ فُلَانًا: كىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلدى.
نَثَّ يَنِثُّ نَثًّا الْجُرْحَ: يارىغا ماي سۈركىدى.
نَثَّاثٌ: پىتنىخور، سۆز-چۆچەك تارقاتقۇچى.
نَثَّرَ يُنَثِّرُ تَنْثِيرًا الشَّيْءَ: نەرسىنى چېچىۋەتتى.
نَثَجَ يَنْثِجُ نَثْجًا وَ نَثَجَا الشَّيْءُ: بوشاپ كەتتى، سولىشىپ كەتتى.
نَثَجَ مَا فِي بَطْنِهِ: ئىچ - باغرىنى چىقاردى.
نَثَجَ بَطْنَهُ بِالسِّكِّينِ: قارنىنى پىچاق بىلەن ياردى.
نَثِجٌ: قورقۇنچاق، توخۇ يۈرەك.
نَثَرَ يَنْثُرُ نَثْرًا وَ نِثَارًا: چاچتى، يايدى، تارقاتتى، تېرىدى.
«نَثَرَ الْحَبَّ فِي الْحَقْلِ»: ئېتىزغا ئۇرۇق چاچتى.
نَثَرَ الْكَلَامَ: نەسر يازدى.
«أَدِيبٌ يَنْثُرُ وَ يَنْظِمُ»: نەسر ۋە نەزم يازىدىغان ئەدىب.

نَثَرَ السِّرَّ: سىرنى پاش قىلدى، ئاشكارىلىدى.
نَثْرٌ: چاچماق، ياپماق، پروزا؛ ئاز.
«لَهُ يَدٌ طُولَى فِي الشِّعْرِ وَ النَّثْرِ»: ئۇ نەزمىي ۋە نەسرىي ئەسەر يېزىشتا ئىقتىدارلىق.
نَثْرٌ: چېچىلىپ قالغان.
نَثْرِيٌّ: نەسرىي پروزا، نەسرىي.
مَصَارِيفُ نَثْرِيَّةٌ: پارچە خىراجەت.
قَصِيدَةٌ نَثْرِيَّةٌ: چاچما شېئىر.
نَثْرِيَّاتٌ: مىلىچمال، چەرچىن مال.
«خَصَّصَ مَبْلَغًا صَغِيرًا لِنَثْرِيَّاتِهِ»: پارچە خىراجىتى ئۈچۈن ئازراق پۇل ئاجرىتىپ قويدى.
نَثَلٌ: كولانغان.
بِئْرٌ نَثَلٌ: سېنىك ئوراك كولانغان.
نَثَمَ يَنْثِمُ نَثْمًا: ئېغىزنى يامان قىلدى، سەت گەپ قىلدى.
نِثْوَةٌ: قارا چاپلىماق.
نَثِيرٌ: چېچىلىپ كەتكەن، چېچىلاڭغۇ.
كَلَامُهُ دُرٌّ نَثِيرٌ: ئۇنىڭ سۆزى چېچىلغان گۆھەردۇر.
نَجَا يَنْجُو نَجَاءً وَ نَجَاةً: قۇتۇلدى.
نَجَا مِنَ الْخَطَرِ: خەتەردىن قۇتۇلدى.
نَجَا يَنْجُو نَجْوًا وَ نَجْوَى الشَّخْصَ: مۇڭداشتى، پىچىرلاشتى.
«نَجَا أُمَّهُ بِهُمُومِهِ»: ئانىسى بىلەن غەم-قايغۇلىرىنى ئېيتىپ مۇڭداشتى.
نُجَاءٌ: سۈرگە دورىسى.
نَجَابَةٌ: ئېسىللىك، زېرەكلىك.
نَجَاةٌ: قۇتۇلۇش.
طَوْقُ النَّجَاةِ: قۇتۇلۇش بالونى.
زَوْرَقُ النَّجَاةِ: قۇتۇلۇش قولۋىقى.
نَجَاحٌ: ئۇتۇق قازانماق.
نَجَاحٌ ج نَجَاحَاتٌ: نىشانغا يېتىش، مەقسەتكە يېتىش.

uyghurkitap.com

«تَجَاوَزَتْ نَجَاحَاتُكَ كُلَّ تَوَقُّعَاتِنَا»: سېنىڭ ئۇتۇقلىرىڭ كۈتكەنلىرىمىزدىن پۈتۈنلەي ئېشىپ كەتتى.

«لَقِيَ نَجَاحًا فِي مُحَاضَرَتِهِ»: ئۇ لېكسىيە سۆزلەشتە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى.

«حَقَّقَ نَجَاحَاتٍ كَثِيرَةً هَذَا الْعَامَ»: ئۇ بۇ يىل كۆپ ئۇتۇق قازاندى.

**نَجَاحَةٌ**: چىداملىق بولۇش، سەۋرچان بولۇش.

**نِجَادٌ**: ياردەملەشمەك؛ قىلىچنىڭ تاسمىسى.

**هُوَ طَوِيلُ النِّجَادِ**: ئۇنىڭ بويى ئېگىز.

**نِجَارٌ . نُجَارٌ**: ئەسلى، مەنبە.

**نُجَارَةٌ**: قىرىندى.

**نِجَارَةٌ**: ياغاچچىلىق.

**تَلَقَّى دُرُوسًا فِي النِّجَارَةِ**: ياغاچچىلىقنى ئۆگەندى.

**نَجَاسَةٌ ج نَجَاسَاتٌ**: نىجاسەت، پاسكىنىچىلىق.

**نَجَاعَةٌ**: پايدىلىق بولۇش.

**نَجَاعَةُ الدَّوَاءِ**: دورىنىڭ پايدىلىق بولۇشى.

**نَجَاعَةُ الْهَوَاءِ النَّقِيِّ فِي الْجَبَلِ**: تاغنىڭ ساپ هاۋاسىنىڭ پايدىلىق بولۇشى.

**نِجَامَةٌ**: ئاسترونومىيە.

**نَجَاوَةٌ**: كەڭ (زېمىن).

**نَجُبَ يَنْجُبُ نَجَابَةً**: تېگى ياخشى ئېسىل بولدى؛ سۆز-ھەرىكىتىدە ماختاشقا ئەرزىيدىغان بولدى؛ زېرەكلىكتە تەڭتۇشلىرىدىن ئۈستۈن بولدى.

**نَجَثَ يَنْجُثُ نَجْثًا عَنِ الْأَمْرِ**: ئىزدەندى.

**نَجَثَ الشَّيْءَ**: نەرسىنى چىقاردى.

**نَجَثَ الْقَوْمَ**: قوۋمدىن ياردەم سورىدى.

**نَجَّارٌ ج نَجَّارُونَ**: ياغاچچى.

**نَجَّاشٌ**: ئوۋچى، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنەلەيدىغان ئادەم.

**نَجَّامٌ**: مۇنەججىم، ئاسترونوم، پالچى، قۇرئەنداز.

**نَجَّحَ يُنَجِّحُ تَنْجِيحًا**: مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈردى.

«نَجَّحَهُ فِي الْمُسَابَقَةِ»: مۇسابىقىدە ئۇنى ئۇتۇققا ئېرىشتۈردى.

**نَجَّدَ يُنَجِّدُ تَنْجِيدًا الْبَيْتَ**: ئۆيىنى بېزىدى، تۈزەشتۈردى، زىننەتلىدى، ئورۇنلاشتۇردى، تەييارلىدى.

**نَجَّزَ يُنَجِّزُ تَنْجِيزًا**: تولۇق ئورۇنلىدى.

**نَجَّسَ يُنَجِّسُ تَنْجِيسًا**: پاسكىنا قىلدى، نىجىس قىلدى، بۇلغىدى.

**نَجَّفَ يُنَجِّفُ تَنْجِيفًا**: قاتتىق كولىدى.

**نَجَّمَ يُنَجِّمُ تَنْجِيمًا**: يۇلتۇزلارغا قاراپ پال ئاچتى.

**نَجَّى يُنَجِّي تَنْجِيَةً**: قۇتقۇزدى، قۇتۇلدۇردى.

«نَجَّى السَّبَّاحُ الْغَرِيقَ»: سۇ ئۈزگۈچى، سۇغا چۆكۈپ كەتكۈچىنى قۇتقۇزدى.

**نَجَحَ يَنْجَحُ نَجْحًا وَ نُجْحًا وَ نَجَاحًا**: ئۇتۇق قازاندى، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى.

«نَجَحَتِ الْبِنْتُ فِي الْإِمْتِحَانِ»: قىز ئىمتىھاندىن ئۆتتى.

**نَجَحَ الْأَمْرُ**: ئىش ئاسان بولدى، ئوڭۇشلۇق بولدى.

«نَجَحَتِ الْمُفَاوَضَاتُ»: سۆھبەت مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

**نَجَخَ يَنْجَخُ نَجْخًا وَ نَجِيخًا الْمَوْجُ**: دولقۇن ئۆركەشلىدى.

**نَجَدَ يَنْجُدُ نُجُودًا**: ئېگىز بولدى، كۆتۈرۈلدى.

**نَجَدَ يَنْجُدُ نَجْدًا**: ياردەم قىلدى.

**نَجِدَ الْبَدَنُ عَرَقًا**: بەدەندىن تەر ئاقتى.

**نَجِدَ يَنْجَدُ نَجَدًا**: هاردى، چارچىدى.

**نَجِدَ الرَّجُلُ**: ئادەم تەرلىدى.

**نَجْدٌ**: ياردەم قىلماق، ياردەم بەرمەك.

**نَجْدٌ ج نِجَادٌ**: ئېگىزلىك، يول.

﴿وَهَدَيْنَاهُ النَّجْدَيْنِ﴾ «قرآن»: ئۇنىڭغا ياخشى يول بىلەن يامان يولنى كۆرسەتمىدۇقمۇ؟

نَجْدَةٌ ج نَجَدَاتٌ: تېز يـاردەم؛ يـاردەم بېرىـپ كۈچەيتىش؛ باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق.

«نَجَدَاتٌ عَسْكَرِيَّةٌ»: ئەسكىرىي ياردەملەر.

«النَّجْدَةَ! النَّجْدَةَ!»: قۇتقۇزۇڭلار! قۇتقۇزۇڭلار!

شُرْطَةُ النَّجْدَةِ: جىددىي قۇتقۇزۇش ساقچىلىرى.

نَجَدَ يَنْجُدُ نَجْدًا: چاپىتىدى؛ قاتتىق تەلەپ قىلدى، تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى.

نَجَرَ يَنْجُرُ نَجْرًا الْخَشَبَ: ياغاچچىلىق قىلدى، ياغاچنى رەندىلىدى.

نَجْرَانٌ م نَجْرَى ج نَجَارَى: گىرە، مۇجۇق؛ تەشنا، ئۇسسۇز.

إِبِلٌ نَجْرَى أَوْ نَجَارَى: ئۇسسۇز تۆگە.

نَجَزَ يَنْجُزُ نَجْزًا الشَّيْءُ: پۈتتى، ئورۇنلاندى.

نَجَزَ الْوَعْدُ: ۋەدە ئورۇنلاندى.

نَجَزَ الْعَمَلَ: ئىشنى ئورۇنلىدى، پۈتتۈردى، تاماملىدى.

نَجِزَ يَنْجَزُ نَجَزًا: تۈگىدى.

نَجُسَ يَنْجُسُ نَجَاسَةً: نىجىس بولدى، بۇلغاندى، پاسكىنا بولدى.

نَجُسَ الثَّوْبُ: كىيىم پاسكىنا بولدى.

نَجِسَ يَنْجَسُ نَجَسًا: نىجىس بولدى، پاسكىنا بولدى.

نَجَسٌ ج أَنْجَاسٌ: نىجىس، پاسكىنا، گۇناھكار.

نَجِسٌ: نىجىس، پاسكىنا، مەينەت.

﴿إِنَّمَا الْمُشْرِكُونَ نَجَسٌ﴾ «قرآن»: مۇشرىكلار (ئاللاھنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) پەقەت نىجىستۇر.

نَجَشَ يَنْجُشُ نَجْشًا الصَّيْدَ: ئوۋنى قاچۇرۇۋەتتى.

نَجَشَ الْحَدِيثَ: سۆزنى تارقاتتى.

نَجَشَ النَّارَ: ئوت ياقتى.

«نَجَشَ فُلَانٌ فِي الْبَيْعِ»: مالنىڭ باھاسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن سودىدا تىل بىرىكتۈرۈۋالدى.

نَجَشَ الدَّابَّةَ: ئۇلاغنى بولۇشىچە ھەيدىدى.

نَجَشَ الشَّيْءَ: نەرسىنى يىغىۋالدى.

نَجَعَ يَنْجَعُ نَجْعًا وَ نُجُوعًا: پايدىسى بولدى، ئۈنۈمى بولدى، تەسىرى بولدى.

نَجَعَ الْمَكَانَ: جايغا كەلدى، چۈشتى.

نَجَعَ الدَّوَاءُ: دورا پايدا قىلدى، ئۈنۈم بەردى.

«نَجَعَ الْبَدْوُ الرُّحَّلُ فِي مَوَاضِعِ الْكَلَأِ»: كۆچمەن چارۋىچىلار يايلاققا چۈشتى.

نَجْعٌ: پايدا قىلىش، ئۈنۈم بېرىش.

نَجْعٌ ج نُجُوعٌ: چۈشكۈن بولىدىغان ئوت-چۆپلۈك جاي، چېدىر، كىچىك كەنت، مەھەللە.

نُجْعَةٌ: ئوتلاق ئىزدەش، خەير-ساخاۋەتچىلەردىن ئىلتىپات تىلەش.

«هَذِهِ لَيْسَتْ بِدَارِ نُجْعَةٍ»: بۇ جايىنىڭ ئوت-چۆپى يوق.

فُلَانٌ نُجْعَتِي: پالانى ساخاۋەتچىم.

نَجَفَ يَنْجُفُ نَجْفًا: كەستى، چاپتى.

نَجَفَ الْبِئْرَ: قۇدۇق كولىدى.

نَجَفٌ ج نِجَافٌ: دۆڭ، تۆپىلىك.

نَجَفَةٌ ج نَجَفٌ وَ نِجَافٌ: ساي ئوتتۇرىسىدىكى سۇ چىقمايدىغان دۆڭ.

نَجَفَةٌ ج نَجَفٌ وَ نَجَفَاتٌ: كۆپ لامپىلىق ئاسما چىراغ.

نَجَلَ يَنْجُلُ نَجْلًا الْمَوْلُودَ: بالا تۇغدى.

نَجَلَ الْأَرْضَ: يەر ھەيدىدى، تېرىدى.

نَجِلَ يَنْجَلُ نَجَلًا تِ الْعَيْنُ: كۆز چوڭ ۋە گۈزەل بولدى.

نَجْلٌ ج أَنْجَالٌ: ئوغۇل، بالا، پەرزەنت، ئەۋلاد، پۇشتى؛ ئەسلى، تېگى.

«هُوَ كَرِيمُ النَّجْلِ»: ئۇنىڭ تېگى ئېسىل.

«أَقَرَّ اللَّهُ عَيْنَكَ بِأَنْجَالِكَ»: ئاللاھ سىزنى باللىرىڭىز بىلەن خۇشال قىلسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نَجْلَاءُ ج نُجْلٌ: شەھلا كۆز.

«غَادَةٌ نَجْلَاءُ»: شەھلا كۆزلۈك نازىنىن.

«طَعْنَةٌ نَجْلَاءُ»: ئەجەللىك زەربە.

لَيْلَةٌ نَجْلَاءُ: ئۇزۇن كېچە.

نَجَمَ يَنْجُمُ نَجْمًا وَ نُجُومًا: مەيدانغا چىقتى، كۆرۈندى، پەيدا بولدى، مەيدانغا كەلدى، ئاشكارا بولدى، ئايان بولدى.

نَجَمَ النَّبَاتُ: ئۆسۈملۈك كۆرۈندى، ئۈندى.

نَجَمَ عَنْهُ: تۇغۇلدى، يۈز بەردى، كېلىپ چىقتى.

نَجَمَ الدَّيْنَ: قەرزنى مۇددەتكە بۆلۈپ تاپشۇردى.

نَجَمَ الشَّاعِرُ: شائىرلىقتا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى.

«نَجَمَ عَنْ فَوْضَى الْمُرُورِ كَثْرَةُ الْحَوَادِثِ»: قاتناشنىڭ قالايمىقانچىلىقىدىن كۆپلىگەن ۋەقەلەر كېلىپ چىقتى.

نَجْمٌ ج نُجُومٌ وَ أَنْجُمٌ: يۇلتۇز؛ ئوت-چۆپ، دەل-دەرەخ، باشاقلىق ئۆسۈملۈك، دانلىق ئۆسۈملۈك؛ چولپان.

﴿وَالنَّجْمِ إِذَا هَوَى﴾ «قرآن»: ساقىغان يۇلتۇزلار بىلەن قەسەمكى ...

النَّجْمُ الْقُطْبِيُّ: قۇتۇپ يۇلتۇز.

نَجْمٌ بِذَنَبٍ: كومېتا، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز.

نَجْمُ الصُّبْحِ: چولپان يۇلتۇز، ۋېنېرا، زۆھرە يۇلتۇز.

﴿وَالنَّجْمُ وَالشَّجَرُ يَسْجُدَانِ﴾ «قرآن»: ئوت-چۆپ، دەل-دەرەخلەر سەجدە قىلىدۇ (يەنى، ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنىدۇ).

«أَفَلَ نَجْمُهُ»: ئۇنى نەس باستى.

«عَلَا نَجْمُهُ»: ئۇنىڭ تەلىيى كەلدى.

«هُوَ نَجْمُ السِّينَمَا»: ئۇ كىنو چولپىنى.

النُّجُومُ الثَّوَابِتُ: تۇرغۇن يۇلتۇزلار.

عِلْمُ النُّجُومِ: ئاسترونومىيە.

عِبَادَةُ النُّجُومِ: يۇلتۇزلارغا چوقۇنۇش.

نَجْمَةٌ ج نَجْمٌ وَ نُجُومٌ: يۇلتۇز، چولپان، يۇلتۇز بەلگىسى؛ مېھمانخانىلارنى دەرىجىگە ئايرىش ئۆلچىمى.

نَجْمَةٌ عَالَمِيَّةٌ: خەلقئارالىق چولپان.

«فُنْدُقٌ ثَلَاثَةُ نُجُومٍ»: ئۈچ يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا.

«فُنْدُقٌ خَمْسَةُ نُجُومٍ»: بەش يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا.

نَجْمِيٌّ: يۇلتۇزنىڭ، يۇلتۇزغا ئائىت، يۇلتۇزدەك.

نَجْوٌ: مۆكۈدىشىش؛ گەندە، سۈيدۈك، قىغ، ماياق.

نَجْوَةٌ ج نِجَاءٌ: ئېگىزلىك، قاپتال.

نَجْوَى: پىچىرلىشىش، مەخپىي سۆھبەت.

﴿إِنَّمَا النَّجْوَى مِنَ الشَّيْطَانِ﴾ «قرآن»: (گۇناھ توغرىسىدا) پىچىرلىشىش شەيتاندىندۇر.

نَجِيبٌ ج أَنْجَابٌ وَ نُجَبَاءُ وَ نُجُبٌ: ئېسىل، ئارتۇق، مۇنەۋۋەر، زېرەك.

«وَلَدٌ نَجِيبٌ»: ئېسىل بالا.

«فَتَاةٌ نَجِيبَةٌ»: ئېسىل قىز.

نَجِيثٌ: سىر، مەقسەت، نىشان؛ ئاستا.

«بَدَا نَجِيثُ الْقَوْمِ»: قوۋمنىڭ سىرى ئاشكارىلاندى.

«أَمْرٌ لَهُ نَجِيثٌ»: ئاقىۋىتى يامان ئىش.

«نَجِيثُ الْبِئْرِ»: قۇدۇقتىن چىقىرىلغان توپا.

نَجِيحٌ م نَجِيحَةٌ: مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى.

رَأْيٌ نَجِيحٌ: توغرا پىكىر.

رَجُلٌ نَجِيحٌ: چىداملىق ئادەم.

سَيْرٌ نَجِيحٌ: تېز مېڭىش.

مَكَانٌ نَجِيحٌ: يېقىن جاي.

نَجِيشٌ: ئوۋچى.

نَجِيعٌ: پايدىلىق، ئۈنۈملۈك.

نَحَا يَنْحُو نَحْوًا الشَّخْصُ إِلَى الشَّيْءِ: مايىل بولدى، نىشانلىدى، يۈزلەندى.

نَحَا نَحْوَهُ: ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭدى

«نَحَا نَحْوَ أُسْتَاذِهِ»: ئۇستازىنىڭ ئىزىدىن ماڭدى، ئۇستازىغا ئەگەشتى.

نُحَابٌ: يۆتەل.

نِحَاتَةٌ: ئۇششاق، ئۇۋاق.

نُحَاتَةٌ ج نُحَاتَاتٌ: قىرىندى، چىپىندى، تارىشا.

نَحَاحٌ: سېخىيلىق، مەردلىك؛ بېخىللىق.

نِحَازٌ: ئەسلى، تېگى - تەكتى، كېلىپ چىقىشى.

نُحَازَةٌ: بىر پارچە گۆش.

نُحَاسٌ: مىس.

«نُحَاسٌ أَحْمَرُ»: قىزىل مىس.

«نُحَاسٌ أَصْفَرُ»: سېرىق مىس.

نِحَاسَةٌ: مىسكەرچىلىك.

نُحَاسِيٌّ: مىسلىق.

نُحَاسِيُّ اللَّوْنِ: مىس رەڭ.

الْعَصْرُ النُّحَاسِيُّ: مىس قورال دەۋرى.

نُقُوْدٌ نُحَاسِيَّةٌ: مىس پۇللار.

الْآلَاتُ النُّحَاسِيَّةُ: پۈۋلەپ چالىدىغان مۇزىكا ئەسۋابلىرى.

نَحَافَةٌ: ئورۇقلۇق، جۇدەڭگىلىك، ئاجىزلىق.

نِحَالَةٌ: ھەسەل ھەرىسى، ھەرە بېقىش.

«تُشَجِّعُ الدَّوْلَةُ النِّحَالَةَ»: دۆلەت ھەسەل ھەرىسى بېقىشقا ئىلھاملاندۇرۇۋاتىدۇ.

نَحَبَ يَنْحَبُ نَحْبًا وَ نَحِيبًا: قاتتىق يىغلىدى، ئۆكسۈپ يىغلىدى.

نَحْبٌ: قاتتىق يىغلىماق، پاكىت، ئىسپات، روھ، ئىرادە، ۋاقىت، چاغ، قىمار، يۆتەل، ئۇيقۇ، سېمىزلىك.

قَضَي نَحْبَهُ: ئۇ ئۆلدى.

﴿فَمِنْهُم مَّن قَضَى نَحْبَهُ﴾ «قرآن»: ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شېھىت بولدى.

نُحْبَةٌ: تەلەي، تەقدىر.

نَحَتَ يَنْحِتُ نَحْتًا وَ نَحِيْتًا: يونىدى، ئويدى.

نَحَتَ الْجَبَلَ: تاغنى تەشتى، تاغدىن تاشلارنى كەستى، تاغنى تېشىپ ياسىدى.

﴿قَالَ أَتَعْبُدُونَ مَا تَنْحِتُونَ﴾ «قرآن»: ئىبراھىم ئېيتتى: «(ئۆزۈڭلار) ئويۇپ ياسىغان بۇتلارغا چوقۇنامسىلەر؟».

نَحَتَ الْكَلِمَةَ: سۆز ياسىدى. «صلعم» «صلي الله عليه وسلم» دىن قىسقارتىپ ياسالغاندەك.

نَحَتَهُ بِلِسَانِهِ: تۆھمەت قىلدى، قارىلىدى، ھاقارەتلىدى.

نَحْتٌ: ئويمىچىلىق.

نَحْتُ الْكَلَامِ: سۆز ياسىماق.

نَحْتُ التَّمَاثِيْلِ: ھەيكەلتاراشلىق، ئويمىچىلىق.

غَزَالَةٌ رَائِعَةُ النَّحْتِ: چىرايلىق ئويۇپ چىقىرىلغان ئاھۇ ھەيكىلى.

نَحَّاتٌ ج نَحَّاتُوْنَ: ئويمىچى، قىرغۇچى، نەققاش.

نَحَّاتُ الْحَجَرِ: تاشچى.

«نَحَّاتُ الرُّخَامِ»: مەرمەر تاش ياسىغۇچى.

نَحَّاتُ الْخَشَبِ: ياغاچچى.

نَحَّاتُ التَّمَاثِيْلِ: ھەيكەلتاراش.

نَحَّارٌ: قاسساپ؛ سېخىي.

نَحَّاسٌ ج نَحَّاسُوْنَ: مىسكەر.

نَحَّاطٌ: ھاكاۋۇر.

نَحَّالٌ ج نَحَّالُوْنَ: ھەسەل ھەرىسى باققۇچى.

نَحَّامٌ: كۆپ ھاسىرايدىغان، كۆپ يۆتىلىدىغان، بېخىل، يولۋاس.

نَحَّبَ يُنَحِّبُ تَنْحِيْبًا فِي الْأَمْرِ: تىرىشتى.

نَحَّبَ عَلَي الشَّيْءِ: ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

نَحَّبَهُ السَّفَرُ: سەپەر ئۇنى چارچىتىۋەتتى.

نَحَّس يُنَحِّسُ تَنْحِيسًا الْأَخْبَارَ: رازۋېدكا قىلدى، تەكشۈردى، ئاخبارات ئىگىلىدى.

«نَحَّسَ الْآنِيَةَ»: قاچىلارغا مىس يالاتتى.

نَحَّي يُنَحِّي تَنْحِيَةً: نېرى قىلدى، چەتكە چىقاردى، ئۆز جايىدىن ئېلىۋەتتى.

«نَحَّي الْحِجَارَةَ مِنَ الطَّرِيْقِ»: تاشنى يولدىن نېرى

uyghurkitap.com

قىلدۇەتتى.

نَحَرَ يَنْحَرُ نَحْرًا: بوغۇزلىدى، ئۆلتۈردى.

«نَحَرَ الْبَعِيرَ»: تۆگىنى بوغۇزلىدى.

﴿فَصَلِّ لِرَبِّكَ وَانْحَرْ﴾ ‹قرآن›: پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن.

نَحَرَ الْأُمُورَ عِلْمًا: ئىشلارنى پۇختا ئۇرۇنلىدى.

نَحْرٌ: بوغۇزلىماق.

نَحْرٌ ج نُحُورٌ: بوغۇز (كېكىرتەك).

يَوْمُ النَّحْرِ: قۇربان ھېيت كۈنى.

نِحْرِيرٌ ج نَحَارِيرُ: ئۆز ئىلمىدە ماھىر، يېتىشكەن، پىششقان.

«الْإِمَامُ الْعَالِمُ النِّحْرِيرُ»: يېتىشكەن ئالىم، پېشۋا.

نَحِزَ يَنْحَزُ نَحَزًا وَ نَحْزًا: يۆتەلدى.

نَحَسَ يَنْحَسُ نَحْسًا الشَّخْصَ: شەخسكە زىيان سالدى، ئازار بەردى.

نَحِسَ الشَّخْصُ: پالاكەت باستى، نەس باستى.

نَحُسَ يَنْحُسُ نَحْسًا وَ نُحُوسَةً الشَّخْصُ: چارچىدى، زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىدى.

نَحْسٌ: نەس باسماق، پالاكەت باسماق.

نَحْسٌ ج نُحُوسٌ: نەسلىك، بەختسىزلىك.

«لَازَمَهُ النَّحْسُ»: ئۇنى نەس باستى.

جَلَبَ لَهُ النَّحْسَ: ئۇنىڭغا بەختسىزلىك كەلتۈردى.

أَمْرٌ نَحْسٌ: پالاكەتكە ئۇچرىغان ئىش.

يَوْمٌ نَحْسٌ: نەس باسقان كۈن، شۇم كۈن.

نَحَصَ يَنْحَصُ نُحُوصًا النَّاقَةُ: تۆگە سەمرىپ كەتتى.

نَحُضَ يَنْحُضُ نَحَاضَةً: سەمرىپ كەتتى.

نَحْضٌ ج نِحَاضٌ وَ نُحُوضٌ: سەمرىپ تىقىلىپ كېتىش.

نَحَطَ يَنْحِطُ نَحْطًا وَ نَحِيطًا: چارچاش ياكى غەزەپتىن ۋارقىرىدى.

نَحُفَ يَنْحُفُ نَحَافَةً: ئورۇقلىدى، جۈدىدى، يادىدى، ئاجىزلىدى.

نَحَلَ يَنْحَلُ نَحْلًا الْقَوْلَ: يالغاننى ياسىدى، ئويدۇرۇپ چىقاردى، ساختىلاشتۇردى؛ توقۇپ چىقتى.

نَحَلَهُ الْمَرَضُ: كېسەللىك ئۇنى ئورۇقلىتىۋەتتى.

نَحُلَ يَنْحُلُ نُحُولًا: ئورۇقلىدى، جۈدىدى، يادىدى.

«نَحُلَتِ الْفَتَاةُ»: قىز ياداپ كەتتى.

نَحْلٌ: ئويدۇرماق، توقۇماق؛ ھەسەل ھەرىسى، بال ھەرىسى.

﴿وَأَوْحَى رَبُّكَ إِلَى النَّحْلِ أَنِ اتَّخِذِي مِنَ الْجِبَالِ بُيُوتًا﴾ ‹قرآن›: پەرۋەردىگارىڭ ھەسەل ھەرىسىگە ئىلھام بىلەن بىلدۈردى: «تاغلاردا ئۇۋا تۇزگىن».

نِحْلَةٌ: سوۋغا، ھەدىيە.

﴿وَآتُوا النِّسَاءَ صَدُقَاتِهِنَّ نِحْلَةً﴾ ‹قرآن›: ئاياللارغا ئۇلارنىڭ مەھرىلىرىنى خۇشاللىق بىلەن سوۋغا قىلىپ بېرىڭلار.

نِحْلَةٌ ج نِحَلٌ: مەزھەپ، ئەقىدە.

نَحَمَ يَنْحِمُ نَحْمًا وَ نَحِيمًا وَ نَحَمَانًا: ھاسىرىدى، ھۆمۈدىدى، نەپسى سىقىلدى.

نَحَمَ السَّبُعُ: يولۋاس خىرقىرىدى.

نَحْمَةٌ: يۆتەل.

نَحْنُ: بىز.

نَحْنُ تُجَّارٌ: بىز سودىگەرلەر.

ئەسكەرتىش: بەزىدە ئۆزىنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن «مەن» دېگەن سۆز «بىز» سۆزى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

«نَحْنُ رَئِيسُ الْجُمْهُورِيَّةِ قَرَّرْنَا ...»: بىز جۇمھۇرىيەت رەئىسى قارار قىلدۇقكى ...

نَحْنَحَ يُنَحْنِحُ نَحْنَحَةً: ھاسىرىدى.

نَحْنَحَةٌ: ھاسىرىماق.

نَحْوٌ ج أَنْحَاءٌ: تەرەپ، يان، يۆنىلىش، نىشان، ئۇرۇن، جەھەت، يول، ئۇسۇل، چارە،

تەدبىر، شەكىل، پاسون، يوسۇن.

«سَارَ عَلَى هَذَا النَّحْوِ»: مۇشۇ يول بويىچە ماڭدى.

«عَلَى نَحْوٍ لَمْ يُعْهَدْ مِنْ قَبْلُ»: ئىلگىرى كۆرۈلمىگەن بىر ئۇسۇلدا.

«جَاءَ فِي نَحْوِ السَّابِعَةِ مَسَاءً»: ئۇ كەچ سائەت يەتتە ئەتراپىدا كەلدى.

عِلْمُ النَّحْوِ: سىنتاكسىس ئىلمى، جۈملە تۈزۈلۈشى ھەققىدىكى پەن.

اَلصَّرْفُ وَالنَّحْوُ: مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس.

نُحُوسَةٌ: چارچاش، زىيان-زەخمەتكە ئۇچراش.

نَحْوِيٌّ: سىنتاكسىسقا مۇناسىۋەتلىك.

«دِرَاسَةٌ نَحْوِيَّةٌ»: سىنتاكسىس ئۆگەنمەك.

نَحْوِيٌّ ج نَحْوِيُّوْنَ وَ نُحَاةٌ: سىنتاكسىسشۇناس، نەھۋىشۇناس.

نَحِيْبٌ: يىغا.

نَحِيْتٌ: چېپىلغان تۈزلەنگەن، ئويۇپ چۈشۈرۈلگەن، ئويۇلغان، قىرىلغان.

نَحِيْحٌ: ئىڭخىل، خىرقىرىغان ئاۋاز.

نَحِيْسٌ: قورغاقچىلىق.

«عَامٌ نَحِيْسٌ»: قورغاقچىلىق يىل.

نَحِيْسٌ ج نُحَسَاءُ: بەختسىز، تەلەيسىز.

«رَجُلٌ نَحِيْسٌ»: تەلەيسىز ئادەم.

نَحِيْفٌ ج نُحَفَاءُ: ئورۇق، جۈدەڭگۈ، سولغۇن.

«هُوَ نَحِيْفُ الدِّيْنِ»: ئۇنىڭ دىنى ئاجىز.

«أَجْسَامٌ نَحِيْفَةٌ»: ئورۇق بەدەن.

نَحِيْلٌ ج نَحْلَى: ئورۇق، ياداڭغۇ.

«طِفْلٌ نَحِيْلٌ»: ئورۇق بوۋاق.

نَحِيْمٌ: خىرقىرىغان ئاۋاز.

نَخَا يَنْخُو نَخْوَةً: پەخىرلەندى، چوڭچىلىق قىلدى.

«يَنْخُو بِمَالِهِ وَبَنِيْهِ»: مېلى ۋە ئوغۇللىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ.

نِخَابٌ: يۈرەك پەردىسى.

نُخَاخَةٌ: يىلىك.

نِخَاسَةٌ: ئات-ئۇلاغ تىجارىتى؛ قۇل سودىسى، قۇل تىجارىتى.

نُخَاعٌ: يۇلۇن.

نُخَاعَةٌ ج نُخَاعَاتٌ: بەلغەم.

نِخَافٌ ج أَنْخِفَةٌ: ئاياغ كىيىم.

نُخَالَةٌ: كېپەك.

نُخَالَةُ الدَّقِيْقِ: ئۇننىڭ كېپىكى.

نُخَامَةٌ: بەلغەم.

«لَا تَرْمِ بِنُخَامَتِكَ فِي الطَّرِيْقِ»: بەلغىمىڭنى يولغا تۈكۈرمە.

نَخَبَ يَنْخُبُ نَخْبًا الشَّيْءَ: تاللىدى، ئىلغىدى، خىللىدى.

نَخْبٌ: قورقۇنچاق، ئېسىل مەي، شەربەت.

«شَرِبَ نَخْبَ فُلَانٍ»: پالانىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ئىچتى.

«شَرِبَ عَلَى نَخْبِ الضُّيُوْفِ»: مېھمانلار بىلەن قەدەھ سوقۇشتۇردى.

نُخْبَةٌ ج نُخَبٌ: تاللانغان، خىللانغان، سايلانغان.

«نُخْبَةُ الْقَوْمِ»: قەۋم ئىچىدىن تاللانغان مۇنەۋۋەر.

«نُخْبَةٌ مِنْ ذَوِي الْمَكَانَةِ»: مەرتىۋىلىك ئادەملەردىن سايلانغان.

«نُخْبَةٌ مِنَ الْكُتُبِ»: كىتابلاردىن تاللانما.

«نُخْبَةٌ مِنَ الْأَفْلَامِ»: فىلىملەردىن تاللانما.

نَخَتَ يَنْخُتُ نَخْتًا الطَّائِرُ الشَّيْءَ: قۇش بىر نەرسىنى چوقۇلىدى.

نَخَتَ الْقَوْلَ: سۆزنى تەكشۈرۈپ كۆردى.

نَخَّ يَنُخُّ نَخًّا الْإِبِلَ: تۆگىنى قاتتىق ھەيدىدى، تۆگىنى «چۆك، چۆك»، دېدى.

نَخٌّ ج أَنْخَاخٌ: پايانداز.

نُخٌّ: يىلىك.

نَخَّاجَةٌ: سۇ چېچىش ئەسۋابى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

نَخَّاسٌ ج نَخَّاسُوْنَ: ئـات ـ ئـۇلاغ سـودىگىرى، قـۇل سودىگىرى.

«يَلْتَقِي النَّخَّاسُوْنَ فِي سُوْقِ الْأَحَدِ»: ئـۇلاغ سودىگەرلىرى يەكشەنبە بازاردا ئۇچرىشىدۇ.

«كَثُرَ النَّخَّاسُوْنَ فِي الْقَرْنِ السَّادِسَ عَشَرَ»: قـۇل سودىگەرلىرى 16 ـ ئەسىردە كۆپ بولغان.

نَخَرَ يَنْخُرُ نَخْرًا: يېدى.

«نَخَرَ السُّوْسُ الْخَشَبَ»: ياغاچنى قۇرت يېدى.

نَخَرَ يَنْخِرُ نَخِيْرًا: خورەك تارتتى.

نَخِرَ يَنْخَرُ نَخَرًا الْعُوْدُ أَوِ الْعَظْمُ: چىرىدى.

نَخِرٌ: چىرىگەن.

﴿أَئِذَا كُنَّا عِظَاماً نَّخِرَةً﴾ ‹قرآن›: ئـۇ بىزنىـڭ چىرىگەن سـۆڭەك بولـۇپ قالغـان ۋاقتىمىـز ئەمەسمۇ؟

نَخَزَ يَنْخَزُ نَخْزًا: سانجىدى.

«نَخَزَ الْحِمَارَ بِالْعَصَا»: ئېـشەكنى تايـاق بىـلەن نوقۇدى.

نَخَزَهُ بِكَلِمَةٍ: ئۇنىڭغا دەشنام بەردى، ئازار بەردى.

«مَا أَشَدَّ نَخْزَهَا»: نېمىدېگەن قاتتىق ئازار.

نَخَسَ يَنْخُسُ نَخْسًا الدَّابَّةَ: ئـۇلاغنى تايـاق بىـلەن نوقۇدى.

نَخَصَ يَنْخَصُ نَخْصًا: ئـورۇقلاپ كەتتـى، يـاداپ كەتتى.

«نَخَصَ فُلَانًا الْكِبَرُ»: ياشـانغانلىق پـالاننى ئاجىزلىتىۋەتتى.

نَخَطَ يَنْخُطُ نَخْطًا إِلَيْهِ: ئۇنىڭغا تويۇقسىز زەربە بەردى.

نَخَطَ عَلَيْهِ: چوڭچىلىـق قىلـدى، ھاكـاۋۇرلۇق قىلدى.

نَخَطَ الْمُخَاطَ مِنْ أَنْفِهِ: مىشقىردى.

نُخْطٌ . نَخَطٌ: يىلىك.

نَخَعَ يَنْخَعُ نُخُوعًا: بەلغەم تۆكۈردى، مىشقاردى.

نُخْفَةٌ: تاغ ئۈستىدىكى ئويمان جاي.

نَخَلَ يَنْخُلُ نَخْلًا: تاسقىدى.

«نَخَلَتِ الدَّقِيْقَ»: ئۇن تاسقىدى.

«نَخَلَ السَّحَابُ الْمَطَرَ»: بۇلـۇت يـامغۇرنى قويۇۋەتتى.

نَخَلَ الْكَلَامَ: سۆزنى تۈجۈپىلىدى.

نَخْلٌ: تاسقىماق.

نَخْلٌ ج نَخِيْلٌ: خورما.

﴿فِيهِمَا فَاكِهَةٌ وَنَخْلٌ وَرُمَّانٌ﴾ ‹قرآن›: ئـۇ ئىككـى جەننەتتە مېۋىلەر، خورمىلار ۋە ئانارلار بار.

نَخَمَ يَنْخَمُ نَخْمًا: تۆكۈردى، مىشقاردى.

نَخْوَةٌ: پەخـىرلەنمەك؛ قەھرىمـانلىق، قىزغىنلىـق، ئادەمگەرچىلىك.

«يُدَافِعُ عَنِ الْمَظْلُوْمِيْنَ بِكُلِّ نَخْوَةٍ»: ئېزىلگەنلەرنى پۈتۈن قىزغىنلىق بىلەن قوغدايدۇ.

نَخِيْبٌ ج نُخُبٌ: ھېسسىياتسىز، مەتـۇ، ئەقىلسىز، قورقۇنچاق.

نِدَاءٌ: چاقىرماق، چاقىرىق، توۋلىماق، مۇناجات.

«نِدَاءٌ هَاتِفِيٌّ»: تېلېفوندا چاقىرىش.

«أَصْدَرَ الزَّعِيْمُ نِدَاءً لِأَتْبَاعِهِ»: داھىي ئۆز تەۋەلىرىگە چاقىرىق چىقاردى.

﴿إِذْ نَادَى رَبَّهُ نِدَاءً خَفِيّاً﴾ ‹قرآن›: ئـۇ ئـۆز ۋاقتىـدا پەرۋەردىگارىغا پەس ئاۋازدا مۇناجات قىلدى.

«إِذَا سَمِعْتُمُ النِّدَاءَ فَقُوْلُوْا مِثْلَ مَا يَقُوْلُ الْمُؤَذِّنُ» ‹حـديث›: ئەزان ئـاۋازىنى ئاڭلىغـان چـېغىڭلاردا، مـۇئەززىن نـېمە دېـسە شـۇنى دەڭلار.

نِدَافَةٌ: پاختا ئېتىش كەسپى.

نَدَامَةٌ: پۇشايمان قىلماق، نادامەت.

«إِنَّكُمْ سَتَحْرِصُوْنَ عَلَى الْإِمَارَةِ وَسَتَكُوْنُ نَدَامَةً يَوْمَ الْقِيَامَةِ» ‹حديث›: سـىلەر ئەمەل تۇتۇشـقا ھېرىسلىق قىلىسىلەر، تۇتقان ئەمەلىڭلار

ئۇچۇن قىيامەت كۈنى نادامەت چېكىسىلەر.

**نَدَاوَةٌ:** هۆل بولماق، نەملىك.

**نَدَبَ يَنْدُبُ نَدْبًا:** يىغلىدى، ئېچىندى.

**نَدَبَ الْمَيِّتَ:** مېيىتكە هازا ئاچتى، تەزىيىنى قىلدى.

**نَدَبَ الشَّخْصَ إِلَى الْأَمْرِ:** چاقىردى، تەكلىپ قىلدى.

«نَدَبَهُ إِلَى الإِشْرَافِ عَلَى بِنَاءِ الْجِسْرِ»: ئۇنى كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىغا نازارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلدى.

**نَدِبَ يَنْدَبُ نَدَبًا الْجُرْحُ:** يارا ئىزى قېلىپ قالدى.

**نَدْبٌ ج نُدُوْبٌ وَ نُدَبَاءُ:** ئاكتىپ، پائال، پائالىيەتچان، شوخ، تېتىك، جانلىق، ئۆتكۈر، سەزگۈر، سەگەك، چەبدەس.

**نَدَبٌ ج نُدُوْبٌ:** يارىنىڭ ئىزى.

**نَدَبَةٌ ج نُدُوْبٌ:** يارىنىڭ ئىزى.

«تَرَكَ الْمَرَضُ فِي جِسْمِهِ نُدُوْبًا»: كېسەللىك ئۇنىڭ تېنىدە ئىزلارنى قالدۇردى.

نَظَمَ أَمْرَهُ: ئىشنى تۈزدى، تەرتىپكە سالدى، رەتلىدى، ئورۇنلاشتۇردى.

نَظْمٌ: تەشكىللىمەك، ئۇيۇشتۇرماق، رەتلىمەك، ئورۇنلاشتۇرماق، تەرتىپكە سالماق، شېئىر، نەزم.

نَظْمُ الشِّعْرِ: شېئىر تۈزەش، شېئىر يېزىش.

نَظِيْرٌ ج نُظَرَاءُ: ئوخشاش، تەڭ-باراۋەر.

«اِسْتَقْبَلَ وَزِيْرُ الْخَارِجِيَّةِ نَظِيْرَهُ»: تاشقى ئىشلار مىنىستىرى باشقا تاشقى مىنىستىرىنى كۈتۈۋالدى.

«فُلَانٌ لَيْسَ لَهُ نَظِيْرٌ»: پالانىنىڭ ئوخشىشى يوق.

«هُوَ مُنْقَطِعُ النَّظِيْرِ»: ئۇ تەڭداشسىز.

نَظِيفٌ ج نِظَافٌ: تازا، پاكىز.
«تِلْمِيذٌ نَظِيفُ الثِّيَابِ»: كىيىملىرى رەتلىك ئوقۇغۇچى.
نَظِيفُ السَّرَاوِيلِ: پاك.
نَظِيفُ الْيَدَيْنِ: هارام نەرسىلەردىن ئۆزىنى پاك تۇتىدىغان.
نُعَاسٌ: ئۈگدىمەك، مۈگدەش.
نِعَالَةٌ: مۇزدۇزلۇق، تاقچىلىق.
نَعَامَةٌ ج نَعَامٌ وَنَعَائِمُ: تۆگە قۇش؛ چۆلدە تىكلەپ قويۇلغان يول بەلگىسى.
جَاءَ كَالنَّعَامَةِ: ئۈمىدسىز قايتتى.
خَفَّتْ نَعَامَةُ الْقَوْمِ: كىشىلەر كەتتى.
رَكِبَ جَنَاحَيِ النَّعَامَةِ: تىرىشتى.
نَعَامَةُ الدِّمَاغِ: كۆكرەك پەردىسى.
نَعَامَةُ الْقَدَمِ: تاپان، تاپان ئوتتۇرىسى.
نَفَرَتْ نَعَامَتُهُ: چۆچۈپ كەتتى.
هُوَ ظِلُّ نَعَامَةٍ: ئۇ ئۇزۇنتۇرا.
نَعَبَ يَنْعَبُ نَعِيبًا وَنُعَابًا الْغُرَابُ: قاغا قاقىلدىدى.
نَعَتَ يَنْعَتُ نَعْتًا: تەسۋىرلىدى، سۈرەتلەپ بەردى، بايان قىلدى، سۈپەتلىدى.
نَعْتٌ ج نُعُوتٌ: سۈپەتلەش، تەسۋىرلەش، بايان قىلىش.
جَمَعَ نُعُوتَ الْخَيْرِ كُلَّهَا: ئۇنىڭدا ياخشىلىق سۈپەتلىرىنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ.
نَعَثَ يَنْعَثُ نَعْثًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ئالدى.
نُعْثُلٌ: ئالجىغان قېرى، ئەركەك سىرتلان، كۆكقۇيۇن.
نَعِجَ يَنْعَجُ نَعَجًا اللَّوْنُ: رەڭ ئاپئاق سۈزۈك بولدى.
نَعِجَ الْبَعِيرُ: تۆگە سەمرىدى.
نَعِجَ الشَّخْصُ: قوي گۆشى ئېغىر كەلدى.
نَعْجَةٌ ج نِعَاجٌ وَنَعَجَاتٌ: ساغلىق قوي.
نَعَرَ يَنْعَرُ نَعْرًا وَنَعِيرًا وَنُعَارًا: پۇشۇلدىدى، ئىڭىرىدى، خىرقىرىدى.
نَعَرَ الْعِرْقُ بِالدَّمِ: تومۇردىن قان ئېتىلىپ چىقتى.
نَعَرَ فِي الْبِلَادِ: يۇرت كەزدى.
نَعَرَ فُلَانٌ فِي الْفِتْنَةِ: پىتنىگە چېتىلىپ قالدى.
مِنْ أَيْنَ نَعَرْتَ إِلَيْنَا: سەن قەيەردىن كەلدىڭ؟
نَعَرَةٌ ج نَعَرَاتٌ: خورەك، دىماغ تاۋۇشى، پۇشۇلدىغان ئاۋاز.
نُعَرَةٌ ج نُعَرٌ وَنُعَرَاتٌ: دىماغ.
نُعَرَةٌ: مەنمەنلىك، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، هاكاۋۇرلۇق؛ كۆكقۇيۇن.
فِي فُلَانٍ نُعَرَةٌ: پالانى هاكاۋۇر.
نُعْرَةٌ إِقْلِيمِيَّةٌ: يۇرتۋازلىق.
نُعْرَةٌ عُنْصُرِيَّةٌ: ئىرقچىلىق.
نَعَسَ يَنْعَسُ نَعْسًا وَنَعَسًا وَنُعَاسًا: ئۈگدىدى، مۈگدىدى، ئۇيقۇ باستى.
نَعَسَ حَظُّهُ: بەختسىز بولدى.
نَعَسَتِ السُّوقُ: بازار كاساتلاشتى.
«إِذَا نَعَسَ أَحَدُكُمْ فِي الصَّلَاةِ فَلْيَرْقُدْ حَتَّى يَذْهَبَ عَنْهُ النَّوْمُ» «حديث»: سىلەر ناماز ئوقۇۋېتىپ مۈگدەپ قالساڭلار، بېرىپ ئۇيقۇڭلار تۈگىگۈچە ئۇخلاڭلار.
نَعْسَانٌ م نَعْسَى ج نِعَاسٌ: ئۈگدىگۈچى.
نَعَشَ يَنْعَشُ نَعْشًا تىكتى، تىكلىدى، كۆتۈردى، ئۆستۈردى، قوزغاتتى.
«نَعَشَ الشَّجَرَةَ»: دەرەخ تىكتى.
«نَعَشَهُ مِنْ فَقْرِهِ»: ئۇنى كەمبەغەللىكتىن قۇتقۇزدى.
نَعَشَ الرَّبِيعُ النَّاسَ: باهار كىشىلەرنى روهلاندۇردى.
نَعَشَ النَّاسُ الْمَيِّتَ: كىشىلەر ئۆلۈكنى جىنازىغا سېلىپ كۆتۈردى.
نَعْشٌ: تىكلىمەك، تۇرغۇزماق، كۆتۈرمەك،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆستۈرمەك، قوزغىماق.

نَعْشٌ ج نُعُوشٌ: جىنازا، تاۋۇت.

بَنَاتُ نَعْشِ الْكُبْرَى: چوڭ ئېيىق يۇلتۇزى، چوڭ چۆمۈچ يۇلتۇزى، يەتتە قاراقچى.

بَنَاتُ نَعْشِ الصُّغْرَى: كىچىك ئېيىق يۇلتۇزى.

نَعَصَ يَنْعَصُ نَعْصًا الشَّيْءَ: مىدىرلاتتى، ھەرىكەتلەندۈردى.

نَعَصَ الْجَرَادُ الْأَرْضَ: چېكەتكە ئۆسۈملۈكنى يەپ كەتتى.

نَعِصَ يَنْعَصُ نَعْصًا: ئىرغاڭلىدى.

نَعْصٌ: سازلىق، پاتقاقلىق.

نَعَطَ يَنْعَطُ نَعْطًا وَنَعَطًا وَنُعُوطًا الْقَضِيبُ: زەكەر قايىم بولدى.

نَعَّاسٌ: مۈگدىگەك.

نَعَّالٌ: موزدوز، تاقىچى.

نَعَّشَ يُنَعِّشُ تَنْعِيشًا: كۆتۈردى، ئۆستۈردى.

نَعَّلَ يُنَعِّلُ تَنْعِيلًا الدَّابَّةَ: ئات ئۇلاغنى تاقىلىدى.

نَعَّلَ الْحِذَاءَ: ئاياغنى چەملىدى.

نَعَّمَ يُنَعِّمُ تَنْعِيمًا: «ھەئە» دېدى.

نَعَّمَ الشَّيْءَ: يۇمشاق قىلدى.

نَعَّمَهُ: باياشات قىلدى.

«نَعَّمَهُ بَعْدَ عُسْرِهِ»: قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئۇنى باياشات قىلدى.

نَعَقَ يَنْعَقُ نَعْقًا وَنَعِيقًا وَنُعَاقًا الْغُرَابُ: قاغا قاقىلدىدى. «قاق-قاق» قىلدى.

نَعَقَ الرَّاعِي بِغَنَمِهِ: مالچى قوينى ھوقۇيتتى.

نَعَلَ يَنْعَلُ نَعْلًا: كەش كىيگۈزدى.

«نَعَلَتِ الْأُمُّ وَلَدَهُ»: ئانا بالىسىغا كەش كىيگۈزدى.

نَعَلَ الدَّابَّةَ: ئات-ئۇلاغنى تاقىلىدى.

نَعْلٌ: كەش (ئاياغ) كىيگۈزمەك، تاقىلىماق.

نَعْلٌ ج نِعَالٌ وَأَنْعُلٌ: كەش، ئاياغ كىيىم، تاقا.

«لَا يَمْشِ أَحَدُكُمْ فِي نَعْلٍ وَاحِدَةٍ» ‹حديث›: بىر پاي ئاياغ كىيىپ يول يۈرمەڭلار.

نَعُمَ يَنْعُمُ نُعُومًا: يۇمشاق بولدى، يۇمران بولدى، ئۇن بولدى.

نَعُمَ عَيْشُهُ: تۇرمۇشى پاراۋان بولدى، باياشات بولدى.

نَعِمَ يَنْعَمُ نَعَمًا وَنَعِيمًا: يۇمشاق بولدى، يۇمران بولدى.

نَعِمَ عِيْشُهُ: تۇرمۇشى پاراۋان بولدى، باياشات بولدى.

نَعِمَ بَالُهُ: خاتىرجەم بولدى.

«نَعِمَ بِهِ عَيْنًا»: خۇشال بولدى، شادلاندى، ياقتۇردى، ياخشى كۆردى، قىزىقتى، كۆڭلىگە ياقتى، مۇھەببەت باغلىدى، خۇشتار بولدى.

نَعِمَ بِهِ: خۇشال بولدى، بەھرىمەن بولدى.

«نَعِمْتُ بِلِقَائِهِ»: ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقانلىقىمدىن خۇشال بولدۇم.

نَعِمَ يَنْعَمُ نَعَمًا: كۆكەردى، يېشىللاشتى، ياپيېشىللىقتا پۈركەندى.

نَعَمْ: ھەئە، شۇنداق، ماقۇل، دۇرۇس، توغرا.

«هَلْ جَاءَ أَحْمَدُ؟ نَعَمْ جَاءَ»: ئەھمەد كەلدىمۇ؟ ھەئە كەلدى.

نِعْمَ: نېمىدېگەن ياخشى.

«نِعْمَ مَا صَنَعْتَ»: ئەجەب ياخشى قىلدىڭ.

﴿نِعْمَ الْمَوْلَى وَنِعْمَ النَّصِيرُ﴾ ‹قرآن›: ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار، نېمىدېگەن ياخشى ياردەمچى!

«نِعْمَ الْأُدْمُ الْخَلُّ نِعْمَ الْأُدْمُ الْخَلُّ» ‹حديث›: ئاچچىق سىركە بىلەن نان نېمىدېگەن يېيىشلىك، نېمىدېگەن ياخشى.

﴿إِنْ تُبْدُوا الصَّدَقَاتِ فَنِعِمَّا هِيَ﴾ ‹قرآن›: سەدىقىنى ئاشكارا بەرسەڭلار، بۇ ياخشىدۇر.

نَعَمٌ: يۇمشاق بولماق، يۇمران بولماق، پاراۋان بولماق، باياشات بولماق، تىنچ ئارام ئالماق.
نَعَمٌ ج أَنْعَامٌ: تۆگە، قوي، ئۆچكە، ئېشەك ۋە كالىغا ئوخشاش هايۋاناتلار.
﴿فَنُخْرِجُ بِهِ زَرْعاً تَأْكُلُ مِنْهُ أَنْعَامُهُمْ وَأَنْفُسُهُمْ﴾ «قرآن»: ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ هايۋاناتلىرى ۋە ئۆزلىرى يەيدىغان زىرائەتلەرنى ئۈندۈرۈپ چىقىرىمىز.
نَعْمَاءُ ج أَنْعُمٌ: بەخت ـ سائادەت، پاراۋانلىق، باياشاتلىق، كەڭچىلىك، توقچىلىق، مولچىلىق، مال.
«صَدِيقُهُ فِي النَّعْمَاءِ وَالْبَأْسَاءِ»: ئۇ باياشاتلىقتىمۇ، قىيىنچىلىقتىمۇ ئۇنىڭ دوستى.
«هُوَ صَاحِبُ يُسْرٍ وَنَعْمَاءٍ»: ئۇ پۇل ـ مالنىڭ ئىگىسى.
نُعْمَانٌ: قان، خۇن.
شَقَائِقُ النُّعْمَانِ: ئەپيۇنگۈل، كۆكنار، خەشخاش.
نَعْمَةٌ: نېمەت، راهەت ـ پاراغەت، هۇزۇر ـ هالاۋەت.
﴿وَنَعْمَةٍ كَانُوا فِيهَا فَاكِهِينَ﴾ «قرآن»: ئۇلار بەهرىمەن بولۇۋاتقان نېمەتلەرنى قالدۇردى.
نِعْمَةٌ ج نِعَمٌ وَ أَنْعُمٌ: نازۇنېمەت، مەرھەمەت، ئىلتىپات.
«فُلَانٌ وَاسِعُ النِّعْمَةِ»: پالانىنىڭ بايلىقى كۆپ.
﴿وَأَمَّا بِنِعْمَةِ رَبِّكَ فَحَدِّثْ﴾ «قرآن»: پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ساڭا بەرگەن) نېمىتىنى (كىشىلەرگە) سۆزلەپ بەرگىن.
«إِنَّ اللهَ يُحِبُّ أَنْ يَرَى أَثَرَ نِعْمَتِهِ عَلَى عَبْدِهِ» «حديث»: شۈبھىسىزكى، ئاللاھتائالا ئۆز نېمىتىنىڭ ئەسىرىنى بەندىلىرىدە كۆرۈشنى ياقتۇرىدۇ.
«لَكَ عِنْدِي نِعْمَةٌ لَاتُنْكَرُ»: سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى ئۇنتۇمايمەن.
«هَذِهِ نِعْمَةُ الإِلَهِ عَلَيْنَا فَاشْكُرُوا اللهَ يَا أُولِي الأَفْهَامِ»: بۇ، ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن نېمىتىدۇر، ئى ئەقىللىق ئادەملەر ئاللاھقا تەشەككۈر ئېيتىڭلار.
«هُوَ وَلِيُّ نِعْمَتِهِ»: ئۇ ئۇنىڭ شەپقەتچىسى.
«هُوَ حَدِيثُ نِعْمَةٍ»: ئۇ يېڭى باي.
نَعْنَاعٌ: يالپۇز.
نَعْنَعَ يُنَعْنِعُ نَعْنَعَةً: كىيكەچىلىدى، دۇدۇقلىدى.
نُعُومَةٌ: يۇمشاقلىق، يۇمرانلىق.
مُنْذُ نُعُومَةِ أَظْفَارِهِ: ئۇ كىچىكلىكىدىن باشلاپ، ...
نَعَى يَنْعَى نَعْيًا وَ نَعِيًّا فُلَانًا: ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزدى.
نَعَى عَلَيْهِ كَذَا: ئەيىبلىدى.
«نَعَى عَلَيْهِ شُرْبَ الْخَمْرِ»: ئۇنىڭ هاراق ئىچكەنلىكىنى ئەيىبلىدى.
نَعِيمٌ: خۇشاللىق، هۇزۇر ـ هالاۋەت؛ بەخت ـ سائادەت، جەننەت، نېمەت.
نَعِيمُ الْحَيَاةِ: تۇرمۇش پاراۋانلىقى، هاياتنىڭ لەززىتى.
﴿إِنَّ الْمُتَّقِينَ فِي جَنَّاتٍ وَنَعِيمٍ﴾ «قرآن»: تەقۋادارلار ھەقىقەتەن جەننەتلەردە ۋە نېمەت ئىچىدە بولىدۇ.
«نَعِيمُ اللهِ»: ئاللاھنىڭ رەھمىتى.
نَعِيٌّ: ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزمەك.
نَعِيٌّ ج نَعَايَا: ئۆلۈك ئادەم.
نُغَاشٌ: پەتەك، پاكار، رەزىل.
نُغَاشَةٌ: قىزىل تۇمشۇق قۇشقاچ.
نُغَاشِيٌّ: پاكار، پەتەك، رەزىل.
نَغَبَ يَنْغَبُ نَغْبًا الطَّائِرُ: قۇش سۇ ئىچتى.
نَغَبَ الرِّيقَ: تۈكۈرۈكىنى يۇتتى.
نُغْبَةٌ ج نُغَبٌ: بىر ئوتلام، بىر يۇتۇم.
«سَقَاهُ نُغْبَةً مِنْ لَبَنٍ»: ئۇنىڭغا بىر ئوتلام سۈت ئىچكۈزدى.

uyghurkitap.com



نَفَتَ يَنْفُتُ نَفْتًا الشَّعْرَ: چاچنى تارتتى.

نَفْثٌ: يامان ئىش.

نَفَرَ يَنْفُرُ نَفَرًا الشَّخْصُ: قورساق كۆپۈپ ئاچچىقلاندى، غەزەپلەندى.

نَفَرَتِ الْقِدْرُ: قازان قاينىدى.

نَفَزَ يَنْفِزُ نَفْزًا الصَّبِيَّ: بالىنى قىچىقلىدى.

نَفَزَ الشَّخْصَ: كىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلدى.

نَفَزَ بَيْنَ الْقَوْمِ: ئارىنى بۇزدى، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالدى.

نَغَشَ يَنْغَشُ نَغْشًا وَنَغَشَانًا: پاراكەندە قىلدى، بىسەرەمجان قىلدى.

نَغَشَ إِلَيْهِ: ئۇنىڭغا ئىغىپ كەتتى، مايىل بولدى.

نَغَصَ يَنْغَصُ نَغْصًا الشَّخْصَ: ئۇنى سۇدىن چەكلىدى.

نَغَصَ عَلَيْهِ: ئۇنىڭغا كۆڭۈلسىزلىك كەلتۈردى.

«نَغَصَ عَلَيْهِ حَيَاتَهُ بِالضَّجِيجِ الْمُسْتَمِرِّ»: داۋاملىق ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىپ، كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلدى.

نَغِصَ يَنْغَصُ نَغَصًا: چالا قالدى، پۈتمىدى.

نَغِصَ الشَّارِبُ: تولۇق ئىچمىدى.

نَغِصَ الرَّجُلُ: مەقسىتىگە يېتەلمىدى.

نَغَّارٌ: غەزەپلەنگۈچى.

جُرْحٌ نَغَّارٌ: قان چىقىپ تۇرىدىغان يارا.

نَغَّرَ يُنَغِّرُ تَنْغِيرًا الصَّبِيَّ: بالىنى قىچىقلىدى.

نَغَّصَ يُنَغِّصُ تَنْغِيصًا: قىيىنلاشتۇردى.

«نَغَّصَ عَيْشَهُ»: ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى قىيىنلاشتۇردى.

نَغَّصَ عَلَيْهِ: ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشىنى ئۈزۈپ قويدى.

نَغَّمَ يُنَغِّمُ تَنْغِيمًا: ناخشا ئېيتتى، نەغمە-ناۋا قىلدى.

نَغَقَ يَنْغِقُ نَغِيقًا وَنُغَاقًا الْغُرَابُ: قاغا غاقىلىدى.

نَغَقَتِ النَّاقَةُ: تۆگە بوزلىدى.

نَغِلَ يَنْغَلُ نَغَلًا وَجْهُ الْأَرْضِ: قۇرغاقچىلىقتىن يەر يېرىلىپ كەتتى.

نَغِلَ الْجُرْحُ: يارا ئىغىز ئالدى.

نَغِلَ بَيْنَ الْقَوْمِ: ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالدى.

نَغِلَ قَلْبُهُ عَلَى فُلَانٍ: پالانىغا ئۆچلۈك قىلدى، كۆڭلىدە ئۆچلۈك ساقلىدى.

نَغِلَتْ نِيَّتُهُ: ئۇنىڭ نىيىتى بۇزۇلدى.

نَغِلٌ: هارامدىن بولغان (بالا).

نَغَمَ يَنْغَمُ نَغْمًا الشَّخْصُ: شىۋىرلىدى، پىچىرلىدى.

«سَكَتَ فَمَا نَغَمَ بِحَرْفٍ»: گەپ قىلماي شۈك تۇردى.

«نَغَمَ الشَّخْصُ فِي الْغِنَاءِ»: پەس ئاۋازدا ناخشا ئېيتتى.

نَغَمَ فِي الشَّرَابِ: ئاز ئىچتى.

نَغَمٌ وَنَغْمٌ ج أَنْغَامٌ وَأَنَاغِيمُ: نەغمە-ناۋا، ئاھاڭ، كۈي.

أَنْغَامُ الْمُوسِيقِي: مۇزىكا كۈيلىرى.

نَغْمَةٌ ج نَغَمَاتٌ: ئاۋازنىڭ ماسلىشىشى، ئاۋازنىڭ خۇشلۇقى، ئاھاڭداش كۈي، گارمونىيە (مۇزىكا نەزەرىيىسىنىڭ ئاھاڭ، ئاككورد تۈزۈلۈشىنى بايان قىلغۇچى قىسمى)، سۆزنىڭ جاراڭلىق بولۇشى.

«أَدَّى التِّلْمِيذُ أُنْشُودَةً بِنَغْمَةٍ مُؤَثِّرَةٍ»: شاگىرت چىرايلىق ئاھاڭدا ناخشا ئورۇنلىدى.

«كَلِمَاتُهَا ذَاتُ نَغَمَاتٍ تَرْتَاحُ لَهَا النَّفْسُ»: ئۇنىڭ سۆزلىرى جاراڭلىق بولۇپ، كىشىگە يېقىملىق تۇيۇلىدۇ.

نَغْوٌ: سۆز، پاراڭ.

نَغْوَةٌ: نەغمە ناۋا، ساز، ئاھاڭ، كۈي، مۇقام، تەڭكەش ئاھاڭ، قىزىق گەپ، يېقىملىق سۆز، سۆز-چۆچەك، رىۋايەت، ئىغۋا، ئۆسەك سۆز، سۆھبەت.

نَغَى يَنْغِي نَغْيًا: چۈشىنىكسىز سۆزلىدى.

**نَغَى إِلَى فُلَانٍ بِكَلِمَةٍ**: پالانىغا چۈشىنىكسىز گەپ قىلدى.

**نَغْيٌ**: سۆز، پاراڭ.

**نَغْيَةٌ**: نەغمە ـ ناۋا، ساز، ئاھاڭ، كۈي، مۇقام، تەڭكەش ئاھاڭ، قىزىق گەپ، يېقىملىق سۆز؛ سۆز ـ چۆچەك، رىۋايەت، ئىغۋا، ئۆسەك سۆز، سۆھبەت.

**نَفَاثَةٌ ج نَفَائِثُ**: شۆلگەي، تۈكۈرۈك، خەپىرۈك، بەلغەم.

**نَفَادٌ**: تۈگەپ كەتمەك، ئىشلىتىپ بولماق.

«عَلَيْكَ يَا وَالِدِيْ مِنِّي التَّحِيَّاتُ وَمَا عَلَيْهَا نَفَادٌ أَوْ نِهَايَاتٌ»: ئى ئاتا! مەندىن سىلىگە تۈگىمەس سالاملار بولسۇن.

**نَفَاذٌ**: ئۆتمەك، تېشىپ ئۆتمەك، ئىجرا قىلىنىش، يۈرگۈزمەك.

**نَفَاذُ الْبَصِيْرَةِ**: زېرەكلىك، هوشيارلىق.

**نِفَارٌ**: ئۈركۈپ قاچماق.

**نِفَاسٌ**: تۇغۇت، تۇغۇتتىن كېيىن كېلىدىغان قان.

«أَلَمُ النِّفَاسِ»: نىپاس ئاغرىقى.

«حُمَّى النِّفَاسِ»: نىپاس قىزىتمىسى.

**نَفَاسَةٌ**: قىممەتلىك، يۇقىرى باھالىق.

**نُفَاضٌ**: قېقىندى، توزان، چىشنى چوتكىلىغاندىن كېيىن ئېغىزدا قالغان قالدۇق.

**نِفَاضٌ ج نُفُضٌ**: پەرتۇق.

**نِفَاقٌ**: ئىككى يۈزلىملىك، مۇناپىقلىق.

**نُفَايَةٌ ج نُفَايَاتٌ مِنَ الشَّيْءِ**: تاشلاندۇق نەرسە كېرەكسىز نەرسە.

«نُفَايَةُ السَّجَائِرِ»: تاماكا قالدۇقى.

«نُفَايَةُ الطَّعَامِ»: تاماق تاشلاندۇقى.

**فُلَانٌ مِنْ نُفَايَاتِ الْقَوْمِ**: پالانى قوۋمنىڭ ئۇساللىرىدىن.

**نَفَتَ يَنْفِتُ نَفْتًا وَنَفَتَانًا وَنَفِيْتًا ـــ الْقِدْرُ**: قازان قايىندى.

**نَفَثَ يَنْفُثُ وَيَنْفِثُ نَفْثًا وَنَفَثَانًا الْبُصَاقَ وَنَحْوَهُ مِنْ فَمِهِ**: تۈكۈرۈك ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلارنى ئېغىزدىن تۈكۈردى.

«نَفَثَتِ الْحَيَّةُ السَّمَّ»: يىلان زەھەر چاچتى، زەھەر پۈركىدى.

**نَفَثَهُ**: ئۇنى قايمۇقتۇردى.

**نَفَثَ اللهُ الشَّيْءَ فِي الْقَلْبِ**: ئاللاھ بىرەر نەرسىنى كۆڭلىگە سالدى.

**نُفِثَ فِي نَفْسِي كَذَا**: كۆڭلۈمگە شۇنداق ئىلھام قىلىندى.

**نَفْثٌ**: تۈكۈرۈك، شۆلگەي، بەلغەم.

**نَفْثُ الشَّيْطَانِ**: لىرىك شېئىر.

**نَفْثُ الدَّمِ (فِي الطِّبِّ)**: قان تۈكۈرۈش.

**نَفْثَةٌ ج نَفَثَاتٌ**: ئاجرالما زەھەر سۇيۇقلۇقى، پارتىلىماق، قوزغالماق، كۆتۈرۈلمەك، ئېتىلىپ چىقماق، پۈركىمەك؛ شۆلگەي، تۈكۈرۈك، بەلغەم؛ بىر قېتىم تۈكۈرۈش.

**نَفْثَةُ الْقَلَمِ الْأُوْلَى**: نادىر ئەدەبىي ئەسەر.

**نَفْثَةُ مَصْدُوْرٍ**: بەلغەم.

**نَفَثَاتُ الْفُؤَادِ**: ئىدىيە، ئوي، ئاڭ، قاراش.

**مَا أَحْسَنَ نَفَثَاتِ فُلَانٍ**: پالانىنىڭ شېئىرلىرى نېمىدېگەن ياخشى.

**نَفَثَاتُ الْأَقْلَامِ**: ئەدەبىي ئىجادىيەتلەر.

**نَفَجَ يَنْفُجُ / يَنْفِجُ نَفْجًا وَنُفُوْجًا**: ئۆرلىدى، كۆتۈرۈلدى.

«نَفَجَ الْعَجِيْنُ»: خېمىر كۆپتى.

**نَفَجَ الشَّخْصُ**: ئۆزىدە يوق نەرسە بىلەن پەخىرلەندى.

«يَنْفُجُ الْمَغْرُوْرُ بِنَسَبِ آبَائِهِ»: مەنمەنچى ئادەم ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ نەسەبى بىلەن پەخىرلىنىدۇ.

**نَفَجَ فَرْخُ الدَّجَّاجَةِ**: توخۇنىڭ چۈجىسى تۇخۇمدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىقتى.

نَفَحَ يَنْفَحُ نَفْحًا وَنُفُوحًا الطِّيبُ: خۇش پۇراق تارالدى.

نَفَحَتِ الرِّيحُ: شامال چىقتى.

نَفَحَ الْعِرْقُ:تومۇردىن قان چىقتى، ئاقتى.

نَفَحَهُ مَالًا: ئۇنىڭغا مال بەردى.

نَفْحٌ: پۇرىماق، سوغۇق.

نَفْحَةٌ ج نَفَحَاتٌ: بىر قېتىم پۇراش، يېقىملىق خۇش پۇراق؛ سوۋغا؛ ئىسسىق، غەم، قايغۇ.

﴿وَلَئِن مَّسَّتْهُمْ نَفْحَةٌ مِّنْ عَذَابِ رَبِّكَ﴾ «قۇرئان»:ئەگەر ئۇلارغا پەرۋەردىگارىڭدىن ئازغىنە ئازاب يەتسىلا...

صَاحِبُ كَرَمٍ وَنَفَحَاتٍ: سېخىي، مەرد.

نَفَخَ يَنْفُخُ نَفْخًا النَّارَ / وَفِي النَّارِ: ئوتنى پۈۋلىدى.

نَفَخَ الزِّقَّ وَغَيْرَهُ: تۇلۇم ۋە باشقىلارنى پۈلەپ ئىچىگە يەل توشتۇردى.

نَفَخَ فِي الْبُوقِ: بۇرغا چالدى.

نَفَخَ شِدْقَيْهِ: چوڭچىلىق قىلدى، ئاتىكارچىلىق قىلدى.

نَفَخَ فِيهِ مِنَ الرُّوحِ: ئۇنىڭغا جان كىرگۈزدى.

نَفَخَ الشَّيْءَ: نەرسىنى كېڭەيتتى، كۆپتۈردى.

نَفَخَ السَّيَّارَةَ: ماشىنىغا يەل ئۇردى.

﴿ثُمَّ سَوَّاهُ وَنَفَخَ فِيهِ مِن رُّوحِهِ﴾ «قۇرئان»: ئاندىن ئۇنى راۋۇرۇس يارىتىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىگە مەنسۇپ روھنى كىرگۈزدى (يەنى، جان كىرگۈزدى).

نَفْخٌ: هاۋانىڭ پۈتىدا بولىدىغان ئىششىق.

نَفْخَةٌ ج نَفَخَاتٌ: پۈۋلىمەك، چالماق؛ ئىششىش، ئاتىكارچىلىق، هاكاۋۇرلۇق.

نَفْخَةُ الرَّبِيعِ: باهارنىڭ يېشىللىققا پۈركىنىشى.

نَفْخَةُ الشَّبَابِ: ياشلىقنىڭ يېتىلىشى.

نَفِدَ يَنْفَدُ نَفَادًا: تۈگىدى.

«نَفِدَ مَالُهُ»: ئۇنىڭ پۇلى تۈگىدى.

«نَفِدَتِ الطَّبْعَةُ الْأُولَى مِنَ الْكِتَابِ»: كىتابنىڭ بىرىنچى نەشرى تۈگىدى.

﴿مَا عِندَكُمْ يَنفَدُ وَمَا عِندَ اللَّهِ بَاقٍ﴾ «قۇرئان»: (ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىكى نەرسىلەر تۈگەيدۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر تۈگىمەستۇر.

نَفَذَ يَنْفُذُ نُفُوذًا وَنَفَاذًا الْأَمْرُ: ئۆتتى، جارى بولدى، ئاقتى.

«نَفَذَ الْحُكْمُ»: هۆكۈم جارى بولدى.

نَفَذَ الطَّرِيقُ: يول ئاسانلاشتى.

نَفَذَ إِلَيْهِ الْكِتَابَ: ئۇنىڭغا خەت تەگدى.

نَفَذَ فِيهِ وَمِنْهُ: بىر تەرەپتىن، يەنە بىر تەرەپكە ئۆتتى.

﴿إِنِ اسْتَطَعْتُمْ أَن تَنفُذُوا مِنْ أَقْطَارِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ فَانفُذُوا﴾ «قۇرئان»:ئەگەر سىلەر (ئاللاھنىڭ قازاسىدىن قېچىپ) ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ چېگرالىرىدىن ئۆتۈپ كېتەلىسەڭلار، ئۆتۈپ كېتىڭلار.

نَفَذَ فُلَانٌ فِي الْأُمُورِ: پالانى ئىشلارغا ماهىر بولدى.

نَفَذٌ: ئىجرا قىلماق، ئەمەلگە ئاشۇرماق، بېجىرمەك.

نَفَذَ ج أَنْفَاذٌ: چىقىش ئېغىزى، يول، چارە، چىقىش يولى.

نَفَرَ يَنْفِرُ نَفْرًا وَنُفُورًا: سەپەر قىلدى، سەپەرگە چىقتى.

﴿فَلَوْلَا نَفَرَ مِن كُلِّ فِرْقَةٍ مِّنْهُمْ طَائِفَةٌ لِّيَتَفَقَّهُوا فِي الدِّينِ وَلِيُنذِرُوا قَوْمَهُمْ إِذَا رَجَعُوا إِلَيْهِمْ لَعَلَّهُمْ يَحْذَرُونَ﴾ «قۇرئان»: ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى هەربىرى جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار قوۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قوۋمىنىڭ ئاللاھدىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش

مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى؟

**نَفَرَ يَنْفِرُ نُفُورًا وَنِفَارًا الشَّخْصُ مِنْ كَذَا**: نەپرەتلەندى، يىرگەندى، سەسكەندى.

**نَفَرَ يَنْفِرُ نِفَارًا الْمَرْأَةُ عَنْ زَوْجِهَا**: ئايال ئېرىدىن يۈز ئۆرۈدى.

**نَفَرَ الدَّابَّةُ مِنْ كَذَا**: يىراقلاشتى.

**نَفَرَ الْقَوْمُ لِلْأَمْرِ**: كىشىلەر ئىشقا تېز چىقتى، ئالدىرىدى.

«**نَفَرُوا لِلْجِهَادِ**»: ئۇلار جىھادقا ئالدىراپ چىقتى.

**نَفْرٌ**: بىرەر ئىش ياكى ئۇرۇشقا چىققان بىر توپ ئادەملەر.

**يَوْمُ النَّفْرِ**: ھاجىلار مىنادىن مەككىگە كېلىدىغان كۈنى.

**نَفَرٌ ج أَنْفَارٌ**: ئۈچتىن ئونغىچە كىشى؛ كىشىلەر توپى؛ بىر نەپەر.

**نُفْرَةٌ**: تۇمار، تىلتۇمار، ھۆكۈمرانلىق، باشقۇرۇش.

**نَفَزَ يَنْفِزُ نَفْزًا وَنَفَزًا وَنُفُوزًا وَنَفَزَانًا**: ئۆلدى.

**نَفَزَ الْغَزَالُ**: كېيىك سەكرىدى.

**نَفَسَ يَنْفُسُ نَفْسًا ـ هـ**: ئۇنىڭغا كۆز تەگدى.

**نَفُسَ يَنْفُسُ نَفَاسَةً**: قىممەت باھالىق بولدى. بىباھا بولدى، نەپىس بولدى.

«**نَفُسَتِ الْأَحْجَارُ الْكَرِيْمَةُ**»: ئېسىل تاشلار بىباھا بولدى.

**نَفِسَ يَنْفَسُ نِفَاسًا نُفَسَاء الْمَرْأَةُ**: ئايال تۇغدى.

**نُفِسَتِ الْمَرْأَةُ**: ئايال نىپاسدار بولدى.

**نَفْسٌ**: كۆز تەگمەك، كۆز، ھەقىقەت.

«**فُلَانٌ أَصَابَتْهُ نَفْسٌ**»: پالانىغا كۆز تەگدى.

«**فِي نَفْسِ الْأَمْرِ وَالْوَاقِعِ**»: ھەقىقەتتە ۋە ئەمەلىيەتتە.

**نَفْسٌ ج نُفُوسٌ وَأَنْفُسٌ**: روھ، جان، ئۆز، ئۆزى.

**كَبِيْرُ النَّفْسِ**: ئالىيجاناب، كەڭ قورساق، پاك، جەسۇر.

**مُنْقَبَضُ النَّفْسِ**: روھى چۈشكۈن، مەيۈس، پەرىشان، كەيپسىز.

**تَرْوِيْحُ النَّفْسِ**: كۆڭۈل ئاچماق، ئىچ پۇشۇقىنى چىقارماق.

«**بَذَلَ النَّفْسَ وَالنَّفِيْسَ**»: مېلىنى ۋە جېنىنى بېغىشلىدى.

«**الثِّقَةُ بِالنَّفْسِ**»: ئۆزىگە ئىشىنىش.

«**الْإِعْتِمَادُ عَلَى النَّفْسِ**»: ئۆزىگە تايىنىش.

**ضَبْطُ النَّفْسِ**: ئۆزىنى تۇتۇۋالماق، ئۆزىنى بېسىۋالماق.

**خَرَجَتْ نَفْسُهُ**: ئۇنىڭ جېنى چىقتى، ئۆلدى.

**فَلَانٌ ذُوْ نَفْسٍ**: پالانى ئەخلاقلىق، ئىرادىلىك.

«**جَاءَ فُلَانٌ نَفْسُهُ**»: پالانى ئۆزى كەلدى.

«**كَرَّرَ الْأَقْوَالَ بِنَفْسِهَا**»: سۆزلەرنىڭ ئۆزىنى تەكرارلىدى.

«**فِي نَفْسِ الْوَقْتِ**»: ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، شۇ ۋاقىتتا، ئەينى ۋاقىتتا.

«**نَحْنُ بَأَنْفُسِنَا**»: بىز ئۆزلىرىمىز.

«**فِي نَفْسِي أَنْ أَفْعَلَ كَذَا**»: شۇنداق قىلماقچى ئىدىم.

«**عِلْمُ النَّفْسِ**»: پسىخولوگىيە.

«**طِبُّ النَّفْسِ**»: روھىي كېسەللىكلەر ئىلمى.

**نَفَسَ ج أَنْفَاسٌ**: نەپەس، تىنىق.

«**مَرِيْضٌ ذُوْ نَفَسٍ مُتَقَطِّعٍ**»: نەپىسى كېسىلگەن كېسەل، توختاپ ـ توختاپ تىنىدىغان كېسەل.

«**جَذَبَ نَفَسًا طَوِيْلًا**»: ئۇزۇن نەپەس ئالدى.

«**طَوِيْلُ النَّفَسِ**»: تىنىقى ئۇزۇن.

«**شَاعِرٌ طَوِيْلُ النَّفَسِ: قَصِيْدَةٌ طَوِيْلَةُ النَّفَسِ**»: ئۇزۇن ۋە بەدىئىيلىكى يۇقىرى يازىدىغان شائىر، ئۇزۇن قەسىدە.

**بَيْنِيْ وَبَيْنَهُ نَفَسٌ**: ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئارىلىقىم يىراق.

uyghurkitap.com



فَاضَتْ أَنْفَاسُهُ: ئۇ ئۆلدى.

هُوَ فِي نَفَسٍ مِنْ أَمْرِهِ: ئۇ كەڭچىلىكتە.

نُفَسَاء ج نِفَاسٌ وَنُفَسَاوَاتٌ: يېڭى تۇغقان ئايال، نىپاسدار ئايال، تۇغۇتلۇق ئايال.

«تُحَاطُ النُّفَسَاءُ بِكُلِّ عِنَايَةٍ»: تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ ھالىدىن تولۇق خەۋەر ئېلىنىدۇ.

نَفْسَانِيٌّ: روھنىڭ، روھىي جەھەتتە، روھ توغرىسىدا، ئىدراكى، ئەقلى، ئاڭلانىلىك، ئەقىل، زىھىن، ئىدراك، پسىخولوگىيە، پسىخولوگىيىنىڭ، پسىخىك.

طِبٌّ نَفْسَانِيٌّ: پسىخولوگ.

«تَحْلِيلٌ نَفْسَانِيٌّ»: پسىخولوگىيە تەھلىلى.

«مَرِيضٌ نَفْسَانِيٌّ»: روھىي كېسەل.

نَفْسِيٌّ: روھىي جەھەتتە، روھنىڭ، ئىدراكى، ئەقلى، پسىخىك، ئاڭلانىلىك، پسىخولوگىيىلىك.

طَبِيبٌ نَفْسِيٌّ: پسىخولوگ.

الطِّبُّ النَّفْسِيّ: روھىي داۋالاش.

التَّحْلِيلُ النَّفْسِيّ: پسىخولوگىيىلىك ئانالىز.

نَفْسِيًّا: ئەخلاقىي جەھەتتە، مەنىۋى جەھەتتە.

نَفْسِيَّةٌ: پسىخىكا، روھىي ھالەت، روھ، مەنىۋى.

حَالَةٌ نَفْسِيَّةٌ مُضْطَرِبَةٌ: قالايمىقان روھىي ھالەت.

نَفَشَ يَنْفُشُ نَفْشًا وَنُفُوشًا الْقُطْنَ أَوِ الصُّوفَ أَوْ نَحْوَهُمَا: پاختا، يۇڭ، قاتارلىقلارنى تارىدى، تىتىدى، رەتلىدى.

نَفَشَتِ الْمَاشِيَةُ فِي الزَّرْعِ: مال كېچىسى زىرائەتكە تارقىلىپ يەپ كەتتى.

﴿إِذْ نَفَشَتْ فِيهِ غَنَمُ الْقَوْمِ﴾ «قرآن»: ئۆز ۋاقتىدا بىر قوۋمنىڭ قويى كېچىسى زىرائەتنى يەپ (بۇزۇۋەتكەندە).

نَفَشٌ: تىتىلغان يۇڭ، چېچىلغان نەرسە؛ پوچىلىق.

نَفَضَ يَنْفُضُ نَفْضًا الْغُبَارَ: چاڭ ـ توزاننى قاقتى.

نَفَضَ الثَّوْبَ وَنَحْوَهُ: كىيىم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى قاقتى.

نَفَضَ الشَّجَرَ: دەرەخنى ئىرغىتتى.

نَفَضَتْهُ الْحُمَّى: بەزگەك ئۇنى تىترەتتى.

نَفَضَ عَنْهُ غُبَارَ الْكَسَلِ: ئېتىنكلەشتى، جانلاندى.

نَفَضَ يَدَهُ مِنْ فُلَانٍ: ئۈمىدسىزلەندى.

نَفَضَ يَدَهُ مِنَ الْأَمْرِ: ئىشتىن قول ئۈزدى.

نَفَضٌ: دەرەخ تۈۋىگە تۆكۈلۈپ قالغان غازاڭ، مېۋە قاتارلىقلار.

نَفِطَ يَنْفَطُ نَفْطًا وَنَفَطًا يَدُهُ: ئۇنىڭ قولى قاپاردى.

«نَفِطَتْ يَدَا الْبَنَّاءِ»: تامچىنىڭ ئىككى قولى قاپاردى.

نَفْطٌ: قاپارماق، قاپىرىپ قالماق.

نَفْطٌ / نِفْطٌ: نېفىت.

نَفْطَةٌ: ئاچچىقى يامان، قېنى قىزىق، تېرىككەك، سەپرا مىجەز.

نَفْطِيٌّ: نېفىتكە مۇناسىۋەتلىك.

«مِصْبَاحٌ نَفْطِيٌّ»: كېرسىن چىراغ.

«شِرْكَةٌ نَفْطِيَّةٌ»: نېفىت شىركىتى.

نَفَعَ يَنْفَعُ نَفْعًا: مەنپەئەت بەردى، پايدا بەردى.

﴿وَأَمَّا مَا يَنْفَعُ النَّاسَ فَيَمْكُثُ فِي الْأَرْضِ﴾ «قرآن»: ئىنسانلارغا پايدىلىق نەرسە زېمىندا قېلىپ قالىدۇ.

نَفْعٌ: پايدا بەرمەك، پايدا، مەنپەئەت، ئۈنۈم، نەتىجە، رول، تەسىر.

«لَا يُجْدِي نَفْعًا»: پايدا بەرمەيدۇ.

أَجْدَى نَفْعًا: پايدا بەردى.

«النَّفْعُ الْعَامّ»: ئاممىۋى پاراۋانلىق، جامائەت مەنپەئەتى.

النَّفْعُ الْمُتَبَادَلُ: ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش.

نَفْعِيٌّ: ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرگۈچى،

مەنپەئەتپەرەس.

نَفْعِيَّةٌ: مەنپەئەتپەرەسلىك، پايدىغا ئىنتىلىش.

نَفَّ يَنُفّ نَفًّا — السَّوِيْقَ وَنَحْوَهُ: تالقان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى چاچتى.

نَفَّ الْأَرْضَ: يەرگە ئۇرۇق چاچتى (سالدى).

نَفَّ يَنِفّ نَفًّا الشَّخْصُ: مىشقىردى.

نَفَّاثٌ ج نَفَّاثُوْنَ: سېھىرگەر، جادۇگەر.

نَفَّاثَةٌ ج نَفَّاثَاتٌ: سېھىرگەر.

﴿وَمِن شَرِّ النَّفَّاثَاتِ فِي الْعُقَدِ﴾ «قرآن»: ... تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن (پاناھ تىلەيمەن دېگىن).

طَائِرَةٌ نَفَّاثَةٌ: رېئاكتىپ ئايروپىلان.

نَفَّاجٌ: ئۆزىدە يوق نەرسە بىلەن پەخىرلەنگۈچى، قۇرۇق سۆلەت، پوچى.

نُفَّاخٌ: كېسەللىك ئىششىقى.

«نُفَّاخُ الْحَنَكِ»: تاڭلاي ئىششىقى.

«نُفَّاخُ الرِّجْلِ»: پۇت ئىششىقى.

نُفَّاخَةٌ ج نُفَّاخَاتٌ: كۆپۈك، سۇپۇن كۆپۈكچىسى، ماغزاپ، ئويۇنچۇق شار.

نَفَّاطٌ ج نَفَّاطُوْنَ وَنَفَّاطَةٌ: نېفىت ئىشلەپچىقارغۇچى؛ نېفىت ساتقۇچى.

نَفَّاطَةٌ ج نَفَّاطَاتٌ: سۇلۇق قاپارتقۇ؛ نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئورنى، رايونى، نېفىتلىك.

«بِيَدِهِ نَفَّاطَةٌ»: ئۇنىڭ قولىدا سۇلۇق قاپارتقۇ بار.

نَفَّخَ يُنَفِّخُ تَنْفِيْخًا: قاتتىق پۈۋلىدى.

نَفَّذَ يُنَفِّذُ تَنْفِيْذًا الْحُكْمَ: ھۆكۈمنى ئەمەلگە ئاشۇردى، ئىجرا قىلدى.

نَفَّذَ الْأَمْرَ: ئىشنى بېجىردى.

«نَفَّذَ الْمَشْرُوْعَ حَسْبَ الْخُطَّةِ»: ئىشنى پىلان بويىچە ئورۇنلىدى.

نَفَّرَ يُنَفِّرُ تَنْفِيْرًا: قورقۇتۇۋەتتى، چۆچۈتۈۋەتتى، ئۈركىتىۋەتتى، قاچۇرۇۋەتتى.

«نَفَّرَهُ مِنْ بِلَادِهِ»: يۇرتىدىن بىزار قىلىۋەتتى.

«نَفَّرَ الدَّابَّةَ مِنَ الرَّعْيِ»: مالنى ئوتلاقتىن ئۈركىتىۋەتتى.

نَفَّسَ يُنَفِّسُ تَنْفِيْسًا عَنْهُ: شادلاندۇردى.

نَفَّسَ عَنْهُ هَمَّهُ: ھال سورىدى، تەسەللى بەردى، كۆڭلىنى يوپۇتتى.

نَفَّشَ يُنَفِّشُ تَنْفِيْشًا: تارىدى، تىتتى، رەتلىدى.

نَفَّضَ يُنَفِّضُ تَنْفِيْضًا: سىلكىدى، ئىرغىتتى.

نَفَّعَ يُنَفِّعُ تَنْفِيْعًا: پايدىلاندۇردى، مەنپەئەتلەندۈردى، پايدا يەتكۈزدى.

«نَفَّعَهُ بِاسْتِغْلَالِ ضَيْعَتِهِ»: ئۇنىڭ زېمىنىدىن پايدىلاندۇردى.

نَفَّقَ يُنَفِّقُ تَنْفِيْقًا السِّلْعَةَ: مالنى ئوبۇرۇت قىلدى، تېز ئايلاندۇردى.

نَفَّلَ يُنَفِّلُ تَنْفِيْلًا الشَّخْصَ: كىشىگە ئۇنىڭ تېگىشلىك ئۈلۈشىدىن ئارتۇق بەردى.

«نَفَّلُوْا كَبِيْرَهُمْ»: ئۇلار كاتتىسىغا سوۋغا بەردى.

نَفَقَ يَنْفُقُ نَفْقًا الشَّيْءُ: تۈگىدى.

«نَفَقَ الزَّادُ»: ئوزۇق تۈگىدى.

«نَفَقَ الدَّرَاهِمُ»: پۇل قالمىدى.

نَفَقَ يَنْفُقُ نَفَاقًا الْبِضَاعَةُ: مال بازار تاپتى، مالنىڭ بازىرى چىقتى.

«نَفَقَتِ السِّلْعَةُ»: مال بازار تاپتى.

نَفَقَتِ الْمَرْأَةُ: ئايالغا لايىق كۆپ چىقتى.

نَفَقَ يَنْفُقُ نُفُوْقًا الدَّابَّةُ: ئات-ئۇلاغ ئۆلدى.

نَفَقَ الْجُرْحُ: يارا قاتتى.

نَفَقٌ ج أَنْفَاقٌ: تونېل، يەر ئاستى يولى.

«نَفَقُ الْقِطَارِ»: پويىز تونېلى.

«أَنْفَاقُ الْمِتْرُوْ تَحْتَ الْأَرْضِ»: مېترونىڭ يەر ئاستى تونېللىرى (يوللىرى).

نَفَقَةٌ ج نَفَقَاتٌ: نەپىقە، چىقىم، خىراجەت، راسخوت، ئەرنىڭ ئايالىغا بېرىدىغان

نەپىقىسى.

«أَقَامَ مَأْدُبَةً عَلَى نَفَقَتِهِ»: ئۇ خىراجىتىگە زىياپەت ئۆتكۈزدى.

«النَّفَقَةُ عَلَى الْعِيَالِ»: ئائىلە راسخوتى.

«نَفَقَةُ الْإِنْتَاجِ»: ئىشلەپچىقىرىش چىقىمى.

«إِذَا أَنْفَقَ الرَّجُلُ عَلَى أَهْلِهِ نَفَقَةً يَحْتَسِبُهَا فَهِيَ لَهُ صَدَقَةٌ» «حديث»: مۇسۇلمان ئادەم ئاللاھنى كۆزدە تۇتقان ھالدا ئائىلىسىگە خىراجەت قىلسا، ئۇنىڭغا سەدىقە بەرگەننىڭ ساۋابى بولىدۇ.

«نَفَقَةُ الْمَعِيشَةِ»: تۇرمۇش راسخوتى، ئوزۇق.

فُلَانٌ قَلِيلُ النَّفَقَاتِ: پالانى بېخىل.

نَفْلٌ: نەپلە، ۋەزىپىنىڭ سىرتىدىكى ئىشلار.

نَفَلٌ ج أَنْفَالٌ: سوۋغا، تارتۇق، ئولجا، غەنىيمەت، تېگىشلىك ئۈلۈشنىڭ سىرتىدا بېرىلگەن ئولجا.

نَفْنَافٌ: ئىككى تاغ ئارىسىدىكى ھاۋا.

نَفْنَفَ يُنَفْنِفُ نَفْنَفَةً: ئازراق ئېشىپ قالدى.

نَفْنَفٌ ج نَفَانِفُ: ئاتموسفېرا، ھاۋا، كەيپىيات، ھاۋا بوشلۇقى، ئاسمان، قىيا، تىك يار، ھاڭ.

نَفَهَ يَنْفَهُ نُفُوهًا: قورقۇنچاقلىق قىلدى.

نَفَهَ الْحَيَوَانُ: ھايۋان كۆندى.

نَفِهَ يَنْفَهُ نَفَهًا: چارچىدى، ھالسىرىدى.

نُفُوذٌ: ئۆتمەك، تەسىر، نوپۇز، كۈچ ـ قۇۋۋەت.

«فُلَانٌ ذُو نُفُوذٍ عَظِيمٍ»: پالانى زور كۈچكە ئىگە.

«النُّفُوذُ الْإِجْتِمَاعِيُّ»: ئىجتىمائىي نوپۇز، ئىجتىمائىي تەسىر.

مَنَاطِقُ النُّفُوذِ: چوڭ دۆلەتلەرنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىدىكى ئاجىز ئەللەر.

نُفُوعٌ ج نَفْعٌ: كۆپ پايدىلىق.

نَفَى يَنْفِي نَفْيًا الشَّيْءَ: ئىنكار قىلدى، رەت قىلدى.

«نَفْيُ التُّهْمَةِ عَنْ نَفْسِهِ»: ئۆزىگە قىلىنغان تۆھمەتنى ئىنكار قىلدى.

نَفَى الْحَادِثَ: ھادىسىنىڭ يۈز بەرمىگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

نَفَى الشَّخْصَ: سۈرگۈن قىلدى.

«نَفَى الْمُسْتَعْمِرُ الزُّعَمَاءَ»: مۇستەملىكىچى داھىيلارنى سۈرگۈن قىلدى.

نَفْيٌ: ئىنكار قىلماق، تانماق، رەت قىلماق؛ سۈرگۈن قىلماق، پالىماق.

«أَجَابَهُ عَنْ طَلَبِهِ بِالنَّفْيِ»: ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى.

أَدَوَاتُ النَّفْيِ: «لَا»، «مَا»، «لَمْ»، «لَيْسَ» گە ئوخشاش بولۇشسىز قوشۇمچىلىرى.

إِشَارَةُ بِالنَّفْيِ: قارشى ئىسپات.

شَاهِدُ نَفْيٍ: قارشى گۇۋاھچى.

نَفِيرٌ: بۇرغا، كاناي، سوناي، ئۇرۇشقا چىقىدىغان كىشىلەر. ئوندىن ئاز كىشىلەر.

«بَلِّغُونِي مِنْكَ أَنَّكَ حَقًّا قَدْ شَرَيْتَ الْعُرُوضَ عِنْدَ نَفِيرٍ»: باشقىلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە كىشىلەرنىڭ ئالدىدا مال سېتىۋاپلا.

فُلَانٌ لَا فِي الْعِيرِ وَلَا فِي النَّفِيرِ: پالانى مۇھىم ئىشقا يارىمايدۇ، پالانى قاتاردا يوق ئادەم.

النَّفِيرُ الْعَامُّ: ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك.

مَا هُوَ بِنَفِيرِ فُلَانٍ: ئۇ پالانىنىڭ خىلى ئەمەس.

يَوْمُ النَّفِيرِ: ھاجىلار مىنادىن مەككىگە قايتىش كۈنى.

نَفِيسٌ ج نِفَاسٌ: بىباھا، قىممەتلىك.

«كَنْزٌ نَفِيسٌ»: قىممەتلىك غەزىنە.

«إِكْتِشَافَاتٌ نَفِيسَةٌ»: قىممەتلىك كەشپىياتلار.

النَّفِيسُ: كۆپ مال.

نَفِيضٌ: تاتلىق سۇ.

نَفِيطٌ: قولى قاپىرىپ قالغان ئادەم.

نِقَابٌ ج نُقُبٌ: نىقاب، چۈمبەل.

كَشَفَ النِّقَابَ عَنْ كَذَا: ئاشكارا قىلدى، مەخپىيەتلىكلىرىنى ئاشكارىلىدى.

لَقِيْتُهُ نِقَابًا: ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم.

هُمَا فَرَخَانِ فِي النِّقَابِ: ئۇ ئىككىسى ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

نِقَابَةٌ ج نِقَابَاتٌ: باشقۇرۇش، ئىتتىپاق، بىرلەشمە، جەمئىيەت، ئۇيۇشما.

«نِقَابَةُ الْمُعَلِّمِيْنَ»: ئوقۇتقۇچىلار ئۇيۇشمىسى.

«نِقَابَةُ عُمَّالُ الْمَنَاجِمِ»: كان ئىشچىلىرى ئۇيۇشمىسى.

«نِقَابَةُ الْأَطِبَّاءِ»: دوختۇرلار ئۇيۇشمىسى.

«نِقَابَةُ الْمُحَامِيْنَ»: ئادۋوكاتلار بىرلەشمىسى.

عُضْوٌ فِي النِّقَابَةِ: ئۇيۇشما ئەزاسى.

نِقَابِيٌّ: بىرلەشمە، كوللېكتىپ.

«نَشَاطٌ نِقَابِيٌّ»: بىرلەشمە پائالىيەت.

«مُظَاهَرَاتٌ نِقَابِيَّةٌ»: ئىشچىلار نامايىشى.

نَقَاتٌ: سىرتلان.

نِقَارَةٌ: ئۇيمىچىلىق.

نِقَاشٌ ج نِقَاشَاتٌ: مۇنازىرە، تالاش-تارتىش، تەكشۈرۈش، جېدەل-ماجىرا.

«إِحْتَدَّ النِّقَاشُ بَيْنَ الْخَصْمَيْنِ»: ئىككى رەقىبنىڭ ئارىسىدا دەتالاش كەسكىن بولدى.

«كَثُرَتِ النِّقَاشَاتُ حَوْلَ أَسْعَارِ النِّفْطِ»: نېفىت باھالىرى توغرىسىدا تالاش-تارتىشلار كۆپەيدى.

نِقَاشَةٌ: نەققاشلىق، نەقىشچىلىك، ئويمىچىلىق، بېزەكچىلىك.

نَقَاهَةٌ: ئاستا-ئاستا ساقىيىش، تەدرىجىي ئەسلىگە كېلىش.

«قَضَى فِتْرَةَ النَّقَاهَةِ فِي الْجَبَلِ»: ئۇ ساقىيىش مەزگىلىنى تاغدا ئۆتكۈزدى.

«أَقَامَ بِدَارِ النَّقَاهَةِ»: ساناتورىيىدە تۇردى.

نَقَبَ يَنْقُبُ نَقْبًا الشَّيْءَ: تەشتى، تۆشۈك ئاچتى، كولىدى، بۇرغىلىدى.

«نَقَبَ الْجِلْدَ»: تېرىنى تەشتى.

«يَنْقُبُ الْبَنَّاءُ الْحَائِطَ»: تامچى تامغا تۆشۈك ئېچىۋاتىدۇ.

«نَقَبَ الثَّوْبَ»: كىيىمگە تۆشۈك ئاچتى.

نَقَبَ الشَّخْصُ فِي الْأَرْضِ: باردى، كەتتى.

نَقَبَ الشَّخْصُ عَنِ الشَّيْءِ: ئاختۇردى، تەكشۈردى، تەتقىق قىلدى، ئىزدەندى.

نَقَبَتِ النَّكْبَةُ فُلَانًا: پالانىغا مۇسىبەت كەلدى.

نَقُبَ يَنْقُبُ نِقَابَةً عَلَى قَوْمِهِ: قوۋمىنىڭ كاتتىبېشى بولدى، باش بولدى، خوجايىن بولدى.

نَقْبٌ: تەشمەك، تۆشۈك ئاچماق، كەزمەك.

نَقْبٌ ج أَنْقَابٌ: تۆشۈك، تاغدىكى تار يول.

«نَقْبٌ فِي الْحَائِطِ»: تامدىكى تۆشۈك.

نَقَتَ يَنْقُتُ نَقْتًا الْعَظْمَ: سۆڭەكنىڭ يىلىكىنى چىقىرىۋالدى.

نَقَثَ يَنْقُثُ نَقْثًا الْعَظْمَ: سۆڭەكنىڭ يىلىكىنى چىقىرىۋالدى.

نَقَثَ الشَّيْءَ الْمَدْفُوْنَ: كۆمۈلگەن نەرسىنى كولاپ چىقاردى.

نَقْثٌ: سۇخەنچىلىك.

نَقَحَ يَنْقَحُ نَقْحًا: تازىلىدى، خىللىدى، تاللىدى، ئىلغىدى.

نَقَحَ الْجِذْعَ: چاتىدى، پۇتىدى، شىلدى.

نَقَحَ الْعَظْمَ: سۆڭەكنىڭ يىلىكىنى چىقىرىۋالدى.

نَقَخَ يَنْقَخُ نَقْخًا: تاياق بىلەن ئۇردى.

نَقَخَ الْمُخَّ مِنَ الْعَظْمِ: سۆڭەكتىن يىلىكنى چىقىرىۋالدى.

نَقَخَ الْمَاءُ الْعَطَشَ: ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇردى.

نَقَخَ دِمَاغَهُ: مېڭىسىنى ياردى.

نَقَدَ يَنْقُدُ نَقْدًا الدَّرَاهِمَ: تەڭگىلەرنىڭ ياخشى-

uyghurkitap.com



يامىنىنى ئايرىدى.

نَقَدَهُ مَالًا: ئۇنىڭغا مال بەردى.

نَقَدَهُ الثَّمَنَ: ئۇنىڭغا نەق پۇل بەردى.

«نَقَدَ الْكِتَابَ»: كىتابقا باھا بەردى.

نَقَدَ النَّاسَ: كىشىلەرنى تەنقىد قىلدى.

نَقَدَتْهُ الْحَيَّةُ: ئۇنى يىلان چېقىۋالدى.

نَقْدٌ: تەنقىدلىمەك، تەنقىد، باھا بەرمەك، ئوبزور.

«نَقْدٌ ذَاتِيٌّ»: ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدلەش.

«النَّقْدُ الْأَدَبِيُّ»: ئەدەبىي تەنقىد.

نَقْدٌ بَنَّاءٌ: ئىجابىي تەنقىد.

نَقْدٌ ج نُقُودٌ: پۇل، ئاقچە،مېتال پۇل، قەغەز پۇل.

نَقْدًا: نەخ پۇلغا، نەخ پۇل تاپشۇرۇپ.

دَفْعُ ثَمَنِ الْبِضَاعَةِ نَقْدًا: مالنىڭ پۇلىنى نەق تاپشۇرۇش.

صُنْدُوقُ النَّقْدِ الدَّوْلِيِّ: خەلقئارا پۇل فوندى.

دِرْهَمٌ نَقْدٌ: جىلىڭ تەڭگە.

حَافِظَةُ النُّقُودِ: پۇل قاپچۇقى.

نَقْدِيٌّ: پۇلنىڭ، پۇللۇق، نەق پۇلنىڭ.

التَّضَخُّمُ النَّقْدِيُّ: پۇل پاخاللىقى.

مَقَالَةٌ نَقْدِيَّةٌ: تەنقىدىي ماقالە.

اَلْأَزْمَةُ النَّقْدِيَّةُ الدَّوْلِيَّةُ: خەلقئارا پۇل كرىزىسى.

نَقِذَ يَنْقَذُ نَقَذًا: قۇتۇلدى، نىجات تاپتى.

نَقَرَ يَنْقُرُ نَقْرًا: تەشتى.

نَقَرَ الْخَشَبَ أَوِ الْحَجَرَ: ياغاچ ياكى تاشنى ئويدى.

نَقَرَ الطَّائِرُ الْحَبَّ: قۇش داننى چوقۇپ يېدى.

نَقَرَ الشَّخْصُ الْعُودَ: ساز چالدى.

نَقَرَ الشَّخْصَ: ئەيىبلىدى.

نَقَرَ شَيْئًا مِنَ الطَّعَامِ: تاماقنى چىمدىپ ئېلىپ يېدى.

﴿فَإِذَا نُقِرَ فِي النَّاقُورِ﴾ «قرآن»: سۇر چېلىنغان ۋاقىتتا.

نَقَرَ عَنِ الْأَمْرِ: تەكشۈردى، تەتقىق قىلدى.

نُقْرَةٌ ج نُقَرٌ: تۆشۈك، غار، ئۆڭكۈر، كامار، ئورەك، ئازگال، لەخمە.

نُقْرَةُ الْعَيْنِ: كۆز چانىقى.

نُقْرَةُ الْكَفِّ: ئالىقان، چاڭگال.

نُقْرَةُ الْقَفَا: گەردەن ئويمىنى.

نُقْرَةٌ: مالنىڭ پۇتلىرىغا تېگىدىغان كېسەللىك.

نِقْرَةٌ: تاكاللاشماق، گەپ تالاشماق.

«بَيْنَهُمَا نِقْرَةٌ»: ئۇ ئىككىيلەن تاكاللىشىپ قالدۇ.

نِقْرِسٌ ج نَقَارِسُ: يەللىك بوغۇم ئاغرىقى، بوغۇم ياللۇغى، ئۇگە ياللۇغى، سۈيدۈك كىسلاتاسى.

نَقْرَشَ يُنَقْرِشُ نَقْرَشَةً الشَّيْءَ: زىننەتلىدى.

«نَقْرَشَ الْبَابَ»: ئىشىكنى بېزىدى.

نَقْرَشَةٌ: بېزىمەك، زىننەتلىمەك.

نَقْرَشَةُ سَقْفِ الْغُرْفَةِ: ئۆينىڭ تورۇسىنى زىننەتلەش.

نِقْرِيسٌ ج نَقَارِيسُ: ماھىر يولباشچى، پاراسەتلىك يولباشچى، ئۇستا دوختۇر، تالانتلىق دوختۇر.

نَقَزَ يَنْقِزُ / يَنْقُزُ نَقْزًا وَنَقَزَانًا الْحَيَوَانُ: سەكرىدى.

«نَقَزَ الظَّبْيُ»: كېيىك سەكرىدى.

نَقَسَ يَنْقُسُ نَقْسًا النَّاقُوسَ: قوڭغۇراق جىرىڭلىدى.

نَقَسَ الشَّخْصُ: قوڭغۇراق چالدى، داك چالدى.

نَقَشَ يَنْقُشُ نَقْشًا: ئويمىچىلىق قىلدى، ھەيكەلتاراشلىق قىلدى، نەقىش ئويدى.

نَقَشَ الْبَيْتَ: ئۆينى ئاقارتتى.

«نَقَشَ الصَّائِغُ فَصَّ الْخَاتَمِ»: زەرگەر ئۈزۈككە كۆز ئورناتتى.

«نَقَشَ الصَّائِغُ إِبْرِيقَ النُّحَاسِ»: ھۈنەرۋەن مىس ئاپتۇۋىغا نەقىش بەردى.

نَقَشَ الشَّيْءَ: زىننەتلىدى، بېزىدى.

«نَقَشَ الشَّوْكَةَ بِالْمِنْقَاشِ»: تىكەننى موچىن بىلەن چىقىرىۋالدى.

نَقَشَ مَرْبِضَ الْغَنَمِ: قوي قوتىنىنى قۇرۇقدىدى.

«إِسْتَوْصُوا بِالْمِعْزَى خَيْرًا فَإِنَّهُ مَالٌ رَقِيقٌ وَانْقُشُوا لَهُ

عَطَنَهُ» «حديث»: ئۈچكىلەرگە ياخشى قاراڭلار، چۈنكى ئۇ نازۇك مال، ئۇنىڭ قوتىنىنى تازىلاڭلار.

نَقْشٌ: نەقىشلىمەك، ئويماق، بېزىمەك.

نَقْشٌ ج نُقُوشٌ: نەقىش، بېزەك، ھەر خىل رەڭدىكى ئويما سۈرەتلەر، بېزىق ۋە باشقىلار.

«نَقْشٌ عَلَى الْخَشَبِ»: ياغاچقا ئويۇلغان نەقىش.

«نُقُوشٌ عَلَى الرُّخَامِ»: مەرمەرگە ئويۇلغان نەقىشلەر.

«ذَهَبَ الرَّمَادُ حَتَّى مَا نَرَى لَهُ نَقْشًا»: كۈل توزۇپ كەتتى، ھەتتا ئۇنىڭ ئەسىرىنىمۇ كۆرمىدۇق.

نَقَصَ يَنْقُصُ نَقْصًا وَنُقْصَانًا: ئازلىدى، كېمەيدى.

نَقَصَ مَالُهُ: ئۇنىڭ مېلى كېمەيدى.

«عَامٌ يَنْقُصُهُ يَوْمٌ»: بىر يىلغا بىر كۈن كەم.

نَقَصَ الشَّيْءُ: زەئىپلەشتى، ئاجىزلىدى.

«نَقَصَ بَصَرُهُ»: ئۇنىڭ كۆزى ئاجىزلىدى.

«نَقَصَ عَقْلُهُ»: ئۇنىڭ ئەقلى ئاجىزلىدى.

﴿أَوَلَمْ يَرَوْا أَنَّا نَأْتِي الْأَرْضَ نَنْقُصُهَا مِنْ أَطْرَافِهَا﴾ «قرآن»: ئۇلارنىڭ يېرىنى چۆرىسىدىن ئارايىتىپ بېرىۋاتقانلىقىمىزنى ئۇلار (يەنى، مۇشرىكلار) كۆرمەيۋاتامدۇ؟

نَقَصَهُ شَيْءٌ: ئۇنىڭغا نەرسە كېمىپ قالدى.

نَقَصَ الشَّخْصَ حَقَّهُ: كىشىنىڭ ھەققىنى كەم بەردى.

«مَا نَقَصَتْ صَدَقَةٌ مِنْ مَالٍ» «حديث»: سەدىقە بېرىش بىلەن مال كېمىپ قالمايدۇ.

نَقْصٌ نُقْصَانٌ: كېمەيمەك، ئازايماق، تۆۋەنلىمەك.

بَدَأَ فِي النُّقْصَانِ: كېمىيىشكە باشلىدى.

نَقْصٌ ج نَقَائِصُ: كەمچىلىك، يېتەرسىزلىك، ئەيىب، نۇقسان.

أَصَابَهُ نَقْصٌ فِي دِينِهِ: ئۇنىڭ دىنىغا نۇقسان يەتتى.

نَقَضَ يَنْقُضُ نَقْضًا الْأَمْرَ: ئىشنى بۇزدى.

نَقَضَ الْبِنَاءَ: بىنانى چاقتى، ئۆرىدى، ۋەيران قىلدى.

«نَقَضَ الْعَدُوُّ الدِّيَارَ بِالْمَدَافِعِ»: دۈشمەن يۇرتلارنى زەمبىرەكلەر بىلەن ۋەيران قىلدى.

نَقَضَ الْعَهْدَ: ئەھدىنى بۇزدى.

﴿وَلَا تَنْقُضُوا الْأَيْمَانَ بَعْدَ تَوْكِيدِهَا﴾ «قرآن»: قەسەملىرىڭلارنى (ئاللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ) پۇختىلىغاندىن كېيىن بۇزماڭلار.

نَقَضَ الْحُكْمَ: ھۆكۈمنى بىكار قىلدى.

«نَقَضَتِ الْمَحْكَمَةُ الْحُكْمَ الْإِبْتِدَائِيَّ»: مەھكىمە دەسلەپكى ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

نَقَضَ الْأَعْرَابُ الْوَلَاءَ لِلْمَلِكِ: قىرلىقلار پادىشاھ ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈردى.

نَقْضٌ: بۇزماق، چاقماق، ۋەيران قىلماق، بىكار قىلماق، ئەمەلدىن قالدۇرماق، خاراب قىلماق.

نَقْضٌ ج أَنْقَاضٌ: خارابىلىك.

«أُسْتُخْرِجَتْ جُثَثُ الضَّحَايَا مِنْ تَحْتِ الْأَنْقَاضِ»: قۇربانلارنىڭ جەسەتلىرى خارابىلىكلەر ئاستىدىن چىقىرىلدى.

مَحْكَمَةُ النَّقْضِ: ئالىي سوت.

نِقْضٌ ج أَنْقَاضٌ: خارابىلىك.

نَقَطَ يَنْقُطُ نَقْطًا الْحَرْفَ: ھەرپكە چېكىت قويدى.

«نَقَطَ الزَّايَ لِتَمْيِيزِهَا عَنِ الرَّاءِ»: «ز»نى «ر»دىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈستىگە چېكىت قويدى.

نَقَطَ الْكِتَابَ: كىتابقا ھەرەكە قويدى.

نُقْطَةٌ ج نُقَطٌ وَنِقَاطٌ: نۇقتا، ئورۇن، جاي، چېكىت، توچكا، يەر.

«نُقْطَةُ التَّحَوُّلِ»: ئۆزگىرىش نۇقتىسى.

«نُقْطَةُ الضَّعْفِ»: ئاجىزلىق نۇقتىسى.

«نُقْطَةُ الْإِنْصِهَارِ»: ئېرىش نۇقتىسى.

«نُقْطَةُ الْغَلَيَانِ»: قايناش جايى.

نُقْطَةُ الْبِدَايَةِ: باشلىنىش نۇقتىسى.

uyghurkitap.com



**نُقْطَةُ النِّهَايَةِ**: ئاخىرقى نۇقتا.

**نُقْطَةٌ جُمْرُكِيَّةٌ**: تاموژنا پونكىتى.

**نُقْطَةُ الْإِسْعَافِ**: قۇتقۇزۇش ئورنى، قۇتقۇزۇش مەركىزى.

**نُقْطَةُ الْإِنْطِلَاقِ**: چىقىش نۇقتىسى.

«**أَحْرَزَ خَمْسَ عَشْرَةَ نُقْطَةً مِنْ عِشْرِيْنَ فِي الْإِمْتِحَانِ**»: ئىمتىھاندا ئومۇمىي يىگىرمە مەيداندىن ئون بەش مەيداننى قولغا كەلتۈردى.

«**لَمْ يَخْتَلِفَا فِي نُقْطَةٍ**»: ئۇلار تولۇق بىرلىككە كەلدى.

«**النِّقَاطُ الْأَرْبَعُ**»: شەرق، غەرب، شىمال، جەنۇبتىن ئىبارەت تۆت تەرەپ.

**النُّقْطَةُ السَّوْدَاءُ**: قارا داغ.

**النُّقْطَتَانِ**: قوش چېكىت.

**نُقْطَةُ الْإِرْتِكَازِ**: تايانچ پونكىت.

**نُقْطَةُ عَنْبَرٍ**: خال، مەڭ.

«**وَضَعَ النُّقَطَ عَلَى الْحُرُوفِ**»: ئىشنى ئايدىڭلاشتۇردى.

«**إِنْتَصَرَ الْمُلَاكِمُ الْفُلَانِيّ عَلَى خَصْمِهِ بِالنِّقَاطِ**»: پالانى بوكسيور ئۆزىنىڭ رەقىبىنى مەيدانلار بويىچە يەڭدى.

**نَقَعَ يَنْقَعُ نَقْعًا الشَّخْصُ**: مېھمان ئېشى قىلدى.

**نَقَعَ الشَّخْصُ بِالْمَاءِ**: سۇغا قاندى.

**نَقَعَ الْمَائِعُ**: سۇيۇقلۇق يىغىلدى.

«**نَقَعَ السّمّ فِي أَنْيَابِ الْحَيَّةِ**»: يىلاننىڭ چىشلىرىدا زەھەر يىغىلدى.

«**نَقَعَ الْمَاءُ فِي بَطْنِ الْوَادِيْ**»: ساي ئوتتۇرىسىدا سۇ يىغىلدى.

**نَقَعَ الْعَطَشَ**: ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتتى.

**مَانَقَعْتُ بِخَبَرِ فُلَانٍ**: پالانىنىڭ خەۋىرىگە ئىشەنمىدىم.

**نَقَعَتْ بِذَلِكَ نَفْسِي**: كۆڭلۈم تىندى.

**نَقَعَ النَّعْنَاعَ**: يالپۇزنى يۇمشىغىچە سۇغا چىلىدى.

**نَقْعٌ**: چىلىماق، ھۆللىمەك، توختام.

**نَقْعٌ ج أَنْقُعٌ**: توختام سۇ.

**نَقْعٌ ج نِقَاعٌ وَنُقُوعٌ**: توزۇغان چاڭ ـ توزان.

﴿**فَأَثَرْنَ بِهِ نَقْعًا**﴾ «قرآن»: (قاتتىق چاپقانلىقتىن توپا ـ چاڭ چىقارغان.

**نَقْعَاءُ ج نِقَاعٌ**: سۇ كۆلچىكى، سۇ ئاستى، توپا ـ چاڭ؛ ئاۋاز.

**نَقَفَ يَنْقُفُ نَقْفًا الشَّخْصُ رَأْسَ فُلَانٍ**: پالانىنىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋەتتى.

**نَقَفَ الْفَرْخُ الْبَيْضَةَ**: چۈجە تۇخۇمنى تېشىپ چىقتى.

**نَقَفَ الشَّرَابَ**: شارابنى سۈزۈلدۈردى.

**نِقْفٌ ج أَنْقَافٌ**: تۇخۇمدىن يېڭى چىققان چۈجە.

«**هُوَ مِنْ أَنْقَافِهِ**»: ئۇ ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىدىن.

**نَقَّ يَنِقّ نَقِيْقًا الدَّجَّاجَةُ**: مېكىيان قاقاقلىدى.

**نَقَّتْ ضَفَادِعُ بَطْنِهِ**: ئۇنىڭ قورسىقى ئاچتى.

**نَقَّابٌ**: كانچى، خاكچى.

**نَقَّارٌ ج نَقَّارُوْنَ**: چوقۇيدىغان، ئويمىكار، نەققاش، ھەيكەلتاراش، ئىزدەنگۈچى، تەكشۈرگۈچى.

**نَقَّاشٌ ج نَقَّاشُوْنَ**: نەقىشچى، بېزەكچى.

«**نَقَّاشُ الرِّخَامِ**»: مەرمەرگە نەقىش ئويغۇچى.

«**نَقَّاشُ النَّحَاسِ**»: مىس ئويمىكارى.

**نَقَّاطَةٌ ج نَقَّاطَاتٌ**: دورا تېمىتقۇچ.

**نَقَّاقٌ**: پاقا، جاۋىلداق، ۋات، ۋات، كوت ـ كوت.

**نَقَّاقَةٌ**: پاقا.

**نَقَّالَةٌ ج نَقَّالَاتٌ**: نوسۇلكا، قۇتقۇزۇش ماشىنىسى.

**نَقَّبَ يُنَقِّبُ تَنْقِيْبًا**: تەكشۈردى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

«**نَقَّبَ عَنِ الْآثَارِ**»: ئاسارئەتىقىلەرنى تەكشۈردى.

«**نَقَّبَ عَنِ النِّفْطِ**»: نېفىت تەكشۈردى.

**نَقَّبَ الشَّخْصُ فِي الْأَرْضِ**: باردى، كەتتى، كەزدى.

﴿**فَنَقَّبُوا فِي الْبِلَادِ هَلْ مِنْ مَحِيْصٍ**﴾ «قرآن»: ئۇلار

(شۇ ئۇممەتلەر) ھەرقايسى جايلارنى كەزدى، (ئۇلارغا) ئۆلۈمدىن قاچىدىغان جاي تېپىلدىمۇ؟

نَقَّحَ يُنَقِّحُ تَنْقِيْحًا: ئۇبدان تازىلىدى، تاللىدى.

نَقَّحَ الْكَلَامَ أَوِ الْكِتَابَ: تەھرىرلىدى، تۈزەتتى.

«نَقَّحَ الْإِتِّفَاقَ»: كېلىشىمنى تۈزەتتى.

«نَقَّحَ بُنُوْدَ الْمُعَاهَدَةِ»: شەرتنامىنىڭ ماددىلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزدى.

نَقَّحَتْهُ السِّنُوْنُ: ئۇ قەھەتچىلىكنىڭ دەردىنى تارتتى.

نَقَّرَ يُنَقِّرُ تَنْقِيْرًا الطَّائِرُ الْحَبَّ: قۇش داننى تازا چوقۇپ يېدى.

نَقَّرَ الطَّائِرُ فِي الْمَوْضِعِ: قۇش ئۇۋا ياسىدى.

نَقَّرَ عَلَيْهِ: ئۇنى ئەيىبلىدى، يامان گەپ قىلدى.

نَقَّرَ عَنْهُ: ئاختۇردى، تەكشۈردى، تەتقىق قىلدى.

نَقَّزَ يُنَقِّزُ تَنْقِيْزًا الطَّائِرُ: قۇش تېز ئۇچتى.

نَقَّزَتِ الْمَرْأَةُ صَبِيَّهَا: ئايال بالىسىنى سەكرەتتى، ئۇسسۇل ئويناتتى.

نَقَّشَ يُنَقِّشُ تَنْقِيْشًا: خىلمۇخىل رەڭلەر بىلەن بېزىدى.

نَقَّصَ يُنَقِّصُ تَنْقِيْصًا: كېمەيتتى، كەم قالدۇردى، چۈشۈردى، تۆۋەنلەتتى، كۆپ كېمەيتىۋەتتى.

«نَقَّصَ مِنْ سَاعَاتِ الْعَمَلِ»: ئىش سائەتلىرىدىن كۆپ كېمەيتىۋەتتى.

«نَقَّصَ التَّاجِرُ فِي أَسْعَارِ بِضَاعَتِهِ آخِرَ الْمَوْسِمِ»: سودىگەر مەۋسۇم ئاخىرىدا مېلىنىڭ باھالىرىنى چۈشۈردى.

نَقَّطَ يُنَقِّطُ تَنْقِيْطًا الْحُرُوْفَ: ھەرپلەرگە چېكىت قويدى.

نَقَّطَ الثَّوْبَ: كىيىمگە سىياھ يۇقتۇرۇۋالدى.

نَقَّطَ الْعَرُوْسَ: كېلىنگە تويدا سوۋغا تەقدىم قىلدى.

نَقَّطَ بِهِ الزَّمَانُ: زامان ئۇنىڭغا كەك بولدى.

نَقَّلَ يُنَقِّلُ تَنْقِيْلًا الشَّيْءَ: كۆپ يۆتكىدى، داۋاملىق يۆتكىدى، خاتىرە يازدۇردى.

نَقَّلَ ضَيْفَهُ: مېھمانغا تاماقتىن كېيىن مېۋە ـ چېۋە قويدى.

نَقَّلَ الْخُفَّ: ئاياغ ياماتتى.

نَقَّى يُنَقِّي تَنْقِيَةً: تازىلىدى، پاكىزلىدى، ئادالىدى.

«نَقَّتِ الْمَرْأَةُ الشَّعِيْرَ»: ئايال ئارپىنى تازىلىدى.

نَقَلَ يَنْقُلُ نَقْلًا الشَّيْءَ: يۆتكىدى، كۆچۈردى، توشۇدى، يەتكۈزۈپ بەردى، ئەۋەتتى.

«نَقَلَ الْكُرْسِيَّ إِلَى غُرْفَةِ الطَّعَامِ»: ئورۇندۇقنى ئاشخانىغا يۆتكىدى.

نَقَلَ الْبَضَائِعَ: ماللارنى يوللىدى.

نَقَلَ الْكَلَامَ أَوِ الْكِتَابَ إِلَى لُغَةٍ أُخْرَى: گەپنى ياكى كىتابنى باشقا تىلغا تەرجىمە قىلدى.

«نَقَلَ الْمَقَالَ إِلَى الْفِرَنْسِيَّةِ»: ماقالىنى فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلدى.

نَقَلَ الْخَبَرَ أَوِ الْكَلَامَ: نەقىل كەلتۈردى، رىۋايەت قىلدى.

«نَقَلَ الْمَوْعِظَةَ عَنْ مُعَلِّمِهِ»: ئوقۇتقۇچىسىنىڭ نەسىھىتىنى يەتكۈزدى.

نَقَلَ الْكِتَابَ: كىتابنى كۆچۈردى.

نَقَلَ الْحِسَابَ: ھېسابنى دەپتەرگە چۈشۈردى.

نَقَلَ الْمَرَضَ: كېسەلنى يۇقتۇردى.

نَقَلَ الزَّرْعَ: ئۆسۈملۈكنى كۆچۈردى.

نَقْلٌ: يۆتكەش، توشۇش، يەتكۈزۈش، ئالماشتۇرۇش، نەقىل كەلتۈرۈش.

«نَقْلٌ جَوِّيٌّ»: ھاۋا قاتنىشى.

«نَقْلُ الدَّمِ»: قان يۆتكەش.

نَقْلُ الْمِلْكِيَّةِ: ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش.

نَقْلًا عَنْ فُلَانٍ: پالانىدىن رىۋايەت قىلىپ.

تۈركىتاپ كىتاب تورى turkitap.com

«ذَكَرَ الْخَبَرَ نَقْلًا عَنْ مَصْدَرٍ مَوْثُوقٍ بِهِ»: خەۋەرنى ئىشەنچلىك مەنبەدىن رىۋايەت قىلىپ بايان قىلدى.

«وَسَائِلُ النَّقْلِ»: قاتناش ۋاستىلىرى.

«سَيَّارَةُ نَقْلٍ»: يۈك ماشىنىسى.

«نَقْلٌ إِذَاعِيٌّ»: رادىئو ئاڭلىتىش.

«النَّقْلُ الْمُبَاشِرُ (عَلَى الْهَوَا) لِلْأَلْعَابِ الْأُولِمْبِيَّةِ»: ئولىمپىك تەنھەرىكەت مەيدانىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى بىۋاستە ئاڭلىتىش.

نُقْلَةٌ ج نُقَلٌ: يۆتكىلىش، كەپ توشۇش، چېقىمچىلىق، سۇخەنچىلىك.

«تَمَّتْ نُقْلَتُهُ إِلَى مَعْهَدٍ آخَرَ»: ئۇنىڭ باشقا بىر ئىنستىتۇتقا ئالمىشىشى پۈتتى.

نَقْلِيٌّ: ئەنئەنىۋى، رىۋايەت خاراكتېرلىك.

«الْعُلُومُ النَّقْلِيَّةُ»: ھەدىس، لۇغەتشۇناسلىق ۋە رىۋايەت شەكلىدە ئۆگىتىلىدىغان ئىلىملەر.

نَقَمَ يَنْقِمُ نَقْمًا وَنُقُومًا: يامان كۆردى، يىرگەندى، سەسكەندى.

﴿وَمَا نَقَمُوا مِنْهُمْ إِلَّا أَنْ يُؤْمِنُوا بِاللهِ﴾ «قرآن»: ئۇلار مۆئمىنلەرنى ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلىقلىرى ئۈچۈنلا يامان كۆردى.

نَقَمَ عَلَيْهِ: ئۇنىڭغا غەزەپلەندى.

نِقْمَةٌ ج نِقَمٌ وَنِقْمَاتٌ: ئۆچ، ئىنتىقام، ئۆچمەنلىك ئاداۋەت.

«إِنْتَقَمَ مِنْهُ شَرَّ نِقْمَةٍ»: ئۇنىڭدىن قاتتىق ئۆچ ئالدى.

نَقْنَقَ يُنَقْنِقُ نَقْنَقَةً الضِّفْدَعُ: پاقا كوركىرىدى.

نِقْنِقٌ ج نَقَانِقُ: ئەركەك تۆگە قۇش.

نَقِهَ يَنْقَهُ نَقْهًا وَنَقَاهَةً مِنْ مَرَضِهِ: ئاستا ـ ئاستا ساقايدى، تەدرىجىي ساقايدى.

نُقُوعٌ: سۇغا چىلانغاق قاق، تاتلىق سۇ، خۇشبۇي ئارىلاشتۇرۇلغان بوياق.

«صَبَغَ ثَوْبَهُ بِنُقُوعٍ»: كىيىمنى خۇشبۇي بوياق بىلەن بويىدى.

«رَجُلٌ نَقُوعُ أُذُنٍ»: ھەر نەرسىگە ئىشىنىدىغان ئادەم، گول ئادەم.

نَقِيَ يَنْقَى نَقَاوَةً وَنَقَاءً: تازىلاندى، پاكىز بولدى، سۈپسۈزۈك بولدى.

«نَقِيَ الْقَمْحُ مِنَ الْحَصَى»: بۇغداي شېغىل تاشلاردىن تازا (پاكىز) بولدى.

نَقِيبٌ ج نُقَبَاءُ: باشلىق، رەئىس، سەردار.

﴿وَبَعَثْنَا مِنْهُمُ اثْنَيْ عَشَرَ نَقِيباً﴾ «قرآن»: ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن (يەنى، ئون ئىككى ئايماقنىڭ ھەر بىرىدىن بىردىن) ئون ئىككى باشلىقنى ئەۋەتتۇق.

«نَقِيبُ الصَّحَفِيِّينَ»: ژۇرنالىستلار باشلىقى.

نَقِيبُ الْمُحَامِينَ: ئادۋوكاتلار رەئىسى.

نَقِيبُ الْأَشْرَافِ: غوجىلار باشلىقى.

نَقِيبَةٌ ج نَقَائِبُ: باشلىق، خۇسۇسىيەت، تەبىئەت، ئەخلاق؛ ئىدراك، ئەقىل، پىكىرنىڭ ئۆتكۈرلۈكى.

نَقِيبَةُ الرَّجُلِ: ئادەمنىڭ تەبىئىتى.

«هُوَ مَيْمُونُ النَّقِيبَةِ»: ئۇ سىنالغان ياخشى ئادەم.

«مَالَهُ نَقِيبَةٌ»: ئۇ ئەقىل ـ ئىدراكلىك ئەمەس.

نَقِيرٌ ج أَنْقِرَةٌ وَنُقُرٌ: تاشقا ياكى ياغاچقا ئويۇلغان، ئۆچكە (ئورۇقچا)دىكى ئويمان، يىلتىز، مەنبە، تومۇر.

﴿وَلَا يُظْلَمُونَ نَقِيراً﴾ «قرآن»: ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ.

«لَا يَمْلِكُ شَرْوَى نَقِيرٍ»: ھېچ نەرسىگە ئىگە ئەمەس، كەمبەغەل، ئۇنىڭ ھېچنېمىسى يوق.

نَقِيصَةٌ ج نَقَائِصُ: كەمچىلىك، يېتەرسىزلىك، ئەيىب.

«شِرِّيرٌ نَقَائِصُهُ لَا تُحْصَى»: ئۇنىڭ ئەيىبلىرى دەپ

تۆگەتكۈسىز، قۇلاق كەستى.

نَقِيْضٌ: ئەكسى، تەتۈرى.

«هَذَا الْقَوْلُ نَقِيْضُ ذَاكَ»: بۇ گەپ ئۇنىڭ ئەكسىچە.

«هُوَ فِي سُلُوْكِهِ نَقِيْضُ أَخِيْهِ»: ئۇنىڭ يۈرۈشى قېرىندىشىنىڭ ئەكسىچە.

عَلَى طَرَفَيْ نَقِيْضٍ: دەل ئەكسىچە، ئەكسىچە بولغاندا.

النَّقِيْضَانِ: قارىمۇقارشى، بىر-بىرىگە زىت.

نَقِيْضَةٌ ج نَقَائِضُ: قارىمۇقارشى، ئەكس، تەتۈرى.

«هِيَ نَقِيْضَةُ أَخِيْهَا فِي سُلُوْكِهَا»: ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى قېرىندىشىنىڭ تەتۈرىسىچە.

نَقَائِضُ (فِي الشِّعْرِ): بىر شائىرنىڭ يەنە بىر شائىرنىڭ يازغىنىغا قارىمۇقارشى ئوخشاش ۋەزىن ۋە ئوخشاش قاپىيىدە يازغان شېئىرى.

نَقَائِضُ جَرِيْرٍ وَالْفَرَزْدَقِ: جەرىر بىلەن فەرەزدەقنىڭ بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى يېزىشقان شېئىرلىرى.

نَقِيْعٌ ج أَنْقِعَةٌ: چۆلە؛ ساپ سوغۇق سۈت؛ سۈيى كۆپ قۇدۇق؛ تاتلىق سوغۇق سۇ.

دَوَاءٌ نَقِيْعٌ: ئۈنۈملۈك دورا.

نَقِيْعَةٌ ج نَقَائِعُ: زىياپەت ئۈچۈن سويۇلىدىغان مال؛ سەپەردىن كەلگەن ئادەم ئۈچۈن ئېتىلىدىغان هاردۇق ئېشى؛ ساپ سوغۇق سۈت.

نَقِيْقٌ: ۋاقىلدىماق، كوركىرىماق، پاقىنىڭ كوركىرىغان ئاۋازى.

«أَرَّقَهُ نَقِيْقُ الضَّفَادِعِ»: پاقىلارنىڭ كوركىرىغان ئاۋازى ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇۋەتتى.

نَقِيٌّ ج نِقَاءٌ وَأَنْقِيَاءُ: ساپ، سۈزۈك، تازا، پاكىز.

«مَاءٌ نَقِيٌّ»: سۈزۈك سۇ.

«آرَاءٌ وَاضِحَةٌ نَقِيَّةٌ»: روشەن سەمىمىي پىكىرلەر.

نُكَاتٌ: تۆگىلەرنىڭ ئېغىزلىرىغا چىقىدىغان قاپارتقۇ.

نِكَاحٌ: نىكاھلانماق، ئۆيلەنمەك، تۇرمۇش قۇرماق، نىكاھ، جىما؛ بالاغەتكە يېتىش.

﴿وَابْتَلُوا الْيَتَامَى حَتَّى إِذَا بَلَغُوا النِّكَاحَ﴾ «قۇرئان»: يېتىملەرنى بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر سىناپ تۇرۇڭلار.

نُكَافٌ: قۇلاق ئالدى بېزى ياللۇغى، گورەن بېزى ياللۇغى.

نَكَالٌ: ئازاب، مۇسىبەت، ئىبرەت.

﴿جَزَاءً بِمَا كَسَبَا نَكَالاً مِّنَ اللَّهِ﴾ «قۇرئان»: ئۇلارنىڭ قىلمىشىنى جازالاپ، ئاللاھ تەرىپىدىن ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن.

نِكَايَةٌ: يەكمەك، مەغلۇپ قىلماق، خاپا قىلماق، ئاچچىقىنى كەلتۈرمەك.

«فَعَلَ ذَلِكَ نِكَايَةً فِيْهِ»: ئۇنى ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلدى.

نَكَبَ يَنْكُبُ نَكْبًا وَنُكُوْبًا الرِّيْحُ: شامال يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتتى.

«نَكَبَهُ الدَّهْرُ»: بالا-قازاغا يولۇقتى، بەختسىزلىككە ئۇچرىدى.

نَكْبَةٌ ج نَكَبَاتٌ: مۇسىبەت، ئاپەت، بالا-قازا، بەختسىزلىك.

«هُوَ فِي عُسْرٍ مِنْ نَكْبَةٍ إِلَى نَكْبَةٍ»: ئارقىمۇئارقا پالاكەتچىلىككە يولۇقۇپ، قىيىن ئەهۋالدا قالدى.

«نَكَبَاتُ الدَّهْرِ»: زامانىنىڭ بەختسىزلىكلىرى.

نَكَتَ يَنْكُتُ نَكْتًا الْأَرْضَ: يەرنى چىچىدى.

نُكْتَةٌ ج نُكَتٌ وَنِكَاتٌ: ئىنچىكە ئىلمىي مەسىلە؛ ئاقتىكى قارا چېكىت ياكى قارىدىكى ئاق چېكىت؛ يۇمۇر، قىزىقچىلىق، قىزىق.

«فُلَانٌ حَاضِرُ النُّكْتَةِ»: پالانى هازىر جاۋاب قىزىقچى.

«أَلْقَى نُكْتَةً»: لەتىپە ئېيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى uyghurkitap.com

**نَكَثَ يَنْكُثُ نَكْثًا الْيَمِينَ أَوِ الْعَهْدَ أَوِ الْبَيْعَ:** قەسەم، ياكى ئەھدە، ياكى سودىنى بۇزدى.

﴿وَإِن نَّكَثُوٓا أَيْمَانَهُم مِّن بَعْدِ عَهْدِهِمْ﴾ «قۇرئان»: ئەگەر ئۇلار ئەھدى بەرگەندىن كېيىن، قەسەملىرىنى بۇزسا...

**نَكَثَ السِّوَاكَ:** مىسۋاكنىڭ بېشىنى چۇۋۇدى.

**نَكَثَ الْأَثَرَ:** ئىزنى ئۆچۈردى، يوقاتتى.

**نَكْثٌ:** بۇزماق.

**نَكْثُ الْعَهْدِ:** ئەھدىنى بۇزۇش.

**نِكْثٌ ج أَنْكَاثٌ:** قايتا ئىگىرىش ئۈچۈن چۇۋۇلغان كونا يىپ؛ قايتا ئىگىرىش ئۈچۈن چۇۋۇلغان كىيىملەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار.

﴿وَلَا تَكُونُوا كَالَّتِي نَقَضَتْ غَزْلَهَا مِن بَعْدِ قُوَّةٍ أَنكَاثًا﴾ «قۇرئان»: پىششىق ئىگىرگەن يىپىنى چۇۋۇپ پارچە-پارچە قىلىۋەتكەن خوتۇندەك بولماڭلار.

**نَكَحَ يَنْكِحُ نِكَاحًا الْمَرْأَةَ:** ئايال بىلەن نىكاھلاندى، ئۆيلەندى، تورمۇش قۇردى.

﴿فَانكِحُوهُنَّ بِإِذْنِ أَهْلِهِنَّ﴾ «قۇرئان»: ئۇلارنىڭ خوجىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۇلارنى خوتۇنلۇققا ئالساڭلار بولىدۇ.

**نَكَحَ الْمَرْأَةَ:** ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزدى.

**نُكَحَةٌ ج نُكَحَاتٌ:** تولا ئۆيلىنىدىغان.

«هُوَ نُكَحَةٌ مِنْ قَوْمٍ نُكَحَاتٍ»: ئۇ كۆپ ئۆيلىنىدىغانلار ئىچىدىن چىققان، تولا ئۆيلىنىدىغان ئادەم، خوتۇنباز.

**نَكِدَ يَنْكَدُ نَكَدًا وَنَكَادًا الْأَمْرُ:** ئىش قىيىنلاشتى، تەس بولدى.

**نَكَدَ عَيْشُهُ:** ئۇنىڭ تورمۇشى قىيىن بولدى.

**نَكَدَ الشَّيْءُ:** نەرسە ئازايدى، ئازلىدى.

«نَكِدَ مَاءُ الْبِئْرِ»: قۇدۇقنىڭ سۈيى ئازلىدى.

**نَكَدٌ:** قىيىن بولماق، تەس بولماق.

**نَكَدٌ ج نِكَادٌ:** بەختسىزلىك، باش قېتىنچىلىق، دىلخەستىلىك، بىئاراملىق.

«أَرْضٌ نَكَدٌ»: ناچار يەر.

«رَجُلٌ نَكَدٌ»: بىتەلەي.

**نَكِدٌ ج أَنْكَادٌ:** بىتەلەي، بەختسىز؛ مۇشەققەتلىك، قىيىن، پىخسىق، بېخىل.

«عَيْشٌ نَكِدٌ»: قىيىن تورمۇش.

﴿وَالَّذِي خَبُثَ لَا يَخْرُجُ إِلَّا نَكِدًا﴾ «قۇرئان»: ناچار يەرنىڭ گىياھى ئاز ئۈسىدۇ.

**نَكُرَ يَنْكُرُ نَكَارَةً الْأَمْرُ:** ئىش تەس بولدى، قىيىن بولدى، يامان بولدى.

**نَكِرَ يَنْكَرُ نَكْرًا وَنُكْرًا وَنَكَارَةً الشَّيْءَ:** خۇش كۆرمىدى، بىلمىدى، ئۇقمىدى، چۈشەنمىدى.

﴿فَلَمَّا رَأَى أَيْدِيَهُمْ لَا تَصِلُ إِلَيْهِ نَكِرَهُمْ﴾ «قۇرئان»: ئۇلارنىڭ (يەنى، پەرىشتىلەرنىڭ) ئۇنىڭغا قول ئۇزاتمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى خۇش كۆرمىدى.

**نُكُرٌ ج أَنْكَارٌ:** يامان ئىش؛ قىيىن.

﴿يَوْمَ يَدْعُ الدَّاعِ إِلَى شَيْءٍ نُكُرٍ﴾ «قۇرئان»: ئۇ كۈندە چاقىرغۇچى (يەنى، ئىسراپىل) قىيىن ئىشقا (يەنى، ھېسابقا) چاقىرىدۇ.

**نُكْرٌ:** يامان ئىش، گۇناھ.

**نَكْرَاءُ:** يامان ئىش؛ قاتتىقچىلىق، قىيىنچىلىق؛ چېۋەرلىك، زېرەكلىك، ھوشيارلىق.

«فِعْلَةٌ نَكْرَاءُ»: يامان قىلىق، يامان ھەرىكەت.

«إِمْرَأَةٌ نَكْرَاءُ»: زېرەك ئايال.

«أَصَابَتْهُمْ مِنَ الدَّهْرِ نَكْرَاءُ»: ئۇلارغا زامانىنىڭ پالاكەتچىلىكى يەتتى.

**نُكْرَانٌ:** ئىنكار قىلىش.

«نُكْرَانُ الْجَمِيلِ»: ۋاپاغا جاپا قىلىش، ۋاپاسىزلىق قىلىش.

**نُكْرَانُ الذَّاتِ**: ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا، پىداكارلىق بىلەن، پىداكارانە.

**نَكِرَةٌ**: ئىنكار قىلىش.

**نَكِرَةٌ ج نَكِرَاتٌ**: ئومۇمىي ئىسىم، تونۇلمىغان، نامسىز، ئىسمى نامەلۇم.

**«هُوَ نَكِرَةٌ فِيْ بَلَدِهِ»**: ئۇ ئۆز شەھىرىدە تونۇلمىغان.

**نَكَزَ يَنْكُزُ نَكْزًا الدَّابَّةَ**: ئۇلاغنى ئۇچلۇق نەرسە بىلەن سانجىدى.

**نَكَسَ يَنْكُسُ نَكْسًا الشَّيْءَ**: ئاغدۇردى، ئاستىن-ئۈستۈن قىلدى، ئايلاندۇردى، ئۆرىدى.

**نَكَسَ رَأْسَهُ**: بېشىنى پەس قىلدى.

**نَكَسَ الْعَلَمَ**: بايراقنى يېرىم چۈشۈردى.

**نَكَسَ الطَّعَامُ دَاءَ الْمَرِيْضِ**: تاماق كېسەلنى قوزغىدى.

**نُكِسَ يُنْكَسُ الْجَنِيْنُ**: بالا تەتۈر كەلدى.

**نَكَسَ الْمَرِيْضُ**: كېسەل قايتىلاندى.

**نُكِسَ عَلَى رَأْسِهِ**: بېشىنى تۆۋەن سالدى.

﴿**ثُمَّ نُكِسُوا عَلَى رُؤُوسِهِمْ**﴾ «قرآن»: ئاندىن، ئۇلار (خىجالەتچىلىكتىن) باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ، ...

**نَكْسٌ**: دۈم ئۆرىمەك، تەتۈر ئۆرىمەك.

**نَكْسَةٌ ج نَكَسَاتٌ**: ئۆرۈش قېتىمى؛ كېسەلنىڭ قايتىلىنىشى؛ يېڭىلىش، مەغلۇبىيەت.

**«نَكْسَةٌ عَسْكَرِيَّةٌ»**: ھەربىي مەغلۇبىيەت.

**نَكَشَ يَنْكُشُ نَكْشًا الشَّيْءَ**: يۇدى، تازىلىدى، چىقاردى، قازدى.

**«نَكَشَ الْأَرْضَ»**: يەرنى كولىدى، قازدى.

**نَكَشَ الْأَمْرَ**: تەكشۈردى، ئىزدەندى.

**نَكَصَ يَنْكُصُ نَكْصًا وَنُكُوْصًا**: چېكىندى، داجىدى.

**نَكَصَ عَلَى عَقِبَيْهِ**: ئارقىسىغا چېكىندى.

﴿**فَلَمَّا تَرَاءَتِ الْفِئَتَانِ نَكَصَ عَلَى عَقِبَيْهِ**﴾ «قرآن»: ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان چاغدا شەيتان ئارقىسىغا چېكىندى.

**نَكَّصَهُ عَلَى عَقِبَيْهِ**: ئۇنى ئارقىسىغاياندۇردى، قايتۇردى.

**نَكَظَ يَنْكُظُ نَكْظًا**: قورسىقى قاتتىق ئېچىپ كەتتى.

**نَكِظَ يَنْكَظُ نَكْظًا**: دەرھال قىلدى، ئالدىراپ ئىشلىدى.

**نَكِظَ الرَّحِيْلُ**: قوزغىلىش ۋاقتى يېقىنلاشتى.

**نَكَعَ يَنْكَعُ نَكْعًا فُلَانٌ عَنِ الْأَمْرِ**: ئۆزىنى چەتكە ئالدى، چېكىندى.

**نَكَفَ يَنْكُفُ نَكْفًا الدَّمْعَ**: مەڭزىگە ئاققان ياشنى بارماق بىلەن سۈرتتى.

**نَكَفَ عَنِ الشَّيْءِ**: كۆزگە ئىلمىدى، پەس كۆردى، مەڭستىمىدى.

**«جَيْشٌ لَا يُنْكَفُ»**: سانسىز قوشۇن.

**«بَحْرٌ لَايُنْكَفُ»**: تېگى يوق دېڭىز.

**نَكْفٌ**: چېكىنمەك، قولدا پەيدا بولىدىغان بىر خىل كېسەل.

**نَكَفَةٌ ج نَكَفٌ**: قۇلاق ئالدى بېزى، گۈرەن بېزى.

**نَكَّاتٌ ج نَكَّاتُوْنَ**: تەنقىدچى، ئوبزورچى، قىزىقچى، يۇمۇرلۇق گەپ قىلغۇچى، ھەييار، ھەزىلكەش.

**«فُلَانٌ نَكَّاتٌ فِي الْأَعْرَاضِ»**: پالانى ئار-نومۇسقا تەگكۈچى.

**نَكَّاتٌ**: بۇزغىچى، بۇزغۇنچى.

**نَكَّبَ يُنَكِّبُ تَنْكِيْبًا الشَّيْءَ**: نېرى قىلىۋەتتى، يىراقلاشتۇردى.

**نَكَّبَ بِهِ عَنِ الطَّرِيْقِ**: ئۇنى يولدىن چەتنەشتۈردى.

**نَكَّتَ يُنَكِّتُ تَنْكِيْتًا الرَّطَبُ**: خورمىلار كۆرۈندى.

**نَكَّتَ الشَّخْصُ**: قىزىقچىلىق قىلدى، قىزىقارلىق گەپ قىلدى، ھېكمەتلىك سۆزلىدى، ھەييارلىق قىلدى، يۇمۇرلۇق گەپ قىلدى.

**نَكَّدَ يُنَكِّدُ تَنْكِيْدًا**: قىيىنلاشتۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



نَكِدَ عَيْشُهُ: ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى كۆڭۈلسىز قىلىپ قويدى.

نَكَرَ يُنْكِرُ تَنْكِيرًا الشَّيْءَ: نىقابلىدى، ياپتى، پەردىلىدى، قىياپىتىنى ئۆزگەرتتى.

﴿قَالَ نَكِّرُوا لَهَا عَرْشَهَا﴾ «قۇرئان»: سۇلەيمان ئېيتتى: «ئۇنىڭ (يەنى، بىلقىسنىڭ) تەختىنىڭ (شەكلىنى) ئۆزگەرتىڭلار».

نَكَّسَ يُنَكِّسُ تَنْكِيسًا الْعَلَمَ: بايراقنى تۆۋەن چۈشۈردى، يېرىم چۈشۈردى.

نَكَّسَ رَأْسَهُ: بېشىنى ساڭگىلاتتى.

«نَكَّسَ اللهُ فُلاَنًا فِي الْعُمْرِ»: ئاللاھ پالانىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىپ، ئېڭىنى ئاجىزلىتىۋەتتى.

﴿وَمَنْ نُعَمِّرْهُ نُنَكِّسْهُ فِي الْخَلْقِ﴾ «قۇرئان»: بىز ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغان ئادەمنىڭ ئېڭىنى ئاجىزلىتىۋېتىمىز.

نَكَّلَ يُنَكِّلُ تَنْكِيلًا الشَّخْصَ بِهِ: ئۇنى جازالاپ باشقىلارغا ئىبرەت قىلدى.

«نَكِّلُوا بِاللُّصُوصِ»: ئوغرىلارنى جازالاپ باشقىلارغا ئىبرەت قىلدى.

هَمٌّ: كۆڭۈل بۆلمەك، دىققەت قىلماق.

هَمٌّ ج هُمُومٌ: غەم-قايغۇ؛ مەقسەت، ئىرادە.

مُثْقَلٌ بِالْهُمُومِ: غەم-قايغۇغا چۆمگەن.

كُلُّ هَمِّهِ أَنْ يَرَى أَبْنَاءَهُ نَاجِحِينَ فِي دِرَاسَتِهِمْ: ئۇنىڭ ئوي-پىكرى بالىلىرىنىڭ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىشىنى كۆرۈش.

هُمُومٌ عَائِلِيَّةٌ: ئائىلىنىڭ غېمى، ئائىلىنىڭ دەردى.

هِمٌّ ج أَهْمَامٌ م هِمَّةٌ ج هِمَّاتٌ وَهَمَائِمُ: قېرى، ياشىنىپ كەتكەن ئادەم.

هَمَّارٌ: ۋالاقتەگگۇر.

هَمَّازٌ: قارا چاپلىغۇچى، بوھتان قىلغۇچى، تۆھمەتخور.

﴿وَلَا تُطِعْ كُلَّ حَلَّافٍ مَّهِينٍ هَمَّازٍ مَّشَّاءٍ بِنَمِيمٍ﴾ «قۇرئان»: قەسەمخور، پەس، غەيۋەتخور، سۇخەنچىگە ... ئىتائەت قىلمىغىن.

هَمَّاطٌ: زالىم، ئەزگۈچى.

هِمَّةٌ ج هِمَمٌ: ئىرادە، ھىممەت، نىيەت، كۈچلۈك ئىرادە.

صَاحِبُ الْهِمَّةِ: ئىرادىلىك، قىزغىن، قەتئىي.

قَاعِدُ الْهِمَّةِ: هورۇن، يالقاۋ، ئېرىنچەك.

لَهُ هِمَّةٌ عَالِيَةٌ: ئۇ يۈكسەك ئىرادىلىك.

«هُوَ بَعِيْدُ الْهِمَّةِ»: ئۇ غايىلىك ئادەم.

ثَبَّطَ هِمَّتَهُ: ئىرادىسىنى بوشىتىۋەتتى.

هَمَّدَهُ يُهَمِّدُ تَهْمِيْدًا: ئۇنى تىنچلاندۇردى، توختاتتى، بېسىقتۇردى، تورمۇزلىدى.

هَمَّشَ يُهَمِّشُ تَهْمِيْشًا الْكِتَابَ: كىتابنىڭ چۆرىسىگە مۇلاھىزە يازدى.

هَمَّشَ الْمَوْضُوْعَ: ماۋزۇنى مۇھىم ئورۇنغا قويدى.

«هَمَّشَتِ الْحُكُوْمَةُ مَطَالِبَ التُّجَّارِ»: ھۆكۈمەت سودىگەرلەرنىڭ تەلەپلىرىنى مۇھىم ئورۇنغا قويدى.

هَمَّقَ يُهَمِّقُ تَهْمِيْقًا السَّوِيْقَ: تالقاننى يۇمشاق ئەزدى.

هَمَّمَ يُهَمِّمُ تَهْمِيْمًا: پەپىلىدى، ئەللەيلىدى.

هَمْهَمَ يُهَمْهِمُ هَمْهَمَةً: مەخپىي سۆزلىدى، پىچىرلىدى.

هَمْهَمَ الرَّعْدُ: گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىدى.

هَمَى يَهْمِي هَمْيًا وَهَمَيَانًا الْمَاءُ: سۇ ئاقتى.

هَمَتِ الْعَيْنُ: كۆز ياش تۆكتى.

هَمَى الشَّخْصُ عَلَى وَجْهِهِ: قايمۇقۇپ يۈردى، سەرگەردان بولدى.

هَمَى الشَّيْءُ: نەرسە چۈشۈپ كەتتى؛ زايە بولدى.

«مَنْ جَاءَهُ مُسْتَفِيْدًا قَاصِدًا أَدَبًا يَجِدْهُ بَحْرًا هَمَى مِنْهُ الإِفَادَاتُ»: ئۇنىڭ قېشىغا ئەدەبىياتتىن تەلىم ئالىمەن دەپ كەلگەن ئادەم، ئۇنىڭ سۆز ئۈنچىلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان دېڭىز ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ.

هِمْيَانٌ ج هَمَايِيْنُ: ھەميان، قاپچۇق.

هَمِيْجٌ: قورسىقى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن.

هَمِيْجٌ مِنَ الظِّبَاءِ: نازۇك بەدەن ئاھۇ.

هَمِيْرٌ هَمِيْرَةٌ: بوۋاي؛ موماي، چىرايلىق ئاھۇ.

هِمْيَغٌ: ئۆلۈم.

هَنٌ م هَنَةٌ ج هَنَاتٌ وَهَنَوَاتٌ: نەرسە، شەيئى؛ ئىش، پىتنە-پاسات، يامانلىق.

هَذَا هَنُكَ: بۇ سېنىڭ نەرسەڭ.

«سَتَكُوْنُ هَنَاتٌ وَهَنَاتٌ» «حديث»: كەلگۈسىدە پىتنە-پاساتلار يامراپ كېتىدۇ.

هُنَا: بۇ يەردە.

اِنْطَلِقْ مِنْ هُنَا: بۇ يەردىن ماڭ.

«جَلَسَ هُنَا»: بۇ يەردە ئولتۇردى.

تَعَالَ إِلَى هُنَا: بۇ يەرگە كەل.

هُنَالِكَ أُقِيْمَتْ قَرْيَةٌ: بۇ يەرگە بىر يېزا بەرپا قىلىندى.

هَنَاءٌ: خۇشاللىق، شادلىق، كۆڭۈللۈك.

يَعِيْشُ مَعَ عَائِلَتِهِ فِي سُرُوْرٍ وَهَنَاءٍ: ئائىلىسى بىلەن خۇشال-خۇرام كۆڭۈللۈك ياشاۋاتىدۇ.

هِنَاءٌ: كوكس مېيى.

هِنَافٌ: مەسخىرە قىلماق، مازاق قىلماق.

هَنَأَ يَهْنَأُ / يَهْنِأُ وَيَهْنُأُ هِنْأً وَهَنَاءً الطَّعَامُ: تاماق مەززىلىك بولدى.

هَنَأَهُ: ئۇنى مەدھىيىلىدى.

«هَنَأَهُ وَلَدُهُ»: بالىسى ئۇنى خۇشال قىلىۋەتتى.

هَنَأَ الشَّخْصَ: تاماق بەردى.

هَنُؤَ يَهْنَؤُ هَنَاءَةً وَهَنْأً وَهَنْئَةً الشَّيْءُ: ئاسان بولدى، كۆڭۈلدىكىدەك بولدى.

هَنِئَ يَهْنَأُ هَنَأً وَهَنَاءَةً: خۇشاللاندى.

هَنِئَ بِقُدُوْمِ أُخْتِهِ مِنَ السَّفَرِ: ھەمشىرىسىنىڭ سەپەردىن كەلگىنىگە خۇشاللاندى.

«أَكَلَ مِنَ الطَّعَامِ حَتَّى هَنِئَ»: تاماقنى تويغۇچە يېدى.

هَنِئَ فِي: بەختلىك ھېس قىلدى.

هَنِبَ يَهْنَبُ هَنَبًا: دۆت بولدى، مەتۇ بولدى.

هَنْبَتَ يُهَنْبِتُ هَنْبَتَةً الرَّجُلُ: كىشى بوشاپ كەتتى، لەلەكشىپ يۈردى.

هَنْبَثَةٌ ج هَنَابِثُ وَهَنْبَثَاتٌ: قىيىن ئىش، مۇشكۇل ئىش، مۇجمەل گەپ، ئاپەت؛ دەرد-ئەلەم.

هِنْبِرٌ: تەخەي، سىرتلان.

هِنْبِرَةٌ: مادا ئېشەك، سىرتلان.

هِنْدٌ ج هُنُودٌ: ھىندىستانلىق، ھىندى.

جَزَائِرُ الْهُنُودِ الشَّرْقِيَّةِ: شەرقىي ھىندى تاقىم ئاراللىرى.

جَوْزُ الْهِنْدِ: كوكس، كوكس ياڭىقى.

هِنْدَازٌ: ئۆلچەمەك.

هِنْدَامٌ: ياسىنىش، قامەتلىك، رەتلىك، كېلىشكەن.

أَصْلَحَ فُلَانٌ هِنْدَامَهُ: پالانى ئۆزىنى تۈزەشتۈردى.

هِنْدَبٌ . هِنْدَبَاءُ: سۇلۇ.

هَنْدَزَ يُهَنْدِزُ هَنْدَزَةً الشَّخْصُ الْأَبْنِيَةَ: بىنالارنى ئىلمىي ئاساستا لايىھىلىدى.

هَنْدَسَ يُهَنْدِسُ هَنْدَسَةً: ئىنژېنېرلىق قىلدى؛ ئۆلچىدى، پىلانلىدى.

هَنْدَسَةٌ: گېئومېترىيە، پىلان، لايىھە.

هَنْدَسَةٌ عَمَلِيَّةٌ: قۇرۇلۇش، ئىنشائات، بىناكارلىق.

هَنْدَسَةٌ عِلْمِيَّةٌ: قۇرۇلۇش تېخنىكىسى، قۇرۇلۇششۇناسلىق.

هَنْدَسَةُ الْمِعْمَارِ: بىناكارلىق سەنئىتى.

هَنْدَسَةُ الزِّرَاعَةِ: دېھقانچىلىق ئىلمى، ئاگرونومىيە، دېھقانچىلىق تېخنىكىسى.

هَنْدَسِيٌّ: تېخنىكىلىق، گېئومېترىيىلىك.

شَكْلٌ هَنْدَسِيٌّ: گېئومېترىيىلىك شەكىل.

مَشْرُوعٌ هَنْدَسِيٌّ: لايىھە، لايىھە سىخېمىسى.

هَنْدَمَ يُهَنْدِمُ هَنْدَمَةً: تۈزىدى، ياخشىلىدى، ئىسلاھ قىلدى، ئوڭشىدى، رەتلىدى.

هَنْدَمَ غُرْفَتَهُ: ياتىقىنى بېزىدى.

هَنْدَمَةٌ: ياسىنىش، رەتلىك، كېلىشكەن.

هِنْدُوسٌ: ھىندى دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى، ھىندى دىنى مۇرىتى.

هِنْدُوسِيٌّ: ھىندى دىنى مۇرىتى.

هِنْدِيٌّ ج هُنُودٌ: ھىندىستانلىق، ھىندى، ھىندىستانلىق؛ ھىندى تىلى.

الْهِنْدِيُّ الْأَحْمَرُ: ھىندىئان، قىزىل تەنلىك.

دِيكٌ هِنْدِيٌّ: كۈركە توخۇ.

الْهِنْدِيُّ: ھىندى ئوكيان.

الْأَرْقَامُ الْهِنْدِيَّةُ: ئەرەب رەقەمى، ئەرەبچە سىپىر.

هَنَعَ يَهْنَعُ هَنْعًا: بويسۇندى، باش ئەگدى.

هَنَعَ الشَّيْءَ: نەرسىنى قاتلىدى.

هَنِقَ يَهْنَقُ هَنَقًا: مالال بولدى، زېرىكتى، خاترجەمسىزلەندى.

هَنَقٌ: مالاللىق.

هَنْكٌ: ئاۋازلارنىڭ ماسلىشىشى، گارمونىيە.

هَنَمٌ: خورما.

هَنَّ يَهِنّ هَنًّا وَهَنِينًا: يىغلىدى، سىڭىنىپ يىغلىدى.

هُنَّ: ئۇلار (ئايال جىنس ئۈچۈن).

هُنَّ عَامِلَاتٌ: ئۇلار ئايال ئىشچىلار.

هَنَّأَهُ يُهَنِّأُ تَهْنِئَةً: ئۇنى بەختلىك قىلدى، بەختكە ئېرىشتۈردى.

هَنَّأَ بِكَذَا: ئۇنى تەبرىكلىدى.

أُهَنِّئُكَ مِنْ كُلِّ قَلْبِي: سىزنى چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن.

هَنَّدَ يُهَنِّدُ تَهْنِيدًا الرَّجُلُ: ھۇۋقۇشتەك ۋارقىرىدى.

هَنَّدَ فِي الْأَمْرِ: بوشاڭلىق قىلدى، بىخەستەلىك قىلدى.

هَنَّدَ السَّيْفَ: قىلىچنى بىلىدى.

هَنَّدَ فُلَانًا: پالانىنى تىللىدى.

هَنَّفَ يُهَنِّفُ تَهْنِيفًا: ئالدىرىدى، تېنىدى، تېز بولدى، چاققان بولدى.

هَنَّى يُهَنِّي تَهْنِيَةً فُلَانًا: پالانىنى بەختلىك قىلدى.

هَنَّاكَ اللهُ: ئاللاھ سىنى ئامان قىلسۇن.

هَنْهُونَةٌ: ئەللەي، ئەللەي ناخشىسى.
هِنُوٌ: ۋاقىت.
هَنِيءٌ: خۇشال، شاد ـ خۇرام؛ تەملىك، يېيىشلىك؛
ئاسان.
طَعَامٌ هَنِيءٌ: مەززىلىك تاماق.
هَنِيئًا مَرِيئًا: سالامەت بولۇڭ (تاماق يېگۈچىگە
قىلىنىدىغان دۇئا).
﴿كُلُوا وَاشْرَبُوا هَنِيئاً بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ﴾ «قرآن»:
دۇنيادا قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىڭلار ئۈچۈن
خۇشال ـ خۇرام يەڭلار ۋە ئىچىڭلار.
هَنِيئًا لَهُ بِالْبَيْتِ الْجَدِيدِ: ئۇنىڭ يېڭى ئۆيىگە
مۇبارەك بولسۇن.
هُنَيْهَةٌ: بىر دەم، بىر پەس، ئاز ۋاقىت.
بَقِيَ هُنَيْهَةً: ئاز ۋاقىت قالدى.
هَنِئٌ: خۇشال، شاد ـ خۇرام.
هُوَ: ئۇ.
هُوَ ذَا: دەل ئۆزى.
كَمَا هُوَ: ئۇ بۇرۇنقىدەكلا.
«هُوَ مُعَلِّمٌ»: ئۇ ئوقۇتقۇچى.
هَوًى: ئىرادە، ئىنتىلىش، غەيرەت، نىشان،
مەقسەت.
هَوَاءٌ ج أَهْوِيَةٌ: ھاۋا؛ ئاتموسفېرا؛ شامال؛ ھاۋا
رايى؛ قورقۇنچاق؛ كىلىمات؛ ئىقلىم، گاز،
گاز جىسىملىق.
جَدَّدَ هَوَاءَ الْغُرْفَةِ: ئۆينىڭ ھاۋاسىنى يېڭىلىدى.
يُحِبُّ الْعَيْشَ فِي الْهَوَاءِ الطَّلْقِ: ئۇ ساپ ھاۋادا
ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ.
اِنْطَلَقَ الطَّائِرُ فِي الْهَوَاءِ: قۇش ھاۋادا ئۇچتى.
تَكْيِيفُ الْهَوَاءِ: ھاۋانى تەڭشەش.
الْهَوَاءُ الْأَصْفَرُ: خولېرا، ۋابا.
الْهَوَاءُ الْجَوِّيُّ: ئاتموسفېرا.
الْهَوَاءُ الطَّلْقُ: ساپ ھاۋا.

بُنْدُقِيَّةُ هَوَاءٍ: يەل مىلتىق.
عِلْمُ الْهَوَاءِ: ھاۋا رايى ئىلمى، مېتېئورولوگىيە.
عِلْمُ سِلْكِ الْهَوَاءِ: ئاۋىئاتسىيەشۇناسلىق.
مِنْفَاخُ هَوَاءٍ: ناسوس.
إِنَّ الْهَوَاءَ فِي ضَوَاحِي الْمَدِينَةِ أَكْثَرُ إِنْعَاشًا حَقًّا: شەھەر
ئەتراپىنىڭ ھاۋاسى راستتىنلا تېخىمۇ ساپ.
هَوَاؤُهَا جَافٌ: ھاۋاسى قۇرغاق.
مِينَاءُ هَوَاءٍ: ئايرودروم، ئايروپىلان ئىستانسىسى،
ئايروپورت.
هَوَائِيٌّ: ھاۋانىڭ، ھاۋارايىنىڭ، ئاتموسفېرانىڭ؛
گازلىق، ھاۋا بېسىمى بىلەن
ھەرىكەتلىنىدىغان.
الْمِطْحَنَةُ الْهَوَائِيَّةُ: شامال تۈگمىنى.
سَفِينَةٌ هَوَائِيَّةٌ: ھاۋا كېمىسى، دىرژابىل.
مَرْكَبَةٌ هَوَائِيَّةٌ: ئايروپىلان.
مِضَخَّةٌ هَوَائِيَّةٌ: چاقپېلەك، شامالدۇرغۇچ.
هَوَائِيَّاتٌ: بوشلۇق، ھاۋا بوشلۇقى.
هَوَادَةٌ: مۇلايىملىق، يۇمشاقلىق، كەڭچىلىك
قىلماق.
فِي غَيْرِ هَوَادَةٍ: قىلچە يۈز ـ خاتىرە قىلماي.
«هُوَ يُعَامِلُ الْفُقَرَاءَ بِهَوَادَةٍ»: ئۇ كەمبەغەللەرگە
يۇمشاق مۇئامىلە قىلىدۇ.
حَرْبٌ لَا هَوَادَةَ فِيهَا: رەھىمسىز ئۇرۇش، كەسكىن
جەڭ.
هَوَانٌ: خارلىق، ئاھانەت.
خَلَصَ الْاِسْتِقْلَالُ الشَّعْبَ مِنَ الْهَوَانِ: مۇستەقىللىق
خەلقنى خارلىقتىن قۇتقۇزدى.
هَوَانِيٌّ: ئېسىل خېنىملەردەك، كېلىشكەن،
كۆركەم.
هِوَايَةٌ: جىنسىي تەلەپ، جىنسىي ھەۋەس،
شەھۋانىي نەپسى.
هِوَايَةٌ ج هِوَايَاتٌ: ئويۇن ـ كۈلكە، قىزىقارلىق ئىش،

www.uyghurkitap.com

قىزىقىش، ھەۋەس.

هِوَايَةُ الْمُوْسِيْقِي: مۇزىكىغا قىزىقماق.

هِوَايَاتُ جَمْعِ الطَّوَابِعِ الْبَرِيْدِيَّةِ: پوچتا ماركىسى توپلاشقا قىزىقىش، پوچتا ماركىسى توپلاش ھەۋىسى.

كَانَتْ هِوَايَتُهُ قِرَاءَةُ الْكُتُبِ: ئۇنىڭ ھەۋەس قىلىدىغىنى كىتاب ئوقۇش ئىدى.

الْهِوَايَةُ تُنَاسِبُ الْكِبَارَ وَالصِّغَارَ عَلَى السَّوَاءِ: ھەۋەس قىلىش چوڭ ـ كىچىكلىكلەرگە ئوخشاشلا مۇناسىپ كېلىدۇ.

هَوْبٌ ج أَهْوَابٌ: كوت ـ كوت، يىراقلىق، ئوت يالقۇنى، مەتۇ، گالۋاڭ.

هَوْتَةٌ ج هُوَتٌ: ئويمان يەر، پەس يەر.

هَوْتَةٌ: ئۇسسۇلۇق.

هَوِجَ يَهْوَجُ هَوَجًا الرَّجُلُ: ئالدىراڭغۇلۇق قىلدى، ھاماقەتلىك قىلدى.

هَوْجَاءُ ج هُوْجٌ: شاللاق ئايال، تەۋەككۈلچى؛ قارا بوران.

الْحَرْبُ الْهَوْجَاءُ: شىددەتلىك جەڭ.

«لَعِبَتْ بِالسَّفِيْنَةِ هُوْجُ الرِّيَاحِ»: بوران كېمىنى چايقىۋەتتى.

هَوْجَفٌ: ۋىلكا، ئۇچلۇق چىش.

هَوْجَلٌ ج هَوَاجِلُ: چۆل، باياۋان.

هُوْدٌ: يەھۇدىي.

هَوْدَجٌ ج هَوَادِجُ: كاجۇۋا.

هَوْدَجُ الْعَرُوْسِ: تەختىراۋان.

هَوْدَةٌ ج هَوْدٌ وَهُوْدٌ: قىرغاۋۇل.

هَوْرٌ ج أَهْوَارٌ: تۆشۈك، كامار، قوي پادىسى، لاگونا.

هَوْرَةٌ ج هَوْرَاتٌ: خەۋپ، خەۋىپلىك، قورقۇنچلۇق، خېيىم ـ خەتەر، ھالاكەت، ئۆلۈم.

هَوْزَبٌ ج هَوَازِبُ: قارچىغا، كۈچلۈك تۆگە.

هَوْزَنٌ: توپا ـ چاڭ.

هَوِسَ يَهْوَسُ هَوَسًا الشَّخْصُ: پاراكەندە بولدى، گاڭگىراپ قالدى، تېڭىرقاپ قالدى.

هَوَسٌ: ئېلىشىپ قالماق، ساراڭ، جۆيلۈش.

غَرِيْبٌ أَنْ يُصَابَ هَذَا الطِّفْلُ الْغَنِيّ بِهَوَسِ السَّرِقَةِ: بۇ باي بالىنىڭ ئوغرىلىققا قىزىقىپ قېلىشى ئەجەبلىنەرلىك.

أَصَابَ الْمَرْأَةَ هَوَسٌ بَعْدَ فُقْدَانِهَا لِوَلَدِهَا: ئايال بالىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ئېلىشىپ قالدى.

الْهَوَسُ الْوَطَنِيّ: شوۋىنىزم.

هَوِسٌ: ساراڭ.

هَوْسَاءُ ج هُوْسٌ: سەۋدايى ئايال.

هَوْسِي: سەۋدايى، ساراڭ.

هَوِشَ يَهْوَشُ هَوَشًا الْقَوْمُ: قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

هَوِشَ الشَّخْصُ: پاراكەندە بولدى، گاڭگىراپ قالدى؛ جۇدەپ قورسىقى كىچىكلەپ كەتتى.

هَوْشٌ: كۆپ سان.

جَاءَ بِالْهَوْشِ وَالْبَوْشِ: نۇرغۇنلىرى كەلدى.

هَوْشَةٌ ج هَوَشَاتٌ: پاراكەندىچىلىك، تەرتىپسىزلىك، غۇلغۇلا، ئالتوپىلاڭ.

إِتَّقُوا هَوَشَاتَ السُّوْقِ: بازارنىڭ پىتنە ـ پاساتلىرىدىن ساقلىنىڭلار.

هَوْفٌ: ئىسسىق شامال؛ سوغۇق شامال.

هُوْفٌ: بوران، قويۇن؛ قورقۇنچاق، توخۇ يۈرەك؛ گالۋاڭ، مەتۇ.

هَوْلٌ ج أَهْوَالٌ وَهُؤُوْلٌ: قورقۇنچ.

بِالْهَوْلِ: نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق.

«شَابَ رَأْسُهُ مِنْ كَثْرَةِ مَا لَاقَاهُ مِنْ أَهْوَالٍ»: بېشىغا كەلگەن سەرگۈزەشتىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن بېشى ئاقىرىپ كەتتى.

الْهَوْلُ أَبُو الْهَوْلِ: پىرئەۋىننىڭ يولۋاس تەنلىك، شىر باشلىق چوڭ ھەيكىلى بولۇپ،

قاھىرەنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان.

هَوْلَةٌ: ئالۋاستى، جىن، قورقۇنچلۇق نەرسە.

هُوْلَةٌ: ئاجايىپ، غەلىتە، قورقۇنچلۇق، گۈمبە.

هَوْمَةٌ: چۆل، باياۋان.

هَوْنٌ: خارلىق، ئاھانەت؛ ئاسانلىق.

عَلَى هَوْنٍ هَوْنًا: ئاستاغىنە، ئاسانلا.

﴿وَعِبَادُ الرَّحْمَنِ الَّذِينَ يَمْشُونَ عَلَى الْأَرْضِ هَوْنًا﴾ ‹قرآن›: مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ، تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ.

هُونٌ: خارلىق، نومۇس.

﴿أَيُمْسِكُهُ عَلَى هُونٍ﴾ ‹قرآن›: ئاندىن ئۇ نومۇسقا چىداپ قىزىنى ساقلاپ قالامدۇ؟

هَوَّارِيٌّ ج هَوَّارَةٌ: خەلق ئەسكىرى، پىيادىئىيلار، پىيادىئىي قوشۇن.

هَوَّتَ يُهَوِّتُ تَهْوِيتًا بِهِ: توۋلىدى.

هَوَّتَ فُلَانٌ: پالانى ئويمانغا چۈشتى.

هُوَّةٌ ج هُوًى: هاڭ، ئازگال.

«تَفْصِلُ بَيْنَهُمْ هُوَّةٌ عَمِيقَةٌ»: ئۇلارنىڭ ئارىسىنى چوڭ ئازگال ئايرىپ تۇرىدۇ.

وَقَعَ فِي هُوَّةٍ: ئازگالغا چۈشۈپ كەتتى.

هَوَّدَ يُهَوِّدُ تَهْوِيدًا الرَّجُلُ: كىشى ئاستا ماڭدى.

هَوَّدَ فِي الْكَلَامِ: ئالدىرىماي سۆزلىدى.

هَوَّدَ الشَّرَابُ فُلَانًا: شاراب پالانىنى مەست قىلدى.

هَوَّدَ الرَّجُلَ: كىشىنى يەھۇدىي قىلدى.

«هَوَّدَ مِنَ الْجَبَلِ»: تاغدىن ئاستا چۈشتى.

هَوَّرَ يُهَوِّرُ تَهْوِيرًا الْبِنَاءَ: بىنانى ئۆرۈۋەتتى، بۇزۇۋەتتى، ۋەيران قىلىۋەتتى.

هَوَّزَ يُهَوِّزُ تَهْوِيزًا: ئۆلدى.

هَوَّسَ يُهَوِّسُ تَهْوِيسًا الشَّيْءَ: نەرسىنى سوقتى.

هَوَّسَهُ فُلَانًا: پالانىنى تەمتىرىتىپ قويدى.

هَوَّشَ يُهَوِّشُ تَهْوِيشًا بَيْنَ الْقَوْمِ: ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالدى، بۇزغۇنچىلىق قىلدى، قۇتراتقۇلۇق قىلدى.

هَوَّشَتِ الرِّيحُ بِالتُّرَابِ: شامال توپىنى توزۇتتى.

هَوَّشَ الشَّخْصُ الشَّيْءَ: نەرسىنى تەردى، يىغدى.

هَوَّعَ يُهَوِّعُ تَهْوِيعًا: زور بىلەن قەي قىلدى.

هَوَّعَ الرَّجُلَ: كىشىنى قەي قىلدۇردى.

هَوَّلَ يُهَوِّلُ تَهْوِيلًا الْأَمْرَ: ئىشنى سەتلەشتۈرۈپ كۆرسەتتى، خۇنۈكلەشتۈردى؛ چوڭايتىپ كۆرسەتتى، مۇبالىغىلەشتۈردى، قورقۇنچلۇق قىلىپ كۆرسەتتى.

هَوَّلَهُ: ئۇنى قورقۇتۇۋەتتى.

هَوَّلَ الْأَسَدُ عَلَى الطِّفْلِ فِي حَدِيقَةِ الْحَيَوَانِ: هايۋانات باغچىسىدا يولۋاس بالىنى قورقۇتۇۋەتتى.

هَوَّلَ الْأَخْبَارَ: خەۋەرلەرنى كۆپتۈرۈۋەتتى.

هَوَّمَ يُهَوِّمُ تَهْوِيمًا الرَّجُلُ: كىشى مۈگدىدى.

«هَوَّمَ الْمُسَافِرُ فِي الْقِطَارِ»: يولۇچى پويىزدا مۈگدەپ قالدى.

هَوَّنَ يُهَوِّنُ تَهْوِينًا الْأَمْرَ: ئىشنى ئاسانلاشتۇردى، ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى.

هَوِّنْ عَلَيْكَ: هودۇقما، ئۆزۈڭنى بېسىۋال.

«اللَّهُمَّ اطْوِ لَهُ الْبُعْدَ وَهَوِّنْ عَلَيْهِ السَّفَرَ» ‹حديث›: ئى ئاللاھ، ئۇ كىشى ئۈچۈن سەپەردىكى يىراق مۇساپىنى يېقىن قىلىپ بەرگىن، ئۇنىڭ سەپىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن.

هَوَّى يُهَوِّي تَهْوِيَةً الْغُرْفَةَ: بۆلمىنىڭ هاۋاسىنى ئالماشتۇردى، هاۋا ئۆتكۈزدى.

«تُهَوِّي السَّيِّدَةُ غُرَفَ بَيْتِهَا كُلَّ صَبَاحٍ»: خانىم هەر كۈنى ئەتىگىنى ئۆيىنىڭ هاۋاسىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

هَوَوِيٌّ: سۆيگۈ-مۇھەببەتكە ئائىت، ئاشىقلىق.

هَوَى يَهْوِي هَوِيًّا وَهَوَيَانًا الشَّيْءُ: نەرسە چۈشتى، چۈشۈپ كەتتى.

﴿وَمَنْ يَحْلِلْ عَلَيْهِ غَضَبِي فَقَدْ هَوَى﴾ «قرآن»: كىمگە مېنىڭ غەزىپىم نازىل بولىدىكەن، ئۇ چوقۇم هالاك بولىدۇ.

هَوَى فِي السَّيْرِ: ئىتتىك ماڭدى.

هَوَتِ الْحِجَارَةُ مِنَ الْجَبَلِ: تاغدىن تاش چۈشۈپ كەتتى.

هَوَى يَهْوِي هُوِيًّا: شۇڭغۇدى.

هَوَى الرَّجُلُ: كىشى ئۆلدى.

هَوَتِ الرِّيحُ: شامال چىقتى، شامال قوزغالدى.

هَوَى النَّسْرُ عَلَى صَيْدِهِ: قارچىغا ئوۋغا ئېتىلدى.

هَوِيَ يَهْوَى هَوًى فُلَانًا: پالانىنى ياخشى كۆرۈپ قالدى، كۆيۈپ قالدى.

هَوَى الشَّيْءَ: نەرسىگە هەۋەس قىلدى، خۇشتار بولدى، ئۈمىد قىلدى، ئارزۇ قىلدى.

«هَوِيَ إِبْنَةَ عَمِّهِ»: تاغىسىنىڭ قىزىغا كۆيۈپ قالدى.

يَهْوَى الْمُوسِيقَى: ئۇ مۇزىكىغا هەۋەس قىلىدۇ.

هَوًى ج أَهْوَاءٌ: مۇھەببەت، كۆيۈك؛ خاھىش، ئىنتىش.

الْهَوَى الْعُذْرِيُّ: مەنىۋى مۇھەببەت، چىن مۇھەببەت.

عَلَى هَوَاهُ: ئۆز خاھىشى بويىچە.

إِتَّبَعَ هَوَاهُ: نەپسى خاھىشىغا ئەگەشتى، خىيالىنى ئىلىم ئۈستىگە دەسسەتتى.

﴿وَمَنْ أَضَلُّ مِمَّنِ اتَّبَعَ هَوَاهُ بِغَيْرِ هُدًى مِنَ اللهِ﴾ «قرآن»: ئاللاھ ۋەھيى قىلغان توغرا يولنى قويۇپ نەفسى خاھىشىغا ئەگەشكەن كىشىدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟

أَصْحَابُ الْأَهْوَاءِ: ئىلمى كالام فىرقىلىرى ۋە تۈرلۈك پەلسەپە مەزھەپلىرى.

بَنَاتُ الْهَوَى: بۇزۇق ئايال، پاھىشە ئايال.

فُلَانٌ مَالِكُ هَوَاهُ: پالانى ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، ئۆزىگە ئىگە بولىدۇ.

هَوِيسٌ: ئوي، پىكىر، خىيال.

هُوَيْنًا: ئاستاغىنە، ئالدىرىماي.

هُوَيْنَى: ئاستا، ئالدىرىماي.

هِيَ تَمْشِي الْهُوَيْنَى: ئۇ ئاستا ماڭىدۇ.

هَوِيٌّ: قۇلاقنىڭ غوڭۇلدىشى؛ تەتۈر، تەتۈرلۈك؛ هەۋەسكار؛ ئېگىزلىك.

هُوِيَّةٌ ج هَوَايَا: چوڭقۇر قۇدۇق.

هُوِيَّةٌ: سالاھىيەت، شەخسىيەتچىلىك، ماھىيەت، خاراكتېر.

تَذْكِرَةُ الْهُوِيَّةِ. شَهَادَةُ الْهُوِيَّةِ: پۇقرالىق كىنىشكىسى، سالاھىيەت كىنىشكىسى، شەخسىي گۇۋاھنامە.

هُوِيَّةٌ مُتَوَاضِعَةٌ: ئاددىي سۇۋغا.

رَجُلٌ مَجْهُولُ الْهُوِيَّةِ: كېلىپ چىقىشى ئېنىق ئەمەس ئادەم.

هِيَ: ئۇ، ئول.

هِيَ مُدَرِّسَةٌ: ئۇ ئايال ئوقۇتقۇچى.

هَيُؤَ يَهْيُؤُ هَيْئَةً وَهَيَاءَةً الرَّجُلُ: كىشىنىڭ شەكلى چىرايلىق بولدى.

هَيِءَ يَهْيَأُ هَيْئَةً الرَّجُلُ: كىشىنىڭ شەكلى چىرايلىق بولدى.

هِيَاجٌ: قالايمىقانچىلىق، پاراكەندىچىلىك، ئەنسىزچىلىك.

هِيَاطٌ: پاراكەندە بولماق، قالايمىقانلاشتۇرماق.

هُمْ فِي هِيَاطٍ وَمِيَاطٍ: ئۇلار پاراكەندىچىلىكتە.

هُيَامٌ: تەشنالىق، قاتتىق چاڭقاش؛ چوڭقۇر مۇھەببەت.

هَيْئَةٌ هَيَأَةٌ ج هَيْئَاتٌ: شەكىل، هالەت، سۈرەت؛ ئۇسۇل؛ هەيئەت؛ تەشكىلات، ئورگان، كومىتېت.

هَيْئَةُ الْأُمَمِ الْمُتَّحِدَةِ: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى.

هَيْئَةٌ حَزِيْنَةٌ: غەمكىن كۆرۈنۈش.

هَيْئَةٌ جَمِيلَةٌ: تەقى-تۇرقى چىرايلىق.

هَيْئَةُ التَّدْرِيسِ فِي الْجَامِعَةِ: ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇتۇش كافېدراسى.

هَيْئَةُ تَحْرِيرِ الْمَجَلَّةِ: ژۇرنال تەھرىر ھەيئىتى.

الْهَيْئَةُ الْبِرْلَمَانِيَّةُ: پارلامېنت ئاپپاراتى.

هَيْئَةُ أَرْكَانِ الْحَرْبِ: باش شتاب.

الْهَيْئَاتُ الْمُخْتَصَّةُ: مەخسۇس ئورگانلار، مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار.

عِلْمُ الْهَيْئَةِ: ئاسترونومىيە.

الْهَيْئَاتُ الشَّرْعِيَّةُ: قانۇن ئورۇنلىرى.

الْهَيْئَاتُ الْقِيَادِيَّةُ: رەھبەرلىي ئورگانلار.

هَيْبَةٌ: قورقماق، چۆچۈمەك؛ ھۆرمەتلىمەك، بويسۇنماق؛ ھەيۋەت، سۈر.

هَيْتَ: بېرى كەل.

هَيْتَ لَكُمَا: ئىككىڭ بېرى كەل.

هَيْتَ لَكُنَّ: سىلەر ئاياللار بېرى كېلىڭلار.

﴿وَغَلَّقَتِ الْأَبْوَابَ وَقَالَتْ هَيْتَ لَكَ﴾ «قرآن»: ئىشىكلەرنى تاقىۋېتىپ بېرى كەل، دېدى.

الْهَيْثَمُ: لاچىن، بۈركۈت چۈجىسى.

هَيْجٌ . هَيْجَا . هَيْجَاءُ: جەڭ، ئۇرۇش.

لَا يَتَكَاسَلُ فِي الْهَيْجَاءِ: ئۇ ئۇرۇشتا بوشاڭلىق قىلمايدۇ.

هَيَجَانٌ: قالايمىقانچىلىق، پاراكەندىچىلىك، ئەنسىزچىلىك.

هَيْدٌ: چوڭ، بۈيۈك.

هَيْدَانٌ: قورقۇنچاق، ھاياجانلانغۇچى.

هَيْدَبٌ: دۆت، كالۋا.

هَيْرٌ: شىمال شاملى، شەرق شاملى.

هِيَرٌ: شەرق شاملى؛ كېچىنىڭ ئاز بىر قىسمى.

هَيْرَةٌ: تۈزلەڭلىك.

هِيرُوغْلِيفِيٌّ: تەسۋىرى، (شەكىللىك) يېزىقنىڭ، تەسۋىرى يېزىقلىق، ئېئوروگلىق، پىكتوگراف.

هِيرُوغْلِيفِيَّةٌ: تەسۋىرىي يېزىق، شەكىللىك يېزىق.

الْكِتَابَةُ الْهِيرُوغْلِيفِيَّةُ: تەسۋىرىي يېزىق قۇرۇلمىسى.

هَيْزَعَةٌ: قورقۇپ كەتمەك، جەڭدىكى ئاللا-توۋا ئاۋاز.

هِيشٌ هِيشَةٌ: ئورمان، دەرەخزارلىق.

هَيْشَةٌ ج هَيْشَاتٌ: پاراكەندىچىلىك، قالايمىقانچىلىق.

هِيشَةٌ ج هِيَشٌ: بۈك-باراقسان دەرەخزارلىق.

هَيْشَرٌ ج هَيَاشِرُ: ياداڭغۇ ئۇزۇنتۇرا ئادەم.

هَيْصَارٌ: شىر، يولۋاس.

هَيْصَرٌ: شىر، يولۋاس.

هَيْصَمٌ ج هَيَاصِمُ: قاتتىق، توم.

هَيْصُورٌ: شىر، يولۋاس.

هَيْضٌ: يۇمشاق، يۇمشاقلىق.

هَيْضَةٌ ج هَيَضَاتٌ: خولېرا.

أُصِيبَ الدَّجَاجُ بِالْهَيْضَةِ: مېكىيان خولېرا بىلەن ئاغرىندى.

هَيْضَلٌ ج هَيَاضِلُ: چوڭ قوشۇن، قوراللىق توپ؛ جاسارەتلىك.

هَيْطَلٌ ج هَيَاطِلُ وَهَيَاطِلَةٌ: تۈلكە.

هَيْطَلَةٌ: مىس قازان.

هَيْطَلَةٌ ج هَيَاطِلُ: تۈلكە.

هَيْغٌ يَهْيَغُ هَيْغًا الْعَامُ: يىل مولچىلىق بولدى.

هَيْفٌ يَهْيَفُ هَيْفًا الْفَتَاةُ: قىز زىلۋا غۇنچە بوي بولدى.

هَيْفٌ: ئىسسىق شامال.

هَيْفَاءُ ج هِيفٌ وَهَيْفَوَاتٌ: زىلۋا غۇنچە بوي ئايال.

هَيْفَانٌ ج هَيْفَى: چاڭقاپ كەتكەن، ئۇسساپ كەتكەن.

هَيْقٌ ج أَهْيَاقٌ وَهُيُوقٌ: ئەركەك تۆگە قۇشى.

هَيْقٌ مِنَ الرِّجَالِ: ئۇزۇنتۇرا ئادەم.

هَيْقَلٌ ج هَيَاقِلُ: تۆگە قۇشى بالىسى.

هَيْقَمٌ: ئوكيان.

هَيْقَمَانِيٌّ: ئۇزۇن.

هَيْكَلَ يُهَيْكِلُ هَيْكَلَةً الزَّرْعُ: زىرائەت ئۆستى، بوي تارتتى.

هَيْكَلٌ ج هَيَاكِلُ: زور، يوغان؛ چوڭ بىنا، بۇتخانا، چېركاۋ؛ ھەيكەل، چوڭ ئىمارەت، چوڭ قۇرۇلۇش، داچا، بازا، مودىل.

الْهَيْكَلُ الْعَظْمِيُّ: ئىسكىلىت.

هَيْكَلُ الْكَنِيسَةِ: مېھراپ.

شَجَرٌ هَيْكَلٌ: يوغان دەرەخ.

فَرَسٌ هَيْكَلٌ: زور ئات.

هَيْكَلُ الشُّهَدَاءِ: قۇربانلار خاتىرە ھەيكىلى.

هَيْكَلِيٌّ: ئىسكىلىتنىڭ.

هَيْكَلِيَّةٌ. طَلْقَةٌ هَيْكَلِيَّةٌ: پراكتىكا قىلىدىغان ئوق، ئوقسىز پاترون.

هَيْلٌ. هَيَلَانٌ: ئاقما قۇم.

هَيْلَمَانٌ: ھەر نەرسىنىڭ تولىسى، كۆپ، نۇرغۇن، مول، نۇرغۇن بايلىق.

جَاءَنَا بِالْهَيْلِ وَالْهَيْلَمَانِ: بىزگە نۇرغۇن مال ئېلىپ كەلدى.

هِيلُوكِبْتِرُ: تىك ئۇچار ئايروپىلان.

هِيْمٌ: چاڭقاپ كەتكەن، ئۇسسۇز.

﴿فَشَارِبُونَ شُرْبَ الْهِيمِ﴾ «قرآن»: تەشنا بولغان تۆگىلەردەك ئىچىسىلەر.

هَيْمَانٌ م هَيْمَى ج هِيَامٌ: كۆيۈپ قالغۇچى، ئاشىقى بىقارار.

هَيْمَنَ يُهَيْمِنُ هَيْمَنَةً: ئامىن، دېدى.

هَيْمَنَ الشَّخْصُ عَلَى كَذَا: كۆزەتتى، ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى، كونترول قىلىۋالدى.

هَيْمَنَ الْوَكِيلُ عَلَى أَمْلَاكِ الْيَتِيمِ: ۋەكىل يېتىمنىڭ مال-مۈلكىگە ئىگىدارچىلىق قىلدى.

هَيْمَنَةٌ: رەھبەرلىك قىلماق، كونترول قىلماق، كۆكۈل بۆلمەك.

هَيْمَنَةُ الْحُكْمِ الْعَسْكَرِيِّ عَلَى الْبِلَادِ: ھەربىي ھاكىمىيەتنىڭ دۆلەتنى كونترول قىلىشى.

هَيْنٌ: ئاسان، ئوڭاي.

هَيْنَةٌ: ئوڭايلىق، ئاسانلىق، ئاستا.

إِمْشِ عَلَى هَيْنَتِكَ: ئالدىرىماي ماڭ.

عَلَى الْهَيْنَةِ: ئاسانغىنا.

هَيْنَغٌ: پاھىشە، بۇزۇق ئايال.

هَيْنَمٌ: پاختا.

هَيْنَمَةٌ: ئاللاھغا ئىلتىجا قىلماق؛ مەخپىي ئاۋاز، يوشۇرۇن ئاۋاز؛ پۇرچاقنىڭ بىر تۈرى.

هَيْهَاتَ: يىراقلاشتى، يىراق بولدى، نېمىدېگەن يىراق؟

هَيْهَاتَ أَنْ يَتِمَّ صُلْحٌ مَعَ إِسْرَائِيلَ: ئىسرائىل بىلەن كېلىشىم تۈزۈش نېمىدېگەن يىراق.

هَيُوبٌ: قورقۇنچاق، يۈرەكسىز.

هَيُولِيٌّ: تۇنجى ماددا، ماتېرىيال، ماھىيەت، ئاتوم.

هَيُومٌ: تېكىرقاپ قالغۇچى، تۈيۈق يولغا كىرىپ قالغۇچى.

هَيَّ هَيَّا تېز، چاپسان، تېز بول.

هَيَّابَتَا ماكايلى، يۈرەيلى، كەتتۇق ئەمىسە.

هَيَّا إِلَى الْعَمَلِ: خىزمەتكە ئالدىرىغىن.

هَيَّابٌ ج هَيَّابُونَ: قورقۇنچاق، يۈرەكسىز.

إِقْتَحَمَ الْمَصَائِبَ غَيْرَ هَيَّابٍ وَلَا وَجِلٍ: ھېچقانداق قورقماستىن قىيىنچىلىقلارغا بۆسۈپ كىردى.

هَيَّأَ يُهَيِّئُ تَهْيِئَةً الشَّيْءَ: نەرسىنى تەييارلىدى، ھازىرلىدى.

هَيَّأَ الطَّعَامَ فِي وَقْتِهِ: تاماقنى ئۆز ۋاقتىدا تەييارلىدى.

﴿وَهَيِّئْ لَنَا مِنْ أَمْرِنَا رَشَداً﴾ «قرآن»: بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى تۈزەپ، ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن قىلغىن.

**هَيَّبَ يُهَيِّبُ تَهْيِيبًا:** قورقۇتتى، ھەيۋەتلىك كۆرسەتتى.

**هَيَّتَ يُهَيِّتُ تَهْيِيتًا بِهِ:** ئۇنى چاقىردى، ئۇنىڭغا تووۋلىدى.

**هَيَّجَهُ يُهَيِّجُ تَهْيِيجًا:** ئۇنى قوزغىدى، ھەرىكەتلەندۈردى، ھاياجانلاندۇردى.

**هَيَّجَ الشَّهِيَّةَ:** ئىشتىھاسىنى قوزغىدى.

**هَيَّجَ الْغَضَبَ:** غەزەپلەندى، ئوغىسىنى قايناتتى.

**هَيَّجَتِ الرِّيْحُ الْبَحْرَ:** شامال دېڭىزنى تەۋرىتىۋەتتى.

**هَيَّدَ يُهَيِّدُ تَهْيِيدًا السَّائِرُ:** تېز ماڭدى.

**هَيَّدَ الْأَمْرُ فُلَانًا:** پالانىنى چۆچۈتىۋەتتى.

**هَيَّدَهُ:** ئۇنى ئوڭشىدى، تۈزىدى.

**هَيَّرَهُ يُهَيِّرُ تَهْيِيرًا:** ئۇنى ۋەيران قىلدى، بۇزۇۋەتتى، ئالدىراتتى.

**هَيَّرَهُ:** ئۇنى يىقىتىۋەتتى، ئۇنى تۈيۈق يولغا كىرگۈزۈپ قويدى.

**هَيِّرٌ:** شاللاق، قارام، تەۋەككۈلچى.

**هَيَّصَ يُهَيِّصُ تَهْيِيصًا:** خۇش بولۇپ كەتتى، شادلىنىپ كەتتى.

**هَيَّضَ يُهَيِّضُ تَهْيِيضًا فُلَانًا:** قۇتراتتى، كۈشكۈرتتى، قوزغىدى.

**هَيَّفَ يُهَيِّفُ تَهْيِيفًا:** پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتتى.

**هَيَّلَ يُهَيِّلُ تَهْيِيلًا عَلَيْهِ التُّرَابَ:** ئۇنىڭ ئۈستىگە توپا قويدى، توپا تاشلىدى.

**هَيَّمَهُ يُهَيِّمُ تَهْيِيمًا الْحُبّ:** مۇھەببەت ئۇنى ئاشىقى بىقارار قىلدى.

**هَيِّنٌ ج أَهْوِنَاءُ:** ئوڭاي، ئاسان.

﴿وَتَحْسَبُونَهُ هَيِّناً وَهُوَ عِندَ اللَّهِ عَظِيمٌ﴾ «قرآن»: ئۇنى سەل چاغلىدىڭلار، ھالبۇكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئۇ چوڭ گۇناھدۇر.

**رَجُلٌ هَيِّنٌ:** خار ئادەم.

uyghurkitap.com



# و

و ‹وَاوْ› ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ 27 ـ ھەرپى بولۇپ، ئەبجەد ھېسابىدا «6»نى كۆرسىتىدۇ.

1. و ‹وَاوْ›

1) باش كېلىش ئەرلىك جىنسى كاتېگورىيىسىدىكى كۆپلۈك ئۆلانما ئالماش رولىنى ئۆتەيدۇ.

مەسىلەن: ثَارُوْا: ئۇلار ئىنقىلاب قىلدى.

2) ئىككىنچى شەخس ئالماش ئەرلىك جىنسى كاتېگورىيىسىدىكى كۆپلۈك شەكلىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: تَخْدِمُوْنَ شَعْبَكُمْ : سىلەر ئۆز خەلقىڭلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىسىلەر.

2. ئومۇمىي باغلىغۇچى بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا «ۋە»، «ھەم»، «ھەمدە»، «بىلەن» قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: شَرِبْتُ الشَّايَ وَالْقَهْوَةَ: چاي ۋە قەھۋە ئىچتىم.

3. ھال جۈملىنىڭ ئالدىدا قوللىنىلىدۇ.

مەسىلەن: جَاءَ أَحْمَدُ وَالشَّمْسُ طَالِعَةٌ: ئەھمەد كۈن چىقىۋاتقاندا كەلدى.

4. بىلەن، بىللە مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن، سِرْتُ وَالشَّاطِيءَ : قىرغاق بىلەن ماڭدىم.

5. قەسەمنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: وَاللهِ الْعَظِيْمِ: ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

6. «رُبَّ» بىلەن مەنىداش كېلىدۇ. مەسىلەن: وَلَيْلٍ كَمَوْجِ الْبَحْرِ أَرْخَى سُدُوْلَهُ عَلَيَّ: تولا دولقۇنلۇق كېچىلەر ماڭا پەردىلىرىنى چۈشۈردى.

7. «أَمَّا» نىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: تَحِيَّةً وَسَلَامًا وَبَعْدُ فَقَدْ وَصَلَنِي كِتَابُكَ: سالام ـ سەھەتتىن كېيىن مەقسەتكە كەلسەك خېتىڭىزدىن ۋاقىپ بولدۇم.

وَا: قايغۇ ـ ھەسرەتنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە.

وَا حَسْرَتَاه: ئەپسۇس، ۋاي ئىسست، ئاپلا، ۋىيەي.

وَا حَرِّ قَلْبَاه : ۋاي يۈرەك.

وَاءَلَ يُئَاوِلُ مُؤَاوَلَةً وَوِئَالًا: ئىلتىجا قىلدى.

وَابِطٌ: قورقۇنچاق، توخۇ يۈرەك، ئاجىز، چاكىنا ئادەم.

وَابِلٌ: قاتتىق يامغۇر.

أَمْطَرَهُ وَابِلًا مِنَ الرَّصَاصِ: ئۇنىڭغا ئوق ياغدۇردى.

أَمْطَرَهُ بِوَابِلٍ مِنَ الشَّتَائِمِ: ئۇنى تىل ـ ئاھانەتكە كۆمۈۋەتتى.

﴿فَإِن لَّمْ يُصِبْهَا وَابِلٌ فَطَلٌّ ﴾ ‹قرآن›: قاتتىق يامغۇردىن بەھرىمەن بولمىسا شەبنەم بىلەنمۇ قانىدىغان (بىر باغقا ئوخشايدۇ).

وَابِلَةٌ: ئوشۇق.

وَابُوْرٌ ج وَابُوْرَاتٌ: پار ياكى توك بىلەن ماڭىدىغان ماشىنا؛ پاراۋوز، ئۇسكۇنە.

وَابُوْرٌ بُخَارِيٌّ: پار ماشىنىسى.

وَابُوْرُ الْحَرْثِ تراكتور.

وَابُوْرُ الْحَرِيْقَةِ أَوِ الْمَطَافِيْءِ: ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسى.

وَابُوْرُ الرُّكَّابِ: يولۇچىلار كېمىسى.

وَابُوْرُ الْحَلِيْجِ: چىگىت ئايرىش ماشىنىسى.

وَابُوْرُ الزَّلْطِ: يول چىڭداش ماشىنىسى.

وَابُوْرُ الرَّيِّ: سۇ پومپىسى.

وَابُوْرُ الْغَازِ: گاز ئوچىقى.

وَابُوْرُ بَحْرٍ: پاراخوت، موتورلۇق كېمە.

وَابُوْرٌ وَرْدِيَّةٌ: كوچا تازىلاش ماشىنىسى.

وَاتَأَ يُوَاتِئُ مُوَاتَأَةً وَ وِتَاءً فُلَانًا عَلَى الْأَمْرِ: قوللىدى، قوشۇلدى.

وَاتَرَ يُوَاتِرُ مُوَاتَرَةً الشَّيْءَ: نەرسىنى ئارىلاپ قىلدى.

وَاتَرَ الصَّوْمَ: روزىنى ئارىلاپ تۇتتى.

وَاتِنٌ ج وُتَّنٌ: يەرلىشىپ قالغان ئادەم، توختام سۇ.

وَاثَبَ يُوَاثِبُ مُوَاثَبَةً: شىددەت بىلەن ئېتىلدى.

وَاثَبَ الْأَسَدُ السَّبُعَ: يولۋاس يىرتقۇچ هايۋان بىلەن ئېلىشتى.

وَاثَقَ يُوَاثِقُ مُوَاثَقَةً: توختام تۈزۈشتى، كېلىشىم قىلىشتى.

وَاثَقْتُكَ بِاللهِ أَنْ لَا أَفْعَلَ بِكَ سُوْءًا: ساڭا يامانلىق قىلماسلىققا ئاللاھقا ئەھدە قىلدىم.

﴿وَاذْكُرُواْ نِعْمَةَ اللّهِ عَلَيْكُمْ وَمِيثَاقَهُ الَّذِي وَاثَقَكُم بِهِ﴾ ‹قرآن›: (ئى مۇئمىنلەر!) ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ۋە سىلەر بىلەن بولغان مۇئاھىدىسىنى ئەسلەڭلار.

وَاثِنٌ ج وُثَّنٌ: مۇقىم، ئىزچىل.

وَاجَبَ يُوَاجِبُ مُوَاجِبَةً وَ وِجَابًا: ئۇنىڭغا ئارتتى.

وَاجِبٌ ج وَاجِبَاتٌ: ۋەزىپە، مەسئۇلىيەت، ۋاجىپ؛ قەرز؛ مۇقەررەر، چوقۇم، جەزمەن، قەتئىي.

يُؤَدِّي كُلّ وَاحِدٍ مِنَّا وَاجِبَهُ: هەربىرىمىز ئۆز ۋەزىپىمىزنى ئورۇنلاۋاتىمىز.

وَاجِبُ الْوُجُوْدِ: ئۆز-ئۆزىدىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئاللاھ.

الْوَاجِبُ النَّبِيْلُ: يۈكسەك بۇرچ.

وَاجِبٌ قَوْمِيٌّ: مىللىي بۇرچ.

الْوَسَائِلُ الْوَاجِبُ اِتْخَاذُهَا: قوللىنىشقا تېگىشلىك تەدبىرلەر.

«الْقِيَامُ بِأَرْكَانِ الْإِسْلَامِ الْخَمْسَةِ وَاجِبٌ»: ئىسلامنىڭ بەش رۇكنىنى ئادا قىلىش پەرزدۇر.

«قَامَ بِوَاجِبِهِ» مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلدى، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلدى.

«قَصَرَ فِي وَاجِبِهِ»: ۋەزىپىنى ئورۇندىمىدى.

«عَلَى الْمُوَاطِنِ وَاجِبَاتٌ وَلَهُ حُقُوْقٌ»: گراژدانىنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە هوقۇقلىرى بار.

يُؤَدِّي الطَّالِبُ وَاجِبَاتِهِ الدِّرَاسِيَّةَ فِي مَوَاعِيْدِهَا بِدِقَّةٍ وَإِتْقَانٍ: ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ۋاقتىدا ئوبدان ئورۇنلايدۇ.

يَرُدّ الْمُدَرِّسُ الْوَاجِبَاتِ الْمَنْزِلِيَّةَ الْمُصَحِّحَةَ إِلَى الطَّلَبَةِ: ئوقۇتقۇچى تۈزىتىلگەن ئائىلە تاپشۇرۇقلىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

وَاجِدٌ: كەشپىياتچى، ئىجاد قىلغۇچى؛ تاپقۇچى، بىلگۈچى، بايقىغۇچى؛ باي.

وَاجِدٌ عَلَيْهِ: غەزەپلەنگۈچى.

الْوَاجِدُ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ، «ھەممىدىن بىھاجەت ئاللاھ» دېگەن مەنىدە.

«لَعَلَّكَ وَاجِدٌ كَلَامِيْ مَعْقُوْلًا»: مېنىڭ سۆزۈمنى ئەقىلگە مۇۋاپىق دەپ قارىشىڭ مۇمكىن.

وَاجِزٌ: ئاددىي، قىسقا، يىغىنچاق، ئىخچام.

وَاجِسٌ: ئەندىشە، خاتىرجەمسىزلىك، ئەنسىزلىك.

وَاجِفٌ: ئەنسىز، تىنچسىز، تەۋرىگۈچى.

﴿قُلُوبٌ يَوْمَئِذٍ وَاجِفَةٌ﴾ ‹قرآن›: بۇ كۈندە دىللارنى قورقۇنچ باسىدۇ.

وَاجِمٌ: سۈكۈت قىلغۇچى، جىمجىت.

وَاجَهَ يُوَاجِهُ مُوَاجَهَةً: ئۇچراشتى، يۈزلەشتى، يولۇقۇشتى.

وَاجَهَهُ: ئېلىشتى.

وَاجَهَ الْجُنْدِيّ عَدُوَّهُ: ئەسكەر دۈشمىنى بىلەن ئېلىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



وَاجَهَ الْخَطَرَ: خەتەرگە تاقابىل تۇردى.

سَوْفَ نُوَاجِهُ امْتِحَانًا قَاسِيًا: بىز قاتتىق سىناققا دۇچ كېلىمىز.

وَاجِهَةٌ ج وَاجِهَاتٌ: ئالدى، ئالدى تەرەپ، ئۇدۇل تەرەپ.

وَاجِهَةُ الْمَخْزَنِ: تاۋار ماللارنى تىزىش ئىشكاپى.

وَاجِهَةٌ زُجَاجِيَّةٌ: ئەينەك ئىشكاپ.

عُرِضَتْ مُخْتَلِفُ أَنْوَاعِ الْأَلْعَابِ فِي وَاجِهَةِ مَتْجَرِ الْأَطْفَالِ: ئۆسمۈرلەر ماگىزىنىنىڭ ئەينەكلىك ئىشكاپى ئىچىگە تۈرلۈك ئويۇنچۇقلار قويۇلغان.

وَاجِهَةُ الدَّارِ: قورۇنىڭ ئالدى.

وَاحٌ وَاحَةٌ ج وَاحَاتٌ: قاقاسلىق، باياۋان.

وَاحِدٌ ج وُحْدَانٌ وَ أُحْدَانٌ: يەككە، بىردىنبىر، يېگانە، تەكدىشى يوق.

هُوَ وَاحِدُ قَوْمِهِ: ئۇ قوۋمىنىڭ يېگانىسى.

وَاحِدُ الْأَحَدِ: بىرلا ئاللاھ، تەكداشسىز ئاللاھ.

أَتَوْ زَرَافَاتٍ وَ وُحْدَانًا: توپ-توپ ۋە بىرلەپ-بىرلەپ كەلدى.

وَاحِدٌ م وَاحِدَةٌ ج وَاحِدُونَ: بىر، بىرىنچى.

السَّاعَةُ الْوَاحِدَةُ: بىرىنچى سائەت.

﴿إِلَهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ﴾ «قۇرئان»: سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھدۇر.

﴿كَانَ النَّاسُ أُمَّةً وَاحِدَةً﴾ «قۇرئان»: ئىنسانلار (دەسلەپتە) بىر ئۇممەت (يەنى، ھەق دىندا) ئىدى.

وَاحِدَةُ الْمُوسِيقِيِّ: ئۇدار، تاكت (مۇزىكا ئاھاڭىنىڭ ۋەزنى).

وَاحِدَةٌ بِوَاحِدَةٍ: بىرگەبىر.

وَاحِفٌ: قويۇق، چىرايلىق قارا چاچ، ياپيېشىل ئۆسۈملۈك.

وَاحٍ: تېلېگراف ئىدارىسى.

وَاحٍ ج وَاحُونَ وَ وُحَاةٌ: ۋەھيى قىلغۇچى، ئىشارەت قىلغۇچى، ئىلھام بەرگۈچى.

وَاخَى يُوَاخِي مُوَاخَاةً: دوستلاشتى، قېرىنداش بولۇشتى.

وَادَجَ يُوَادِجُ مُوَادَجَةً فُلَانًا: ئەپلەشتى، مادارا قىلدى.

وَادَّ يُوَادُّ وِدَادًا وَمُوَادَّةً: دوست بولۇشتى، ياخشى كۆرۈشۈشتى.

﴿لَا تَجِدُ قَوْماً يُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ يُوَادُّونَ مَنْ حَادَّ اللَّهَ وَرَسُولَهُ﴾ «قۇرئان»: ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قوۋمنىڭ ئاللاھ بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن.

وَادَعَ يُوَادِعُ مُوَادَعَةً وَ وِدَاعًا: ئەپلەشتى، ياراشتى، سۈلھى قىلىشتى.

وَادِعٌ: ھاۋالە قىلغۇچى، ئامانەت قويغۇچى.

وَادِكٌ: سېمىز، مايلىق.

وَادٍ (الْوَادِي) ج أَوْدِيَةٌ: جىلغا، ساي، ۋادى، ئېقىن.

وَادٍ ضَيِّقٌ: تار ساي.

هُمَا مِنْ وَادٍ وَاحِدٍ: ئۇ ئىككىسى بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى.

﴿إِذْ نَادَاهُ رَبُّهُ بِالْوَادِ الْمُقَدَّسِ طُوًى﴾ «قۇرئان»: ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى پەرۋەردىگارى تۇۋا ناملىق مۇقەددەس ۋادىدا چاقىردى.

«أَنْتَ بِوَادٍ وَنَحْنُ فِي وَادٍ»: يولىمىز باشقا-باشقا.

سَالَ بِهِمُ الْوَادُ: ھالاك بولدى، كەلكۈن ئېقىتىپ كەتتى.

كَصَرْخَةٍ فِي وَادٍ: پايدىسى يوق، تەسىرى يوق.

«ذَهَبَتْ نَصَائِحُهُ كَصَرْخَةٍ فِي وَادٍ»: ئۇنىڭ نەسىھەتلىرى بىكار كەتتى.

وَاذِعٌ: بۇلاق، بۇلاق سۈيى.

وَارَبَ يُوَارِبُ مُوَارَبَةً: ئالدامچىلىق قىلدى.

وَارَبَ الْبَابَ: ئىشىكنى قىيا ئاچتى.

«وَإِنْ بَايَعْتَهُمْ وَارَبُوكَ»: ئۇلار بىلەن كېلىشىم تۈزسەڭ، ئۇلار ساڭا ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىدۇ.

وَارِثٌ ج وَرَثَةٌ وَ وُرَّاثٌ: ۋارىس، مىراسخور.

وَارِثٌ شَرْعِيٌّ: قانۇنلۇق ۋارىس.

﴿وَاجْعَلْنِي مِن وَرَثَةِ جَنَّةِ النَّعِيمِ﴾ «قرآن»: مېنى نازۇنېمەتلىك جەننەتنىڭ ۋارىسلىرىدىن قىلغىن.

الْوَارِثُ: ئاللاھتائالانىڭ گۈزەل ئىسىم ـ سىپاتلىرىدىن بولۇپ، «مەڭگۈ باقىي بولۇپ ھەممىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى»، دېگەن مەنىدە.

وَارِدٌ ج وَارِدُونَ وَ وُرَّادٌ وَ وُرُودٌ وَ وَارِدَةٌ: كەلگۈچى، يېتىپ كەلگۈچى؛ ئىمپورت قىلغۇچى.

﴿وَجَاءَتْ سَيَّارَةٌ فَأَرْسَلُوا وَارِدَهُمْ﴾ «قرآن»: بۇ يەردىن بىر كارۋان ئۆتتى، ئۇلار سۇچىنى ئەۋەتتى.

وَارِدَاتٌ: ئىمپورت ماللار.

الْوَارِدَاتُ وَالصَّادِرَاتُ: ئىمپورت ۋە ئېكسپورت ماللار.

وَارِشٌ: كۈتۈلمىگەن مېھمان، چاقىرىلمىغان مېھمان.

وَارَعَ يُوَارِعُ مُوَارَعَةً: سۆزلەشتى، مەسلىھەتلەشتى.

وَارِفٌ: يېڭى، يۇمران، ئۇزۇن.

ظِلٌّ وَارِفٌ: ئۇزۇن سايە.

نَبَاتٌ وَارِفٌ: بۇلۇق ئۆسۈملۈك.

وَارِقٌ: يوپۇرماقلىق.

الْأَشْجَارُ الْوَارِقَةُ مَصْفُوفَةٌ عَلَى جَانِبَيِ الطَّرِيقِ: يولنىڭ ئىككى ياقىسىغا يايپېشىل دەرەخلەر رەتلىك قويۇلغان.

وَارِمٌ: ئىششىغان، ئىششىپ قالغان، ئۆسمە.

وَارَنَ يُوَارِنُ مُوَارَنَةً فُلَانًا: يۈزلەشتى، روبىرو بولدى.

وَارِهٌ: كەڭ.

الدَّارُ الْوَارِهَةُ: كەڭ قورۇ.

وَارَى يُوَارِي مُوَارَاةً الشَّيْءَ: نەرسىنى يوشۇردى، مەخپىي تۇتتى.

وَارَى الْمَيِّتَ: مېيىتنى دەپنە قىلدى، كۆمدى.

﴿يَا بَنِي آدَمَ قَدْ أَنزَلْنَا عَلَيْكُمْ لِبَاساً يُوَارِي سَوْءَاتِكُمْ وَرِيشاً﴾ «قرآن»: ئى ئادەم بالىلىرى! سىلەرگە بىز ھەقىقەتەن ئەۋرەتلىرىڭلارنى ياپىدىغان ۋە زىننەتلىنىدىغان لىباسنى چۈشۈردۇق.

وَارِ م وَارِيَةٌ: ئۈچقۇن چىقارغۇچى، سېمىز ماي.

وَازَرَ يُوَازِرُ مُوَازَرَةً: ۋەزىر بولدى، مىنىستىر بولدى.

وَازَرَهُ عَلَى: ياردەم قىلدى.

وَازِعٌ ج وَزَعَةٌ وَ وُزَّاعٌ: مەنئى قىلغۇچى، چەكلىگۈچى، توسقۇچى؛ ھەربىي باشلىق؛ ئىت.

وَازَنَ يُوَازِنُ مُوَازَنَةً: سېلىشتۇردى، تەڭلەشتۇردى.

وَازِنٌ: جىڭچى، گىرچى؛ سالماق.

وَازَى يُوَازِي مُوَازَاةً: يۈزلەشتى، روبىرو بولدى.

وَاسِطٌ: ئىشىك، دەرۋازا.

وَاسِطَةٌ ج وَسَائِطُ: ئۇسۇل، چارە، ۋاستە؛ ۋاستىچى، شاپائەتچى.

تَحَصَّلَ فُلَانٌ عَلَى قَرْضٍ بِوَاسِطَةِ مُدِيرِ الْبَنْكِ: بانكا باشلىقىنىڭ ۋاستە بولۇشى بىلەن قەرز ئالدى.

وَاسِطَةُ الْإِتِّصَالِ: جاسۇس، ئىشپىيون، ئالاقىچى.

وَاسِعٌ: كەڭ.

وَاسِعُ الرَّحْمَةِ: مېھرى ـ شەپقەتلىك.

سَهْلٌ وَاسِعٌ: كەڭ تۈزلەڭلىك، بىپايان دالا.

شَارِعٌ وَاسِعٌ: چوڭ كوچا، كەڭ كوچا.

«نَشَاطٌ وَاسِعُ النِّطَاقِ»: كەڭ دائىرىلىك پائالىيەت.

uyghurkitap.com

الْوَاسِعُ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ،
«پەزىلى، مەرھەمىتى، ئاتاسى كەڭ ئاللاھ»،
دېگەن مەنىدە.
﴿إِنَّ اللهَ وَاسِعٌ عَلِيمٌ﴾ ‹قۇرئان›: ئاللاھنىڭ
(مەغپىرىتى) ھەقىقەتەن كەڭدۇر، ھەممىنى
بىلگۈچىدۇر.
طَرِيْقٌ وَاسِعٌ مُسْتَوِيَةٌ: تۈپتۈز، داغدام يول.
أُقِيْمَتْ إِحْتِفَالَاتٌ (جَمَاهِرِيَّةٌ) وَاسِعَةُ النِّطَاقِ: كەڭ-
كۆلەملىك تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى
ئۆيۈشتۇرۇلدى.
وَاسِقٌ ج وَاسِقَاتٌ وَ وِسَاقٌ: ھامىلدار، ئېغىر ئاياغ.
نَاقَةٌ وَاسِقٌ: بوغاز تۆگە.
وَاسَى يُوَاسِي مُوَاسَاةً: ياردەم بەردى، خەيرخاھلىق
قىلدى.
وَاشٍ ج وُشَاةٌ وَ وَاشُوْنَ: سۇخەنچى، تۆھمەتخور،
چېقىمچى؛ توقۇمىچىلىق ئىشچىسى؛
ئالتۇنچى، زەرگەر.
وَاصِبٌ: ھەمىشە، داۋاملىق، دائىم.
﴿وَلَهُمْ عَذَابٌ وَاصِبٌ﴾ ‹قۇرئان›: ئۇلار دائىملىق
ئازابقا قالىدۇ.
وَاصَلَ يُوَاصِلُ وِصَالًا وَ مُوَاصَلَةً الشَّيْءَ: نەرسىنى
داۋاملاشتۇردى.
وَاصَلَهُ: ئۇنىڭغا چاپلاشتى، بىرلەشتى.
وَاصَلَ سَعْيَهُ: ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇردى.
«وَاصَلَ الصِّيَامَ»: روزىنى ئۈزۈلدۈرمەي تۇتتى.
«وَاصَلُوْا الْإِضْرَابَ عَنِ الطَّعَامِ»: داۋاملىق ئاچلىق
ئېلان قىلدى.
«تُوَاصِلُ جُهْدَهَا بِاللَّيْلِ وَالنَّهَارِ»: ئۇ كېچە-كۈندۈز
تىرىشماقتا.
وَاضِيءٌ ج وَضَأَةٌ: پاكىز، تازا.
وَاضِحٌ: مەشھۇر، ئاتاقلىق؛ ئاشكارا، ئوچۇق،
روشەن، ئايدىڭ.

غَيْرُ وَاضِحٍ: مۇجمەل، تۇتۇق، چۈشىنىكسىز.
«فُلَانٌ وَاضِحُ الْحَسَبِ» پالانى نەسەبى پاك.
مِنَ الْوَاضِحِ أَنَّ النَّصْرَ قَرِيْبٌ: غەلىبىنىڭ يېقىنلىقى
ئېنىق.
«الْأَمْرُ وَاضِحٌ وُضُوْحَ الشَّمْسِ فِي رَائِعَةِ النَّهَارِ»: ئىش
كۈن تىكلەشكەن چاغدىكى قۇياشتەك ئوچۇق.
وَاضَعَ يُوَاضِعُ مُوَاضَعَةً: ئۇنىڭغا قوشۇلدى، ماقۇل
بولدى.
وَاضِعٌ: تۇغۇتلۇق ئايال، چۆمبەلسىز ئايال.
وَاضِعٌ م وَاضِعَةٌ: قويغۇچى، ئورۇنلاشتۇرغۇچى.
وَاضِعُ الْكِتَابِ: يازغۇچى، ئاپتور.
وَاضِعُ الْيَدِ: ئىشغالىيەتچى، ئىگىلىۋالغۇچى.
وَاطٌ: ۋات (توكنىڭ).
وَاطَأَ يُوَاطِأُ مُوَاطَئَةً: ماقۇل بولدى، قوشۇلدى.
﴿يُحِلُّوْنَهُ عَامًا وَيُحَرِّمُوْنَهُ عَامًا لِيُوَاطِئُوْا عِدَّةَ مَا حَرَّمَ
اللّٰهُ﴾ ‹قۇرئان›: ئۇلار ئاللاھ ھارام قىلغان
ئايلارنىڭ سانىغا مۇۋاپىقلىشىش ئۈچۈن ئۇنى
بىر يىل ھالال قىلسا، ئىككىنچى يىلى ھارام
قىلىدۇ.
وَاطِئٌ: پەس، تۆۋەن.
صَوْتٌ وَاطِئٌ: پەس ئاۋاز.
وَاطَنَ يُوَاطِنُ مُوَاطَنَةً الْقَوْمَ: ئاما بىلەن بىر يۇرتتا
ياشىدى.
وَاظَبَ يُوَاظِبُ مُوَاظَبَةً: داۋاملاشتۇردى، ھەمىشە
بولدى.
«يُوَاظِبُ عَلَى الصَّلَاةِ»: ئۇ نامازنى تاشلىمايدۇ.
«وَاظَبَهُ عَلَى خِدْمَةِ فُلَانٍ»: ئۇنى پالانىنىڭ
خىزمىتىگە زورلىدى.
وَاعَدَ يُوَاعِدُ مُوَاعَدَةً: ۋەدىلەشتى، توختاملاشتى.
﴿وَإِذْ وَاعَدْنَا مُوسَى أَرْبَعِينَ لَيْلَةً﴾ ‹قۇرئان›: ئۆز
ۋاقتىدا مۇساغا قىرىق كېچە (كۆتكەندىن
كېيىن تەۋراتنى نازىل قىلىشنى) ۋەدە

قىلدۇق.

«وَاعَدَهُ الْمَوْضِعَ أَوِ الْوَقْتَ»: ئۇنىڭ بىلەن بىرەر جاي ياكى بىر ۋاقىتنى ۋەدىلەشتى.

وَاعِدٌ: ۋەدىلەشكۈچى، توختاملاشقۇچى.

وَاعِزٌ: ئوڭغۇل - دوڭغۇل، ئويمان - دۆڭ، كاتاڭ، قورقۇتقۇچى، قورقۇنچلۇق.

وَاعِظٌ ج وَاعِظُونَ وَ وُعَّاظٌ: نەسىھەت قىلغۇچى، ۋەز - نەسىھەت قىلغۇچى، ۋەزخان.

﴿قَالُوا سَوَاءٌ عَلَيْنَا أَوَعَظْتَ أَمْ لَمْ تَكُنْ مِّنَ الْوَاعِظِينَ﴾ «قرآن»: ئۇلار ئېيتتى: «نەسىھەت قىلامىسەن، قىلمامسەن بىزگە بەرىبىر ئوخشاش».

وَاعِيَةٌ: ئاڭلىقلىق، ئاۋاز، چۇقان.

الْوَاعِيَةُ الْخَفِيَّةُ: يوشۇرۇن ئاڭ.

﴿لِنَجْعَلَهَا لَكُمْ تَذْكِرَةً وَتَعِيَهَا أُذُنٌ وَاعِيَةٌ﴾ «قرآن»: سىلەرگە ئۇنى ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن، تۇتۇۋالىدىغان قۇلاقلارنىڭ ئۇنى تۇتۇۋېلىشى ئۈچۈن (بىز شۇنداق قىلدۇق).

وَاعٍ (الْوَاعِي) ج وُعَاةٌ: ئاڭلىق، ئىدراكلىق، چۈشەنچىسى چوڭقۇر.

وَاغِرٌ: غەزەپلەنگۈچى، ئاچچىقلانغۇچى.

وَاغِشٌ: پارازىت قۇرت، تەييارتاپ.

وَاغِلٌ: چاقىرىلمىغان مېھمان.

وَافِدٌ ج وَافِدُونَ وَ وَفْدٌ وَ وُفُودٌ وَ أَوْفَادٌ: كەلگۈچى، قەدەم تەشرىپ قىلغۇچى.

«تُرَحِّبُ بِالْبَشَاشَةِ كُلَّ وَقْتٍ جُمُوعَ الْوَافِدِينَ مِنَ الضُّيُوفِ»: سەن قەدەم تەشرىپ قىلغان مېھمانلارنى دائىم ئىللىق چىراي قارشى ئالىسەن.

مَرَضٌ وَافِدٌ: تارقىلىشچان كېسەل.

وَافِرٌ م وَافِرَةٌ: كۆپ، مول، يېتەرلىك، تولۇق؛ سېمىز قوينىڭ قۇيرۇقى.

سَنَةٌ وَافِرَةُ الْمَحْصُولَاتِ: مول هوسۇل يىلى.

وَافَقَ يُوَافِقُ مُوَافَقَةً: ماسلاشتى، ئۇيغۇنلاشتى، مۇۋاپىق كەلدى.

وَافَقَهُ فِي الطَّرِيقِ: يولدا ئۇچرىشىپ قالدى.

وَافَقَهُ فِي الشَّيْءِ أَوْ عَلَيْهِ: بىرلىككە كەلدى.

وَافَقَهُ عَلَى رَأْيِهِ: ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى.

لَقَدْ نَاقَشَ الْمَنْدُوبُونَ قَرَارَ الْمُؤْتَمِرِ وَ وَافَقُوا عَلَيْهِ: ۋەكىللەر قۇرۇلتاينىڭ قارارىنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە ئۇنى ماقۇللىدى.

وَافَقَهُ: ئۇنىڭغا ئۇيغۇن كەلدى.

هَذَا لَا يُوَافِقُنِي: بۇ ماڭا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

وَافَقَ عَلَى الْمَشْرُوعِ: پىلانغا قوشۇلدى.

وَافِلٌ: يېتەرلىك، تولۇق.

قَصَبٌ وَافِلٌ: پىشقان قومۇچ، سۇلۇق قومۇچ.

وَافَى يُوَافِي مُوَافَاةً: تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدى.

وَافَى الْمَكَانَ: جايغا يېتىپ باردى.

وَافَتْهَا الْمَنِيَّةُ: ئۇنىڭغا ئۆلۈم كەلدى.

«وَافَاهُ الْمَوْتُ»: ئۇنىڭغا ئۆلۈم كەلدى.

«وَافَاهُ الْأَجَلُ الْمَحْتُومُ»: ئۇنىڭغا پۈتۈلگەن ئەجەل كەلدى.

وَافٍ: تولۇق، يېتەرلىك.

غَيْرُ وَافٍ: يېتەرسىز، تولۇقسىز.

وَاقَعَ يُوَاقِعُ مُوَاقَعَةً: ئۇرۇشتى، سوقۇشتى.

وَاقَعَ الْأُمُورَ: ئىشلارنى بېجىردى.

وَاقَعَ الْمَرْأَةَ: ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلدى.

وَاقِعٌ ج وُقُوعٌ وَ وُقَّعٌ: چۈشۈپ كەتكۈچى؛ پەيدا بولغۇچى، يۈز بەرگۈچى، ۋەقە.

أَمْرٌ وَاقِعٌ: ئەمەلىيەت.

﴿وَإِنَّ الدِّينَ لَوَاقِعٌ﴾ «قرآن»: (ياخشى ئەمەللەرنى) مۇكاپاتلاش، (يامان ئەمەللەرنى) جازالاش چوقۇم بولىدىغان ئىشتۇر.

«طَائِرٌ وَاقِعٌ عَلَى الشَّجَرَةِ»: دەرەختە قونۇۋالغان

uyghurkitap.com



قۇش.

فِي وَاقِعِ الْأَمْرِ: ئەمەلىيەتتە.

«نُسُورٌ وُقَّعٌ عَلَى الْجَبَلِ»: تاغقا قونـدىغان بۈركۈتلەر.

وَاقِعَةٌ ج وَاقِعَاتٌ: ئەمەلىي ۋەقە، ھەقىقىي ۋەقە.

وَاقِعَةٌ ج وَقَائِعُ: ھادىسە، ۋەقە، ئۆزگىرىش؛ مۇسىبەت، ئاپەت، ئۇرۇش.

وَقَائِعُ الدَّعْوَى: ئەنزە ئەھۋالى.

نَقَلَ التِّلْفِزِيُونُ وَالْإِذَاعَةُ وَقَائِعَ الْإِحْتِفَالِ فِي حِينِهِ: تېلېۋىزور ۋە رادىئو تەبرىكلەش ئەھۋالىنى ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزدى.

الْوَاقِعَةُ: قىيامەت.

﴿فَيَوْمَئِذٍ وَقَعَتِ الْوَاقِعَةُ﴾ ‹قۇرئان›: بۇ كۈندە چوڭ ئىش (يەنى، قىيامەت) يۈز بېرىدۇ.

وَاقِعِيٌّ: ئەمەلىيەت، ۋەقەلىك، رېئاللىق.

الْمَذْهَبُ الْوَاقِعِيُّ: رېئالىزم.

مُعَالَجَةُ الْمُشْكِلَاتِ وَفْقًا لِلظُّرُوفِ الْوَاقِعِيَّةِ: مەسىلىلەرنى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ھەل قىلىش كېرەك.

وَاقِفٌ ج وَاقِفُونَ: تۇرغۇچى، ئۆرە تۇرغۇچى.

وَاقِفُ الْوَقْفِ: ۋەخپە قىلغۇچى.

وَاقٍ (الْوَاقِي): قوغدىغۇچى، ھىمايە قىلغۇچى، مۇھاپىزەتچى، مۇداپىئە قىلغۇچى.

دِرْعٌ وَاقٍ: ساۋۇت، دۇبۇلغا.

﴿مَا لَكَ مِنَ اللَّهِ مِن وَلِيٍّ وَلَا وَاقٍ﴾ ‹قۇرئان›: ساڭا ھېچقانداق ياردەم بەرگۈچى ۋە سېنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلىغۇچى بولمايدۇ.

«أَشْجَارٌ وَاقِيَةٌ مِنَ الرِّيحِ»: ئىھاتە ئورمانلىقى.

«نَزَلَ الْجُنْدِيُّ مِنَ الطَّائِرَةِ بِالْمِظَلَّةِ الْوَاقِيَةِ»: ئەسكەرلەر ئايروپىلاندىن بىخەتەرلىك پاراشوتى بىلەن چۈشتى.

وَاكَأَ يُوَاكِئُ مُوَاكَأَةً عَلَى يَدَيْهِ: ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى.

وَاكَبَ يُوَاكِبُ مُوَاكَبَةً عَلَى الْأَمْرِ: ئىشنى داۋاملاشتۇردى.

«وَاكَبَ الشَّخْصَ الْمَوْكِبَ»: توپ بىلەن بىللە ماڭدى.

وَاكِفٌ: يامغۇر.

وَاكَلَ يُوَاكِلُ مُوَاكَلَةً الْقَوْمُ: قوۋم بىر-بىرىگە يۆلەندى.

وَالِدٌ ج وَالِدُونَ: ئاتا، دادا.

الْوَالِدَانِ: ئاتا-ئانا.

﴿وَقَضَى رَبُّكَ أَلَّا تَعْبُدُوا إِلَّا إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا﴾ ‹قۇرئان›: پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى.

وَالِدَةٌ ج وَالِدَاتٌ: ئاپا، ئانا.

﴿اذْكُرْ نِعْمَتِي عَلَيْكَ وَعَلَى وَالِدَتِكَ﴾ ‹قۇرئان›: ساڭا ۋە سېنىڭ ئاناڭغا بەرگەن نېمىتىمنى ئەسلىگىن.

وَالَسَ يُوَالِسُ مُوَالَسَةً: ساختىلىق قىلدى، ئالدىدى.

وَالَفَ يُوَالِفُ مُوَالَفَةً: ئىناق بولۇشتى، يېقىنلاشتى.

وَالِهٌ: ئېڭىرقاپ قالغۇچى، ھودۇقۇپ قالغۇچى.

وَالَي يُوَالِي مُوَالَاةً: ئەگەشتى، دوستلاشتى.

وَالَي الرَّجُلَ: كىشىگە ياردەم بەردى، قوللىدى.

وَالَي الْعَمَلَ: ئىشنى داۋاملاشتۇردى.

وَالٍ (الْوَالِي) ج وُلَاةٌ: ھاكىم؛ ۋالىي، ئۆلكە باشلىقى.

وُلَاةُ الْأُمُورِ: ئىش بېشىدىكىلەر.

﴿وَمَا لَهُم مِّن دُونِهِ مِن وَالٍ﴾ ‹قۇرئان›: ئۇلارغا ئازابنى دەپئى قىلىدىغان ئاللاھدىن باشقا ئىگىمۇ بولمايدۇ.

وَامَقَ يُوَامِقُ مُوَامَقَةً الرَّجُلَانِ: بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ قالدى.

وَانَحَ يُوَانِحُ مُوَانَحَةً فُلَانًا: پالانىغا لايىقلاشتى،

قوشۇلدى، ماقۇللىدى.

وَانٍ: سەل قارىغۇچى، كىچىكتۈرگۈچى، بوشاڭلىق قىلغۇچى.

وَانٍ م وَانِيَةٌ: ئاجىز، بوش.

نَسِيمٌ وَانٍ: مەيىن شامال.

وَاهَ وَاهِ وَاهًا وَاهًا لَهُ: نېمىدېگەن ياخشى! ۋاي ئىست، پاھ.

«وَاهًا عَلَى مَا فَاتَ»: ۋاي ئىست، ۋاي خۇدايىمەي.

وَاهِبٌ: سوۋغا بەرگۈچى، ھەدىيە قىلغۇچى.

وَاهَسَ يُوَاهِسُ مُوَاهَسَةً: تېز ماڭدى، ئالدىراپ ماڭدى؛ جىدەللەشتى.

وَاهَسَهُ: ئۇنى خورلىدى.

وَاهِمٌ: خاتالاشقۇچى، خاتا ئويلاپ قالغۇچى، خاتا چۈشەنگۈچى.

وَاهِمَةٌ: تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتى، خىيال؛ فانتازىيە.

وَاهِنٌ ج وُهُنٌ: ئاجىز، زەئىپ.

وَاهِنَةٌ: رېماتىزم.

وَاهٍ ج وَاهُونَ وَ وُهَاةٌ م وَاهِيَةٌ: ئاجىز، زەئىپ، كۈچسىز، ئەرزىمەس؛ بوش.

﴿وَانشَقَّتِ السَّمَاءُ فَهِيَ يَوْمَئِذٍ وَاهِيَةٌ﴾ ‹قرآن›: ئاسمان يېرىلىدۇ، بۇ كۈندە ئاسمان (قالايمىقانلىشىپ) ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ.

«حُجَّةٌ وَاهِيَةٌ لَا تُعْتَمَدُ»: كېرەككە كەلمەيدىغان ئىشەنچسىز گەپ.

وَاوِي ج وَاوِيَةٌ: چىلبۆرە.

وِئَارٌ: گۈرجەك، كۈرەك.

وِئَامٌ: ماس، مۇۋاپىق، مۇناسىپ، لايىق، ماس كەلمەك، مۇۋاپىق كەلمەك.

«قَدْ دَعَوْتَ الْوَرَى إِلَى الْخَيْرِ وَالإِصْلَاحِ وَالْحُبِّ وَالإِخَاءِ وَالْوِئَامِ»: شۈبھىسىزكى، سەن كىشىلەرنى ياخشىلىققا، ئىسلاھاتقا، مېھىر-مۇھەببەتكە، قېرىنداشلىققا ۋە ئىناقلىققا چاقىردىڭ.

«لَو لَا الْوِئَامُ لَهَلَكَ الْأَنَامُ»: ئىناقلىق بولمىسا كىشىلەر ھالاك بولاتتى، بىرلىك بولماي تىرىكلىك بولماس.

عَاشَ فِي وِئَامٍ مَعَ جِيْرَانِهِ: قوشنىلىرى بىلەن ئەپ ياشىدى.

وَأَبَ يَئِبُ وَأْبًا وَإِبَةً فُلَانٌ: بېشىنى ساڭگىلاتتى، بېشىنى تۆۋەن سالدى.

وَأَبَ مِنْهُ: ئۇنىڭدىن ھايا قىلدى.

وَئِبَ يَوْئَبُ وَأَبًا: غەزەپلەندى، ئاچچىقلاندى.

وَئِبٌ م وَئِبَةٌ: چوڭقۇر قۇدۇق.

وَأْبَةٌ: ۋەئبە (سىغىم بىرلىكى بولۇپ، 32.9 لىتىرغا تەڭ).

وَأْجٌ: قاتتىق ئاچلىق.

وَأَدَ يَئِدُ وَأْدًا بِنْتَهُ: قىزىنى تىرىك كۆمدى.

وَأَدَ الْحَاكِمُ الْحُرِّيَّاتِ: ھۆكۈمران ئەركىنلىكنى بوغدى.

وَأْدُ الْبَنَاتِ: قىزلارنى تىرىك كۆمىدىغان ئادەت؛ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن تامنىڭ ئاۋازىدەك ئاۋاز.

وَأَرَ يَئِرُ وَأْرًا وَإِرَةً الرَّجُلَ: قورقۇتتى.

وَأَرَ فُلَانًا: پالاننى يامانلىققا ئىتتىرىۋەتتى.

وُؤْرَةٌ ج وُأَرٌ / أُوَرٌ: ئوچاق.

وَأَصَ يَئِصُ وَأْصًا بِهِ الْأَرْضَ: يەرنى قاڭدىدى.

وَأَطَ يَئِطُ وَأْطًا الشَّيْءَ: نەرسىنە قوزغالدى، ھەرىكەتلەندى.

وَأَطَ الْقَوْمَ: قوۋمنى زىيارەت قىلدى.

وَأَلَ يَئِلُ وَأْلًا وَ وَئِيلًا وَ وُؤُولًا: يوشۇرۇندى، پاناھلاندى.

وَأَلَ مِنْ كَذَا: بۇنىڭدىن نېرى تۇردى، بۇنىڭدىن قاچتى.

«وَأَلَ إِلَى اللهِ»: ئاللاھغا سېغىندى، ئىلتىجا قىلدى.

وَأَلَ الشَّخْصُ إِلَى الْمَكَانِ: جايغا ئالدىرىدى.

وَأْلٌ: پاناھگاھ، پاناھلىنىدىغان جاي.

وَأَمَ يَأَمُ وَئْمًا: ماس كەلدى، مۇۋاپىق كەلدى.

وَءِمَتِ الْمَرْأَةُ صَوَاحِبَاتِهَا: ئايال دوستلىرىنى دورىدى.

وَأْوَأَ يُوَأْوِئُ وَأْوَأَةً الْكَلْبُ: ئىت قاۋىدى.

وَأَيَ يَئِيْ وَأْيًا: ۋەدە قىلدى.

وَأْيٌ: ۋەدە قىلماق.

لَا خَيْرَ فِي وَأْيٍ إِنْجَازُهُ بَعْدَ لَأْيٍ: ۋاقتىدا ئورۇندالمىغان ۋەدىدە خەيرىيەت يوق.

وَئِيدٌ: ئاستا، ئالدىرىماي، سالماقلىق بىلەن، تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىز.

وَئِيدًا: ئاستا، ئالدىرىماي.

مَشَى مَشْيًا وَئِيدًا: ئالدىرىماي ماڭدى.

وَئِيدَةٌ: تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىز، تۆگىنىڭ بورقىرىشى.

جَاءَ بِخُطًى وَئِيدَةٍ: ئاستا قەدەم بېسىپ كەلدى.

وَئِيصَةٌ: توپ، جامائە.

مَا يُدْرَى أَيُّ الْوَئِيصَةِ هُوَ: ئۇلارنىڭ قايسى خەلق ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

وَبَاءٌ ج أَوْبِئَةٌ: تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەل، ۋابا، خولېرا، چۇما.

وَبَائِيٌّ: تارقىلىشچانلىق، تارقىلىشچانلىق (كېسەللىكنىڭ).

مَرَضٌ وَبَائِيٌّ: تارقىلىشچان كېسەل.

وَبَاءٌ مُسْتَوْطِنٌ: يەرلىك كېسەل.

وَبَاءٌ وَافِدٌ: يۇقۇملۇق كېسەل.

عِلْمُ الْأَوْبِئَةِ: تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ئىلمى.

وَبَالٌ: نەم ھاۋا، تىنچىق ھاۋا، ناچار ھاۋا؛ زىيان-زەخمەت؛ ئېغىر ئاقىۋەت.

﴿ذَاقُوا وَبَالَ أَمْرِهِمْ﴾ «قۇرئان»: قىلمىشلىرىنىڭ ۋابالىنى تېتىغانلارغا...

وَبَأَ يَوْبَأُ وَبْأً: ئىشارەت قىلدى.

وَبَأَ الْمَتَاعَ: مالنى يىغىشتۇردى.

وَبَأَ الشَّيْءَ: نەرسىنى تەييارلىدى.

وَبِئَ يَوْبَأُ وَبَئًا وَ وَبَاءً: ۋابا كېسىلىگە دۇچار بولدى.

وَبِئَ الْبَلَدُ: ۋابا تارقالدى.

وَبُؤَ يَوْبُؤُ وِبَاءً وَ وِبَاءَةً وَ إِبَاءً وَ إِبَاءَةً: ۋابا كېسىلىگە دۇچار بولدى، ۋابا كېسىلى تارقالدى.

وَبَأٌ ج أَوْبَاءٌ: تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەل، ۋابا، چۇما، خولېرا.

وَبَّ يَوُبُّ وَبًّا: ھۇجۇمغا تەييارلاندى.

وَبَّاصٌ: پارقىراق، پالتىراق.

الْوَبَّاصُ: ئاي.

وَبَّخَ يُوَبِّخُ تَوْبِيخًا: ئەيىبلىدى، كايىدى، مالامەت قىلدى.

وَبَّخَ الْمُعَلِّمُ التِّلْمِيذَ عَلَى إِهْمَالِهِ: ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىنىڭ دەرسكە سەل قارىغانلىقىغا كايىدى.

وَبَتَ يَبِتُ وَبْتًا بِالْمَكَانِ: ماكانلاشتى، يەرلەشتى.

وَبَدَ يَوْبَدُ وَبَدًا فُلَانٌ: پالانىنىڭ ھالى خارابلاشتى.

وَبِدَ الثَّوْبُ: كىيىم كونىراپ كەتتى.

وَبِدَ الْيَوْمُ: كۈن قىزىپ كەتتى.

وَبِدَ عَلَيْهِ: ئۇنىڭغا غەزەپلەندى.

وَبَرَ يَبِرُ وَبْرًا بِالْمَكَانِ: ماكانلاشتى، يەرلەشتى.

وَبِرَ يَوْبَرُ وَبَرًا: مويلۇق بولدى، تۈكلۈك بولدى.

وَبْرٌ ج وُبُورٌ وَ وِبَارٌ وَ وِبَارَةٌ: توشقان.

وَبَرٌ ج أَوْبَارٌ: تىۋىت.

أَهْلُ الْوَبَرِ: كۆچمەن، بەدەۋى.

﴿وَمِنْ أَصْوَافِهَا وَأَوْبَارِهَا وَأَشْعَارِهَا أَثَاثًا﴾ «قۇرئان»: سىلەرگە قويلارنىڭ يۇڭلىرىدىن، تۆگىلەرنىڭ يۇڭلىرىدىن، ئۆچكىلەرنىڭ

يۇڭلىرىدىن ئۆي جاھازىلىرىنى (يەنى، سىلەر كىيىدىغان ۋە ئۆيۇڭلارنى سەرەمجانلاشتۇرىدىغان نەرسىلەرنى) قىلىپ بەردى.

أَخَذَ الشَّيْءَ بِوَبَرِهِ: ھەممىنى ئالدى.

وَبَرٌ م وَبَرَةٌ: تىۋىت.

وَبَشَ يَوْبَشُ وَبَشًا: تىرناقتا ئاق پەيدا بولدى.

وَبَشٌ ج أَوْبَاشٌ: لۈكچەك، جېدەلخور، سایاق.

وَبَشُ الْكَلَامِ: بىكارگەپ، قۇرۇق گەپ، پەسكەش سۆز، يوق گەپ.

«مَا بِهَذِهِ الْأَرْضِ إِلَّا أَوْبَاشٌ مِنْ شَجَرٍ أَوْ نَبَاتٍ»: بۇ يەردە تارقاق دەرەخ ياكى ئوت-چۆپلەر بار ئىدى.

وَبَصَ يَبِصُ وَبْصًا وَ وَبِيصًا الشَّيْءُ: چاقنىدى، يالتىرىدى.

وَبَصَ الْبَرْقُ: چېقىن چاقتى.

وَبَصَتِ الْأَرْضُ: زېمىندا ئوت-چۆپ قويۇق بولدى.

وَبِصَ يَوْبَصُ وَبَصًا: تېتىك بولدى، روھلۇق بولدى، جانلاندى.

وَبِصٌ م وَبِصَةٌ: تېتىك، جانلىق، روھلۇق، ئاكتىپ.

وَبَغَ يَوْبِغُ وَبْغًا: ئەيىبلىدى، كايىدى، مالامەت قىلدى، قارا چاپلىدى.

وَبَقَ يَبِقُ وَبْقًا وَ وُبُوقًا: يوقالدى، ھالاك بولدى، خاراب بولدى.

وَبِقَ يَوْبَقُ وَبَقًا وَ مُوْبِقًا: يوقالدى، ھالاك بولدى.

وَبِقَتِ الْإِبِلُ فِي الطِّينِ: تۆگە پاتقاققا پېتىپ قالدى.

وَبَلَ يَبِلُ وَبْلًا وَ وُبُولًا السَّمَاءُ: يامغۇر قاتتىق ياغدى.

وَبَلَهُ: ئۇنى توختىماي ئۇردى.

وَبُلَ يَوْبُلُ وَبَلًا وَ وَبَالًا وَ وُبُولًا وَ وَبَالَةً الْمَكَانُ: جاي نەملىك بولدى.

وَبُلَ الشَّيْءُ: نەرسە قاتتىق بولدى، شىددەتلىك بولدى.

وَبُلَ الْمَرْتَعُ: ئوتلاقنىڭ مۇھىتى بۇزۇلدى.

وَبْلٌ: قاتتىق يامغۇر.

وَبْنَةٌ: ئەزىيەت، زىيان، ئاچلىق.

وَبِهَ / وَبَهَ يَوْبَهُ وَبْهًا وَ وَبَهًا وَ وُبُوهًا: پەخەس بولدى، ئېھتىيات قىلدى، كۆڭۈل قويدى.

لَا يَوْبَهُ بِهِ أَوْ لَهُ: ئەھمىيەتسىز، ئەرزىمەس، دىققەت قىلىنمايدىغان.

وَبِيءٌ: يۇقۇملانغان، ۋابا كېسىلىگە دۇچار بولغان.

وَبِيلٌ: ئاقىۋىتى ئېغىر، ئېغىر ئاقىۋەت؛ ئېللەتلىك، زىيانلىق، زىيانكەش؛ كالتەك، توقماق.

﴿فَأَخَذْنَاهُ أَخْذاً وَبِيلاً﴾ «قرآن»: شۇنىڭ بىلەن ئۇنى قاتتىق جازالىدۇق.

وَبِيلَةٌ: توقماق، كالتەك؛ بىر باغلام ئوتۇن.

وَتَأَ يَتَأُ وَتْأً فِي مَشْيَتِهِ: ئېغىر ماڭدى، سۆرىلىپ ماڭدى.

وَتَّدَ يُوَتِّدُ تَوْتِيدًا الْوَتَدُ: قوزۇق پۇختا بولدى.

وَتَّدَ الشَّخْصُ الْوَتَدَ: قوزۇق قاقتى، قوزۇقنى چىڭىتتى.

وَتَّرَ يُوَتِّرُ تَوْتِيرًا الْقَوْسَ: ياغا زەي تارتتى.

وَتَّرَ الصَّلَاةَ: ۋىتىر ناماز ئوقۇدى.

وَتَحَ يَتِحُ وَتْحًا الْعَطَاءَ: سوۋغىنى ئاز بەردى، كېمەيتىپ بەردى.

وَتَخَ يَتِخُ وَتْخًا فُلَانًا بِالْعَصَا: تاياق بىلەن ئۇردى.

وَتَخَةٌ: پاتقاق، لاي.

وَتَدَ يَتِدُ وَتْدًا وَتِدَةً الْوَتَدُ: قوزۇق مۇستەھكەم بولدى.

وَتَدَ الشَّخْصُ الْوَتَدَ: قوزۇق قاقتى.

وَتَدٌ ج أَوْتَادٌ: قوزۇق.

﴿أَلَمْ نَجْعَلِ الْأَرْضَ مِهَاداً وَالْجِبَالَ أَوْتَاداً﴾ «قرآن»: زېمىننى بىسات قىلمىدۇقمۇ؟ تاغلارنى قوزۇق قىلمىدۇقمۇ؟

أَوْتَادُ الْبِلَادِ: دۆلەت ئەربابلىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

أَوْتَادُ الْأَرْضِ: تاغلار.

أَوْتَادُ الْفَمِ: چىشلار.

وَتِدَةُ الْأُذُنِ: قۇلاق مونچىقى.

وَتَرَ يَتِرُ وَتْرًا وَتِرَةً الْقَوْسَ: ئوقياغا زەي تارتتى.

وَتَرَ الشَّخْصَ: زىيان-زەخمەت يەتكۈزدى، قورقۇتۇۋەتتى.

وَتَرَ الْعَدَدَ: سانىنى تاق قىلدى، سانىنى كېمەيتىۋەتتى.

﴿وَاللَّهُ مَعَكُمْ وَلَن يَتِرَكُمْ أَعْمَالَكُمْ﴾ «قۇرئان»: ئاللاھ سىلەر بىلەن بىرگىدۇر، ئاللاھ ھەرگىز ئەمەللىرىڭلارنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ.

وَتَرَ الصَّلَاةَ: ۋىتىر نامىزى ئوقۇدى.

وَتَرَ الشَّخْصَ حَقَّهُ: ھەققىنى كېمەيتىۋەتتى.

وِتْرٌ ج أَوْتَارٌ: تاق، تاق سان.

جَاءَ وِتْرًا: تاق كەلدى، يالغۇز كەلدى.

صَلَاةُ الْوِتْرِ: ۋىتىر نامىزى.

الْوِتْرُ: ھارپا كۈنى، ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ، «يېگانە ئاللاھ» دېگەن مەنىدە.

﴿وَالشَّفْعِ وَالْوَتْرِ﴾ «قۇرئان»: قۇربانلىق كۈنى بىلەن، ھارپا كۈنى بىلەن قەسەمكى،...

«إِنَّ اللهَ وِتْرٌ يُحِبُّ الْوِتْرَ» «ھەدىس»: ئاللاھ تاقتۇر، تاقنى ياخشى كۆرىدۇ.

وَتَرٌ ج أَوْتَارٌ و وِتَارٌ: يىپ، سىم، تار.

وَتَرُ الْآلَةِ الْمُوسِيقِيَّةِ: مۇزىكىنىڭ تارىسى.

وَتَرُ الْعَضَلَةِ: پەي، سىڭىر.

وَتَرَةٌ ج وَتَرٌ و وَتَرَاتٌ: قۇلاق كۆمۈرچىكى.

وَتَرِيٌّ / وِتْرِيٌّ: تاق سانلىق، تارلىق، كىرچىلىك.

عَدَدٌ وِتْرِيٌّ: تاق سان.

وَتَشٌ: ئاز، ئاز مىقداردا، رەزىل ئادەم، چاكىنا ئادەملەر.

وَتِغَ يَوْتَغُ وَتَغًا: يامان ئىشلارنى قىلدى، بۇزۇقچىلىق قىلدى، قاتتىق ئاغرىدى.

وَتِغَ فُلَانٌ: چىرىكلەشتى.

وَتَمَ يَوْتَمُ وُتُومًا بِالْمَكَانِ: جايلاشتى، ماكانلاشتى.

وَتَنَ يَتِنُ وَتْنًا و وُتُونًا بِالْمَكَانِ: جايلاشتى، ماكانلاشتى.

وَتِيرَةٌ: ئۇسۇل، قائىدە؛ بوشىشىش، بوشاڭلىق.

وَتِيرَةُ الْأَنْفِ: قاڭشار.

وَتِيرَةُ الْعَمَلِ: خىزمەت ئۇسۇلى.

عَلَى وَتِيرَةٍ وَاحِدَةٍ: بىر ئاھاڭدا، بىرلا مۇقامدا.

عَلَى وَتِيرَةٍ وَاضِحَةٍ: روشەن، ئېنىق، ئوچۇق.

«اِسْتَمَرَّ فِي عَمَلِهِ عَلَى هَذِهِ الْوَتِيرَةِ»: ئىشنى مۇشۇ يوسۇندا داۋاملاشتۇردى.

مَا فِي عَمَلِهِ وَتِيرَةٌ: ئۇنىڭ ئىشىدا بوشاڭلىق يوق.

وَتِينٌ ج أَوْتِنَةٌ و وُتُنٌ: ئائورتا تومۇرى، جان تومۇر.

﴿ثُمَّ لَقَطَعْنَا مِنْهُ الْوَتِينَ﴾ «قۇرئان»: ئاندىن ئۇنىڭ ئاساسىي قىزىل تومۇرىنى كېسىپ تاشلايتتۇق.

وَثَاقٌ / وِثَاقٌ ج وُثُقٌ: كويزا، كىشەن، قوۋۇق، تاقاق.

﴿وَلَا يُوثِقُ وَثَاقَهُ أَحَدٌ﴾ «قۇرئان»: ھېچ ئەھەدى ئاللاھ باغلىغاندەك باغلىيالمايدۇ.

وَثَائِقِيٌّ: ھۆججەتلىك.

فِلْمٌ وَثَائِقِيٌّ: ھۆججەتلىك فىلىم.

وَثَأَ يَثَأُ وَثْأً: سوقۇلۇپ يارىلاندى، زەخىملەندى.

وَثَأَ يَدَهُ: قولىنى قايرىۋالدى، قولىنى چىقىرىۋالدى.

لَقَدْ وَثَأَ ذِرَاعَهُ: بىلىكىنى قايرىۋەتتى.

وَثِئَ يَوْثَأُ وَثَأً و وَثْأً و وُثُوءًا: يارىلاندى، زەخىملەندى.

وَثْءٌ وَثَاءَةٌ: سوقۇلماق، يارىلانماق، زەخىملەنمەك.

وَثَبَ يَثِبُ وَثْبًا و وُثُوبًا و وُثْبَانًا و وِثَابًا و وَثِيبًا و وَثِيبَةً: سەكرىدى، تاقلىدى، ئاتلىدى، روھلاندى.

وَثَبَ عَلَيْهِ: ئۇنىڭغا ئېتىلدى، تاشلاندى.

وَثَبَ الرِّيَاضِيُّ وَثْبَةً رَائِعَةً: تەنھەرىكەتچى قالتىس

سەكرىۋەتتى.

**وَثَبَ إِلَى الْمَكَانِ الْعَالِي:** ئېگىزگە سەكرىدى.

**وَثَبَ عَلَى الشَّخْصِ:** يەڭدى، يىڭىۋالدى.

**وَثْبٌ وُثْبَانٌ:** سەكرىمەك، تاقلىماق.

**الْوَثْبُ الْعَالِي:** ئېگىزگە سەكرەش.

**وَثْبَةٌ ج وَثَبَاتٌ:** بىر قېتىم سەكرەش، يۈكسىلىش، ئەڭ يۇقىرى نۇقتا.

**وَثْبَةٌ كُبْرَى:** چوڭ سەكرەش.

**وَثْبَةُ الْفِكْرِ:** ئىلغار ئىدىيە.

**وَثْبَةٌ تَحْرِيرِيَّةٌ:** ئازادلىق ھەرىكىتى.

**وَثْبَةٌ عَرَوِيَّةٌ:** موللاق ئاتماق.

**وِثْبَةٌ:** سەكرەش ھالىتى.

كَانَ فَرِيسَةَ الْوَسَاوِسِ: مالىخولىيا كېسەللىكىنىڭ قۇربانى بولدى.

الْوَسْوَاسُ: شەيتان، ئالۋاستى، ئازازۇل.

﴿مِن شَرِّ الْوَسْوَاسِ الْخَنَّاسِ﴾ «قۇرئان»: يوشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ شەررىدىن...

وَسْوَسَ يُوَسْوِسُ وَسْوَسَةً وَوِسْوَاسًا: پىچىرلاشتى، كۇسۇلداشتى، قۇتراتتى، ئازدۇردى.

الشَّيْطَانُ وَسْوَسَ لَهُ: شەيتان ئۇنىڭغا ۋەسۋەسە قىلدى.

فَوَسْوَسَ إِلَيْهِ الشَّيْطَانُ: شەيتان ئۇنىڭغا ۋەسۋەسە قىلىپ...

وَسْوَسَةٌ: ۋەسۋەسە، ئازدۇرۇش، پىچىرلاش.

وَسَى يَسِي وَسْيًا رَأْسَهُ: چېچىنى ئالدى، بېشىنى چۈشۈردى.

وَسِيطٌ ج وُسَطَاءُ: ۋاستىچى، شاپائەتچى، مۇرەسسەچى؛ دەللال، بېدىك.

وَسِيطٌ بَيْنَ قَبِيلَتَيْنِ: ئىككى قەبىلە ئارىسىدىكى ياراشتۇرغۇچى.

الْعَصْرُ الْوَسِيطُ: ئوتتۇرا ئەسىر.

وَسِيطُ الزَّوَاجِ: توي ئەلچىسى.

وَسِيطَةٌ عِقَارِيٌّ: يەر-زېمىن بېدىكى.

وَسِيعٌ: كەڭ، كەڭرى.

وَسِيقٌ: يامغۇر.

وَسِيلَةٌ ج وَسَائِلُ: ۋاستە، ئۇسۇل، چارە.

وَسَائِلُ تَعْلِيمِيَّةٌ: ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى.

﴿وَابْتَغُوا إِلَيْهِ الْوَسِيلَةَ﴾ «قۇرئان»: ئاللاھقا يېقىنچىلىقنى تىلەڭلار.

وَسَائِلُ الْإِنْتَاجِ: ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى.

وَسَائِلُ النَّقْلِ: ترانسپورت قوراللىرى.

وَسَائِلُ الْمُوَاصَلَاتِ: قاتناش ۋاستىلىرى.

وَسَائِلُ مُضَادَّةٌ لِلدَّبَّابَاتِ: تانكىغا قارشى قوراللار.

«إِتَّخَذَ كُلَّ الْوَسَائِلِ لِلْوُصُولِ إِلَى غَايَتِهِ»: مەقسىتىگە يېتىش يولىدا بارلىق چارە-تەدبىرلەرنى قوللاندى.

الطَّائِرَةُ مِنْ أَهَمِّ وَسَائِلِ النَّقْلِ السَّرِيعَةِ: ئايروپىلان مۇھىم تېز قاتناش ۋاستىلىرىدىندۇر.

وَسِيمٌ ج وُسَمَاءُ م وَسِيمَةٌ ج وَسِيمَاتٌ: چىرايلىق، گۈزەل، كۆركەم.

هَذَا الرَّجُلُ وَسِيمٌ جِدًّا: بۇ ئادەم ناھايىتى چىرايلىق.

وُشَاحٌ / وِشَاحٌ ج وُشُحٌ وَأَوْشِحَةٌ وَوَشَائِحُ: شارپا، گالستۇك.

وِشَاحَةٌ: قىلىچ.

وِشَايَةٌ: تۆھمەت، بوھتان، چېقىمچىلىق قىلىش.

وِشَايَةٌ ج وِشَايَاتٌ: تۆھمەت، بوھتان؛ تۆھمەت چاپلىماق.

وِشْبٌ ج أَوْشَابٌ: لۈكچەك، قۇلاق كەستى.

وَشَجَ يَشِجُ وَشْجًا الشَّيْءَ: نەرسىنى كىرىشتۈردى، ئارىلاشتۇردى، گىرەلەشتۈردى.

وَشَجَتِ الْأَغْصَانُ: شاخلار چىرمىشىپ كەتتى.

وَشَجَتْ بِهِ قَرَابَةٌ: ئۇنىڭ تۇغقانلىقى مۇرەككەپلىشىپ كەتتى.

«وَشَجَتْ فِي قَلْبِهِ أُمُورٌ وَهُمُومٌ»: ئۇنى غەم-قايغۇلار بېسىۋالدى.

وَشَرَ يَشِرُ وَشْرًا: ھەرىدىدى.

«وَشَرَ الْخَشَبَةَ بِالْمِنْشَارِ»: ياغاچنى ھەرىدىدى.

وَشَرَ الشَّخْصُ أَسْنَانَهُ: چىشلىرىنى ئىكەكدىدى.

وَشِزَ يَشِزُ وَشْزًا: ئالدىرىدى.

وَشْزٌ ج أَوْشَازٌ: ئالدىرىماق؛ ئېگىز جاي، پاناھگاھ؛ قىيىن تۇرمۇش.

وَشُّ الْآذَانِ: قۇلاقنىڭ غوڭۇلدىشى.

وَشٌّ / وِشٌّ ج وُشُوشٌ: يۈز، چىراي، بەت.

وَشَاءٌ ج وَشَاؤُونَ: گۈللۈك رەخت ساتقۇچى؛ سۇخەنچى، چېقىمچى؛ يالغانچى، كاززاپ.

وَشَّحَ يُوَشِّحُ تَوْشِيحًا: كەمەر باغلىدى.

وَشَّحَ صَدْرَهُ بِوِسَامٍ: مەيدىسىگە ئوردېن تاقىدى.

وَشَّعَ يُوَشِّعُ تَوْشِيعًا الْخَيْطَ: يىپنى ئەشتى.

وَشَّكَ يُوَشِّكُ تَوْشِيكًا: تېز بولدى، ئالدىرىدى.

وَشَّمَ يُوَشِّمُ تَوْشِيمًا الْجِلْدَ: تېرىگە يىڭنە بىلەن خەت چەكتى.

وَشَّمَ الْغُصْنُ: شاخ يوپۇرماق چىقاردى.

وَشَّمَ الشَّخْصُ الْيَدَ: قولىغا گۈل، خەت قاتارلىقلارنى چەكتى.

وَشَّى يُوَشِّي تَوْشِيَةً الثَّوْبَ: كىيىمنى كەشتىلىدى، زىننەتلىدى.

وَشَظَ يَشِظُ وَشْظًا الْفَأْسَ: پالتىغا شىنا ئۇردى.

وَشَعَ يَشِعُ وَشْعًا الْخَيْطَ: يىپنى ئەشتى.

وَشَعَ الشَّيْءَ: نەرسىنى ئارىلاشتۇردى.

وَشَعَ يَشِعُ وَشْعًا وَوُشُوعًا الْجَبَلَ: تاغقا يامىشىپ چىقتى.

وَشْعٌ ج وُشُوعٌ: كۆكتات چېچەكى، يىناۋايى گۈل، كەم ئۇچرايدىغان تاغ ئۆسۈملۈكى.

وُشْعٌ: ئۆمۈچۈك تورى.

وَشَقَ يَشِقُ وَشْقًا اللَّحْمَ: گۆشنى پارچىلاپ ئاپتاپقا قاقلىدى.

وَشَقَهُ بِالرُّمْحِ: ئۇنىڭغا نەيزە سانجىدى.

وَشَقَهُ: مورلىۋالدى، تامىلىدى، چىشلىۋالدى.

وَشَقٌ: مولۇن، سۈلەيسۇن.

وَشُكَ يَوْشُكُ وَشْكًا وَوَشَاكَةً: يېقىن بولدى؛ تېز بولدى.

وَشْكٌ / وِشْكٌ وَشْكَانٌ / وِشْكَانٌ: تېزلىنىك، چاپسانلىق.

«هِيَ عَلَى وَشْكِ أَنْ تَتَزَوَّجَ»: ئۇ ئايال توي قىلىش ئالدىدا تۇرماقتا.

«هُوَ عَلَى وَشْكِ الْخُرُوجِ»: ئۇ چىقىشقا ئالدىرىماقتا.

وَشَلَ يَشِلُ وَشْلًا وَوُشُلَانًا الْمَاءُ: سۇ تامچىلىدى.

وَشَلٌ ج أَوْشَالٌ: سۇ تامچىسى، تامچىلاۋاتقان سۇ.

وَشَمَ يَشِمُ وَشْمًا الْجِلْدَ: تېرىگە يىڭنە بىلەن گۈل ياكى خەت چەكتى.

وَشْمٌ ج وُشُومٌ وَوِشَامٌ: بىخ (ئۆسۈملۈكلەرنىڭ)؛ تېرىگە چېكىلگەن خەت، گۈل.

وَشْنٌ: ئېگىز جاي، كېلەڭسىز تۆگە، شاش تۆگە.

وَشْوَشَ يُوَشْوِشُ وَشْوَشَةً الشَّخْصُ: پىچىرلىدى، كۇسۇلدىدى.

وَشْوَشَ الشَّخْصَ: كىشىگە پىچىرلىدى.

وَشَى يَشِي وَشْيًا وَوِشَايَةً بِهِ: ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلدى، بوھتان چاپلىدى.

«وَشَى الشَّخْصُ بِهِ»: سۇخەنچىلىك قىلدى.

وَشَى بِهِ لَدَى أَعْدَائِهِ: ئۇنى دۈشمەنلىرىگە چاقتى.

وَشَى يَشِي وَشْيًا وَشِيَةً الثَّوْبَ: كىيىمگە كەشتە بەردى، زىننەتلىدى.

وَشَى الْكَلَامَ: يالغان سۆزلىدى.

وَشْيٌ: تۆھمەت، بوھتان، سۇخەنچىلىك قىلىش.

وَشْيٌ ج وِشَاءٌ: گۈللۈك رەخت.

وَشِيجٌ: نەيزە.

تَطَاعَنُوا بِالْوَشِيجِ: ئۇلار نەيزىلەشتى.

وَشِيجَةٌ ج وَشَائِجُ: دەرەخ يىلتىزى، مۇرەككەپ قانداشلىق مۇناسىۋەت.

وَشِيزَةٌ ج وَشَائِزُ: چىلەك قاپلانغان ياستۇق.

وَشِيظٌ. وَشِيظَةٌ ج وَشَائِظُ: شىنا، قوزۇق، چاكىنا ئادەم، يات ئادەم، ياقا يۇرتلۇق.

وَشِيعٌ: چىتلاق.

وَشِيعَةٌ ج وَشِيعٌ وَوَشَائِعُ: موكا، غالتەك (يىپنىڭ).

وَشِيقٌ. وَشِيقَةٌ ج وَشَائِقُ: تۇزلانغان كالا گۆشى.

وَشِيكٌ: يېقىن.

«قَضِيَّةٌ وَشِيكَةُ الْحَلِّ»: ھەل بولۇشقا ئاز قالغان

مەسىلە.

وَشِيْمَةٌ ج وَشَائِمُ: يامانلىق، ئاداۋەت، دۈشمەنلىك.

«بَيْنَهُمْ وَشِيْمَةٌ»: ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت بار.

وَصَاةٌ ج وَصًى: رىتسىپ، رىتسىپ قەغىزى، تونۇشتۇرۇش، تەۋسىيە قىلماق، ۋەسىيەت، ۋەسىيەتنامە.

وِصَالٌ: ئالاقىلەشمەك، باردى-كەلدى قىلماق.

«نَهَى رَسُوْلُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَنِ الْوِصَالِ» ‹حديث›: رەسۇلۇللاھ يېمەي-ئىچمەي ئۇلاپ روزا تۇتۇشتىن چەكلىگەن.

وِصَايَةٌ / وَصَايَةٌ ج وَصَايَا: مىراسنى باشقۇرماق؛ بۇيرۇق، تاپشۇرۇق؛ نەسىھەت؛ ۋەسىيەت.

وَصَايَةٌ شَرْعِيَّةٌ: ھامىيلىق قىلماق، ھامىي بولماق، ۋەسىيلىك قىلماق.

«يَرْفُضُ الْفَلَسْطِيْنِيُّوْنَ كُلَّ وِصَايَةٍ عَلَيْهِمْ»: پەلەستىنلىكلەر باشقىلارنىڭ ھەرقانداق تاپشۇرۇقى ئاستىدا بولۇشنى رەت قىلىدۇ.

«تَحْتَ الْوِصَايَةِ»: قوغدالغۇچى، ھىمايە قىلىنغۇچى.

«تَحْتَ وِصَايَةِ الْأُمَمِ الْمُتَّحِدَةِ»: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا.

وَصِئَ يَوْصَأُ وَصْأً الثَّوْبُ: كىيىم كىر بولدى.

وَصَبَ يَصِبُ وُصُوْبًا: داۋاملاشتى، داۋام قىلدى؛ مەزمۇت بولدى، ھەمىشە بولدى.

«وَصَبَ الشَّخْصُ عَلَى الْأَمْرِ»: ئىشنى داۋاملاشتۇردى.

وَصِبَ يَوْصَبُ وَصَبًا: ئاغرىپ قالدى، كېسەل بولدى.

وَصَبٌ ج أَوْصَابٌ: كېسەل، ئاغرىق، چارچاش.

وَصِبٌ ج وَصَابَى وَ وِصَابٌ: ئاغرىق، كېسەل.

وَصَدَ يَصِدُ وَصْدًا: تۇراقلاشتى، مۇقىملاشتى، مەزمۇت بولدى.

«وَصَدَ الشَّخْصُ الثَّوْبَ»: كىيىم توقۇدى.

«وَصَدَ الشَّخْصُ بِالْمَكَانِ»: كىشى ئورۇنلاشتى، ماكانلاشتى.

وِصْرٌ ج أَوَاصِرُ: توختام، شەرتنامە، كېلىشىم؛ مۆھۈر خەت.

«أَوَاصِرُ الصَّدَاقَةِ»: دوستلۇق مۇناسىۋەت.

وَصَّ يَوُصّ وَصًّا الْعَمَلَ: ئىشنى پۇختا قىلدى.

وَصَّدَ يُوَصِّدُ تَوْصِيْدًا الثَّوْبَ: رەخت توقۇدى.

وَصَّلَ يُوَصِّلُ تَوْصِيْلًا الشَّيْءَ بِالشَّيْءِ: بىرنەرسىنى يەنە بىرنەرسىگە ئۇلىدى، باغلىدى.

وَصَّلَهُ إِلَى: يەتكۈزدى، يەتكۈزۈپ بەردى.

وَصَّلَهُ: ئۇنى يېتەكلىدى.

وَصَّلَ الشَّيْءَ إِلَى: تاپشۇرۇپ بەردى، ئاپىرىپ بەردى.

«وَصَّلَ أَسْلَاكَ الْكَهْرَبَاءِ»: توك سىمىنى ئۇلىدى.

«وَصَّلَ الشَّيْءَ إِلَى الشَّخْصِ»: نەرسىنى كىشىگە يەتكۈزۈپ بەردى.

«وَصَّلَ الرِّسَالَةَ إِلَى صَاحِبِهَا»: خەتنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەردى.

وَصَّمَ يُوَصِّمُ تَوْصِيْمًا: بوشاشتۇرۇۋەتتى، ھورۇنلاشتۇرۇۋەتتى.

«وَصَّمَهُ الْحُمَّى»: قىزىتما بولۇپ قالدى.

وَصَّى يُوَصِّي تَوْصِيَةً: تاپشۇردى، ھاۋالە قىلدى، تاپىلىدى، جېكىلىدى.

«وَصَّى لَهُ بِكَذَا»: مال-مۈلكىنى ئۇنىڭغا ۋەسىي قىلدى.

«وَصَّى إِلَى فُلَانٍ»: پالانىنى ۋەسىي قىلدى.

وَصَعَ يَصَعُ وَصْعًا الشَّيْءَ: نەرسىنى پىششۇرۇپ قويدى.

وَصَفَ يَصِفُ وَصْفًا وَصِفَةً: سۈپەتلىدى، تەسۋىرلىدى.

﴿سُبْحَانَ رَبِّكَ رَبِّ الْعِزَّةِ عَمَّا يَصِفُونَ﴾ «قرآن»: قۇدرەت ئىگىسى بولغان پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن پاكتۇر.

«وَصَفَهُ بِالْكَرَمِ»: ئۇنى مەرد، دەپ سۈپەتلىدى.

وَصَفَ يَصِفُ وَصْفَةً: رېتسېپ يازدى.

«وَصَفَ الطَّبِيبُ الدَّوَاءَ»: دوختۇر دورا يېزىپ بەردى.

وَصْفٌ: سۈپەتلىمەك، تەسۋىرلىمەك.

وَصْفٌ ج أَوْصَافٌ: سۈپەت، خۇسۇسىيەت.

«أَجَادَ أَبُو تَمَّامٍ وَصْفَ الطَّبِيعَةِ»: شائىر ئەبۇ تەمام تەبىئەت تەسۋىرىنى ۋايىگە يەتكۈزگەن.

وَصْفَةٌ ج وَصَفَاتٌ: رېتسېپ، رېتسېپ قەغىزى.

وَصْفَةٌ مَكْتُوبَةٌ: تەجرىبىدىن ئۆتكەن رېتسېپ.

«أَطْلُبْ مِنَ الطَّبِيبِ أَنْ يَكْتُبَ لَكَ وَصْفَةً طِبِّيَّةً»: دوختۇردىن رېتسېپ يېزىپ بېرىشنى سورا.

وَصْفِيٌّ: سۈپەتلىك، تەسىرى.

«تَحْلِيلٌ وَصْفِيٌّ»: سۈپەت ئانالىزى.

وَصَلَ يَصِلُ وُصُولًا وَصِلَةً الْخَبَرُ إِلَيْهِ: خەۋەر ئۇنىڭغا يەتتى.

﴿وَمَا كَانَ لِلَّهِ فَهُوَ يَصِلُ إِلَى شُرَكَائِهِمْ﴾ «قرآن»: ئاللاھنىڭ نېسىۋىسىدىن بۇتلىرىنىڭكىگە قوشۇشقا بولاتتى....

«لَيْسَ الْوَاصِلُ بِالْمُكَافِئِ وَلَكِنْ الْوَاصِلَ الَّذِيْ إِذَا قُطِعَتْ رَحِمُهُ وَصَلَهَا» «حديث»: تۇغقانلىرىدىن كۆرگەن ياخشىلىققا جاۋابەن ياخشىلىق قىلغان ئادەم سىلە ـ رەھىم قىلغان بولمايدۇ، سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويغۇچىغا ياخشىلىق قىلغان كىشى ھەقىقىي سىلە ـ رەھىم قىلغان بولىدۇ.

«وَصَلَ الشَّخْصُ إِلَى الْمَكَانِ أَوْ إِلَى الْأَمْرِ»: كىشى جايىغا يېتىپ باردى.

«كُنْتُ أَظُنُّ أَنَّهُ لَنْ يَأْتِيَ وَلَكِنَّهُ كَانَ أَوَّلَ مَنْ وَصَلَ»: مەن ئۇنى كەلمەيدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن، لېكىن ئۇ ھەممىدىن بۇرۇن كەپتۇ.

«وَصَلَ الْخِلَافُ إِلَى نُقْطَةٍ حَاسِمَةٍ»: ئىختىلاپ چېكىگە يەتتى.

وَصَلَ يَصِلُ وَصْلًا وَصِلَةً وَصُلَةً الشَّيْءَ بِالشَّيْءِ: بىرنەرسىنى يەنە بىرنەرسىگە قوشتى، ئۇلىدى.

وَصَلَ بَيْنَ الطَّرَفَيْنِ: ئىككى تەرەپنى باغلىدى.

وَصَلَ يَصِلُ وَصْلًا وَصِلَةً: ياخشىلىق قىلدى، سىلە ـ رەھىم قىلدى.

وَصَلَ قَرَابَتَهُ: تۇغقانچىلىقنى يەتكۈزدى.

وَصَلَ رَحِمَهُ: سىلە ـ رەھىم قىلدى.

«وَصَلَ الْحَبِيبُ حَبِيبَتَهُ»: ئاشىق ـ مەشۇقىنىڭ ۋىسالىغا يەتتى.

وَصْلٌ: ئۇلىماق، باغلىماق؛ سوۋغا، ھەدىيە، ئوخشاش.

«أَعْطَاهُ الْأَمِيرُ وَصْلًا مِنْ ذَهَبٍ»: ئەمىر ئۇنىڭغا ئالتۇن سوۋغا بەردى.

«هَذَا وَصْلُ هَذَا»: بۇ، بۇنىڭغا ئوخشاش.

«لَيْلَةُ الْوَصْلِ»: قەمەرىيىدە ھەر ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنى.

وُصْلٌ / وِصْلٌ ج أَوْصَالٌ: پۇت ـ قول، ئەزا؛ بوغۇم، ئۇگە.

«قَطَعَ الْجَزَّارُ أَوْصَالَ الذَّبِيحَةِ»: قاسساپ ئۆلتۈرۈلگەن مالنىڭ ئۇگىلىرىنى ئاجراتتى.

وُصْلَةٌ: باغلىنىش، ئۇلىنىش.

«بَيْنَهُمَا وُصْلَةٌ»: ئۇ ئىككىسىنىڭ ئالاقىسى بار.

وُصْلَةٌ ج وُصَلٌ: ئۇتىشىش، بىرلىشىش؛ ھالقا زەنجىر، شاتۇن (دۆنگاتېللارنىڭ پورشىنىدىن ۋالغا كۈچ ئۆتكۈزگۈچى دېتال)؛ مۇساپىرنىڭ ئوزۇقى.

وُصْلَةٌ بَيْنَ كَلِمَتَيْنِ: دېفىس، سىزىقچە (ـ).

وَصَمَ يَصِمُ وَصْمًا: ئەيىبلىدى، ھاقارەتلىدى.

وَصَمَ بِعَارٍ: بوھتان چاپلىدى، قارا چاپلىدى.

وَصَمَهُ بِالْجُبْنِ: ئۇنى قورقۇنچاقلىق بىلەن ئەيىبلىدى.

وَصْمٌ ج وُصُومٌ: ئۇياتقا قالدۇرۇش، كەمسىتىش؛ زۇكام، ئەيىب، نۇقسان، ئېۋەن، ياغاچتىكى قاداق، تۈگۈن، يېرىق.

«قَنَاةٌ فِيهَا وَصْمٌ»: يار ئېلىپ كەتكەن قانال.

وَصْمَةٌ ج وَصَمَاتٌ: ئۇياتقا قالدۇرۇش؛ كەمسىتىش؛ زۇكام، ئەيىب، نۇقسان.

وَصْوَاصٌ ج وَصَاوِيصُ: كىچىك تۆشۈك، يوچۇق.

وَصْوَصَ يُوَصْوِصُ وَصْوَصَةً الشَّخْصُ: ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قارىدى.

وَصْوَصَ الشَّخْصُ عَيْنَهُ: كۆزىنى قىسىپ قارىدى.

وَصْوَصَتِ الْمَرْأَةُ: ئايال ئىككى كۆزىدىن باشقا يېرىنى ئورىۋالدى.

وَصْوَصٌ ج وَصَاوِصُ: كىچىك تۆشۈك، يوچۇق.

وَصْوَصَةٌ: پايلىماق، كۆزەتمەك، بايقىماق، ماراپ قارىماق.

وُصُولٌ: كېلىش، يېتىپ كېلىش؛ تاپشۇرۇپ ئېلىش.

«رِسَالَةٌ مَضْمُونَةُ الْوُصُولِ»: زاكاز خەت.

وُصُولٌ ج وُصُولَاتٌ: تىلخەت، ھۆججەت.

وُصُولِيٌّ ج وُصُولِيُّونَ: شەخسىيەتچى، نەپسانىيەتچى، پۇرسەتپەرەس.

وُصُولِيَّةٌ: پۇرسەتپەرەسلىك.

وَصَى يَصِي وَصْيًا الشَّيْءَ بِهِ: تۇتاشتى، ئۇلاشتى، باغلاندى.

وَصِيدٌ ج وُصُدٌ: قوتان؛ بوسۇغا؛ سەينا.

﴿وَكَلْبُهُم بَاسِطٌ ذِرَاعَيْهِ بِالْوَصِيدِ﴾ ‹قرآن›: ئۇلارنىڭ ئىتى (غارنىڭ) بوسۇغىسىغا ئىككى پۇتىنى سوزۇپ ياتىدۇ.

وَصِيدَةٌ ج وَصَائِدُ: قوتان، ئېغىل، تاغ.

وَصِيرَةٌ: ھۆججەت، يەر خېتى.

وَصِيعٌ: قۇشقاچنىڭ ئاۋازى، كىچىك قۇشقاچ.

وَصِيفٌ ج وُصَفَاءُ: ياش، يىگىت، خىزمەتكار.

وَصِيفَةٌ ج وَصَائِفُ: دېدەك، چۆرە، ئايال خىزمەتكار، قىز، كېنىزەك.

«ظَهَرَتْ مَلَكَةُ الْجَمَالِ بَيْنَ وَصَائِفِهَا»: گۈزەللىك مەلىكىسى ھەمراھلىرى ئارىسىدا مەيدانغا چىقتى.

وَصِيلٌ: ساۋاقداش، ئۈلپەتداش، دوست، ئاغىنە، مەسلەكداش.

وَصِيلَةٌ ج وَصَائِلُ: كەڭ زېمىن، بىپايان تۈزلەڭلىك، كاللەك يىپ.

﴿مَا جَعَلَ اللّهُ مِن بَحِيرَةٍ وَلاَ سَآئِبَةٍ وَلاَ وَصِيلَةٍ وَلاَ حَامٍ﴾ ‹قرآن›: بەھىيرە، سائىبە ۋەسىيلە ۋە ھاملارغا بۇيرۇغىنى يوق.

وَصِيلَةٌ ج وَصِيلٌ وَ وَصَائِلُ: يول-يول سىزىقلىق رەخت، يوللۇق رەخت.

وَصِيٌّ ج أَوْصِيَاءُ: ۋەسىيەتنى ئىجرا قىلغۇچى، بالاغەتكە يەتمىگەن يېتىمنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى، ۋەسىي، ھامىي.

الْوَصِيّ عَلَى الْعَرْشِ: بالا پادىشاھ چوڭ بولغۇچە پادىشاھلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچى.

وَصِيَّةٌ ج وَصَايَا: بۇيرۇق؛ نەسىھەت؛ ۋەسىيەت، تاپشۇرۇق.

﴿كُتِبَ عَلَيْكُمْ إِذَا حَضَرَ أَحَدَكُمُ الْمَوْتُ إِن تَرَكَ خَيْراً الْوَصِيَّةُ لِلْوَالِدَيْنِ وَالأقْرَبِينَ﴾ ‹قرآن›: ئەگەر سىلەردىن بىرەيلەن ئۆلۈش ئالدىدا كۆپ مال قالدۇرسا، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ۋە خىش-ئەقرىبالىرىغا ... پەرز قىلىندى.

وَضَاءَةٌ: پاكىز، پاكىزلىماق.

وَضَاعَةٌ: رەزىللىك، پەسكەشلىك.

وَضَأَ يَضَأُ وَضْأً وَوَضَاءَةً فُلَانًا: تازىلىق، گۈزەللىكتە پالاننى بېسىپ چۈشتى.

وَضُؤَ يَوْضُؤُ وَضْأً وَوَضَاءَةً الشَّيْءُ: نەرسە پاك ـ پاكىز بولدى.

وَضَحَ يَضِحُ ضِحَةً / ضَحَةً وَوُضُوحًا الْأَمْرُ: ئىش ئاشكارا بولدى، ئايدىڭلاشتى، روشەن بولدى.

وَضَحَ الصُّبْحُ: تاڭ يورۇدى.

وَضَحَ الْوَجْهُ: ئوچۇق چىراي بولدى.

وَضَحٌ ج أَوْضَاحٌ: ئاق، ئاقلىق، چوڭ يول؛ ئاق چاچ.

وَضَحُ الصُّبْحِ: تاڭ نۇرى.

إِرْتَكَبَ جَرِيمَةً فِي وَضَحِ النَّهَارِ: كۈپكۈندۈزدە جىنايەت ئۆتكۈزدى.

جَاءَ فِي وَضَحِ الصُّبْحِ: تاڭ يورۇغاندا كەلدى.

وَضَحَةٌ: مادا ئېشەك.

وَضَخَ يَضِخُ وَضْخًا الدَّلْوَ: يېرىم سوغا سۇ ئالدى.

وَضِرَ يَوْضَرُ وَضَرًا: كىر بولۇپ كەتتى، مەينەت بولۇپ كەتتى.

وَضَرٌ ج أَوْضَارٌ: پاسكىنىچىلىق، مەينەتچىلىك.

وَضِرٌ م وَضِرَةٌ ج وَضْرَى: كىر، پاسكىنا، مەينەت.

هُوَ وَضِرُ الْأَخْلَاقِ: ئۇ ئەخلاقسىز.

وَضْرَى: قوڭ.

وَضَّأَهُ يُوَضِّئُ تَوْضِئَةً: يۇيۇندۇردى، يۇدى، تازىلىدى، پاكىزلىدى.

وَضَّاءٌ وَضَّاؤُوْنَ وَوَضَّاضِئُ: پاكىز، تازا.

وَضَّاحٌ ج وَضَّاحُوْنَ: يورۇق، ئوچۇق، روشەن، يارقىن، ئاپئاق، كۆلۈمسىرەپ تۇرغۇچى.

وَضَّبَ يُوَضِّبُ تَوْضِيبًا: رەتلىدى، تەرتىپكە سالدى؛ تەييارلىدى؛ ياخشىلىدى.

وَضَّحَ يُوَضِّحُ تَوْضِيحًا: ئاشكارىلىدى، ئايدىڭلاشتۇردى، ئېنىقلىدى، بايان قىلدى.

وَضَّرَ يُوَضِّرُ تَوْضِيرًا شَيْئًا: نەرسىنى پاسكىنا قىلىۋەتتى.

وَضَّعَ يُوَضِّعُ تَوْضِيعًا: خار قىلدى.

وَضَّعَ الْأَحْجَارَ: تاشنى ئۈستى ـ ئۈستىگە تىزدى.

وَضَعَهُ يَضَعُ وَضْعًا وَضَعَةً وَوُضُوْعًا: هاقارەتلىدى، خارلىدى، پەس كۆردى.

﴿وَالْأَرْضَ وَضَعَهَا لِلْأَنَامِ﴾ «قرآن»: زېمىننى كىشىلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن (ياپپاق) قىلدى.

وَضَعَ اللهُ الْمُتَكَبِّرَ: مۇتەكەببىرنى ئاللاھ خار قىلدى.

وَضَعَ يَضَعُ وَضْعًا الْحَدِيْثَ: هەدىسنى توقۇپ چىقاردى، ئويدۇرۇپ چىقاردى.

وَضَعَ الشَّيْءَ: نەرسىنى تاشلىۋەتتى.

وَضَعَ عَنْهُ الدَّيْنَ: قەرزنى كۆتۈرۈۋەتتى.

«وَضَعَ عَنْ غَرِيْمِهِ»: قەرزنى كېمەيتىۋەتتى.

«وَضَعَ الشَّيْءَ بَيْنَ يَدَيْهِ»: نەرسىنى تاشلاپ قويدى.

«وَضَعَ عَنْهُ الْجِنَايَةَ»: گۇناھنى كەچۈرۈم قىلدى.

وَضَعَ السِّلَاحَ فِي الْعَدُوِّ: دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشتى.

وَضَعَتِ الْمَرْأَةُ خِمَارَهَا: ئايال ياغلىقنى ئېلىۋەتتى.

«وَضَعَ الْحَامِلُ وَلَدَهَا»: هامىلدار تۇغدى.

﴿حَمَلَتْهُ أُمُّهُ كُرْهاً وَوَضَعَتْهُ كُرْهاً﴾ «قرآن»: ئىنساننى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى.

«حَقٌّ عَلَى اللهِ أَنْ لَايَرْتَفِعَ شَيْءٌ مِنَ الدُّنْيَا إِلَّا وَضَعَهُ» «حديث»: ئاللاھ دۇنيادىكى هەرقانداق ئەزىز نەرسىنى بىر قېتىم خار قىلىدۇ.

«وَضَعَ مَشْرُوْعًا لِلدَّرْسِ»: دەرس پىلانى تۈزدى.

وَضَعْتُ الْمِنْهَجَ الدِّرَاسِيَّ لِلْمَرْحَلَةِ الدِّرَاسِيَّةِ الْجَدِيْدَةِ: مەن يېڭى ئوقۇش ئۆتكىلى ئۈچۈن ئوقۇش پروگراممىسىنى تۈزدۈم.

«وَضَعَ اِقْتِرَاحَاتٍ مُفِيْدَةً»: پايدىلىق تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«وَضَعَ يَدَهُ عَلَى قِطْعَةِ الْأَرْضِ»: بىر پارچە زېمىننى ئىگىلىۋالدى.

وَضَعَ مُسَدَّسًا فِي خَصْرِهِ: بېلىگە تاپانچا ئېسىۋالدى.

وَضَعَ الْكِتَابَ: كىتاب يازدى، ئەسەر يازدى.

وَضَعَتْ يَضَعُ وَضْعًا الْمَرْأَةُ: ئايال بوشاندى، تۇغدى.

وَضَعَ يَضَعُ وَضْعًا وَمَوْضِعًا / مَوْضَعًا وَمَوْضُوعًا مِنْهُ: سەل قارىدى، مەنسىتمىدى، كەمسىتتى.

وَضَعَ الشَّيْءَ فِي مَكَانٍ: جايلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇردى.

وَضَعَ السِّيَاسَةَ فِي الْقِيَادَةِ: سىياسەتنى قوماندان قىلدى.

وَضَعَ الشَّيْءَ مِنْ يَدِهِ: تاشلىۋەتتى، چۆرۈۋەتتى.

وَضَعَ نُصْبَ عَيْنَيْهِ: ئەستە ساقلىدى.

وَضَعَ ثِقَتَهُ فِي فُلَانٍ: پالانىغا ئىشەندى، ئىشەنچ قىلدى.

وَضَعَ حَدًّا لِلْأَمْرِ: خاتىمە بەردى، چەك قويدى.

وَضَعَ الْأَسَاسَ: ئاساس سالدى.

وَضَعَ الْمَشْرُوعَ: پىلانلىدى.

وَضَعَ خَتْمًا عَلَى: تامغا باستى.

وَضَعَ يَدَهُ عَلَى: ئېرىشتى، ئىگە بولدى، ئىشغال قىلدى.

وَضَعَ عَلَى جَنْبٍ: چىقىرىپ تاشلىدى، ۋاز كەچتى.

وَضَعَ الْإِتِّفَاقَ مَوْضِعَ التَّنْفِيذِ: كېلىشىمنى كۈچكە ئىگە قىلدى.

وَضَعَ يَوْضَعُ ضَعَةً وَوَضَاعَةً: تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىقتى.

وَضْعٌ ج أَوْضَاعٌ: ھالەت، ۋەزىيەت، شەكىل، ھەيئەت.

الْوَضْعُ مُمْتَازٌ: ۋەزىيەت ناھايىتى ياخشى.

وَضْعُ الْيَدِ: ئېرىشمەك، ئىگە بولماق.

وَضْعُ حَدٍّ لِكَذَا: كېسىپ تاشلىماق، چەك قويۇش.

الْوَضْعُ السِّيَاسِيّ: سىياسىي ۋەزىيەت.

الْوَضْعُ الدَّوْلِيّ: خەلقئارا ۋەزىيەت.

وَضْعٌ اِقْتِصَادِيٌّ: ئىقتىسادىي ۋەزىيەت.

وَضْعٌ حَرِجٌ: قىيىن شارائىت.

آلَامُ الْوَضْعِ: تۇغۇت ئاغرىقى، تولغاق.

وَضْعُ الْحُدُودِ: چېگرا سىزىقى.

الْأَوْضَاعُ الرَّاهِنَةُ: ھازىرقى ۋەزىيەت، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت.

وَضْعِيٌّ: ئەمەلىي، پۇختا، ئەمەلىي ئىسپات.

قَانُونٌ وَضْعِيٌّ: كىشىلەر تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قانۇن.

وَضْعِيَّةٌ ج وَضْعِيَّاتٌ: ۋەزىيەت، ئەھۋال، ھالەت، ئۆزگىرىش؛ ئورۇن، جاي.

هُوَ فِي وَضْعِيَّةٍ صَعْبَةٍ: ئۇ قىيىن ھالەتتە.

وَضْعِيَّاتٌ عَائِلِيَّةٌ جَدِيرَةٌ بِالْإِعْتِنَاءِ: كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك ئائىلە ئەھۋالى.

وَضَمٌ ج أَوْضَامٌ: دۈشە ـ كۆتەك.

وَضَنَ يَضِنُ وَضْنًا الشَّيْءَ: قاتلىدى، قاتلاپ قويدى.

وَضِنَةٌ: توقۇلما يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق.

وُضُوءٌ: تاھارەت، تاھارەت ئالماق، پاكىزلىماق، پاكىزلىق.

«إِنَّ أُمَّتِي يُدْعَوْنَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ غُرًّا مُحَجَّلِيْنَ مِنْ آثَارِ الْوُضُوءِ» «حديث»: مېنىڭ ئۈممىتىم قىيامەت كۈنى تاھارەتنىڭ تەسىرىدىن چىرايلىرى، پۇت ـ قوللىرى نۇرلۇق بولغان ھالدا چاقىرىلىدۇ.

وَضُوءٌ: تاھارەت سۈيى.

وُضُوحٌ: ئېنىقلىق، ئوچۇقلۇق، روشەنلىك.

وَضِيءٌ ج وِضَاءٌ وَأَوْضَاءٌ: پاكىز، تازا؛ چىرايلىق، گۈزەل.

وَجْهٌ وَضِيءٌ: گۈزەل چىراي.

وَضِيحَةٌ ج وَضَائِحُ: چارۋا، كىشىنىڭ سايىسى.

وَضِيعٌ ج وُضَعَاءُ: خار، ئاجىز، پەس، ھەقىر.

**الْوَضِيْعُ وَالرَّفِيْعُ:** تۆۋەن ۋە يۇقىرى.

**مِنْ أَصْلٍ وَضِيْعٍ:** تۆۋەن تەبىقىدىن.

**وَضِيْعَةٌ ج وَضَائِعُ:** باج، سېلىق؛ ئامانەت، ھاۋالە قىلىنغان؛ قوغداش ئەترىتى؛ ئاسرانىدى بالا.

**وَضِيْمَةٌ ج وَضَائِمُ:** نەزىر ئېشى، قىزغىن كۈتۈۋېلىنغان بىر توپ ئادەم.

**وَطَاءٌ:** تۈز يەر، تەكشى يەر.

**وِطَاقٌ ج وِطَاقَاتٌ:** چېدىر.

**وَطَأَ يَطَأُ وَطْأً الشَّيْءَ:** نەرسىنى دەسسىدى.

**وَطِئَ يَطَأُ وَطْأً:** دەسسىدى، ئاياغ باستى.

**وَطِئَ الْمَرْأَةَ:** ئايال بىلەن جىما قىلدى.

**وَطِئَ أَرْضَ الْعَدُوِّ:** دۈشمەن زېمىنىغا بېسىپ كىردى.

﴿وَلَوْلَا رِجَالٌ مُّؤْمِنُونَ وَنِسَاءٌ مُّؤْمِنَاتٌ لَّمْ تَعْلَمُوهُمْ أَن تَطَـُٔوهُمْ﴾ «قرآن»: (مەككىدە) سىلەر بىلمەيدىغان ئەر-ئايال مۆمىنلەر بولۇپ، سىلەر بىلمەستىن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، ...

**وَطُوءَ يَوْطُؤُ وَطَاءَةً:** ئاسان بولدى.

**وَطْءٌ:** دەسسىمەك، جىما قىلماق (جىنسىي ئالاقە قىلماق)؛ تۈز يەر، تەكشى يەر.

﴿إِنَّ نَاشِئَةَ اللَّيْلِ هِيَ أَشَدُّ وَطْءًا وَأَقْوَمُ قِيلًا﴾ «قرآن»: شۈبھىسىزكى، كېچىنىڭ قىيامى ئەڭ مۇۋاپىقتۇر ۋە كېچىنىڭ قىرائىتى ئەڭ توغرا بولىدۇ.

**سَمِعَ وَطْءَ الْقَدَمِ:** ئاياغ تاۋۇشىنى ئاڭلىدى.

**خَفِيفُ الْوَطْءِ:** ئاۋايلاپ دەسسە.

**وَطْأَةٌ:** بىر قېتىم دەسسەش، باسماق، سىقماق، ئاياغ ئىزى.

**حَرٌّ شَدِيدُ الْوَطْأَةِ:** قاتتىق ئىسسىق.

**خَفِيفُ الْوَطْأَةِ:** يۇمشاق، مەيىن، يېقىملىق.

**شَدِيدُ الْوَطْأَةِ:** رەھىمسىز، ۋەھشىي.

**وَطْبٌ ج أَوْطُبٌ وَأَوْطَابٌ وَوِطَابٌ:** تۇلۇم؛ قوپال، توك؛ يوغان ئەمچەك.

**فُلَانٌ خَالِي الْوِطَابِ:** ھېچنېمىسى يوق.

**فُلَانٌ صَفِرَتْ وِطَابُهُ:** پالانى ئۆلدى.

**وَطْبَاءُ:** كۆكسى چوڭ ئايال.

**وَطَحَ يَطِحُ وَطْحًا وَطِحَةً الشَّيْءَ:** كۈچ بىلەن ئىتتىرىۋەتتى.

**وَطَدَ يَطِدُ وَطْدًا الشَّيْءَ:** تۇراقلاشتى، مۇقىملاشتى.

**وَطَّدَ الشَّيْءَ:** تۇراقلاشتۇردى، مۇقىملاشتۇردى.

**وَطَّدَ الْأَرْضَ:** يەرنى خاڭدىدى.

**وَطَّدَ لَهُ:** ئۇنىڭغا تەييارلىدى.

**وَطَّدَ ثِقَتَهُ فِيهِ:** چوڭقۇر ئىشەندى.

**وَطَّدَ عَزْمَهُ عَلَى:** بىر قارارغا كەلدى، قەتئىي ئىرادىگە كەلدى.

**وَطَرٌ ج أَوْطَارٌ:** مەقسەت، ئارزۇ، غايە، نىشان.

«قَضَى مِنْهَا وَطَرَهُ»: مەقسىتىگە يەتتى.

﴿فَلَمَّا قَضَى زَيْدٌ مِّنْهَا وَطَرًا زَوَّجْنَاكَهَا﴾ «قرآن»: (زەينەپنى) زەيد قويۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنى ساڭا نىكاھلاپ بەردۇق.

**وَطَسَ يَطِسُ وَطْسًا الشَّيْءَ:** نەرسىنى سۇندۇردى، ئۇۋۇتىۋەتتى.

**وَطَسَهُ:** ئۇنى قاتتىق ئۇردى.

**وَطَشَ يَطِشُ وَطْشًا الشَّيْءَ:** نەرسىنى سۇندۇردى، پارچىلىدى.

**وَطَّ يَوَطُّ وَطًّا الْوَطْوَاطُ:** شەپەرەڭ چىرقىرىدى.

**وَطَّ الْمَحْمَلُ:** كاجۇۋا غىچىرلىدى.

**وَطَّاسٌ:** پادىچى، قاتتىق ئۇرغۇچى، ئۇرۇپ كومپەيكوم قىلىۋەتكۈچى.

**وَطَّأَ يُوَطِّئُ تَوْطِئَةً:** دەسسىدى.

**وَطَّأَ عَتَبَةَ دَارِهِ:** زىيارەت قىلدى، يوقلىدى، ھال سورىدى.

**وَطَّأَ الْفَرَسَ:** ئاتنى مىندى.

وَطَأَ الْمَرْأَةَ: ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلدى.
وَطَأَ الْأَمْرَ: تەييارلىدى.
وَطَأَ الطَّرِيقَ أَمَامَ تَلَامِيذِهِ: شاگىرتلىرى ئالدىدا يول هازىرلاپ بەردى.
وَطَّدَ يُوَطِّدُ تَوْطِيدًا الشَّيْءَ: تۇراقلاشتۇردى، كۈچەيتتى.
وَطَّدَ أَقْدَامَهُ: قەدەملىرىنى پۇختا قىلدى.
وَطَّدَ عُرَى الْمَحَبَّةِ بَيْنَهُمَا: ئارىدىكى مۇھەببەتنى چىڭىتتى.
وَطَّدَ الْأَرْضَ: يەرنى خاڭدىدى.
وَطَّدَ لَهُ الْأَمْرَ: تەييارلىدى، ئورۇنلاشتۇردى.
وَطَّدَ لَهُ زِيَارَةً مَعَ الْمُدِيرِ: ئۇنىڭغا مۇدىر بىلەن زىيارەتنى ئورۇنلاشتۇردى.
وَطَّدَ نَفْسَهُ عَلَى الْمَشْيِ: ئۆزىنى مېڭىشقا كۆندۈردى.
«وَطَّدُوا صِلَاتِ الْإِخَاءِ»: ئۇلار قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملىدى.
وَطَّشَ يُوَطِّشُ تَوْطِيشًا: تەييارلىدى.
وَطَّشَهُ: ئۇنىڭغا ئازغىنە بەردى.
وَطَّنَ يُوَطِّنُ تَوْطِينًا: ماكانلاشتى، ئورۇنلاشتى.
«وَطَّنَ الشَّخْصَ بِالْبَلَدِ»: كىشىنى يەرلەشتۈردى.
«وَطَّنَ نَفْسَهُ عَلَى الْأَمْرِ وَلَهُ»: ئۆزىنى بىر ئىشنى قىلىشقا تەييارلىدى، ئۆزىنى بىر ئىشقا ئادەتلەندۈردى.
وَطَّى يُوَطِّى تَوْطِيَةً الشَّيْءَ: نەرسىنى پەسلەتتى، تۆۋەنلەتتى.
وَطِفَ يَوْطَفُ وَطَفًا الشَّخْصُ: قاش-كىرپىكلىك بولدى.
وَطْفَاءُ ج وُطْفٌ: قاش-كىرپىكلىك ئايال.
وَطَمَ يَطِمُ وَطْمًا السِّتْرَ: پەردىنى چۈشۈردى.
وَطِمَ يَوْطَمُ وَطْمًا وَوُطِمَ الرَّجُلُ: كىشى قەۋزىيەت بولۇپ قالدى.
وَطَنَ يَطِنُ وَطْنًا الشَّخْصُ بِالْمَكَانِ: ماكانلاشتى، تۇرۇپ قالدى.
وَطَنٌ ج أَوْطَانٌ: ۋەتەن، يۇرت.
حُبُّ الْوَطَنِ: ۋەتەننى سۆيۈش، ۋەتەنپەرۋەرلىك.
«هُوَ مِنْ أَهْلِ وَطَنِهِ»: ۋەتەنداش، يۇرتداش.
وَطَنِيٌّ: يەرلىك ئادەم، يەرلىك مىللەت، ۋەتەنپەرۋەر.
الْعِيدُ الْوَطَنِيُّ: دۆلەت بايرىمى، مىللىي بايرام.
نَشِيدٌ وَطَنِيٌّ: دۆلەت شېئىرى.
وَطَنِيٌّ ج وَطَنِيُّونَ: ۋەتەنپەرۋەر.
الْوَطَنِيَّةُ: ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتچىلىك، مىللىي مەسلەك.
حُقُوقٌ وَطَنِيَّةٌ: مىللىي ھوقۇق.
حُكُومَةٌ وَطَنِيَّةٌ: خەلق ھۆكۈمىتى، مىللىي ھۆكۈمەت.
لُغَةٌ وَطَنِيَّةٌ: يەرلىك تىل، دۆلەت تىلى.
مَصْنُوعَاتٌ وَطَنِيَّةٌ: يەرلىك مەھسۇلات، مەملىكىتىمىزدە ئىشلەنگەن مال.
الْحَرَكَةُ الْوَطَنِيَّةُ: مىللىي ھەرىكەت.
مَصَالِحُ وَطَنِيَّةٌ: مىللىي مەنپەئەت.
نَعْرَةٌ وَطَنِيَّةٌ: شوۋىنىزم.
وَطْوَاطٌ ج وَطَاوِيطُ: دۆت ئادەم؛ قارىغۇ چاشقان؛ شەپەرەڭ.
وَطْوَطَ يُوَطْوِطُ وَطْوَطَةً: ئاجىزلاشتى، كېكەچلەپ سۆزلىدى.
وَطِيءٌ: پەس، تۆۋەن.
وَطِيدٌ: مۇقىم، پۇختا-مۇستەھكەم.
«أَمَلِي وَطِيدٌ فِيكَ لِمُسَاعَدَتِي»: سېنىڭ ماڭا ياردەم قىلىشىڭغا ئىشەنچىم كامىل.
وَطِيسٌ ج أَوْطِسَةٌ وَوُطُسٌ: تونۇر، دوخوپكا؛ جەڭگاھ.
حَمِيَ الْوَطِيسُ: ئۇرۇش قاتتىق بولدى.
وَطِيسَةٌ: قاتتىق، قاتتىقلىق، شىددەتلىك.

وَظَائِفِيٌّ: فىزىئولوگىيىلىك، فىزىئولوگ.

وَظَبَ يَظِبُ وُظُوبًا: داۋام قىلدى، داۋاملاشتۇردى.

وَظِرَ يَوْظَرُ وَظَرًا: سەمرىدى.

وَظِرٌ: سېمىز.

وَظَّفَهُ يُوَظِّفُ تَوْظِيفًا: ئۇنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى.

وَظَّفَ الشَّخْصَ: ۋەزىپە ئارتتى.

«وَظَّفَ عَلَى الصَّبِيِّ جُزْءًا مِنَ الْقُرْآنِ»: بالىغا قۇرئاندىن بىر پارە يادلاشنى ۋەزىپە قىلدى.

وَظَّفَ عَلَيْهِ عَمَلًا: ئۇنىڭغا خىزمەتنى يۈكلىدى.

وَظَفَ يَظِفُ وَظْفًا الْبَعِيرَ: تۆگىنى چۇشەپ قويدى.

وَظَفَ الْقَوْمَ: قوۋمغا ئەگەشتى.

«وَظَفَ الشَّيْءَ عَلَى نَفْسِهِ»: ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

وَظِيفٌ ج وُظُفٌ وَأَوْظِفَةٌ: پاچاق، پاقالچاق.

وَظِيفَةٌ ج وَظَائِفُ: ئاشلىق نورمىسى؛ ئىش ھەققى، ئايلىق؛ خىزمەت، ۋەزىپە؛ مەنسەپ، ئەمەل.

«أَدَّى وَظِيفَتَهُ عَلَى الْوَجْهِ الْأَكْمَلِ»: ئۇ خىزمىتىنى تولۇق ئورۇنلىدى.

«أَوْصَدَ بَابَ الْوَظَائِفِ فِي وَجْهِهِ»: ئۇنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرمىدى.

وَظِيفَةُ الْعُضْوِ: فۇنكسىيە.

عِلْمُ الْوَظَائِفِ وَعِلْمُ وَظَائِفِ الْأَعْضَاءِ: فىزىئولوگىيە.

وَظِيفِيٌّ: فىزىئولوگىيىلىك.

تَحْلِيلٌ وَظِيفِيٌّ: فىزىئولوگىيىلىك ئانالىز.

وِعَاءٌ ج أَوْعِيَةٌ جج أَوَاعٍ: قاچا.

وِعَاءٌ دَمَوِيٌّ: قان تومۇر.

﴿ثُمَّ اسْتَخْرَجَهَا مِن وِعَاءِ أَخِيهِ﴾ «قرآن»: ئاندىن يۇسۇپنىڭ ئۇكىسىنىڭ يۈكىدىن قەدەھنى تېپىپ چىقتى.

«مَا مَلَأَ آدَمِيٌّ وِعَاءً شَرًّا مِنْ بَطْنِهِ» «حديث»: ئادەم بالىسىنىڭ قورسىقىدىنمۇ يامانراق توشقۇزىدىغان قاچا يوق.

وِعَائِيٌّ: تومۇرنىڭ، قان تومۇرنىڭ.

وِعَاطٌ: سېرىق ئەتىرگۈل.

وُعَاقٌ: ئۇلاغ ماڭغاندا قورسىقىدىن چىققان ئاۋاز.

وَعَبَ يَعِبُ وَعْبًا الشَّيْءَ: نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋالدى، تولدۇرۇپ ئالدى.

وَعْبٌ: كەڭ.

طَرِيقٌ وَعْبٌ: كەڭ يول.

وَعِثَ يَوْعَثُ وَعْثًا وَوَعَثًا الْأَمْرُ: ئىش مالىماتاڭ بولۇپ كەتتى، قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

«وَعِثَ الطَّرِيقُ»: يول مېڭىشقا قىيىن بولدى.

وَعِثَتِ الْيَدُ: قول سۇندى.

وَعْثٌ وَعِثٌ ج وُعُوثٌ: قىيىن، مۈشكۈل.

وَعْثُ الطَّرِيقِ: مېڭىش قىيىن يول، بۇزۇق يول.

وَعْثَاءُ ج وُعْثٌ: قىيىن، مۈشكۈل، تەس، جاپالىق.

«أَعُوذُ بِاللهِ مِنْ وَعْثَاءِ السَّفَرِ»: سەپەرنىڭ مۇشەققەتلىرىدىن ئاللاھدىن پاناھ تىلەيمەن.

رَكِبَ الْوَعْثَاءَ: گۇناھ قىلدى.

وَعَدَ يَعِدُ وَعْدًا وَعِدَةً وَمَوْعِدًا وَمَوْعِدَةً وَمَوْعُودًا وَمَوْعُودَةً: ۋەدە قىلدى، ماقۇل بولدى، ۋەدە بەردى.

وَعَدَتِ الْأَرْضُ: مول ـ ھوسۇل ئېلىش كۆزدە تۇتۇلدى.

﴿وَكُلاًّ وَعَدَ اللهُ الْحُسْنَى﴾ «قرآن»: بۇ ئىككى خىل كىشىلەر (يەنى، ئۆزرىسى بولۇپ، جىھادقا چىقالمىغانلار ۋە جىھادقا چىققۇچىلار)نىڭ ھەممىسىگە ئاللاھ جەننەتنى ۋەدە قىلدى.

«وَعَدَهُ بِجَائِزَةٍ»: ئۇنى مۇكاپاتلاشنى ۋەدە قىلدى.

وَعَدَ يَعِدُ وَعِيدًا الشَّخْصَ: قورقۇتتى، تەھدىت سالدى.

وَعْدٌ ج وُعُودٌ: ۋەدە، ئەھدە، توختام.

وَعْدُ شَرَفٍ: قەسەم، قەسەم سۆزى.

﴿فَاصْبِرْ إِنَّ وَعْدَ اللَّهِ حَقٌّ﴾ «قرآن»: (ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭنىڭ سېنى ئىنكار قىلغانلىقىغا) سەۋر

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلار ئۇيغۇرچە uyghurkitap.com

قىلغىن. (ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ئازابلاش توغرىسىدىكى) ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر.

أَخْلَفَ وَعْدَهُ: ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلدى، ۋەدىسىدە تۇرمىدى.

وَعْدُ الْحُرِّ دَيْنٌ: ئوغۇل بالىنىڭ قىلغان ۋەدىسى ئۇستىدىكى قەرزدەك بولىدۇ.

وَعَرَ يَعِرُ وَعْرًا وَوُعُورًا الْمَكَانُ: جايدا مېڭىش تەس بولدى.

وَعَرَتِ الطَّرِيقُ: يول قىيىنلاشتى، يول كاتاكلاشتى.

وَعَرَالشَّخْصُ: توستى، توسقۇنلۇق قىلدى.

وَعُرَ يَوْعُرُ وُعُورَةً وَوَعَارَةً الْمَكَانُ: جايدا مېڭىش تەس بولدى.

وَعَرَ الشَّيْءَ: نەرسە ئازلىدى.

وَعْرٌ ج أَوْعَارٌ وَوُعُورٌ: قىيىن، تەس؛ قورقۇنچلۇق.

مَطْلَبٌ وَعْرٌ: قىيىن تەلەپ.

مَكَانٌ وَعْرٌ: قورقۇنچلۇق جاي.

طَرِيقٌ وَعْرٌ: جاپالىق يول.

رَجُلٌ وَعْرُالْمَعْرُوفِ: ئانچە ياخشىلىق بىلمەيدىغان ئادەم.

وَعَزَ يَعِزُ وَعْزًا إِلَيْهِ: ئەسلەتتى، يادىغا كەلتۈردى.

وَعَزَ الشَّخصَ إِلَيْهِ: ئۇنى بۇيرۇدى، ئەقىل كۆرسەتتى.

وَعَسَ يَعِسُ وَعْسًا الشَّيْءَ: نەرسىنى دەسسىدى.

«وَعَسَهُ الدَّهْرُ»: زامان ئۇنى چېنىقتۇردى.

وَعْسٌ ج أَوْعَاسٌ: كۆچمە قۇم؛ ئىز.

وَعْسَاءُ ج وُعْسٌ جج أَوَاعِسُ: قۇملۇق يەر، قۇمساڭغۇ يەر.

وَعَظَ يَعِظُ وَعْظًا وَعِظَةً: نەسىھەت قىلدى، ۋەز ئېيتتى، ۋەزخانلىق قىلدى.

﴿وَمَا أَنزَلَ عَلَيْكُمْ مِنَ الْكِتَابِ وَالْحِكْمَةِ يَعِظُكُمْ بِهِ﴾ ‹قۇرئان›: ۋە سىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلغان كىتابنى، ھېكمەتنى (يەنى، كىتابتىكى ئەھكاملارنى) ئەسلەڭلار.

«وَعَظَ الْإِمَامُ الْمُصَلِّيْنَ»: ئىمام نامازئوقۇغۇچىلارغا تەبلىغ قىلدى.

وَعْظٌ: ۋەز ئېيتماق، ۋەز-نەسىھەت.

«مَعْهَدُ الْوَعْظِ وَالْإِرْشَادِ»: ۋەز-تەبلىغ ئىنستىتۇتى.

وَعْظَةٌ ج وَعْظَاتٌ: نەسىھەت، ۋەز-نەسىھەت.

وَعٌّ: چىلبۆرە.

وَعَثَهُ يُوَعِّثُ تَوْعِيثًا عَنِ الْأَمْرِ: ئۇنى ئىشتىن توسۇدى، قايتۇردى.

وَعَّزَ يُوَعِّزُ تَوْعِيزًا إِلَيْهِ: ئۇنىڭغا ئەسلەتتى، يادىغا سالدى.

وَعَّزَهُ: ئۇنى بۇيرۇدى.

وَعَّقَ يُوَعِّقُ تَوْعِيقًا: ياۋۇز بولدى.

وَعَّنَ يُوَعِّنُ تَوْعِينًا الدَّابَّةُ: ئۇلاغ سەمرىدى.

وَعِفَ يَوْعُفُ وُعُوفًا الْبَصَرُ: كۆز ئاجىزلاشتى.

وَعْفٌ ج وِعَافٌ: ئوي چوقۇر يەر.

وَعِقَ يَعِقُ وَعْقًا عَلَيْهِ: ئالدىرىدى.

وَعُقَ يَوْعُقُ وَعْقَةً: چاكىنا بولدى، پەس بولدى.

وَعْقٌ وَوَعِقٌ: ياۋۇز، مىجەزى ئوسال، ۋەھشىي.

وَعَكَ يَعِكُ وَعْكًا وَوَعْكَةً الْحَرّ: ئىسسىق قاتتىق بولدى.

وَعَكَ الشَّخْصُ: چارچاش ياكى كېسەللىك تۈپەيلىدىن ھالسىراپ كەتتى.

وَعَكَ الشَّيْءَ: نەرسىنى چەيلىۋەتتى، كۆمپەيكۈم قىلىۋەتتى.

وَعِكٌ: ساقسىز، كەيپسىز.

وَعْكَةٌ ج وَعَكَاتٌ: تىنچىق، ساقسىزلىق.

وَعْكَةُ الْحُمَّى: قىزىتمىنىڭ قاتتىقلىقى.

وَعْكَةُ الْأَمْرِ: ئىشنىڭ قاتتىقلىقى.

وَعَلَ يَعِلُ وَعْلًا الرَّجُلُ: ئۈستۈن بولدى، يۇقىرى بولدى.

وَعْلٌ . وَعِلٌ ج أَوْعَالٌ وَوُعُولٌ م وَعِلَةٌ ج وَعِلَاتٌ

وَوَعَالٌ: تاغ تېكىسى.

وَعَمَ / وَعِمَ يَعِمُ وَعْمًا الدِّيَارَ: سالام يوللىدى.

وَعْنٌ ج وِعَانٌ: پاناھگاھ، پاناھلىنىدىغان جاي؛ قاتتىق يەر.

وَعْنَةٌ ج وِعَانٌ: قاتتىق يەر، قاقاس يەر.

وَعْوَاعٌ ج وَعَاوِعُ: ئىتنىڭ قاۋىشى، بۆرىنىڭ ھۇۋلىشى.

وُعُورَةُ الْجِبَالِ: تاغلاردا مېڭىشنىڭ قىيىن بولۇشى.

وَعْوَعَ يُوَعْوِعُ وَعْوَعَةً وَوَعْوَاعًا الْكَلْبُ: ئىت ھاۋشىدى، ھۇۋلىدى.

وَعْوَعَ الْقَوْمُ: قوۋم چۇقان سېلىشتى.

وَعْوَعٌ ج وَعَاوِعُ: چىلبۆرە؛ تۈلكە.

وَعْوَعَةٌ: كۆچۈكلەرنىڭ غىڭشىغان ئاۋازى.

وَعْوَعِيٌّ: زېرەك، تۈيغۇن؛ خۇشچاقچاق.

وَعَى يَعِي وَعْيًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى، قاچىغا ئالدى.

وَعَتِ الْأُذُنُ: قۇلاق ئاڭلىدى.

وَعَى الشَّخْصُ الْأَمْرَ: ماھىيىتىنى چۈشەندى.

وَعَى الشَّخْصُ الْحَدِيثَ: ھەدىسنى چۈشەندى.

وَعُوا كُنْهَ الْمَوْضُوعِ: ماۋزۇنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندى.

تَعِي الزَّيْتَ فِي الْجَرَّةِ: مايىنى كوزىغا قاچىلايدۇ.

لَايَعِي مَا يَقُوْلُ: ئۇ خۇدىنى بىلمەيدۇ.

وَعْيٌ: ئۆز ئىچىگە ئالماق؛ سىغدۇرماق؛ ئاڭ، چۈشەنچە؛ ۋاراڭ-چۇرۇڭ.

مِنْ غَيْرِ وَعْيٍ: ئاڭسىز رەۋىشتە.

اَلْوَعْيُ الْأَخْلَاقِيُّ: ئەخلاقىي ئاڭ.

اَلْوَعْيُ الْقَوْمِيُّ: مىللىي ئاڭ.

حَمَلَ الْفَلَّاحُوْنَ الْغُلَامَ الَّذِيْ غَابَ عَنْ وَعْيِهِ إِلَى الْمُسْتَشْفَى: دېھقانلار ھوشىنى يوقاتقان بالا خىزمەتچىنى يۆدۈپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى.

وَعِيْدٌ: قورقۇتىدىغان سۆز، تەھدىت سالىدىغان سۆز؛ قورقۇتماق، تەھدىت سالماق.

يَوْمُ الْوَعِيْدِ: قىيامەت كۈنى.

﴿وَصَرَّفْنَا فِيهِ مِنَ الْوَعِيدِ﴾ «قرآن»: ئۇنىڭدا تۈرلۈك ئاگاھلاندۇرۇشلارنى بايان قىلدۇق.

وَعِيْدِيٌّ: تەھدىت خاراكتېرلىك، تەھدىتلىك.

وَعِيْرٌ ج أَوْعَارٌ: ئوڭغۇل-دوڭغۇل، ئويمان-دۆڭ.

مَكَانٌ وَعِيْرٌ: ئېگىز-پەس يەر.

وَعِيٌّ: فىقھى-ھەدىس ئىلىملىرىدە يېتىلگەن ئالىم.

وَغْبٌ ج أَوْغَابٌ وَوِغَابٌ م وَغْبَةٌ: چوڭ تۆگە؛ ئۇششاق مال؛ ئاجىز بەدەن؛ ناچار ئادەم؛ گالۋاڭ.

وَغَدَ يَغِدُ وَغْدًا الْقَوْمَ: قوۋمغا خىزمەت قىلدى.

وَغُدَ يَوْغُدُ وَغَادَةً الرَّجُلُ: كىشى پەس بولدى، رەزىل بولدى، ئاجىز بەدەن بولدى.

وَغْدٌ ج أَوْغَادٌ وَوُغْدَانٌ م وَغْدَةٌ: دەلدۈش، مەتۇ؛ پەس، خىزمەتچى.

وَغَرَ يَغِرُ وَغْرًا الْيَوْمُ: كۈندۈز قاتتىق ئىسسىق بولدى.

وَغَرَ صَدْرُهُ عَلَيْهِ: ئۇنى ئۆچ كۆردى.

وَغْرٌ و وَغَرٌ: ئاداۋەت، ئۆچمەنلىك.

وَغَّرَ يُوَغِّرُ تَوْغِيْرًا صَدْرَهُ: ئۇغىسىنى قايناتتى، غەزىپىنى كەلتۈردى.

وَغَفَ يَغِفُ وَغْفًا وَوُغُوْفًا: چاپتى، يۈگۈردى.

وَغِفَ يَوْغَفُ وَغْفًا وَوَغَفًا الْبَصَرُ: كۆز ئاجىزلاشتى.

وَغَلَ يَغِلُ وُغُوْلًا الشَّخْصُ فِي الشَّيْءِ: سىڭىپ كىردى، ئاستا-ئاستا سىڭىپ كىردى، ئىچكىرىلەپ كىردى.

وَغَلُوا فِي الْغَابَةِ: ئورمانلىققا ئىچكىرىلەپ كىردى.

وَغَلَ يَغِلُ وَغْلًا وَوُغُوْلًا وَوَغَلَانًا عَلَى: كۈتۈلمىگەن مېھمان بولدى، چاقىرىلمىغان مېھمان بولدى.

وَغْلٌ ج أَوْغَالٌ: چاقىرىلمىغان مېھمان.

وَغَمَهُ يَغِمُ وَغْمًا: ئۇنى يەڭدى، مەغلۇپ قىلدى.

وَغَمَ بِالْخَبَرِ: كوچا خەۋىرى يەتكۈزدى.

www.uyghurkitap.com

وَغِمَ يَوْغَمُ وَغْمًا عَلَيْهِ: ئۆچ كۆردى.

وَغْمٌ ج أَوْغَامٌ وَوُغُومٌ: مەتۇ، گالۋاك، ئۆچمەنلىك، ئۇرۇش، جەڭ.

رَجُلٌ وَغْمٌ: ئۆچەكەشكۈچى ئادەم.

وَغًى وَغْيٌ: ۋاراڭ-چۇرۇڭ، شاۋقۇن-سۈرەن، چۇقان؛ جەڭ، ئاللاھ-توۋا.

سَاحَةُ الْوَغَى: جەڭ مەيدانى، فرونت.

حَوْمَةُ الْوَغَى: ئۇرۇش مەيدانى، جەڭگاھ.

وَفَاءٌ: ۋەدىگە ۋاپا قىلماق، لەۋزىدە تۇرماق.

«هُوَ ذُو وَفَاءٍ لِأَصْدِقَائِهِ»: ئۇ دوستلىرىغا ۋاپادار.

مَاتَ وَأَنْتَ بِوَفَاءٍ: ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن.

وَفَاةٌ ج وَفِيَاتٌ: ئۆلۈش، ۋاپات بولۇش.

وِفَادَةٌ: كەلمەك، قەدەم تەشرىپ قىلىش.

«أَكْرَمَ وِفَادَتَهُ وَعَامَلَهُ بِالْحُسْنَى»: ئۇنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنى چوڭ بىلىپ ياخشى مۇئامىلە بىلەن قارشى ئالدى.

وِفَارَةٌ: مولچىلىق، مەمۇرچىلىق، باياشاتچىلىق.

وِفَاضٌ ج وُفُضٌ: سۇ يىغىلىپ قالىدىغان جاي.

وِفَاقٌ: بىرلىك، ئىتتىپاقلىق، مۇۋاپىقلىق، ماس كەلمەك؛ مۇۋەپپەقىيەت قازانماق؛ روناق تاپماق.

﴿إِلَّا حَمِيماً وَغَسَّاقاً جَزَاءً وِفَاقاً﴾ «قرآن»: ئۇلارنىڭ ئېرىشىدىغىنى پەقەت يۇقىرى دەرىجىلىك هارارەتلىك قايناق سۇ ۋە يىرىڭدىنلا ئىبارەت بولىدۇ. بۇ (ئۇلارغا بېرىلىدىغان) مۇۋاپىق جازادۇر.

وِفَاقُ الْأَحِبَّةِ: دوستلارنىڭ ئىناقلىقى.

وِفَاقًا لِكَذَا: قاراپ، بويىچە.

وَفَدَ يَفِدُ وَفْدًا وَوُفُودًا وَوِفَادَةً إِلَيْهِ: كەلدى، يېتىپ كەلدى.

«وَفَدَ مَبْعُوثُو الْحِزْبِ إِلَى الْمُؤْتَمَرِ»: پارتىيە ۋەكىللىرى قۇرۇلتايغا يېتىپ كەلدى.

وَفْدٌ ج وُفُودٌ: ۋەكىللەر ئۆمىكى.

﴿يَوْمَ نَحْشُرُ الْمُتَّقِينَ إِلَى الرَّحْمَنِ وَفْداً﴾ «قرآن»: شۇ كۈندە (يەنى، قىيامەت كۈنىدە) تەقۋادارلارنى مەرھەمەتلىك پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا ئىززەت-ئىكرام بىلەن يىغىمىز.

وَفَرَ يَفِرُ وَفْرًا وَوُفُورًا وَوَفُرَ يَوْفُرُ وَفَارَةً الْمَالُ: مال تولۇق بولدى، يېتەرلىك بولدى، كۆپ بولدى.

«وَفَرَ لِلشَّخْصِ الْمَالَ أَوِ الْمَتَاعَ»: كىشىگە مالنى كەڭ بەردى.

وَفْرٌ وَفْرَةٌ: مولچىلىق، مەمۇرچىلىق، باياشاتچىلىق.

وَفَزَ يَفِزُ وَفْزًا: ئالدىرىدى.

وَفْزٌ ج أَوْفَازٌ وِوِفَازٌ: ئالدىرىماق.

نَحْنُ عَلَى وَفْزٍ: بىز ئالدىراش.

مَكَانٌ وَفْزٌ: ئېگىز جاي.

وَفَضَ يَفِضُ وَفْضًا: چاپتى، يۈگۈردى.

وَفَضَتِ الْإِبِلُ: تۆگە تارقاپ كەتتى.

وَفْضٌ ج أَوْفَاضٌ: ئالدىرىماق.

وَفْضَةٌ ج وِفَاضٌ: پورتمال، قاپچۇق.

خَالِي الْوِفَاضِ: خالتىسى قۇرۇق.

وَفْعٌ ج أَوْفَاعٌ: ئېگىز بىنا، ئېگىز جاي.

وَفْعَةٌ ج وِفَاعٌ: پۈگەت.

وَفَّدَ يُوَفِّدُ تَوْفِيدًا إِلَيْهِ: ئەۋەتتى، ۋەكىل ئەۋەتتى.

وَفَّرَ يُوَفِّرُ تَوْفِيرًا الشَّيْءَ: نەرسىنى كۆپەيتتى، تولدۇردى.

وَفَّرَ لِحْيَتَهُ: ساقال قويدى.

«وَفَّرَ الشُّغْلَ لِلْعَاطِلِينَ عَنِ الْعَمَلِ»: ئىش ئورنىدىن قالغانلارغا ئىش ئورنى تېپىپ بەردى.

«وَفَّرَ لَهُ أَسْبَابَ الرِّزْقِ»: ئۇنىڭغا رىزىق يوللىرىنى كېڭەيتىپ بەردى، تورمۇش يولى هازىرلاپ بەردى.

«وَفَّرَ الشَّخْصُ عَلَيْهِ حَقَّهُ»: ھەققىنى تولۇق بەردى.

«وَفَّرَ عَلَيْهِ مَصَارِيفَ زَائِدَةً»: ئۇنىڭغا ئارتۇق

چىقىملارنى تېجەپ بەردى.

«وَفَّرَ الشَّخْصُ لَهُ عِرْضَهُ»: ئۇنىڭ ئابرۇيىنى ساقلىدى.

وَفَّقَ يُوَفِّقُ تَوْفِيقًا: ئۇيغۇنلاشتۇردى، ماسلاشتۇردى؛ مۇۋاپىق كەلدى.

﴿إِن يُرِيدَا إِصْلَاحاً يُوَفِّقِ اللّهُ بَيْنَهُمَا﴾ «قرآن»: ئەگەر بۇ ئىككى كىشى ئەپلەشتۈرۈشنى خالىسا، ئاللاھ ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا ئىناقلىق سالىدۇ.

«وَفَّقَهُ اللهُ لِلْخَيْرِ»: ئاللاھ ئۇنى ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلدى.

«وَفَّقَ بَيْنَ الْقَوْمِ»: قوۋمنىڭ ئارىسىنى كېلىشتۈردى، ئەپلەشتۈردى.

«وُفِّقَ فِي تِجَارَتِهِ كُلَّ التَّوْفِيقِ»: سودىسىدا ئالاھىدە ئۇتۇق قازاندى.

وَفَّي يُوَفِّي تَوْفِيَةً الرَّجُلُ حَقَّهُ: ھەققىنى تولدۇرۇپ بەردى، تولۇق بەردى.

﴿إِنَّمَا يُوَفَّى الصَّابِرُونَ أَجْرَهُم بِغَيْرِ حِسَابٍ﴾ «قرآن»: پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ.

وَفِقَ يَفِقُ وَفْقًا: توغرا بولدى، مۇۋاپىق بولدى؛ لايىق بولدى؛ مۇۋاپىق قىلدى، مۇۋاپىقلاشتۇردى، چۈشەندى.

وَفْقٌ: ماس كەلمەك، مۇۋاپىقلاشماق.

«قَامَ بِهَذَا الْعَمَلِ وَفْقًا لِتَعْلِيْمَاتِهِ»: بۇ ئىشنى ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قىلدى.

«كَسْبُهُ وَفْقُ عِيَالِهِ»: ئۇنىڭ تاپقىنى ئائىلىسىگە يېتىدۇ.

وَفَلَ يَفِلُ وَفْلًا الشَّيْءَ: نەرسىنى سويدى، ئاقلىدى.

وَفْلٌ: ئازغىنە نەرسە.

وَفَي يَفِي وَفَاءً: ۋاپا قىلدى، ئورۇنلىدى.

«وَفَى الشَّخْصُ بِالْوَعْدِ أَوِ الْعَهْدِ»: ۋەدىگە ۋاپا قىلدى.

وَفَي يَفِي وَفْيًا الشَّيْءُ: نەرسە تولۇق بولدى، يېتەرلىك بولدى، كۆپ بولدى.

هَذَا الشَّيْءُ لَايَفِيْ بِذَلِكَ: بۇ نەرسە ئۇنىڭغا يەتمەيدۇ.

«وَفَى رِيْشُ الْجَنَاحِ»: قاناتنىڭ پېيى يېتىلدى.

وَفِيْرٌ: كۆپ، مول، يېتەرلىك، تولۇق.

مَالٌ وَفِيْرٌ: كۆپ مال.

عَدَدٌ وَفِيْرٌ: كۆپ سان.

وَفِيٌّ: تولۇق، مۇكەممەل.

وَفِيٌّ ج أَوْفِيَاءُ: ۋاپادار، ۋەدىگە ئەمەل قىلغۇچى.

وِقَاءٌ: مۇداپىئە ئۈسكۈنىلىرى.

وِقَائِيٌّ: مۇداپىئەگە ئائىت، مۇداپىئە خاراكتېرلىك.

طِبٌّ وِقَائِيٌّ: ئالدىنى ئېلىش مېدىتسىناسى.

مَوَادٌّ وِقَائِيٌّ: مۇداپىئە ئەشيالىرى.

وَقَاحٌ: ھاياسىز، قېلىن، داپشاق.

وَقَاحَةٌ: ھاياسىزلىق، نومۇسسىزلىق، يۈزى قېلىنلىق.

وَقَاحَةُ الْمُتَسَكِّعِيْنَ: تىلەمچىلەرنىڭ قېلىنلىقى.

«يَالَهَا مِنْ وَقَاحَةٍ»: نېمىدېگەن يۈزى قېلىنلىق.

وِقَادٌ: يېقىلغۇ.

وِقَادُ الْحَرْبِ: توپ يېمى.

وَقَارٌ: ھەيۋەت؛ تەمكىن، ئۇلۇغلۇق، تەمكىنلىك.

﴿مَا لَكُمْ لَا تَرْجُونَ لِلَّهِ وَقَاراً﴾ «قرآن»: نېمە ئۈچۈن سىلەر ئاللاھنىڭ بۈيۈكلۈكىدىن قورقمايسىلەر؟

وِقَاعٌ: جىما، جىنسىي مۇناسىۋەت.

وِقَايَةٌ: قوغدىماق، مۇھاپىزەت قىلماق؛ ساقلانماق، ساقلىماق، مۇداپىئە ئۈسكۈنىلىرى.

«الْوِقَايَةُ مِنْ حَوَادِثِ الطُّرُقَاتِ»: قاتناش ھادىسىلىرىدىن ساقلىنىش.

وِقَايَةٌ صِحِّيَّةٌ: ساقلىقنى ساقلاش جەھەتتە ئالدىنى

uyghurkitap.com


ئېلىش.

الْوِقَايَةُ خَيْرٌ مِنَ الْعِلَاجِ: ئالدىنى ئېلىش داۋالىغاندىن ياخشى.

حُقْنَةٌ وِقَايَةٌ: مۇداپىئە ئوكولى.

وَقَبَ يَقِبُ وَقْبًا وَوُقُوبًا الظَّلَامُ: قاراڭغۇلۇق قاپلىدى.

﴿وَمِن شَرِّ غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ﴾ «قرآن»: قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن ... پاناھ تىلەيمەن.

«وَقَبَ الْقَمَرُ»: ئاي تۇتۇلدى.

«وَقَبَ اللَّيْلُ»: كېچە كىردى.

«وَقَبَتِ الشَّمْسُ»: كۈن ئولتۇردى.

وَقْبٌ ج وُقُوبٌ وَوِقَابٌ وَقْبَةٌ: ئورەك، ئازگال، كۆلچەك، تاشتىكى سۇ يىغىلىپ قالغان كۆلچەك، بەدەندىكى ئويمانچاق؛ دۆت، كالۋا.

وَقْبَةٌ ج وَقَبَاتٌ: تاشتىكى ئويمانچاق.

وَقَتَ يَقِتُ وَقْتًا: ۋاقىت توختاتتى، ۋاقىت بەلگىلىدى.

«وَقَتَ اللهُ الصَّلَاةَ»: ئاللاھ نامازنى ئادا قىلىدىغان ۋاقىتنى بەلگىلىدى.

وَقْتٌ ج أَوْقَاتٌ: ۋاقىت، زامان، مۇددەت.

وَقْتُ الْفَضَاءِ: بوش ۋاقىت.

فِي وَقْتِهِ: ئۆز ۋاقتىدا.

﴿قُلْ إِنَّمَا عِلْمُهَا عِندَ رَبِّي لَا يُجَلِّيهَا لِوَقْتِهَا إِلَّا هُوَ﴾ «قرآن»: ئېيتقىنكى، ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى پەقەت پەرۋەردىگارىم (ئاللاھ) بىلىدۇ. ئۇنى پەقەت ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا مەيدانغا چىقىرىدۇ.

فِي وَقْتٍ قَرِيبٍ: يېقىن ۋاقىتتا.

فِي الْوَقْتِ الْمُحَدَّدِ: بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا.

فِي الْوَقْتِ الْمُنَاسِبِ: مۇۋاپىق پەيتتە.

إِبْنُ وَقْتِهِ: بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆرىدىغان.

قَتَلَ الْوَقْتَ: ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزدى.

وَقْتُ مِصْرَ يَخْتَلِفُ عَنْ وَقْتِ الْمَغْرِبِ: مىسىر ۋاقتى ماراكەش ۋاقتىدىن پەرقلىنىدۇ.

الْوَقْتُ الْمَحَلِّيُّ: يەرلىك ۋاقىت.

وَقْتَئِذٍ: ئاشۇ ۋاقىت.

أَوْقَاتُ السَّنَةِ: يىل پەسىللىرى.

لَا تَدَعِ الْوَقْتَ أَنْ يَسِيرَ سُدًى: ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزمىگىن.

تَعَالَ مِنْ فَضْلِكَ مَرَّةً أُخْرَى إِذَا كَانَ لَدَيْكَ وَقْتُ فِرَاغٍ: بوش ۋاقتىڭ بولسا، يەنە كەلسەڭ.

وَقْتِيٌّ ج وَقْتِيُّونَ: ۋاقىتلىق.

عَمَلٌ وَقْتِيٌّ: ۋاقىتلىق ئىش.

وَقْتِيًّا: ۋاقىتلىق، ۋاقىتنچە.

حُكُومَةٌ وَقْتِيَّةٌ: ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت.

عُمَّالٌ وَقْتِيُّونَ: ۋاقىتلىق ئىشچىلار.

وَقَحَ يَقِحُ قِحَةً وَوَقُحَ يَوْقُحُ وَقَاحَةً: ھاياسىز بولدى.

وَقِحٌ: ھاياسىز، يۈزى قېلىن.

وَقَدَ يَقِدُ وَقْدًا وَوُقُودًا وَوَقَدَانًا: نەرسە پارقىرىدى، چاقنىدى، يالقۇنجىدى.

وَقَدَتِ النَّارُ: ئوت ياندى، ئوت كۆيدى، ئۇتاشتى.

وَقَدَتْ بِكَ زِنَادِي: ئىشىم سەن بىلەن راۋاج تاپتى.

وَقْدٌ: كۆيدۈرۈش، ياندۇرۇش؛ يېقىلغۇ.

وَقْدَةٌ ج وَقَدَاتٌ: بىر قېتىم ياقماق، قاتتىق ئىسسىق.

وَقْدَةُ الْحَرِّ وَوَقْدَةُ الْقَيْظِ: يۇقىرى ھارارەت.

يَعْمَلُونَ فِي وَقْدَةِ الصَّيْفِ: ئۇلار تومۇز ئىسسىقتا ئىشلەيدۇ.

وَقَذَ يَقِذُ وَقْذًا: يىقىتتى، باستى.

وَقَذَهُ: ئۇنى ئۆلگۈدەك دۇمبالىدى.

وَقَذَهُ النُّعَاسُ: ئۇنى ئۇيقۇ باستى.

وَقَرَ يَقِرُ وَقْرًا أُذُنُهُ: قۇلىقى ئېغىرلاپ قالدى.

«وَقَرَهُ اللهُ»: ئاللاھ ئۇنىڭ قۇلىقىنى ئېغىرلىتىپ

قويدى.

«وَقَرَ الشَّخْصُ فِي بَيْتِهِ»: كىشى ئۆيىدە ئولتۇردى.

«وَقَرَ فِي قَلْبِيْ كَذَا»: كۆڭلۈمگە كىرىۋالدى.

وَقَرَ يَقِرُ وَقَارًا الشَّخْصُ: كىشى تەمكىن بولدى، ئېغىر ـ بېسىق بولدى.

وَقُرَ يَوْقُرُ وَقَارًا وَوَقَارَةً الشَّخْصُ: كىشى تەمكىن بولدى، توختاشلىق بولدى.

وِقْرٌ ج أَوْقَارٌ: ئېغىر يۈك.

﴿فَالْحَامِلَاتِ وِقْرًا﴾ «قرآن»: (يامغۇرلارنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرگۈچى بۇلۇتلار) بىلەن قەسەمكى، ...

وَقْرَةٌ ج وَقَرَاتٌ: يېرىق، تۆشۈك، ئىز.

وَقَسَ يَقِسُ وَقْسًا بِالْمَكْرُوهِ: ھاقارەتلەندى، خورلىندى، قارا چاپلىندى، ئەيىبلەندى.

وَقَشَ يَقِشُ وَقْشًا الرَّسْمُ: ئۆچتى.

وَقَشَ مِنْهُ: سوۋغىغا ئېرىشتى.

وَقْشٌ وَقَشٌ: تۇتۇرۇق ئوتۇن، پاخال.

وَقَصَ يَقِصُ وَقْصًا: ئەيىبلىدى، كەمسىتتى، سۇندۇردى.

وَقَطَ يَقِطُ وَقْطًا: ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ قويدى.

وَقَظَ يَقِظُ وَقْظًا الرَّجُلَ: كىشىنى ئۆلگۈدەك دۇمبالىدى.

وَقَظَ عَلَى الْأَمْرِ: داۋاملاشتۇردى.

وَقَعَ يَقَعُ وُقُوعًا وَوَقِيعَةً: ئەيىبلىدى، مالامەت قىلدى، دەشنام بەردى.

وَقَعَ يَقِعُ وَقْعًا وَوَقْعَةً الْقَوْمُ بِالْعَدُوِّ: قەۋم دۈشمەن بىلەن قاتتىق ئېلىشتى.

وَقَعَ يَقَعُ مُوقِعًا الْأَمْرُ: ياخشى تەسىر قالدۇردى.

وَقَعَ الْأَمْرُ مِنْهُ مَوْقِعَ الْاِسْتِغْرَابِ: ئىش ئۇنى ئەجەبلەندۈردى، ھەيران قالدۇردى.

وَقَعَتْ عِنْدَهُ مَوْقِعَ الرِّضَا: ئۇنىڭ مەمنۇن بولۇشىغا ئېرىشتى.

وَقَعَ يَقَعُ وُقُوعًا الْأَمْرُ: يۈز بەردى، پەيدا بولدى.

﴿فَوَقَعَ الْحَقُّ وَبَطَلَ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾ «قرآن»: ھەقىقەت ئاشكارا بولدى، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرى بەربات بولدى.

«وَقَعَ الْحَادِثُ أَمْسِ»: ۋەقە تۈنۈگۈن يۈز بەردى.

«وَقَعَ الشَّيْءُ مِنْ يَدِهِ»: ئۇنىڭ قولىدىن نەرسە چۈشۈپ كەتتى.

«وَقَعَ الطَّيْرُ عَلَى شَجَرٍ»: قۇش دەرەخكە قوندى.

«وَقَعَ الطَّائِرُ فِي الْفَخِّ»: قۇش قىسماققا چۈشتى.

«وَقَعَ الشَّخْصُ الشَّرَكَ»: كىشى قىلتاققا چۈشتى.

«وَقَعَتْ مَعْرَكَةٌ بَيْنَهُمْ»: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش يۈز بەردى.

وَقَعَ الْحَقّ: ھەقىقەت ئېنىق بولدى.

وَقَعَتِ الْإِبِلُ: تۆگە چۆكتى.

«وَقَعَتْ فِي حُبِّهِ»: ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە مۇپتىلا بولدى.

«وَقَعُوا فِي الْخَطَاءِ»: ئۇلار خاتالاشتى.

«وَقَعَ الْكَلَامُ فِي نَفْسِهِ»: سۆز ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتتى.

«يَقَعُ الْكِتَابُ فِي مِائَةِ صَفْحَةٍ»: كىتاب يۈز بەت كېلىدۇ.

«تَقَعُ حَضْرَمَوْتُ فِي جَنُوبِ الْجَزِيرَةِ الْعَرَبِيَّةِ»: ھەزرىمەۋت ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان.

وَقْعٌ: چۈشۈپ كەتمەك، يۈز بەرمەك، كېلىپ چىقماق، تەسىر.

«كَانَ لِكَلَامِهِ وَقْعٌ حَسَنٌ»: سۆزى ياخشى تەسىر قالدۇردى.

وَقْعُ الْمَطَرِ: يامغۇر ئاۋازى.

وَقْعُ الْأَقْدَامِ: قەدەم ئاۋازى.

«لِفُلَانٍ وَقْعٌ عِنْدَ الْأَمِيرِ»: پالانىنىڭ ئەمىر ئالدىدا ئورنى بار.

وِقْعٌ: جىما، جىنسىي مۇناسىۋەت.

وَقْعَةٌ ج وَقَعَاتٌ وَوَقَائِعُ: بىر قېتىم چۈشمەك؛ ئۇرۇش مەيدانى؛ سوقۇش.

«لَيْسَ لِوَقْعَتِهَا كَاذِبَةٌ»: ھېچ ئادەم ئۇنى ئىنكار قىلالمايدۇ.

وَقَفَ يَقِفُ وَقْفًا وُقُوفًا: تۇردى، ئۆرە تۇردى.

وَقَفَ أَمَامَهُ: ئۇنىڭ ئالدىدا تۇردى.

«وَقَفَ عَلَى الْحِيَادِ»: بىتەرەپ تۇردى.

«وَقَفَ الْحَاجُّ بِعَرَفَاتٍ»: ھاجى ئەراپاتتا ۋاقتىدا ھازىر بولدى.

«وَقَفَ الشَّخْصُ عَلَى الشَّيْءِ»: كىشى نەرسىنى تونۇدى.

«وَقَفَ عَلَى السِّرِّ»: سىردىن خەۋەر تاپتى.

«وَقَفَ عَلَى مَقَاصِدِهِ»: ئۇنىڭ مەقسەتلىرىنى بىلىۋالدى.

«وَقَفَ فِي الْمَسْأَلَةِ»: مەسىلىدىن گۇمانلاندى، شەكلەندى.

«وَقَفَ مَوْقِفًا مِلْؤُهُ الْحَزْمُ»: قەتئىي پوزىتسىيىدە بولدى.

وَقَفَ يَقِفُ وَقْفًا: توختاتتى، تۇرغۇزدى.

﴿وَلَوْ تَرَى إِذْ وُقِفُوا عَلَى رَبِّهِمْ﴾ «قۇرئان»: ئەگەر ئۇلارنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا توختىتىلغان چاغدا كۆرسەڭ...

وَقَفَ دَابَّتَهُ: ئۇلىغىنى توختاتتى.

«إِمْتَنِعْ عَنْ تَنَاوُلِ الطَّعَامِ الَّذِيْ وَقَفَ عَلَيْهِ الذُّبَابُ»: ئۈستىگە چىۋىن قونغان تاماقنى يېيىشتىن ئۆزۈڭنى تارت.

«وَقَفَ حَيَاتَهُ عَلَى الْعِبَادَةِ»: ھاياتىنى ئىبادەتكە بېغىشلىدى.

«سَأَقِفُ حَيَاتِي كُلَّهَا عَلَى عِلْمِ الطِّبِّ»: پۈتۈن ھاياتىمنى تېبابەت ئىلىم ئۈچۈن ئاتايمەن.

«وَقَفَ الشَّخْصَ عَلَى الْأَمْرِ»: كىشىنى ئىشتىن خەۋەرلەندۈردى.

«وَقَفَهُ عَلَى جَلِيَّةِ الْأَمْرِ»: ئىشنىڭ ماھىيىتىنى ئۇنىڭغا دەپ بەردى.

«وَقَفَ الدَّارَ عَلَيْهِ»: قورۇنى ۋەخپە قىلىۋەتتى.

«وَقَفَ الشَّخْصُ فُلَانًا عَنِ الشَّيْءِ»: كىشى پالاننى توسۇدى.

وَقْفٌ: تۇرماق، توختىماق، توختاتماق.

وَقْفُ إِطْلَاقِ النَّارِ: ئۇرۇش توختىتىش.

وَقْفُ التَّنْفِيذِ: ئىجرا قىلماسلىق.

وَقْفٌ ج أَوْقَافٌ وَوُقُوفٌ: ۋەخپە، ۋەخپە مۈلۈك، دىنىي فوند.

«وِزَارَةُ الْأَوْقَافِ»: ئەۋقاف مىنىستىرلىقى، دىنىي فوند مىنىستىرلىقى.

«وَقْفٌ عَامٌّ»: ئاممىۋى ۋەخپە.

«أَوْقَافٌ خَاصَّةٌ»: خاس ۋەخپە.

«وَقْفُ تَنْفِيذِ الْحُكْمِ الْجِنَائِيِّ»: جازانى كېچىكتۈرمەك، كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلماق.

وَقْفَةٌ ج وَقَفَاتٌ: تىنىش، توختاش، تىنىش يۇرنى، شەك، گۇمان، بىر قېتىم توختاش.

وَقْفَةُ الْعَدَّاءِ: يۈگۈرگۈچىنىڭ بىر قېتىم توختىشى.

«يَوْمُ الْوَقْفَةِ»: ھەجدە ئەرەپاتتا توختايدىغان كۈن.

«وَقَفَاتٌ وَطَنِيَّةٌ»: ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرى، مىللىي مەيدان.

وَقَّادٌ: كۈچلۈك يالقۇن.

«كَوْكَبٌ وَقَّادٌ»: نۇرلۇق يۇلتۇز.

وَقَّادٌ ج وَقَّادُوْنَ: ئەقىللىق، زېرەك، ئۆتكۈر؛ ئوت قالىغۇچى، چىراغ ياققۇچى.

«شَخْصٌ وَقَّادٌ»: ئۆتكۈر ئادەم.

وَقَّاصٌ ج وَقَاقِيْصُ: بېلىق تۇتۇش تورى.

وَقَّاعٌ . وَقَّاعَةٌ: بوھتان چاپلىغۇچى، تۆھمەتخور.

وَقَّدَ يُوَقِّدُ تَوْقِيْدًا النَّارَ: ئوت تۇتاشتۇردى، ياندۇردى.

وَقَّرَ يُوَقِّرُ تَوْقِيرًا الشَّخْصَ: كىشىنى ئۇلۇغلىدى، ھۆرمەتلىدى.

وَقَّرَ الشَّيْءَ: ئىز قالدۇردى.

وَقَّرَتْهُ الْأَسْفَارُ: سەپەر ئۇنى چېنىقتۇردى.

﴿وَتُعَزِّرُوهُ وَتُوَقِّرُوهُ وَتُسَبِّحُوهُ بُكْرَةً وَأَصِيلاً﴾ «قرآن»: ئۇنى (يەنى، پەيغەمبەرنى) ئۇلۇغلىشىڭلار ۋە ھۆرمەتلىشىڭلار ئۈچۈن ئەتىگەندە ۋە ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىشىڭلار ئۈچۈن (بىز پەيغەمبەرنى ئەۋەتتۇق).

«يُوَقِّرُوْنَ شُيُوْخَ الْقَرْيَةِ»: ئۇلار كەنتتىكى بوۋايلارنى ھۆرمەتلەيدۇ.

وَقَّشَ يُوَقِّشُ تَوْقِيْشًا بِالنَّارِ: ئوتنى چوقچىلىدى.

وَقَّعَ يُوَقِّعُ تَوْقِيْعًا: ئىمزا قويدى، قول قويدى.

وَقَّعَتِ الْإِبِلُ: تۆگە چۆكتى.

«وَقَّعَ الشَّخْصُ وَثِيْقَةً وَغَيْرَهَا»: ھۆججەتكە تەستىق سالدى.

«وَقَّعَ الْعَازِفُ عَلَى آلَةٍ مُوْسِيْقِيَّةٍ»: چالغۇچى مۇزىكا چالدى.

وَقَّفَ يُوَقِّفُ تَوْقِيْفًا: توختاتتى، توختىتىپ قويدى.

«وَقَّفَ عَنِ الْأَمْرِ»: ئىشتىن توختاتتى.

وَقَّفَ السَّيَّارَةَ: ماشىنىنى توختاتتى، تورمۇزلىدى.

وَقَّفَ الْقَارِئَ: توختاپ ئوقۇيدىغان جايلارنى ئېيتىپ بەردى.

وَقَّى يُوَقِّي تَوْقِيَةً: ساقلىدى، قوغدىدى، ھىمايە قىلدى.

وَقَلَ يَقِلُ وَقْلاً فِي الْجَبَلِ: تاغقا چىقتى، ئۆرلىدى، ياماشتى.

وَقْوَاقٌ: كاككۇك.

وُقُوْحَةٌ: ھاياسىزلىق، نومۇسسىزلىق.

وُقُوْدٌ: كۆيدۈرۈش، ياندۇرۇش، يېقىلغۇ.

وَقُوْدٌ: يېقىلغۇ.

وَقُوْدٌ سَائِلٌ: سۇيۇق يېقىلغۇ.

﴿فَاتَّقُوا النَّارَ الَّتِي وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ﴾ «قرآن»: ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار.

«مِخْزَنُ الْوَقُوْدِ»: ماي ئىسكىلاتى.

«وَقُوْدُ السَّيَّارَةِ»: بېنزىن، سالياركا.

وُقُوْرٌ ج وُقُرٌ: سالماقلىق، تەمكىنلىك.

«قَاضٍ وَقُوْرٌ»: سالماق قازى.

وُقُوْعٌ: چۈشۈپ كەتمەك، يۈز بەرمەك، پەيدا بولماق.

وُقُوْفٌ: تۇرۇش، قوپۇش.

وُقُوْفٌ عَلَى كَذَا: چۈشەنمەك.

وَقْوَقَ يُوَقْوِقُ وَقْوَقَةً الْكَلْبُ: ئىت قاۋىدى.

وَقْوَقَ الطَّائِرُ: قۇش سايرىدى.

وَقْوَقَ الرَّجُلُ: كىشى ئاجىزلىدى.

وَقْوَقٌ: كاككۇك.

وَقْوَقَةٌ: قاۋىغان ئاۋاز، ھۇۋلىغان ئاۋاز، سايرىغان ئاۋاز.

وَقَى يَقِي وَقْيًا وَ وِقَايَةً وَ وَاقِيَةً: قوغدىدى، ساقلىدى، مۇھاپىزەت قىلدى، ئاسرىدى.

وَقَاهُ مِنَ الْحَرِيْقِ: ئۇنى ئوت ئاپىتىدىن ساقلاپ قالدى.

﴿فَوَقَاهُمُ اللَّهُ شَرَّ ذَلِكَ الْيَوْمِ﴾ «قرآن»: ئاللاھ ئۇلارنى شۇ كۈننىڭ شەررىدىن ساقلايدۇ.

وَقْيٌ: قوغدىماق، مۇھاپىزەت قىلماق.

وَقِيْحٌ ج وُقَّحٌ: ھاياسىز، ئۇياتسىز.

وَقِيْحُ الْوَجْهِ: يۈزى قېلىن.

وَقِيْدٌ: يېقىلغۇ، سەرەڭگە ياغىچى.

وَقِيْذٌ م وَقِيْذَةٌ ج وَقَائِذُ: ئۆلەي دەپ قالغان كېسەل؛ ئاستا؛ ئېغىر.

وَقِيْصَةٌ ج وَقَائِصُ: ئوۋ، ئوۋلىغان نەرسە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان نەرسە.

وَقِيْعَةٌ: تۆھمەت قىلماق، بوھتان چاپلىماق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


وَقِيعَةٌ ج وَقَائِعُ وَوِقَاعٌ: ئۇۋا؛ ئۇرۇش، جەڭ.

«سَعَى بِالْوَقِيعَةِ بَيْنَهُمْ»: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سۇخەنچىلىك قىلدى.

وَقَائِعُ الْعَرَبِ: ئەرەبلەرنىڭ قەدىمكى زامان ئۇرۇش - جېدەللىرى.

وَقِيٌّ: قوغدىغۇچى، ھىمايە قىلغۇچى.

وُقِيَّةٌ ج وُقِيٌّ وَوَقَايَا: ئوقىيە (مىسىرنىڭ 12 دىرھەم ياكى 37.4 گرامغا تەڭ).

وِكَافٌ ج وُكُفٌ: ئېگەر، توقۇم، مۇلۇ.

وَكَالَةٌ / وِكَالَةٌ: ۋاكالىتەن باشقۇرۇش، ۋاكالىتەن بېجىرىش.

وَكَالَةٌ / وِكَالَةٌ ج وِكَالَاتٌ: شىركەت، مۇئەسسەسە، ئورگان.

وَكَالَةٌ سِيَاحِيَّةٌ: ساياھەتچىلىك شىركىتى.

وَكَالَةُ الْأَنْبَاءِ: ئاخبارات ئاگېنتلىقى.

وَكَبَ يَكِبُ وَكْبًا وَوُكُوبًا وَوَكَبَانًا الرَّجُلُ: ئاستا ماڭدى، ئالدىرىماي قەدەم تاشلىدى.

وَكَبَ يَكِبُ وَكْبًا الرَّجُلُ: تۇردى، تىك تۇردى.

وَكَبَ عَلَى الْأَمْرِ: ئىشنى داۋاملاشتۇردى.

وَكْتٌ: ئازغىنە نەرسە.

وَكْتَةٌ ج وَكْتٌ: كىچىككىنە ئىز.

وَكَحَ يَكِحُ وَكْحًا الشَّيْءَ: نەرسىنى قاتتىق دەسسىدى.

وَكَدَ يَكِدُ وَكْدًا وَوُكُودًا الشَّخْصُ الشَّيْءَ: كۆزلىدى، كۆڭلىدە پۈكتى، نىشانلىدى.

وَكَدَ الشَّخْصُ الْأَمْرَ: شۇغۇللاندى، ھەپىلەشتى.

وَكَدَ الشَّخْصُ بِالْمَكَانِ: كىشى ماكانلاشتى.

وَكْدٌ: نىيەت قىلماق، مەقسەت.

وَكَرَ يَكِرُ وَكْرًا وَوُكُورًا الطَّائِرُ: قۇش ئۇۋىسىغا كىردى.

وَكَرَ الْإِنَاءَ: قاچىنى تولدۇردى.

«وَكَرَ فُلَانٌ لِلْقَوْمِ»: توي تامىقى تارتتى.

وَكْرٌ ج أَوْكَارٌ: قۇش ئۇۋىسى؛ ئۇۋالغۇ.

وَكْرُ النَّارِ: ئوت ئېچىش توچكىسى.

«هَذَا غُرَابٌ كَانَ لَهُ وَكْرٌ فِي شَجَرَةٍ عَلَى جَبَلٍ»: بۇ قاغىنىڭ تاغ ئۈستىدىكى دەرەختە ئۇۋىسى بار ئىدى.

وَكْرُ الْفَقِيرِ: كەمبەغەلنىڭ كەپىسى.

وَكْرُ اللُّصُوصِ: ئوغرىلارنىڭ تۇرالغۇسى.

وَكَزَ يَكِزُ وَكْزًا: مۇشتلىدى، مۇش ئاتتى.

وَكَزَهُ بِالرُّمْحِ: ئۇنىڭغا نەيزە سانجىدى.

﴿فَوَكَزَهُ مُوسَى فَقَضَى عَلَيْهِ﴾ «قۇرئان»: مۇسا ئۇنى مۇشت بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى.

وَكَسَ يَكِسُ وَكْسًا الشَّيْءُ: نەرسە كېمەيدى.

وَكَسَ الشَّيْءَ: نەرسىنى كېمەيتتى.

«وُكِسَ التَّاجِرُ فِي تِجَارَتِهِ»: سودىگەر سودىسىدا زىيان تارتتى.

وَكْسٌ: زىيان، كېمەيمەك.

«بَيْعُ الْوَكْسِ»: زىيىنىغا ساتماق.

وَكَعَ يَوْكَعُ وَكَاعَةً: پۇختا بولدى، مۇستەھكەم بولدى.

وَكَعٌ: ئۇششاق پۇتلىرى بىرسىنىڭ ئۈستىگە بىرسى چىقىۋالماق.

وَكَفَ يَكِفُ وَكْفًا وَ وَكِيفًا وَوَكَفَانًا: تامچىلىدى، تېمىپ ئاقتى.

وَكَفَ الدَّمْعُ: ياش تامدى.

وَكَفَ الْبَيْتُ: ئۆيدىن سۇ ئۆتۈپ تامچىلىدى.

وَكَفٌ ج أَوْكَافٌ: ئەيىب، نۇقسان؛ ئاجىزلىق؛ تاغ يامزىلى؛ بۇزۇلماق.

وَكَّدَ يُوَكِّدُ تَوْكِيدًا: تەكىتلىدى، كۈچەيتتى.

وَكَّدَ الْعَهْدَ: ۋەدىنى چىڭىتتى.

وَكَّرَ يُوَكِّرُ تَوْكِيرًا الطَّائِرُ: قۇش ئۇۋا سالدى.

